جولاڭ كارل ۋىتېر، كىچىك كارل ۋىتېر (گېرمانىيە)



# كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# تەرجىماندىن

«كارل ۋىتېرنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى» دېگەن بۇ كىتاب جۇڭگو ۋە چەتئەل مائارىپ تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابنىڭ زور تولۇقلىمىسى ۋە بېيىتىلىشى.

بۇ كىتابتا ئالدى بىلەن چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ، يەنى ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىنى تەربىيىلەشتىكى ئۇسۇللىرى ۋە جەريانلىرى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان. ئارقىدىن كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ، يەنى بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىسىگە قارىتا، شۇنداقلا مائارىپ تۈزۈلمىسى، تەلىم - تەربىيىنىڭ مەقسىتى، ئاخىرقى نىشانى، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا قارىتا يېڭىچە، تېرەن مەزمۇنلۇق كۆز قاراشلىرى مۇپەسسەل بايان قىلىنغان، بۇ ئارقىلىق كارل ۋىتېرچە تەربىيىلەش ئۇسۇلى ۋە تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسى مۇكەممەل بىر پۈتۈنلۈككە ئايلانغان.

بۇ كىتاب «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ كارل ۋىتېرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسىگە بولغان كۆز قارىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، بىلىمىنى بېيىتىدۇ.

قىسقىسى، بۇ كىتاب ئاتا - ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئەر - ئاياللارنىڭ، پەرزەنتلىرىنى ياراملىق، ئەتراپلىق تەربىيىلەپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ، بالىلارنى قابىلىيەتلىك، تالانتلىق قىلىپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈككەن

ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارنىڭ، شۇنداقلا ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا، مۇكەممەل ئادەم بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ.

تەلىم ـ تەربىيىگە دائىر بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، نۇرغۇن سۆز ـ ئاتالغۇلار ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزگە، نۇرغۇن جۈملىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىمىزغا توغرا كەلدى. كىتابتىكى بەزى مۇرەككەپ، چۈشىنىكسىز جۈملىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېنىق، ئوقۇملۇق قىلىپ ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق. كىتابخانلارنىڭ بۇ مەشھۇر كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا تەنقىدىي پىكىر ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

2004 ـ يىل ماي

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب تەييارلىقى بولغان تەربىيىلا ئەڭ ياخشى تەربىيىنىڭ مۇقەددىمىسى بولالايدۇ ...... 1

ئىككىنچى باب ھامىلە تەربىيىسى دەسلەپكى تەربىيىنىڭ تۇنجى قەدىمى، تالانت تەربىيىسىنىڭ بۆسۈش ئېغىزى ...... 19

ئۈچىنچى باب ھاياتقا مەنا ئىزلەش داۋامىدا تەربىيىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇش ...... 42

تۆتىنچى باب ھەربىر بالا ئوخشاشلا بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسىدۇر ...... 54

بەشىنچى باب تىل تەربىيىسى تەربىيىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدىكى مۇھىم مەزمۇن ...... 70

ئالتىنچى باب مۇستەقىللىق تەربىيىسى بارلىق تەلىم-تەربىيىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ...... 112

يەتتىنچى باب ماختاش تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ...... 139

سەككىزىنچى باب قىزىقىشچانلىق — بالىلارنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەئى ...... 172

توققۇزىنچى باب قىزغىنلىق ۋە ئادەت يېتىلدۈرۈش — تالانتلىقلار تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 201

ئونىنچى باپ ئويۇن ئارقىلىق بالىلارنى ئەتراپلىق يېتىلگەن ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ ...... 225

ئون بىرىنچى باب تەلىم-تەربىيىنىڭ يۈكسەك نىشانى — ئىقتىدار-قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش ...... 256

ئون ئىككىنچى باب پۇل تەربىيىسى — ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ مۇھىم

مەزمۇنى ........ 283
ئون ئۈچىنچى باب ئوڭۇشسىزلىق ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيىلەش ناھايىتى زۆرۈر ........ 307
ئون تۆتىنچى باب قەلبىنىڭ ساپاسى — تالانتلىقلارنىڭ تالانتلىق بولالىشىدىكى ئاساستۇر ........ 321
ئون بەشىنچى باب ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ........ 344
ئون ئالتىنچى باب ئاقكۆڭۈللۈك — ئەخلاق پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ ئەقلىي مېۋىسى ........ 370
ئون يەتتىنچى باب مۇكەممەل كىشىلىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈش — تالانتلىقلار تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەنزىلى ........ 403
ئون سەككىزىنچى باب ئۆز-ئۆزىگە يۈزلىنىش — تەربىيىلىنىشتىن ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئۆتۈش زۆرۈر ........ 437
ئون توققۇزىنچى باب تالانت ئىگىلىرى — ئەتراپلىق تەلىم-تەربىيىنىڭ نەتىجىسىدۇر ........ 458
يىگىرمىنچى باب تەلىم-تەربىيىدىن ئېرىشىدىغان بەخت ........ 475

# بىرىنچى باب

# تەييارلىقى بولغان تەربىيىلا ئەڭ ياخشى تەربىيىنىڭ مۇقەددىمىسى بولالايدۇ

## كارل ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1778- يىلى 5- ئاينىڭ 3- كۈنى   ھاۋا تۇتۇق.

بىر ئانچە كۈندىن بېرى يامغۇر ياغقاچقا، يوللار پاتقاق بولۇپ كەتكەن ئىدى.

مەن ئەلەڭ-سەلەڭ دەسسەپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم، ئىچىم ئاچچىققا تولغان بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسىگە شرام سەۋەبچى ئىدى. خۇدامۇ ئۇنى قايىل قىلالمايدىغاندەك قىلاتتى.

بۈگۈنكى باستېرلارنىڭ يىغىلىشىدا، بىز تاسادىپىلا تەربىيە مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىپ قالدۇق. بۇ ئەسلىدە يىغىلىشىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. شرام بالىنىڭ ھەممە تەقدىرى تۇغۇلغان ۋاقتىدىلا بېكىتىلىپ بولىدۇ، تەربىيە ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ دېدى. ئەمما مەن ئۇنىڭغا قارشى نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېيىنكى مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، دېدىم. شۇ چاغدا شرام: «سىزنىڭ بالاڭ بولمىسا، بۇنى قانداق بىلەلەيسەن؟» دەپ مېنىڭ ئىنتايىن ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

مەن ئەمەلىيەتتە ئىزچىل بالىلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، ئەمما مەن تەلەيسىز ئىكەنمەن، بىرىنچى بالام تۇغۇلۇپ بىر قانچە

كۆنىدىن كېيىنلا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ بەختسىزلىك مېنىڭ يەنە باللىق بولۇش ئارزۇيۇمنى بارغاسېرى كۆچەيتىۋەتتى. شىرام مۇشۇنداق زەھەرخەندىلىك بىلەن ماڭا ئازار بېرىپ، مېنى ئاچچىقتىن ساراڭ قىلىۋەتتى. مەن ئىشىكنى قاتتىق يايقانچە چىقىپ كەتتىم. چۈنكى بۇ خىل ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان ئىدى.

ئالدىنقى قېتىملىق يىغىلىشتىمۇ شىرام دېگەن بۇ ھارامزەدە: «بالىغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى تۇغما تالانت، ھەرگىزمۇ تەربىيە ئەمەس، مائارىپچىلار مەيلى بالىنى كۆچەپ قانچىلىك تەربىيىلىسۇن، ئۇنىڭ رولى چەكلىك بولىدۇ»، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

مېنىڭ قارىشىم ئۇنىڭ قارىشى بىلەن يۈتۈنلەي ئوخشىمىغاچقا مەن رەددىيە بېرىپ: «مەن سىزنىڭ قارىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە تۇغما تالانتتىن تەربىيە مۇھىم. بالىنىڭ ئاخىرى تالانتلىق بولۇش-بولماسلىقىنى، ئۇنىڭ تۇغما تالانتى ئەمەس، تەربىيە بەلگىلەيدۇ. بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىدىكى پەرق چەكلىك بولىدۇ. مېنىڭچە، تۇغما تالانتى ئادەتتىكىچە بالىمۇ، ياخشى تەربىيىلەنسىلا پەۋقۇلئاددە تۇغما تالانتقا ئىگە بالىلارغا ئوخشاش تالانتلىق بولالايدۇ. ئېرۇش: ‹ئادەتتىكى بالىلارمۇ ياخشى تەربىيىلەنسىلا، پەۋقۇلئاددە ئادەم بولالايدۇ› دېگەنىدى»، دېگەن ئىدىم، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تاپا-تەنىگە قويدى. ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ ماڭا ھۇجۇم قىلىپ مېنى ئامالسىز قالدۇرۇپ قويدى.

* * *

1778- يىلى 6- ئاينىڭ 6- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى، مېنىڭ كەيپىياتىممۇ يامان ئەمەس ئىدى. قوشنا كەنتتىكى ياغاچچى ھانسىن يەنە مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. كىشىلەر بىلىز باستېرلارنى جەننەت بىلەن كىشىلەر

ئۇتتۇرىسىدىكى ئەلچى دەپ قارىغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى پۇشقىنى بىزلەرگە ئېيتىشقا ئامراق ئىدى. ھانسىنمۇ شۇنداق ئىدى. ھانسىن ئۆزىنىڭ ئىككى تۇغقان ئاچىسى بىلەن توي قىلىپ 10 پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ، بالىلىرىنىڭ ئۇچى ئۆلۈپ كەتكەن، يەتتىسى تولىمۇ كېسەلچان ئىدى. ياشىنىپ قالغان ھانسىن مۇشۇ تۇپەيلى دائىم كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆز يېشى قىلىپلا يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا يېقىن تۇغقانلار توي قىلىپ تۇغۇلغان بالىلارنىڭ تەن ساپاسىنىڭ ئەزەلدىن ياخشى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم ھەم بۇ ياغاچچىغا تەسەللى بەردىم. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئارام تېپىپ كېتىپ قالدى. بۇ ئىش مېنىڭ توي قىلىدىغانلار ۋە بالىنىڭ ساپاسى ھەققىدە ئويلىنىشىمغا سەۋەب بولدى.

بەزىلەر ئۆزىگە جۈپ ئىزلىگەندە ھەمىشە ئوخشىمىغان نىيەتلەردە بولىدۇ. مەن بۇنداق كىشىلەردىن ئىنتايىن نەپرەتلىنىمەن. بەزىلەر مېنىڭ شارائىتىم ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئۇنى-بۇنى تاللىيالايمەن، تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش ئۈچۈن مەن پۇلدار قىزلارنى تاپمىسام بولمايدۇ-دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بۇندىن كېيىن نام تېپىشىم ئۈچۈن، ھېچنېمە بىلەن ھېسابلاشماي، چوقۇم ئابرويلۇق بىرەر ئائىلىنىڭ قىزىنى ئېلىشىم كېرەك-دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر پەقەت چىرايىغا مەستانە بولۇپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا. شۇڭا ئۆزى ۋە ئەۋلادىنىڭ بەختى ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى تېنى ساغلام پەرزەنتلىك، ياخشى ئاياللارنى ھەمراھلىققا تاللاش كېرەك.

مېنىڭ ئايالىم ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن بىز بىر-بىرىمىزنى سۆيەتتۇق. ئايالىم ئاقكۆڭۈل، ئىشچان، بىلىملىك ھەم قائىدە بىلىدىغان، شۇنداقلا ھەرقانداق ئەھۋالدا مېنى قوللىيالايدىغان ھەم چۈشىنىدىغان بولغاچقا، مەن ئۇنى تاللىغان ئىدىم. مەن گەرچە بىر نامرات باستىر بولسامۇ، ئەمما ئەزەلدىن

ئايالىمنىڭ ۋايساشلىرىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ زور بايلىق ئىدى.

كۆپ قىسىم ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەقىللىق پەرزەنتكە ئىگە بولۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ ئايالىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى، ئۇمۇ پەرزەنتلىك بولۇشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتى.

تۇنجى پەرزەنتىمىزنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنى بىر مەزگىلگىچە ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتكەن ئىدى. باللىق بولۇشنى ئىنتايىن ئارزۇقىلاتتۇق. چۈنكى بالا يوق ئۆي ئىنتايىن زېرىكىشلىك بولغانلىقتىن ئايالىم بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپمۇ، بەزىدە يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ قالاتتۇق. بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ ئورتاق يالغۇزلىقى، بىز ھەتتا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي، تۇنجى بالىمىز ھايات بولغان بولسا، قانداقراق بولار ئىدى ھە!؟ دەپ ئويلاپ كېتەتتۇق.

* * *

1778- يىلى 10- ئاينىڭ 24- كۈنى ھاۋا ئوچۇق، كېيىن بۇلۇتلۇق.

بىزنىڭ تېخى بالىمىز يوق ئىدى. ئەمما، ئائىلە بالىنىڭ بىرىنچى دەرسخانىسى، ئاتا-ئانىلار بولسا بالىنىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئىكەنلىكى، ھەرقانداق بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۆز ئاتا-ئانىسى يارىتىپ بەرگەن مۇھىتتىن باشلىنىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى.

بالىلارنى تەربىيىلەش يەرشارىدىكى بارلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى. ئائىلە بولسا بالىلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ئاساسىي شەرت، بالىلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئائىلىدىمۇ ياخشى شارائىت بارمۇ؟

بالا تۇغۇلۇپلا، ئۆز ئائىلىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ، بالىنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق.

بالىلارنىڭ ئېھتىياجى يوق يەردىن پەيدا بولمايدۇ. ئۇ بالىلارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشىنىڭ نەتىجىسى. بالىلار مەيلى باي ياكى نامرات ئائىلىدە تۇغۇلسۇن، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ئۆز ئائىلىسى، دۆلەت ئەھۋالى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئاساسەن يېتىلىدۇ. ئوخشىمىغان ئاتا-ئانىلار ۋە ئائىلە مۇھىتىدا، بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان بالىلار چوڭ بولىدۇ.

ھەر قانداق ئىشنىڭ تەرەققىياتىنىڭ سەۋەب-نەتىجىسى بولىدۇ. بالىنىڭ ئاق كۆڭۈل، مۇكەممەل ئادەم بولۇشى ياكى ئەسكى، بولۇمسىز ئادەم بولۇشىنىڭمۇ ئوخشاشلا سەۋەبى بولىدۇ.

گەرچە مەن بالىلىق بولۇشنىڭ خۇشاللىقى ۋە تەربىيىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن مەن بۇ بىر نۇقتىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

* * *

1779- يىلى 9- ئاينىڭ 9- كۈنى ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن مېنىڭ كەيپىياتىممۇ ھاۋارايىغا ئوخشاش بىرخىل تۇتۇق ئىدى. مەن بالىنىڭ ئەسكى بولۇپ ئۆسۈپ قېلىشىغا كىم سەۋەبكار؟ دېگەن مەسىلىنى ئويلاۋاتاتتىم. بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان مەسىلە ئىدى.

ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئادەم ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىلمايدۇ، پەقەت ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى، كەمچىللىكى بولىدۇ. ئەمما بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا،

كەمچىللىكىنى تۈزىتىشكە ماھىر بولسا، يەنە بەزىلەر مۇھىتنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن بىر مەزگىل باشباشتاقلىق قىلىپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ سېلىپ يامان ئاتىلىپ قالىدۇ. ئاق كۆڭۈللۈكنى قىزغىن سۆيۈش ئادەمنىڭ تەبىئىتى. بىراق ئۇلار نېمە ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ؟ بەلكىم بۇنىڭ تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان يەرلىرى ياكى كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان كەچۈرمىشلىرى بولۇشى مۇمكىن.

تەربىيە ۋە ئادەتلىنىشنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ، بۇ ھەمىشە ئادەمنىڭ يامان يولغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن زەربىگە ئۇچرىسا ياكى باشقىلار ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ چوڭ قىلسا، باشباشتاق، جەمئىيەتكە نىسبەتەن كۆز قارىشى ناچار چوڭ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇ جەھەتتە بالىلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئاتا-ئانا بولغۇچىلار، ئائىلە ۋە ئەتراپتىكى مۇھىت مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

ئاتا-ئانا بولغۇچىلار پەقەت بالىلارغا كۆيۈنسە، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرسە، ئۇلارنى يامان يولدىن توسسىلا، بالىلار ئۆز-ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئۇستازى، شۇڭا بالىلاردىن خالىغانچە ئەيىپ ئىزدىمەسلىكى ياكى ئۇلارنى ئۇرۇنسىز جازالىماسلىقى، بەلكى ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، نەسىھەت قىلىشى ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىشى كېرەك. ھەمدە بالىلارغا كۆيۈنۈشى ۋە ھېسداشلىق قىلىشى، بالىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېيىشى كېرەك. زەربە بېرىش ۋە جازالاش ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. شۇنداقلا كىشىنى ھەرگىزمۇ ئاقكۆڭۈل قىلىپ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بالىلاردا ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈش، بالىلارنىڭ ئازابىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىش كېرەك.

بالىلارنى تەربىيلەشتە، بالىلارنى سەۋەبسىزلا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىماي، ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلىش، ھەق-ناھەقنى ئايرىپ، ئۇلارغا ئار-نومۇسنى بىلدۈرۈش كېرەك. شۇندىلا پەزىلەتلىك بالىلارنى تەربىيلىگىلى بولىدۇ. تەن جازاسى ياكى روھىي جەھەتتىكى ناچار مۇئامىلىلەرنىڭ ھەممىسى ناچار ۋە خاتا ئۇسۇللاردۇر. ئۇ ھەمىشە بالىلارنىڭ ئىنتايىن ناچار قىلمىشلارنى سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، ئۇ يەنە بالىلارنىڭ يامان بولۇپ قېلىشىدىكى تۈپكى سەۋەبتۇر.

* * *

1779- يىلى 10- ئاينىڭ 26- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.
ئاھ تەڭرىم، ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلساڭ!

## كىچىك كارلنىڭ باھاسى

1852- يىلى 10- ئاينىڭ 10- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

مەن يېڭى تۇغۇلغاندا گومۇش چىراي ئىكەنمەن. شۇڭا، كىشىلەر مېنى ئەقلى ئاجىز بالا دەپ قارايدىكەن. ئەمما، مەن ئاتا-ئانامنىڭ نەزەرىدە كۆڭۈلدىكىدەك بالا دەپ قارىلىپ، ئۇلار مېنىڭ ئەقلى ئاجىزلىقىمدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشنى خالىماپتۇ. ئەگەر ئۇلار مەندىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولسا، مەندىكى ئەقلى ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىلىرىگە قاراپ، ئىنتايىن بىئارام بولغان بولاتتى.

دادامنىڭ بالا تەربىيلەش ئۇسۇلىدىن ھېچكىم گۇمانلانماسلىقى مۇمكىن، مېنىڭ غەلىبەم ئۇنىڭ غەلىبىسى ئىدى، مېنىڭ غەلىبەم ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى بالا تەربىيلەش ئۇسۇلىنىڭ

ئىنتايىن توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. دادام ئەينى چاغدا غەلىبە قازانغان مائارىپ مۇتەخەسسىسى دەپ قارىلىپ، «ئۇستاز» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئىكەن. دېمەك مەن دادامنىڭ پەخرى بولغانغا ئوخشاش، داداممۇ مېنىڭ پەخرىم، مەن مۇشۇنداق بىر دادامنىڭ بولغانلىقىدىن ئىنچىل پەخىرلىنىمەن، ئۇ مەندەك بىر ئەقلى ئاجىز بالىنى ئەقىللىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى، قارىماققا پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغاندەك ئىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. كىممۇ ئۇنىڭ تەربىيىسىدىن گۇمانلىنالىسۇن؟

مەن دادامنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. گەرچە ئۇ ئۆلۈپ كەتكىلى كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، مەن ئىنچىل شۇنداق قاراپ كېلىۋاتىمەن. مەن بىر ئەقلى ئاجىز بالا تۇرۇپ، ئەقىللىق بالا دېگەن شەرەپكە ئېرىشتىم. مەن دادامدىن ئىنتايىن مىننەتدار، مەن ئۇنىڭ تەربىيىسىدىن قەتئىي گۇمانلانمايمەن.

ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ كۆپ يىللاردىن كېيىن، نۇرغۇن رېئاللىق بىلەن ئۇچراشتىم، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندىم. ئادەمنىڭ قارىشى ۋە بىلىشى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، دۇنيامۇ شۇنداق، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىمۇ ھەم شۇنداق ئىكەن، مەندە تەدرىجىي يېڭى قاراش شەكىللەندى.

بۇلتۇرقى بىر ئىش مېنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈشمگە سەۋەب بولدى. ئۇ بىر ئىللىق باھار پەيزىگە تولغان سەھەر بولۇپ، مەن مەكتەپ ھويلىسىدىكى دەرەخ ئاستىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى، گۇللەرنىڭ خۇشپۇراق.ھىدى، قۇشلارنىڭ سايرىشى ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇراتتىم. بىرقانچە يىلاش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ پارىڭى مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى.

«― ئاڭلىشىمچە مەكتىپىمىزدىكى پروفېسسور كارل ۋىتېر كىچىك ۋاقتىدا پەۋقۇلئاددە ئەقىللىق بالا ئىكەنمىش، ئۇ 14 يېشىدا

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا، 16 يېشىدا قانۇن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن پەنلىرى پروفېسسورى بولغان ئىكەن».

«شۇنداقمۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس. راستىنلا تالانت ئىگىسى ئىكەن»:

«— ئۇنداق ئەمەستۇ، ئۇنى تالانتلىق دېگىلى بولماس، ئاڭلىشىمچە ئۇ تۇغۇلغاندا ئەقلى ئاجىز ئىكەن، ئۇنى يەۋقۇلئاددە ئۈتكۈر بالا قىلىپ تەربىيلەپ چىققىنى ئۇنىڭ دادىسى ئىكەن. ئاڭلىشىمچە ئۇنىڭ دادىسى مائارىپ مۇتەخەسسىسى ئىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىكەن».

«— ئۇنداقتا ئۇنىڭ دادىسى تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە قالتىسكەن، ئۇ بىر ئەقلى ئاجىز بالىنى يەۋقۇلئاددە ئەقىللىق بالا قىلىپ تەربىيلەپ چىقىپتۇ ئەمەسمۇ؟»، دېدى. مېنى ماختاۋاتقان ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ بۇ گېپى دادامنى ئېسىمگە سالدى. مەن ھەقىقەتەن بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۇنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ گېپى دادامنى ئېسىمگە سېلىپ، كۆڭلۈم ئىختىيارسىز ئېلىلىپ قالدى. دادامنىڭ مەندەك بىر ئەقلى ئاجىز بالىنى يەۋقۇلئاددە ئۈتكۈر بالا قىلىپ تەربىيلەپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيلەپ بەرگەنلىكىگە ھەقىقەتەن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

«— ئۇنداقتا، ئۇ قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتىكىن؟ يەۋقۇلئاددە ئۈتكۈر دېيىلگەن بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى بولمايدىكەن، ئۇلار ھەممىشە ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشاش ناھايىتى قىسقا مۇددەت مەۋجۇت بولالايدىكەن»، دېدى يەنە بىر ئوقۇغۇچى تۇيۇقسىز.

مەنمۇ تۇيۇقسىز ئۆزۈمدىن: «شۇنداق، مەن قانچىلىك نەتىجە ياراتتىم؟» دەپ سوراپ قالدىم. ھەقىقەتەن مېنىڭ يەۋقۇلئاددە ئۈتكۈر بالا دەپ ئاتالغان شانلىق مەزگىلىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن مەن ھېچقانچە ئىجادىي نەتىجىلەرنى يارىتالمىغانىدىم.

«— ئۇ بىر قالتىس ئالىم، بىلىمى مول، ئۇ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىگەن. ئۇ ئۇنىڭ نەتىجىسىدۇر».

«— بىراق ئۇ ھېچقانداق نەزەرىيە ياراتمىدى، بىرەر ساھەدىمۇ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلتۈرمىدى، ئۇ پەقەت بىر فرانسۇز خالاس، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيىسىنىمۇ ئەڭ ياخشى تەربىيە دەپ كەتكىلى بولمىغۇدەك».

بۇ گەپ خۇددى بېشىمدا قاتتىق چاقماق چاققاندەك مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋەتتى، مەن تۇيۇقسىز ئويغانغاندەك بولدۇم-دە ھاسامنى تايانغانچە، ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: «ئېيتقانلىرىڭىز توغرا بالام، دۇنيادا مۇتلەق ئىش يوق، ئۇتتۇقلۇق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ چوقۇم ئەڭ ياخشى تەربىيە ئۇسۇلى بولۇشى ناتايىن، بىز تېخىمۇ ياخشى تەربىيە ئۇسۇلى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەربىيە ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. بىر خىل تەربىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق بەلكىم نۇرغۇن ئىقتىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ پەقەت مۇشۇ كىشىلەرگىلا ماس كېلىشى، ئەمما باشقا ئادەملەرگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. ھەرقانداق ئادەمگە ماس كېلىدىغان تەربىيە ئۇسۇلى يوق، ھەممە يەرگە ماس كېلىدىغان ئۇسۇلمۇ يوق. شۇنداقلا ھەممىلا يەردە غەلىبە قازىنىدىغان ئۇسۇلمۇ يوق. بىز قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك» دېدىم.

بۇ بىرقانچە ئوقۇغۇچى ماڭا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قالدى. ئۇلار مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيتتى.

شۇنداق، دادام مېنى غەلىبىلىك تەربىيىلەپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى پۈتۈنلەي توغرا، ھەممە ئادەم دوراپ بېقىشى كېرەك دېگىلى بولمايتتى. ئۇ گەرچە مېنىڭ دادام بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇسۇلىغا پۈتۈنلەي ئىشىنەلمەيتتىم، مەن قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن قىممەتلىك بىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان دادامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى كۆرۈشكە باشلىدىم.

ئۇنىڭ بەتلىرى پۈتۈنلەي ساغىرىپ كېتىشكە باشلىغانىدى.

مەن بۇ ساغىرىپ كەتكەن بەتلەرنى ۋاراقلاۋېتىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلەشكە باشلىدىم...

مەن تۇغۇلغاندا دادام 52 ياشقا كىرگەن ئىكەن. لوخ كەنتى بىر يېڭى ھاياتلىقنى كۈتۈۋالدى، ئۇ دەل مەن ئىدىم. دادامنىڭ ئاخىرى ئۆز بالىسى بولدى، ھاياتلىق نېمە دېگەن رەڭدار. ئەمەلىيەتتە ئەڭ زور پەرق كېيىن ئىدى.

ئاڭلىشىمچە، مەن باشقا بالىلار بىلەن يۈيۈنىۋاتقاندا، كەنتتىكى بىرەيلەن مەسخىرە قىلىپ: «پوپ، ئوغلىڭىز مېنىڭ نەۋرەمچىلىك ئىكەن، سىزنىڭ نېمە ئويىڭىز بار؟» دەپتۇ.

«سىز پەرزەنتىڭىزنى قارىغۇلارچە باقتىڭىز، سىز ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن تاپقانلىقىڭىزنى ئويلاپ باقمىغان. سىز ئۇلارنى قانداق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىمەكچى؟ ئوغلىڭىز سىز بىلەن ئوخشاشلا دېھقان، نەۋرىلىرىڭىزمۇ ئوخشاش، بۇنىڭ پەخىرلەنگۈچىلىكى بارمۇ؟ ئەمما مەن بالىنى قارىغۇلارچە باقمايمەن، كەلگۈسىدىكى تەربىيە ئۈچۈن مېنىڭ تەييارلىقىم يېتەرلىك، شۇڭا ئۇ كەلگۈسىدە ئادەتتىكى ئادەم بولمايدۇ. تەمسىللەردە، ئالتۇن ئاز بولسىمۇ ساز دېيىلىدۇ».

بۇ ئىش دادامنىڭ تەربىيە پوزىتسىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك، دادام ئۆز ئەجدادىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن پەرزەنتلىك بولۇشنى ياقتۇرمايتتى. مەن باللىق بولغاندىن كېيىن دادام دائىم ماڭا، بالا ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئامانىتى، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك ھەمدە باللىق بولۇشتىن ئىلگىرى، ئاتا-ئانا بولغۇچى تولۇق تەييارلىق كۆرىشى، كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، بالىنى ئائىلە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشى كېرەك،دەيتتى.

مەن بۇنى دادامنىڭ تەربىيە ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ماڭا دەسلەپكى تەربىيىلەشنى باشلاشتىكى بىرىنچى مۇھىم ھالقا، دەپ قارايمەن.

دادام گەرچە تەربىيە ئىدىيىسى جەھەتتە ئالدىنقىلاردىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشقا جەھەتتە قىينىلىدىغان جايلىرىمۇ بار بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مېنىڭ يەنە باشقىلارنىڭ نەۋرىسى بىلەن تەڭ چوڭ بولۇۋاتقان ئۆز بالامغا نىسبەتەنمۇ باشقىچە ئويۇم بار ئىدى: مەيلى نېمىلا بولسۇن، باشلىنىشىدىلا مەن ئۇتتۇرۇۋېتەلمەيدىكەنمەن. مېنىڭ كېيىنكى بەدەن سۈپىتىم ياشانغاندا بالىلىق بولۇشنىڭ بىر خىل زىيىنىنى، يەنى بۇنداق بالىنىڭ تەن ساپاسىنىڭ ئانچە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەمما، تەقدىر يەنىلا خۇدانىڭ قولىدىكى پېچەكنىڭ ئوخشايدۇ. دادام مۇنداق ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇ چاغدا بالىلىق بولۇش-بولالماسلىق دادامغا نىسبەتەن بىر يامان چۈشكە ئوخشايتتى.

ئالدىنقىلاردىن ھالقىپ كەتكەن ئىدىيە ھەمىشە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئاۋارە قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. دادامنىڭ ئىلغار تەربىيە نۇقتىئىنەزىرى ئەينى چاغدا مودا بولۇۋاتقان تەربىيە قارىشىغا قارىمۇقارشى بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان. ئۇ ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغاچقا باشقىلار بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشتىن ساقلىنالمىغان، ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەن. شۇڭا، دادام ھەمىشە ئانامغا:

«خۇدا بىزگە تېزراق بىر پەرزەنت ئاتا قىلسىكەن، مەن ئۆز ئۇسۇلۇم بىلەن ئۇنى تەربىيىلەپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئاشۇ جاھىل كىشىلەرنى قايىل قىلىپ قويسام»، دەيدىكەن.

خۇدا دادامنىڭ تىلىكىنى راۋا قىلىپ، ئاكام تۇغۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا، دادام تەپسىلىي تەربىيە پىلانىنى تۈزۈپ، ئاكامنى تەربىيىلەشنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. لېكىن، بىرقانچە كۈندىن

كېيىن خاررى رايونىغا ھۇجۇم قىلغان سوغۇق تۇپەيلى ئاكام ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئاكامنىڭ بالدۇرلا تۇگەپ كېتىشى دادامنى قاتتىق ئازابلاپتۇ، ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئىلغار تەربىيىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم، ئۆزى تەربىيىلەيدىغان ئوبيېكتتىن مەھرۇم قالغاچقا، خۇددى ئەخمەق قىلىنغاندەك ھېس قىلىپتۇ. مەن بىلىدىغان كەچۇرمىشلەر بىلەن دادامنىڭ ئىنتايىن تەسىرلىك بولغان كۈندىلىك خاتىرىسى ئۆزئارا ماس كېلىپ قالغاچقىمىكىن، ۋاقىت ئۆتمۇشكە قايتقاندەك بولۇپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە، دادامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى پارچە-پۇرات، ئۇزۇن ياكى قىسقا، بەزىدە يېزىلغان، بەزىدە يېزىلمىغان ھەمدە بەزى سۆزلەر ئېنىقسىز بولغاچقا، مەن شۇنچە ئەسلەشكە تىرىشسامۇ، ئەسلىيەلمىدىم. گەرچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۈندىلىك خاتىرە ئومۇمىي جەھەتتىن ئېنىق بولغاچقا، ئۇنى ئوقۇسا، ئادەم يەنىلا ئۆتمۇشنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى.....

بۇ بىر نۇقتىنى مەن 40 ياشقا كىرىپ، ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى بولغاندىلا بىلدىم.

دادامنىڭ: «ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر تالانت ئىگىسى تەربىيىلەپ بېرىش نەچچە مىڭلىغان ئەرزىمەس ئادەملەرنى تەربىيىلەپ بەرگەندىن ئېشىپ چۈشىدۇ»، دەيدىغان بىر مەشھۇر سۆزى بار ئىدى. بەلكىم مۇشۇ ئالىي مەقسەت ئاساسىدا، دادامنىڭ بالىنى تەربىيىلەش خىيالى ۋە تەييارلىقى، توي قىلىشتىن بۇرۇنلا باشلانغان بولۇشى مۇمكىن.

دادام پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرىدىغان كىشى بولغاچقا، ئۇ تويىنىڭ مەقسەتلىرىنى خۇدانىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئەۋلاد تەربىيىلەشتىن ئىبارەت دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش قارىغۇلارچە توي قىلماي، بەلكى تويغا باشتىن-ئاخىر ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىپ، ئىنچىكە تاللاش ئارقىلىق ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغاندىن كېيىن، ئانام بىلەن توي قىلغان ئىكەن.

ئانام ئانچە چىرايلىق بولمىغاننىڭ ئۈستىگە تويلىقمۇ ئانچە كۆپ ئەمەسكەن. ئانام بىر يېزىدا تەربىيىلەنگەن ئايال بولۇپ، دادىسى ئۇنى ياخشى تەربىيىلىگەن ئىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، بىلىملىك ۋە ئەدەبلىك ئىكەن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ پەرىشتىلەردەك مېھرىبان قەلبى بار بولۇپ، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى كەڭ قوللۇقى يىراق-يېقىنغا مەشھۇر ئىدى. دادام بىر نامرات باستىر بولۇپ، تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن نامرات ئىدى. ئەمما مەن ئەزەلدىن ئانامنىڭ ۋايسىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ ھەمىشە ئۈمىدۋار بولۇپ، تۇرمۇشىمىز خۇشاللىققا تولغان ئىدى.

مېنىڭ كىچىكىمدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىمنىڭ تۆھپىسى دادامغا مەنسۇپ ئىدى. ئەمما، مېنىڭ ياخشى بىر ئانام بولغان بولسا، ھەممىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەستى. ئەمەلىيەتتە بىر ئائىلىدە ئانا بولغان كىشى بالىنىڭ ھەقىقىي روھى تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ.

دادا بولسا ھەمىشە سۈرلۈك يۈرىدۇ، شۇڭا باللار ئادەتتە دادىدىن ئەيمىنىدۇ. ئانىلارچۇ، ئۇلارنىڭ ئىللىق سۆزلىرى ۋە قىزغىنلىقى، شۇنداقلا ئانىلىق مېھرىبانلىقى، ھەمىشە باللارنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە مېنىڭ تەسىراتىم چوڭقۇر.

باللىق بولغاندىن كېيىن، دادامنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پەقەت بىرقەدەملا قالغان ئىدى. دادام باشقا ئائىلە ۋە ئاتا-ئانىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بالىسى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئىدى.

تەييارلىقى بار مۇھىت نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ دادام قانۇنىيەتلىك، تەرتىپلىك تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىش، تەربىيىگە تەييارلىق قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى تەربىيە مەزگىلىدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دەپ قارايتتى. چىرايلىق، ئىشلەتكىلى بولىدىغان، باللارنى جەلپ قىلالايدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش؛ بالىنىڭ تۇرمۇش

تەسىراتلىرىنى موللاشتۇرۇش، بالىلارنىڭ سەزگۈسىنى مەشىق قىلدۇرىدىغان ئۆگىنىش ماتېرىيالى ۋە سايمانلىرىنى بېرىش ئۇسۇلى بىلەن، بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق بالىلارنى مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدىغان قىلغىلى ۋە بالىلارغا ئۆزىدىكى قابىلىيەتنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇ نۇرغۇن جەھەتتە بالىلارغا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق مۇھىتى مۇرەككەپ بولغان تۇرمۇشقا ماسلىشىپ مول تەجرىبىلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن چوڭلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تەييارلىقى بولغان مۇھىت بەرپا قىلىپ، چوڭلارنىڭ دۇنياسىنى بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇبادا بىر بالىغا ئۆگىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئىنتايىن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلسە، بالا بۇ خىل مۇھىتتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھەرجەھەتتىن ئۇنىڭغا ماسلاشسا، ئۇ چاغدا بالىنىڭ ئۆسۈشى ۋە پەزىلەتنىڭ يېتىلىشى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان پائالىيەتلەرنى مەركەز قىلغان تەربىيە نىشانى ئاندىن ھەقىقىي تەربىيە ھېسابلىنىدۇ. بىز كۆپ يىللىق ئوبيېكتىپ كۆزىتىشلەر ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ سىرىنى، يەنى بۇ خىل ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە خىزمەت ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.

ئەمەلىيەتتە بالا بىلەن ئائىلە، ئاتا-ئانا مۇناسىۋىتىدە بولۇپمۇ تەربىيە جەھەتتە، دادامنىڭ ماڭا مۇنچىلىك زور كۈچ سەرپ قىلىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىدى. دادام ئىلگىرى بىر ماقالە يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئائىلىدىن قوبۇل قىلىدىغان ئەخلاقنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قەلب ۋە پەزىلەت ئالدى بىلەن ئائىلىدە شەكىللىنىدۇ، كېيىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چېنىقىش داۋامىدا پىشىپ يېتىلىدۇ.

ئائىلە بالىلارنىڭ بىرىنچى دەرسخانىسى، ئاتا-ئانا بالىنىڭ بىرىنچى ئۇستازى ھېسابلىنىدۇ. بالىلىق مەزگىلىدىكى پەزىلەت قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى پەزىلەتنىڭ ياردىمى بولۇپ، كېيىنكى تەربىيە پەقەتلا بالىلىق مەزگىلىدىكى پەزىلەتنىڭ كۈچەيتىش جەريانىدىن ئىبارەت. بالىلىق مەزگىلىدە قەلب ئىشىكى قىلچە تۇسالغۇسىز ھالدا ئوچۇق بولۇپ، ھەرۋاقىت يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ.

بۇ چاغدىكى بالىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پەزىلەت ئۈزلۈكسىز چېنىقىپ داۋاملىق ئالغا بېسىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بالىلىق مەزگىلدىكى مىجەز، ئىرادە، ئادەت كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەببەت ۋە ئەخلاق تۇيغۇسىغا تويۇنغان ئائىلىدە چوڭ بولغان بالا ئەقىل پاراسەتلىك ۋە شەرمى-ھايالىق چوڭ بولىدۇ. سەممىي ۋە مېھرىبان ئاتا-ئانىلارمۇ ساغلام، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئۈمىدۋار بالىلارنى تەربىيىلەپ چىقالايدۇ.

ئائىلە ھەممە ئادەمنىڭ ئىللىق ماكانى بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قارىتا مېھىر-مۇھەببىتى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ياردىمى بىلەن، بالىلارمۇ يېتىلىك كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ، ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىزىنى بويلاپ، توغرا، ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان تۇرمۇش يولىدا ماڭىدۇ.

ئاتا-ئانا بالىنىڭ بىرىنچى ئۇستازى بولۇپ، ئۇ بالىغا تۇرمۇش، ئۆگىنىش، پەزىلەت ۋە روھىي جەھەتتە بىرمەزگىللىك ياكى مەڭگۈلۈك

ئۇستاز بولالايدۇ. بالىنىڭ كەلگۈسى، ئەقىل-پاراسىتى، ئەخلاقى-پەزىلىتى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى ھەقىقىي ئاتا-ئانا مۇھەببىتى بىلەن تولغان ئائىدىن كېلىدۇ. بۇ دەل «دەسلەپكى تەربىيە»دۇر. ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە تايىنىپلا بالىغا مېھرىبانلىق قىلىپ بالىغا تەسىر كۆرسىتىش يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۇزلۇكسىز ئۆگىنىش كېرەك. بىر ئۇمۇر ئۆگىنىپ، ئۆزىنى ئۆستۈرگەندىلا، كونا بالا تەربىيىلەش قارىشىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى بالا تەربىيىلەش قارىشىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىنىڭ ھەممە ئىشىنى چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشى — تەن ساپاسى، تۇيغۇسى، قارىشى، ھېسسىياتى، ئىستېتىكا ئەخلاقى، ئىدىيۋى-ئەخلاق قارىشى، كىشىلىك قارىشى، جەمئىيەت قارىشى ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىشى، شۇ جەرياندا قانداق قىلىپ بالا بىلەن باراۋەر، دوستانە، يېقىن ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى، بالىلارنى ئەركىن، مۇستەقىل، يېڭىلىق يارىتالايدىغان تۇرمۇش يولىغا باشلىشى كېرەك. بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ يەنە مۇھىم بۇرچىنى ئۆستىگە ئېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ ئاتا-ئانىلارنى ئويلاپ باقمىغان بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن بالا تەربىيىلەش، بالا بىلەن بىللە ياشاش ئەڭ زور خۇشاللىنارلىق ئىش، شۇنداقلا بىر خىل جاپالىق ۋە ئەستايىدىل خىزمەت.

دادامغا ئوخشاش ئۆز بالىسىنى تەربىيىلەشنى ھەرقانداق ئىشلارغا تەڭ قىلماسلىقتەك پۇزىتسىيىسىنى مەدھىيىلەشكە ۋە قول قويۇشقا ئەرزىيدۇ. بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ كەلگۈسى، بالىنى تەربىيىلەش شۇقەدەر مۇھىم دەپ قارايمىز، ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن ھورۇنلۇق ۋە بۇشاڭلىقنى تۈگىتىپ، پۈتۈن زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى ئىشلىمەيمىز؟ نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بۇ مەسىلىگە سەل قاراپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزمەكتە، شۇ سەۋەبتىن بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن جەمئىيەت ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشماقتا

يوق، ئەكسىچە جىنايەتچى بولۇپ قالماقتا، بەزى باللار تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش، قىمار ئويناشتەك... ھەرخىل يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالدى. ئومۇمەن، بالا تەربىيىلەشنى ھاياتلىقتىكى زور ئىش دەپ قارىمىغانلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي مەسئۇلىيەتسىز ئاتا-ئانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دادامنىڭ كۆڭلىدىكى خاتىرىسى مېنى ئاتا-ئانامنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بالا ئاتا-ئانىنىڭ سايىسى بولۇشى مۇمكىن، بۇخىل قارىشىمنىڭ تەسىرى (كىشىلەرگە ئاللىبۇرۇن پۈتۈۋېتىلگەن بولىدۇ، دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ رەددىيىسى)، ھەتتا مەسخىرىسىگە ئۇچراش-ئۇچرىماسلىقنى بىلمەيمەن.

ئەمەلىيەتتە، ئاتا-ئانىنىڭ تەسىرى زور بولىدۇ. مەن ئاتا بولغاندىن كېيىن بۇ بىر نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ھەربىر ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزىدە قانداق نۇقسانلارنىڭ بارلىقى ئۆزىگە نامەلۇم. شۇڭا ئاتا-ئانىلار بالىلىرىمىزنىڭ خاتالىقىمىزدىن ساۋاق ئېلىپ، بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى تەكرارلاشتەك تىراگېدىيىدىن ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خاتالىقىڭىزدىن ساقلىنىپ، ئارتۇقچىلىقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇڭ، مانا بۇ ھەقىقىي توغرا يول.

ھەر ۋاقىت ھەممە يەردە ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇڭ.

مانا بۇ تەربىيىنىڭ ئاڭ ئاخىرقى چېكى، باللار ئەمەس، ئاتا-ئانا بولغۇچىلارمۇ تەربىيە داۋامىدا مۇكەممەللىشىش كېرەك، بۇنداق قىلىش بەلكىم ئىنتايىن تەس بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك.

مېنىڭچە، داداممۇ مېنىڭ بۇ قارىشىمغا قوشۇلىدۇ.

# ئىككىنچى باب

# هامىلە تەربىيىسى دەسلەپكى تەربىيىنىڭ تۈنجى قەدىمى، تالانت تەربىيىسىنىڭ بۆسۈش ئېغىزى

## كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1800- يىلى 2- ئاينىڭ 3- كۈنى  هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن، مەن مۇشۇنداق ئايالىمنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن تەڭرىگە تەشەككۈر بىلدۈردۈم.

ئۇ بىر قەيسەر ئايال. ئۇ ماڭا بالا تۇغۇلماستىلا ئۇنىڭ جاسارەتلىك ئادەم بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭمۇ قەيسەر بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ هامىلدار ۋاقتىدا ئۇنى ئازابلايدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ نېمە ئۈچۈن كۆز يېشى قىلمىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ ئازاب ئىچىدىن ناهايىتى تېزلا قۇتۇلۇپ چىقالايتتى. ئۇنىڭ قىلغانلىرى ھەقىقەتەن توغرا ئىدى. چۈنكى، هامىلدار ۋاقتىدا ئانا بولغۇچى هەمىشە كۆز يېشى قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ بوۋاقنىڭ يېتىلىشىگە بىۋاستە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. هامىلىنىڭ ياخشى يېتىلمەسلىكى، ئاجىز، ئىقتىدارسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، مەن ئىزچىل مۇشۇنداق قارايتتىم.

ئانا بولغۇچى بالىسىنىڭ گۈزەللىك، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى سۆيىدىغان ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. نۇرغۇن ئانىلار پەقەت بالىنىڭ سالامەتلىكىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، بالىسىنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارايدۇ. بۇ بىر مەسئۇلىيەتسىز قىلمىش. مەن ئايالىمنىڭ قەيسەر ۋە خۇشال روھىي ھالىتىنىڭ ئوغلۇمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئايالىم قەيسەرلىك ئارقىلىق ئوغلۇمنىڭ روھىنى قوزغىلاندۇردى. ئۇنىڭغا سۆيگۈ ۋە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلدى، شۇنداقلا ئايالىم ئوغلىنىڭ جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندا، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان، مەڭگۈ خۇشال ياشايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئانا بولۇش سۆيىتى بىلەن ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ.

*  *  *

1800- يىلى 2- ئاينىڭ 10- كۈنى ھاۋا تۇتۇق.

بىر مەشھۇر كىشى بۇرۇن: دۆلەتنىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ قولىدا دېگەنىكەن. مەن بۇ گەپكە ئىنتايىن قايىل، ئەمما بۇ گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن لاياقەتسىز ئانىلار، مەقسەتسىز ھالدا بالىلارنى يامان يولغا باشلاپ قويىدۇ، بۇ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. ئانىلارنىڭ تەربىيىسى دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان-بۇيان قىلىۋېتىدۇ. مەن دۇنيادىكى ئانىلارنىڭ بۇ بىر شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىز — دۆلەتنىڭ تەقدىرى ئانىلارنىڭ قولىدا دېگەن ھېكمەتنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.

*   *   *

1800- يىلى 2- ئاينىڭ 14- كۈنى   هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن ئايالىم يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇن خۇشال بولۇۋالدى، مەنمۇ شۇنداق. ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەممىسى تالانتلىق پەرزەنتلىك بولۇشنى، ئۇلارنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئايالىم بىلەن ئىككىمىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەمما مەن دۇنيادىكى 80% ~ 90% ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق چۈشىنىشكە باشلىدىم. بالا تۇغۇلماستىلا بىز ئاتا-ئانا بولۇشنىڭ خۇشاللىقىدا مەست ئىدۇق. بۇ خىل خۇشاللىقنى كونترول قىلماق تەس بولۇپ، بىز دائىم ئۆزىمىزدىن: «بۇ بالا ياخشىمىدۇ؟» دەپ سوراپتتۇق.

*   *   *

1800- يىلى 3- ئاينىڭ 1- كۈنى   هاۋا ئوچۇق.

ئايالىم بۈگۈن يەنە... مېنىڭ ھەممە ئىشىم بالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك گەپنى قىلدى. ئۇ ھامىلىدار مەزگىلىدە ئاچچىق نەرسىلەرنى، تۇزلۇق سەي، راكقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەزەلدىن يېمەيتتى. ئۇ ھەتتا ئۆزى يېيىشكە ئامراق قورۇلغان تۇزلۇك بېلىقنىمۇ يېمەيدىغان بولدى. ئۇ بالام بۇنداق نەرسىلەرنى يېسە بولمايدۇ، بۇ نەرسىلەر بالامنىڭ يۇمران تېرىسىنى بۇزۇۋېتىدۇ، دەيتتى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى گەرچە بالا ئۈچۈن يېمىسەمۇ لېكىن، قورسىقىمغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنى بالا يەيدۇ، دەيتتى. ئۇ يەنە...

ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ماڭا بىر ئانىنىڭ زېرەكلىكى ۋە ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

*　　*　　*

1800- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى ھاۋا تۇتۇق.

مەن بۈنى ئىنتايىن دانالىق دەپ قارايمەن. بىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تېنىمىز سالامەت بولۇشى كېرەك. ئىگىلىك تىكلەپ، ئۇتۇق قازىنىش، نام قازىنىش ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن ساغلام بەدەن بولۇشىمىز كېرەك.

بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىش، ئەمما ئۇنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئانچە ئاسان ئەمەس.

بالا ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

*　　*　　*

1800- يىلى 4- ئاينىڭ 9- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن ئايالىم بىر پارچە قەغەزگە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى يېزىپتۇ. ھامىلىنىڭ ياخشى يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھامىلدار ئانا دىققەت قىلىش كېرەك: ئۈچ ئايلىق بولغان ھامىلە ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىكى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئانا بەدىنىگە كىرىپ، ھامىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ مېڭىسىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشتىن ئىبارەت. ھامىلدار ئايال قىزىل، يۇقۇملۇق زۇكام بىلەن ئاغرىغان كىشىلەرگە يېقىنلىشىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھامىلىنىڭ دورىغا بولغان سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولىدۇ. دورىنىڭ زەھەرلىك رولى ھامىلىنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ

يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھامىلىدار ئايال قالايمىقان دورا ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى ۋە ئۇنى چەكلىشى كېرەك. پۈتۈن ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ھامىلە يېتىلىۋاتقان بولىدۇ. ھامىلىنىڭ ئۆكسىگېنغا بولغان تەلىپى ئايمۇئاي ئېشىپ بارىدۇ. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ھامىلىگە ئۆكسىگېن يېتىشمەي، مېڭە سىستېمىسىدىكى بەزى سەزگۈر قىسىملارنىڭ يېتىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئۆكسىگېن يېتىشمەسە بالىنىڭ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولۇپ، غەلىتە ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ بىر ناھايىتى ئۇزۇن باغاقچە ئىدى.

ھاياتلىقنىڭ دۇنياغا كېلىشى شۇ قەدەر تەس ئىكەن.

*　　*　　*

1800- يىلى 4- ئاينىڭ 19- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

بىر يېڭى دوستۇم مېنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. مەن بارمىدىم. ئۇ مېنىڭ ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتى. بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال.

گەرچە گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ھاراق ئىچىشكە ئامراق بولسىمۇ، لېكىن تەلىيىمگە مېنىڭ بۇنداق ئادىتىم يوق ئىدى. مەن ئەمەلىيەتتە ئەشۇ ھاراق ئىچىدىغان ئاتا-ئانىلارغا، بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ھاراق ئىچىشتەك ئادىتىنى تاشلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشنى ئويلايتتىم. مېنىڭ بىر دوختۇر دوستۇم ماڭا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ھامىلىدار بولسا، ھامىلىنىڭ يېتىلىشىنىڭ ئاستا بولىدىغانلىقىنى، ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئاياللار ھاراق ئىچسە ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

شۇڭا، ئەر-ئايال ھەر ئىككىسى ئەڭ بولمىغاندا ھامىلىدار بولۇشتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ھاراقنى تاشلىشى كېرەك.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئايالىم ھامىلىدار بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشقا ئىنتايىن دىققەت قىلغان ئىدۇق. بۈگۈن ئۇ قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچىشكە ئامراق بىر دوستىغا بۇخىل ناچار ئادەتنى تاشلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

*　　*　　*

1800- يىلى 4- ئاينىڭ 21- كۈنى　ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن ئايالىم ئۆزىنىڭ بىرئاز ئىچى پۇشۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى، مەن ئۇنىڭغا مۇشۇكنى ئەرمەك قىلىشنى ئېيتتىم.

تولۇقلىما: بۇ بىر سەۋەنلىك، مەن ھازىرغىچە شۇ تۈپەيلى ئەپسۇسلىنىمەن. دوختۇر ماڭا بىرخىل ياي شەكىللىك پارازىت قۇرتنىڭ ھامىلىگە ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى، بۇخىل پارازىت قۇرتنىڭ ئىت-مۇشۇك ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تېزىكى ۋە گۆشىدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئەمما ئەينى چاغدا مەن بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەپتىمەن. ئايالىمنىڭ خۇشال بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۆيدىكى مۇشۇكتىن باشقا مەن يەنە قوشنىمىزنىڭ بىر كۈچۈكىنى بېقىۋالغان ئىدىم. ئوغلۇم تۇغۇلغاندا ئانچە ساغلام بولماسلىقى مېنىڭچە شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى ئايالىمغا بىر ھايۋاننى ھەمراھ قىلىپ قويغانلىقىم مېنىڭ سەۋەنلىكىم.

ئىزاھات: بۇ تولۇقلىمىنى دادام يازغان ئىكەن، بۇ دادامنىڭ بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى كۆپ قېتىم ئوقۇغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

*   *   *

1800- يىلى 4- ئاينىڭ 26- كۈنى   ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن بىر دوستۇم بىر تېببىي مۇتەخەسسىس بىلەن مېھمان بولۇپ كەپتۇ. بىز ناھايىتى ۋاقتىدا پاراڭلىشىپتۇق. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈم كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە ئۇنىڭدىن تەلىم ئالدىم. بۇ مەسىلىلەر ئاساسلىقى ئىككى ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئىدى. مەن بۇ قاراشلارنى تۆۋەندىكىدەك رەتلەپ قويدۇم:

ئىككى جىنسنىڭ بىر-بىرىنى جەلپ قىلىشى، ئىككى جىنسنىڭ ئۆزئارا سۆيۈشۈشى، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى، ئۇلارنىڭ ئەركىن، مۇقەددەس، پاك، يۈكسەك بولۇشىنى ساقلاش كېرەك، ئۇلارنى مەجبۇرلاشقا، ئۇلارغا ھاقارەت قىلىشقا، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتتىكى گۈزەل قىممىتىنى يوقۇتۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

سۆيگۈ يالقۇنجىغاندا، قەلب بىر خىل مەس ھالەتتە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلىك ھاياتنىڭ باشقا مەزمۇنلىرى تاشلىنىپ قېلىپ، كىشىلەر ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە باشلايدۇ. شۇڭا، بىر تەرەپنىڭ كەمچىلىكى ۋە يېتەرسىزلىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ھەتتا كەمچىلىكمۇ ئارتۇقچىلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

بۇ پۈتۈنلەي ئاشىقلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ساختا ھالەتتۇر.

ئەمما مۇھەببەتلىشىش ۋاقتىلىق، كېيىنكى توي. تۇغۇت، تۇرمۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ.

ئەر - ئايال ئىككىلا تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئۆزلۈكى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى، ساغلاملىق ئەھۋالى ۋە پسىخىك ساپاسى ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم، ئىككى يەككىلەرنىڭ بىرلىشىشى، شەخسلەرنىڭ بەختى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ كېيىنكى

ئەۋلادلارغا، بالىلارنىڭ ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما كىم بۇنچىلىك كۆپ ئويلىيالايدۇ؟

تېببىي نۇقتىدىن چىقىش قىلغاندا، توي قىلىشقا بولمايدىغان ئەھۋاللار بىر قانچە خىل بولۇپ، يېقىن تۇغقانلار توي قىلسا بولمايدۇ، بۇ ئاساسلىقى بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن تۇغقانلار ۋە ئوخشاش مەنبەدىن كېلىپ چىققان بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق قانداش تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ.

يېقىن تۇغقانلار توي قىلىپ تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئىرسىي كېسەل بولۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى، يېقىن تۇغقانلار توي قىلىپ تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى يېقىن تۇغقان ئەمەسلەرنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ بولىدۇ. ئىرسىي كېسەل بولۇش نىسبىتى 150 ھەسسىدىن يۇقىرى بولىدۇ. يېقىن تۇغقانلار توي قىلسا يەنە گاس-گاچا، روھىي كېسەل، يۈرەك كېسىلى، ئاق كېسەل، قان كېسەللىكلىرى قاتارلىق ئىرسىي كېسەللىكلەر كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قېلىپ ئائىلە بەختسىزلىكى ۋە بالىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىرسىي كېسىلى بارلار توي قىلسا ياكى بالىلىق بولسا بولمايدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن، روھىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلار ئىچىدە، ئاتا-ئانىسى كېسەل تۇرۇپ تۇغۇلغان بالىلارنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 73%كە يېتىدىكەن؛ ئاتا-ئانىلار ئىچىدە بىرى كېسەل بالىلارنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 39.4%كە يېتىدىكەن. ئاتا-ئانىسى ساق بالىلارنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 0.25%كە يېتىدىكەن. بەزى ئىرسىي كېسەللىكلەردىن، ئاتا-ئانىسىدىن بىرى كېسەل بولسا، بالىنىڭ كېسەل بولۇشى 1\2دىن يۇقىرى بولىدۇ ھەم ئۇ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. يەنە بەزى كېسەللەر مۇبادا پەرزەنتلىك بولسا، ئۇ ئوخشاشلا بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىرسىي كېسىلى بارلار، توي قىلىپ

پەرزەنت كۆرسە ئۆزىگىلا ئەمەس پەرزەنتىگىمۇ ئاپەت كەلتۈرىدۇ، بالىسىغا ئۆمۈرلۈك ئازاب كەلتۈرۈپلا قالماستىن، ئۆزىمۇ بىر ئۆمۈر روھىي يۈكنى يۈدۈۋالىدۇ. ئېغىر ئىرسىي ئۆزگىرىشلەر: پۇت-قولى يېرىلىپ كېتىش، تۇغما كەمتۈكلۈك قاتارلىقلار بولۇپ، بۇخىل كېسەللىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئىرسىي كېسەل دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئۇلار تويدىن كېيىن يەنە ئوخشاش كېسەل بالىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەستە تۇتۇش كېرەككى: تۇغما، ئىرسىي كېسەللىكى يوقلار، ئېغىر كېسەل ياكى يۇقۇملۇق كېسەللىگە گىرىپتار بولغانلار، پۈتۈنلەي ساقايغاندىن كېيىن ئاندىن توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولۇشى، ئىرسىي كېسەللىكى بارلار دوختۇرنىڭ كونكرېت يېتەكلىشى ئاستىدا مۇھەببەتلىشىش، توي قىلىش، پەرزەنتلىك بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ھەرخىل بەختسىزلىكلەردىن ئىمكان بار ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن قارىغاندا، مېنىڭ قارىشىم يەنىلا توغرا.

* * *

1800- يىلى 4- ئاينىڭ 28- كۈنى ھاۋا ئوچۇق، كېيىن بۇلۇتلۇق.

بۈگۈن ئايالىم تۈيۈقسىز ئارامسىزلىنىپ، قورقۇپ كەتتى. مەن سىرتتىن قايتىپ كېلىپلا ئادەتتىكى ئادىتىم بويىچە ئايالىمدىن ئەھۋال سوراپ ئۇنى سۆيۈپ قويدۇم، ئەمما مەن ئۆيگە كىرىپلا ئۇنىڭ بىنورمال ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدىم.

مەن ئايالىمدىن:

— سۆيۈملۈكۈم نېمە بولدۇڭ؟ دەپ سورىدىم.

ئايالىم ماڭا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاراۋاتاتتى.

مەن ھەيران قالدىم، چۈنكى ئايالىمنىڭ مىجەزى ئادەتتە ئوچۇق-يورۇق ئىدى. نېمە ئىش ئۇنى شۇنچە ئازابلىدىكىن؟

مەن دەرھال ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن: «ئارامسىزلىنىۋاتامسىز؟ بىز ناھايىتى بەختلىكقۇ؟ سىزنىڭ ماڭا دېيەلمىگەن گېپىڭىز بارمۇ؟ بۈگۈن سىزگە زادى نېمە بولدى؟» دەپ سورىدىم.

ئايالىم ئىنتايىن پەس ئاۋازدا: «كاتىرنانىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېدى. كاتىرنا بىزنىڭ بازاردىكى بىر تونۇش ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن ئىدى، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا بىر خىل غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى پۈتۈن بازاردىكىلەرمۇ بىلەتتى. بۇ بىچارە بالىنىڭ بۇنچە تېزلا ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

ئايالىم ئازابلانغان ھالدا: «بۈگۈن ئۇلار سىزنى ئىزدەپ كەلگەن ئىكەن، ئەمما سىز ئۆيدە يوق، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلمەيسىز، مەن تويۇقسىز بالىمىزنى ئويلاپ قالدىم» دېدى.

مەن ئايالىمنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا ئۇنىڭغا: «قەدىرلىكىم، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، كاتىرنانىڭ ئوغلى تۇغۇلۇشىدىنلا كېسەلچان ئىدى، مەن گەرچە ئۇنىڭ بۇنچە تېزلا ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىشىنى ئويلىمىغان بولسامۇ...بىراق بىزنىڭ بالىمىزدا چوقۇم مەسىلە يوق» دېدىم تەسەللىي بېرىپ.

«ئەمما، بىزنىڭ تۇنجى بالىمىزمۇ ئۆلۈپ كەتتى ئەمەسمۇ؟» دېگەنچە ئايالىم يىغلاپ كەتتى.

مەن ئىنتايىن ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ھامىلىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى. «مەن ھەركۈنى خۇدادىن بىزگە بىر ساغلام بالا بېرىشنى تىلەۋاتىمەن، خۇدا بىزنى ئۈمىدسىز قالدۇرماس. ئاڭلىشىمچە كاتىرنا ھامىلىدار ۋاقتىدا كۈندە يولدىشى بىلەن سوقۇشىدىكەن،

ھەركۈنى بىئارام بولۇپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ بالىسى ساغلام تۇغۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن. بالىمىز ئۈچۈن خۇشال يۈرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن».

ئايالىم كۆز يېشى قىلغىنىچە: «بۇنى بىلىمەن، ئەمما مەن چىدىيالمىدىم»، دېدى. مەن بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، ئۆلگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن سىزگە ياردەم بېرەي، سىز كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تېزدىن ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز كېرەك، تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بالىمىزنى ئويلاڭ، ئۇ چوقۇم قالتىس بالا بولىدۇ، سىناپ كۆرۈڭ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىڭ» دېدىم.

ئايالىم، ماڭا ئەگىشىپ چوڭقۇر نەپەس ئالغان ئىدى، ئۇنىڭ كەيپىياتى بىردەمدىلا ياخشىلاندى.

كەچتە مەن يەنە ئايالىمغا ئالايىتەن مەخسۇس ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭغا خىزمەتدىشىم ۋە ئۆزۈم يېقىندا ئوقۇغان بىر كىتاب ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بەردىم. ئايالىم ئاستا-ئاستا تىنچلىنىپ قالدى.

* * *

1800- يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن ئايالىمنىڭ رەڭگى-روھى جايىدا ئىدى، ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ ياخشى ئىدى. قارىغاندا ئۇ ئازابتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ، كەيپىياتى ئەسلىگە كەلگەندەك قىلاتتى. خۇشال ئائىلىدە ناچار كەيپىياتمۇ خۇددى شامالغا ئوخشاش ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

*        *        *

1800- يىلى 5 - ئاينىڭ 10- كۈنى  ھاۋا ئوچۇق.

ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرسىمۇ، ئايالىم يەنىلا ياش بولغاچقا، بەزىدە ناھايىتى ئۆز بېشىمچىلىق قىلاتتى. مەن ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنى ئالداپمۇ قوياتتىم، بۇ نورمال ئىش ئىدى.

بۈگۈن ئايالىم مەن يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپتۇ، مەن بۇنى ئۇقۇپ ئۇنى ئەيىپلىدىم.

«سىز نېمىشقا مۇنداق قىلىسىز؟ مەن سىزگە ئىسسىق سۇ بالىغا زىيانلىق دېگەن ئەمەسمىدىم؟»

«سىز بالىغا كۆڭۈل بۆلىسىز. مەن ھامىلىدار بولغاندىن باشلاپ سىز ھەممىنى بالا ئۈچۈنلا قىلىۋاتىسىز، سىز ماڭا ئىلگىرىكىدەك كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولىۋالدىڭىز» دېدى ئايالىم ياتىنىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ. «بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ بالا ئىككىمىزنىڭ تۇرسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىم سىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ھازىر ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇش ھەقىقەتەن بالىغا زىيانلىق، بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن،سىزنىڭ قانداق يۇيۇنغىڭىز كەلسە، شۇنداق يۇيۇنسىڭىز بولىدۇ، ئۇ چاغدا مەن ئارىلىشىۋالمايمەن».

«ئەمما بىر قانچە كۈندىن بېرى سىرتلارغا چىقمىغاچقا، ئارامسىزلىنىپ كەتتىم. پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ چىدىيالمىدىم» دېدى ئايالىم شوخلۇق بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ: «سىز ھەمىشە ئانا بىئارام بولسا بالا ساغلام تۇغۇلمايدۇ دەيتتىڭىزغۇ؟ مەن ئىسسىق سۇدا يۇيۇنمىسام بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولاتتى؟»

گەرچە ئايالىم مەن بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ يوللۇق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شۇندىن كېيىن ئايال خىزمەتكارنى ئايالىمغا ھەركۈنى ئۇنىڭ پۈتىنى يۇيۇشى

ئۆچۈن ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بىر نەشكە بۇيرۇدۇم. ھەم ئۆزۈم ئىسسىق لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سۈرتۈپ قويۇش قارارىغا كەلدىم.

مەن باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، ئايالىم ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلمىدىم، ئەكسىچە ئىككىمىز بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەتتۇق. بۇ بىر خىل ئالاھىدە بەخت ئىدى. بالا تېخى تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنى ھېس قىلالايتتۇق.

مەن مۇشۇنداق ئويلىغانسېرى، تەبىئى ھالدا كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى بولۇپ قالدى. قارىسام ئايالىم ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋېتىپتۇ.

* * *

1800 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن، مەن ئايالىمغا بىر چۆچەك ئېيتىپ بەردىم. چۆچەك سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇ باللارغا ماس كېلەتتى. مەن بالىمىزنىڭ ئۇنى ئاڭلىيالايدىغان-ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز باشقىلارنىڭ نەزەرىدە نورمالسىزلىق ھېسابلىناتتى، ئۇلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، پەقەت بالىمىز ساغلام، خۇشال بولسىلا بىزگە شۇ كۇپايە.

## كىچىك كارلنىڭ باھاسى

1852 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

مەن دادامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئادەتتىكى كىشىلەر بۇنى دادامنىڭ بالىسى بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى دەپ

قارايتتى، ئەمما مىنىڭ قارىشىم باشقىچە بولۇپ، دادام ئەينى چاغدا ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى ئادەتتىكى ئاتا-ئانىلار ھەرگىز پەرەز قىلالمايتتى. تەربىيە پەقەت ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەتتى.

يۇقىرىقى كۈندىلىك خاتىرىلەرنىڭ مەزمۇنى، بۈگۈن قارىماققا ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇ ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپ ھامىلىگە ئېچىپ بېرىلگەن تەربىيە ۋە مەشىق ئىدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئانىنىڭ ئىچكى-سىرتقى مۇھىتىنى تىزگىنلەش ۋە تەگشەش ئارقىلىق ياخشى روھىي كەيپىياتنى ساقلاشقا دىققەت قىلىپ، ھامىلىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، بولۇپمۇ ھامىلىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى بالدۇر تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھامىلە ۋاقتىدا تەربىيىلەنگەن بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما ئەينى چاغدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايتتى.

ئەينى چاغدا تېخى ئانچە كۆپ ئادەم بالا ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا مەقسەتلىك، قەدەم باسقۇچلۇق تەربىيە قىلىشقا دىققەت قىلمىغان ئىدى. ئىزدەنگۈچى ۋە سىناپ باققۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن دادامنىڭ شۇلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، دادامنىڭ ئۇسۇلى ھەقىقىي مەنىدىكى ھامىلە تەربىيىسىدىن تېخى كۆپ يىراق ئىدى. ئۇنى ئىشنىڭ باشلىنىشى دېيىشكىلا بولاتتى.

ھازىر، مەن بىر قانچە ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھامىلە تەربىيىسى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلەيمەن دەپ قارايمەن.

كىشىلەر ئىزچىل ھالدا ھامىلە دۇنيا بىلەن ئايرىلغان بىر خىل ئۇيقۇ ھالىتىدە بولىدۇ، دۇنيا ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدۇ، دەپ

قارايدۇ. مەن بۇ قاراشنى قەتئىي خاتا دەپ قارايمەن، هامىلىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى بولىدۇ، ئۇ دۇنيادىكى سادالارغا قۇلاق سالىدۇ.

هامىلىدارلىقنىڭ 13- ھەپتىسىدە، ئانىنىڭ قورسىقىنىڭ يېنىدا قوڭغۇراق چېلىنسا، هامىلە مىدىرلايدۇ. هامىلىدارلىق مەزگىلىدە هامىلىگە بىر ئىسسىق قويۇپ دائىم چاقىرىپ بەرسە، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئىسمىنى چاقىرسىلا ئۇ ئىمىشتىن ياكى يىغلاشتىن توختايدۇ، ھەتتا خۇشال بولىدۇ.

هامىلىدارلىقنىڭ 28- ھەپتىسىدىن باشلاپ يېنىك مۇزىكا قويۇپ بەرسە، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن شۇ چاغدىكى مۇزىكىنى قويۇپ بەرسە، كۆپ قىسىم بالا رېتىملىق هالدا پۇت-قولىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ھەم قېتىرقىنىپ ئاڭلىغاندەك روھى-ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى هامىلىدار ئاياللار ئادەتتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە، بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن ناخشىغا نىسبەتەن «قايتا تونۇش» ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ، ئانىسىنىڭ ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىسا، پۇت-قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ ھەم ئەتراپىغا قاراپ ناخشا ئېيتقۇچىنى ئىزلەيدۇ.

بەزى سەزگۈر هامىلىدار ئاياللارنىڭ شۇ نەرسە ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن: ئىشىك قاتتىق يېپىلسا، قورساقتىكى هامىلە دەرھال تولغىنىۋالىدۇ.

هامىلىدار ئاياللار ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆپ كوچىلاردا ماڭغاندا، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرىڭى ۋە ماشىنىلارنىڭ كاناي ئاۋازى هامىلىنىڭ تەكرار مىدىرلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇ هامىلىنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا «ئۇيقۇ ھالىتىدە» ئەمەس بەلكى ئاۋاز ئاڭلىيالايدىغان ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى، ئاڭلاش سەزگۈلىرىگە تايىنىپ تاشقى دۇنيا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلايدىغانلىقىنى ھەتتا، چوڭلار ئاڭلىيالمايدىغان ئىنتايىن تۆۋەن ياكى ئىنتايىن يۇقىرى چاستوتىدىكى ئاۋازلارنىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىيالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بىرىشكە يېتەرلىك.

ھاملىنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى پىشىپ يېتىلگىچە تۆت باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. ھاملىدار بولۇپ ئىككىنچى ئېينىڭ ئاخىرى تاشقى قۇلاق، ئوتتۇرا قۇلاق ۋە ئىچكى قۇلاق ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىش باسقۇچىغا كىرىدۇ، ئەمما بۇ چاغدا تېخى ئاڭلاش ئىقتىدارى بولمايدۇ. تۆت ئايلىق بولغاندا تاشقى دۇنيادىكى ئاۋازلارنى ھېس قىلالايدۇ. ئالتە ئايلىق بولغاندىن باشلاپ ھاملە ئاۋاز ئاڭلىيالايدۇ ھەم كۆزنى چىمىلدىتىش، ئەسنەش، يۈرەك رىتىمى تېزلىشىش، بېشىنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇراش قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاسلارنى قايتۇرىدۇ. يەتتە ئايلىق بولغاندىن باشلاپ ئاڭلاش سەزگۈسى نېرۋىلىرى ئارقىلىق مېڭە بىلەن باغلىنىدۇ ھەم ئاڭلىغان ئاۋازلارنى چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەم ئۇنى ساقلاپ خاتىرە شەكىللەندۈرىدۇ. نۇرغۇن تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھاملىدە ئاڭلاش ئىقتىدارىدىن باشقا، ھاملىدار بولۇپ 10- ھەپتىلەردىن باشلاپ ھاملىدە بېسىم، تېگىش سەزگۈلىرى شەكىللىنىدۇ ھەم تۆرلۈك ئىقتىدارلار ھازىرلىنىپ، تېگىش سەزگۈسى، ھېسسىيات، خاتىرە ئىقتىدارى شەكىللىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاملىنىڭ «بالىياتقۇ» دىكى ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆگىنىش ۋە ھېس قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلايدىغانلىقى ھەم «تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ» «قارار چىقىرىدىغان»لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك.

ئومۇمەن، ھاملىنىڭ ئاڭلاش، ھېس قىلىش، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى بولۇپلا قالماستىن، ھەملە يەنە مۇئەييەن دەرىجىدە تەپەككۇر قىلىش، قارار قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

مانا بۇ دەل ھاملە تەربىيىسىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى. ئەلۋەتتە دادامنىڭ ئەينى چاغدىكى تونۇشى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. دادام ئەمەلىيەتتە ھاملە تەربىيىسىنىڭ ئازراق ئاساسىي ئۇسۇللىرىنىلا بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە ھاملە تەربىيىسىنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ ھاملە مۇزىكا تەربىيىسى، ھاملە

ھەرىكەت تەربىيىسى، ھاملە بىلەن پاراڭلىشىش، ھەتتا ھاملىگە ئۆگىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ھاملىگە مۇزىكا تەربىيىسى بېرىشتە ئادەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە ئۇسۇل كارغا كېلىدۇ. ھاملىدار ئايال ھەر كۈنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان لىرىك ناخشىلارنى ياكى رىتىملىق ئەللەي ناخشىسى، قىسقا كۈيلەرنى ئىڭشىش قاتارلىقلار.
ئىڭشىپ ناخشا ئېيتقاندا، روھى كۆتۈرەڭگۈ، ھېسسىياتقا باي بولۇش، خۇددى كەلگۈسى بوۋىقىنى سېغىنىپ، ئانا سۆيگۈسىنى بايان قىلىۋاتقاندەك بولۇش كېرەك. بوۋاق ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت ئاڭلىيالايدۇ، ناخشا ئېيتالمايدۇ. ھاملىدار ئايال ئۆز تەسەۋۋۇرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قورسىقىدىكى بالىنى ئېغىز ئاچتۇرۇپ، مۇزىكىغا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتقۇزالىشى كېرەك. ئەمما ئالدى بىلەن مۇزىكىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئادددي نوتىلارنى تەكرار بىر قانچە قېتىم ئېيتىپ، مەسىلەن: دو، رەي، مى، فا، سو، لا، شى دەپ ھەر بىر نوتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بىر قانچە مىنۇت توختاپ، ھاملىنىڭ ئەگىشىپ «ئۆگىنىش»ىنى كۈتۈش، كېيىن يەنە مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇش لازىم. مۇزىكا بىلەن ھاملىنى تەربىيىلەشنىڭ ھازىرغىچە بىر مۇقىم شەكلى ۋە بەلگىلەنگەن تەرتىۋى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، ساددا، ئازادە، تەبىئىي، ئوچۇق بولۇش ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولسىلا شۇ يېتەرلىك.
ھەرىكەت ھاملە تەربىيىسى، ھاملىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرىدىغان ھاملە تەربىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاملىدار ئاياللار پۈتكۈل ھاملىدارلىق مەزگىلىدە ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ كېتىش ۋە جىددىي ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش كېرەك، ئەمما ھەددىدىن زىيادە دەم ئېلىش ۋە يېتىۋېلىشمۇ ياخشى ئەمەس، يەڭگىل ھەرىكەت قىلىش، قىسقا ئارىلىققا مېڭىش قاتارلىق مۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنى قىلىش كېرەك. ھاملىدارلىقنىڭ 3-،4- ئايلىرىدىن

باشلاپ، هاملىدار ئاياللار تۈز يېتىپ قورساق قىسمىنى ئامال بار بوش قويۇپ بېرىپ، ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى سىلاپ، بىر قولىدا بېسىپ ئارقىدىن قويۇۋەتسە، هامىلە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. هەر كۈنى كەچقۇرۇن (ئاخشىمى بۇنداق قىلماسلىق كېرەك) بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا هامىلە بىلەن مۇشۇنداق «ئويۇنسا» بولىدۇ. هامىلە ئالتە ئايلىق بولغاندا ئانا قورسىقىدىكى هامىلىنىڭ بېشى، بەدىنى ۋە پۇت-قولىنى سىلاپ بىلەلەيدۇ. شۇڭا، ئانا هامىلىنى يەڭگىل تەۋرىتىپ، بالىنى بالىياتقۇدا هەرىكەتلەندۈرۈپ بەرسە، بوۋاقنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مۇسكۇللىرىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ هاملىدار ئاياللار يەڭگىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۇخلاشتىن بۇرۇن هامىلىنى سىلاپ هەرىكەتلەندۈرۈپ بەرسە، هامىلىنىڭ هەرىكەت ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مۇشۇنداق مەشقلەندۈرۈلگەن بوۋاقنىڭ تۇرۇشى ۋە مېڭىشى مەشقلەندۈرۈلمىگەن بوۋاقنىڭكىدىن بالدۇر بولىدۇ. بۇ پائالىيەتلەرنى دوختۇرلارنىڭ يېتەكلىشىدە ئېلىپ بېرىش، هەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك ئەلۋەتتە. هامىلىنىڭ هەرىكىتى كۆپەيگەندە قىلماسلىق كېرەك، بولمىسا كىندىكنىڭ چىگىلىشىپ قېلىپ كۆتۈلمىگەن هادىسە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

بوۋاقنىڭ مەۋجۇتلىقىنى هەر ۋاقىت ئەستە ساقلاپ، ئۇنىڭ بىلەن دائىم پاراڭلىشىپ تۇرۇش كېرەك. بۇ قارىماققا ئەهمىيەتسىز كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇنداق قىلىش ئىنتايىن توغرا. ئۇنداقتا هامىلىگە نېمىلەرنى دېيىش كېرەك؟ هامىلىگە كۈندىلىك تۇرمۇشنى سۆزلەپ بەرسە بولىدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەر نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟ نېمىلەرنى دېدىڭىز؟ مۇشۇلارنىڭ هەممىسىنى بوۋاقلارغا سۆزلەپ بەرسە بولىدۇ. بۇ بىر ساۋات دەرسى هەم ئاتا-ئانىنىڭ تۇرمۇش رىتمىنى ئورتاق هېس قىلىشنىڭ ئۇسۇلى. ئەگەر ئەتىگەن ئورنىڭىزدىن تۇرغاندا، هامىلىگە: «ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن» دەپ ئەتىگەن بولغانلىقىنى

بىلدۈرسىگىز بولىدۇ. دەرىزە پەردىسىنى ئېچىپ، قۇياش كۆتۈرۈلگەن ھەممە يەر قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن بولسا، بۇ چاغدا ھامىلىگە: «بوگۈنكى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق» دېسىڭىز بولىدۇ. ھاۋانىڭ تۇتۇقلىقى، يامغۇر، قارغا ئوخشاش ھاۋارايى ھەققىدە ھامىلىگە بىلدۈرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇنىدىن باشقا، ھاۋانىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇقى، شامالنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى، ھۆللۈكنىڭ ئاز-كۆپلۈكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھاملە تەربىيىسىگە تېما بولالايدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئۆي تازىلاش، كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىش، نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش، دوختۇرخانا، بانكىغا بېرىش ياكى پوپايكا توقۇش، تېلېۋىزور كۆرۈش، يۇيۇنۇش قاتارلىقلارنىمۇ تېما قىلىشقا بولىدۇ.

ئومۇمەن تۇرمۇشتىكى ھەممە ئىشلارنى ھامىلىگە بايان قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ. بۇ ھامىلە تەربىيىسىنىڭ ئاساسى شۇنداقلا بۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنى ھامىلە بىلەن بىللە ھېس قىلىش، ئويلاش ۋە تەڭ ھەرىكەت قىلىش، ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەيدۇ ھەم ھامىلىدە ئانىغا ئىشەنچ تۇيغۇسى شەكىللەندۈرىدۇ ھەم تاشقى دۇنيانى ھېس قىلىش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئاساسى يېتىلىدۇ.

ھامىلىگە ھېكايە، رەسىملىك قوللانمىلارنى سۆزلەپ بېرىش. بالىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، ئىجادچانلىقى ۋە ئىنتىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈشتە بالىلار رەسىملىك قوللانمىسىدەك ياخشى ماتېرىيال يوق. سىز رەسىملىك قوللانمىنىڭ ھەر بىر بېتىدىكى توقۇلما دۇنيانى، ئۆزىڭىزنىڭ مول تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ ھامىلىگە يەتكۈزسىڭىز شۇ ئارقىلىق ھامىلىنىڭ ساغلام يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. كىتابخانىلاردا دەرسلىك قىلىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەر خىل بالىلار رەسىملىك قوللانمىلىرى بار. ئەڭ ياخشىسى رەڭدار، مول تەسەۋۋۇرغا ئىگە، مەزمۇنى باتۇرلۇقنى، غايە، بەخت ۋە مۇھەببەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولغىنى ياخشى. پەقەت

ھامىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماس كېلىدىغان تېمىلارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. رەسىملىك قوللانمىلاردىن پايدىلىنىپ ھامىلە تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا، ھېسسىياتنى ھېكايە ۋەقەلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش، ئىنتوناتسىيە ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق ھامىلىگە ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ قانداق قانات يېيىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك، ھېسسىياتسىز ھەم جانسىز ئاۋاز ھامىلىنىڭ ھېس قىلىشىنى قوزغىيالمايدۇ. خۇشاللىق، غەزەپ ۋە دەرت-ئەلەملەرنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتلىق ئاۋاز ئارقىلىق ھامىلىگە يەتكۈزىلىدۇ. دىكلاماتسىيە قىلىش ئارقىلىقلا ئەمەس، تىلنى بەش ئەزالىرىڭىز ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ، ھامىلىگە كونكرېتلاشتۇرۇپ يەتكۈزسىڭىزمۇ بولىدۇ، چۈنكى ھامىلە سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنى قۇلاق بىلەن ئەمەس كاللىسى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

ھامىلىنىڭمۇ ئۆگىنەلەيدىغانلىقىنى دادام بەلكىم ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن.

رەڭلىك كارتوچكا ئارقىلىق تىل ۋە يېزىق ئۆگىنىش. رەڭلىك كارتوچكا ـ ئاق قەغەزگە ھەر خىل رەڭدە يېزىق، سان يېزىلغان كارتوچكىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدى بىلەن ئاساسىي ھەرىپ A, B, C, D, E دىن باشلاپ، ھەر كۈنى 4-5 تىن ئۆگىتىپ، كېيىن ئاددىي تاق سۆزلەرنى ئۆگىتىش كېرەك. مەسىلەن: a دىن ئىبارەت بۇ ھەرىپنى ئۆگەتكەندە، بىر تەرەپتىن تاۋۇشنى تەكرار توغرا ئوقىسا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يېزىلىشىنى قول ئارقىلىق يېزىپ بەرسە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەڭ مۇھىمى كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق « a »نىڭ شەكلى ۋە رەڭگىنى مېڭىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشتۇر. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندىلا، سىز يوللىغان «a »دىن ئىبارەت بۇ ھەرىپ ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئەڭ ياخشى ھالەتتە ھامىلىگە يېتىپ بېرىپ، ھامىلە ئۇنى مېڭىسىگە خاتىرىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى چۈشىنىشكە پايدىلىق بولىدۇ. ھەرىپلەرنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئاددىي تاق سۆزلەرنى

مەسىلەن: «خوش»، «ياخشى»نى ئۆگىتىشكە بولىدۇ. ھاملىگە بۇلارنى ئۆگەتكەندە، ئانا بىر بىلىپ سەۋىرچانلىق بىلەن ئۆگىتىش، ئالدىراپ كەتمەسلىك، قول ئۇچىدىلا قىلماسلىق كېرەك. رەڭلىك كارتوچكىلاردىن پايدىلىنىپ سان، ھېساپ ۋە شەكىللەرنى ئۆگىتىشكە بولىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولۇپ، چوڭقۇر كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق كارتوچكىدىكى سان، شەكىللەر ۋە رەڭلەر ۋە سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ھاملىگە يېتىپ بارىدۇ. ھاملە تەربىيىسىنى ئوتتۇقلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇسۇلى، تەكشى يۈزلۈك شەكىللەرنى ئىشلەتمەي، سترولۇق شەكىللەردىن پايدىلىنىشتۇر. مەسىلەن: «1»دىن ئىبارەت بۇ ساننى پەقەت كۆرۈش سەزگۈسىگىلا تايىنىپ ئۆگەتكەندە ئۇ ھاملە ئۇچۇن ئىنتايىن زېرىكەرلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇنى قىزىقارلىق ئۆگىتىش ئۇچۇن «1» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل شەيئىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىتىش كېرەك. مەسىلەن: «قەلەمنىڭ شەكلى»، «بىر تۈپ دەرەخ» قاتارلىقلار ئارقىلىق «1»دىن ئىبارەت بۇ ساننى كونكرېتلاشتۇرغىلى ھەم ئوبرازلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ چاغدا «1»نى ئېنىق، توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك ئەلۋەتتە.

تۇرمۇش ساۋاتلىرى ۋە تەبىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش. بۇ بىر نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مەقسىتى، ھاملىنى بالدۇراق تۇرمۇش ساۋاتلىرى ۋە ئادەتتىكى ساۋاتلارغا ئىگە قىلىش، تۇغۇلغاندىن كېيىن كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى شەيئىلەرگە تېخىمۇ قىزىقتۇرۇش ئۇچۇندۇر. ھاملىنىڭ مېڭىسى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ، تاشقى دۇنيادىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھاملىگە نىسبەتەن قىيىن-ئاسىنى يوق، ئۇلار قىزىقىپ قوبۇل قىلىدۇ، زېرىكسە بىردەك قوبۇل قىلمايدۇ.

نەپەس ئۇسۇلى ھاملە تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، ھاملىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى، ئانىنىڭ ئەستايىدىللىقىنى بەلگىلەيدۇ. ھاملە تەربىيىسىگە ئەڭ چوڭ تۇسالغۇ بولىدىغىنى ئانىنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ قالايمىقان،

خاتىرجەمسىز ۋە ئەلەك-سەلەك بولۇپ قېلىشىدۇ. دادام ئانامغا بىر خىل نەپەس ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، بۇ خىل نەپەس ئۇسۇلىنىڭ كەيپىياتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە دىققىتىنى يىغىشتا ئۈنۈمى ياخشى بولغان. بەدىنىنى تەبىئىي تۇتۇپ، بىر خىل ئازادە ھالەتتە ئولتۇرسىمۇ، ياتسىمۇ بولىدۇ، پۈتۈن بەدىنىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، ئىككى كۆزىنى يۇمۇپ 4 سېكونتتىن 6 سېكونتقىچە ئاستا-ئاستا نەپەسلىنىپ، ھاۋانى قورسىقىدا توختىتىش؛ ھاۋا سۈمۈرگەندىكى ۋاقىتتىن كۆپرەك ۋاقىت سەرىپ قىلىپ، 8~12 سېكونتقىچە ھاۋانى چىقىرىۋېتىش، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ توختاش؛ ئۈندىن باشقا، بۇ نەپەس ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالسا يەڭگىلگەندە، ئادەم يەڭگىللىشىپ قالىدۇ. دادام بۇ ئۇسۇلنى ئىشلىتىپ كۆرگەن. بۇ ئۈنۈمى تۆھپىسى.

دادام يەنە بىر جەدۋەلگە مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمنى خاتىرىلىگەن:

مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، دادام تەربىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا تونۇپ يېتىپ، مەن تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرغانلىقى ئىدى. ھامىلە تەربىيىسى دەسلەپكى تەربىيىنىڭ تۈنجى قەدىمى، تالانت تەربىيىسىنىڭ بۆسۈش ئېغىزى. دادامنىڭ تونۇشى شۇنچە چوڭقۇر ئىدى. مەن بۇلارنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ كۆرمىگەن ئىدىم. ئاشۇنداق ئاتا-ئانام بولغاچقا مەن ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن بەختلىك ھېسابلايمەن.

1- جەدۋەل

| يېشى | كارل — تەربىيە مەزمۇنى | كارل — تۇرمۇش ئەھۋالى | ئادەتتىكى بالىلار |
|---|---|---|---|
| ئىككى ھەپتە | «a»، «b» ھەرپلىرىنى ئۆگىنىش | ئويناشسىلا كۈلىدۇ | |
| بىر ئايلىق | | ئىمىزگە ئىشلىتەلەيدۇ | ھەركۈنى دېگۈدەك ئۇخلايدۇ كۆزى نەرسىلەرنى كۆرۈشكە باشلايدۇ. |
| ئىككى ئايلىق | ئىككى سۆزلۈك جۈملىلەرنى سۆزلەش، سۆزلەرنى كۆپەيتىش | ئولتۇرىدۇ | ئويناشسىلا كۈلىدۇ، ئاۋاز چىققان تەرەپنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. |
| بەش ئايلىق | | ئۆملەيدۇ | گۇگۇرلايدۇ، يۆلەپ قويسا ئولتۇرالايدۇ |
| ئالتە ئايلىق | رەڭلىك قەلەم بىلەن يۇمىلاق ۋە تۈز چاسا سىزىش | | تۇنۇشقا باشلايدۇ. |
| يەتتە ئايلىق | خەت تونىيالايدۇ | | ئولتۇرالايدۇ. |
| سەككىز ئايلىق | | ماڭالايدۇ | |
| ئون ئايلىق | | | «دادا»، «ئانا» دېيەلەيدۇ. |
| بىر ياش | كىتاب ئوقۇيالايدۇ | رويال چالالايدۇ | يۆلىسە ماڭالايدۇ. |
| بىر يېرىم ياش | سەۋىيىلىك كىتابلارنى ئوقۇيالايدۇ | | رەڭلىك قەلەم بىلەن سىزىق سىزالايدۇ، 10 ئەتراپىدا ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىنى دورىيالايدۇ. |
| ئىككى ياش | | ئېغىز گارمۇنى چالالايدۇ | يۈگرەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە ئىككى سۆزلۈك جۈملىلەرنى دېيەلەيدۇ. |

# ئۈچىنچى باب

# ھاياتقا مەنا ئىزلەش داۋامىدا تەربىيىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇش

## كارل ۋىتبىرنىڭ دادىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1800- يىلى 7- ئاينىڭ 21- كۈنى  ھاۋا ئوچۇق.

خۇداغا شۈكرى!

مېنىڭ تەقۋادارلىقىم خۇدانى تەسىرلەندۈرگەن بولسا كېرەك، 52 يېشىمدا مېنىڭ ئىككىنچى بالام دۇنياغا كۆز ئاچتى. مەن ئۆز خۇشاللىقىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ كارل.ۋىتبىر دەپ ئىسىم قويدۇم. بۇ بىر قانچە كۈندىن بۇيان مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ ماڭدىم. تۆۋەندىكىلىرى ئاشۇنىڭدىن پارچە، شۇنداقلا ئۇ يېڭى بىر ھاياتلىقنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنىڭ تەپسىلاتى ... ئۇ تۇغۇلۇپلا يىغلاشقا باشلىدى. بۇ چاتاقچىنىڭ يىغىسى مېنىڭ يۈرەك-باغرىمنى ئېزىۋەتتى، مېنىڭ ئاخىرى ئۆز بالام بولدى. ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىدىغان بۈيۈك خۇداغا شۈكرى ...

بالىنىڭ يەرگە چۈشۈپلا قىرقىراپ يىغلاشلىرىدىن مەن بالىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بالىنى ئىسسىق ياكى سوغۇق سۇدا يۇيغاندىمۇ ئۇ يىغلاپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىنىڭ سەزگۈلىرىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ئەمما مەن بالىنىڭ تەرەققىياتىنى تەپسىلىي كۆزەتتىم. بەزىلەر بەلكىم بۇ خىل

كـۆزنىڭمۇ ئەھمىيەتسىـز، قايسـى بىـر بـوۋاق بـالا يىغلىمايـدۇ؟ دەپ قارىشى مۇمكىن. ئـەمما تۇغۇلغانـدىن كېيىن يىغلىمايـدىغان بـالىلار ھەقىقەتەن بولغان. مەن بۇرۇن تۇغۇلۇپ ئىككى يىل ياشاپ، تاشقى دۇنياغا نىسـبەتەن ھېچقانـداق ئىنكـاس قايتـۇرمىغان (يىغلىمىغـان، كۈلمىگەن، يېمىگەن، ئىچمىگەن، پۇتۇنلەي سۈنئىي بېقىلغان) بىـر بالىنى كۆرگەن. ئۇ بـالا ئۆلۈپ كەتكەنـدىن كېيىن ئۇنى ئوپېراتسـىيە قىلغانـدا ئـۇنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئورنىـدا پـەقەت ئىككىلا مېڭـە قېپىنىڭ بارلىقى بايقالغان. شۇڭا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنكاس ياكى پىسخىك ھەرىكەت بولمىغان.

ئـۇنىڭ ئانىسـى ئـەمچىكىنى ئـۇنىڭ ئېغىزىغـا ئاپـارغاندا، بـالا ئەمچەك ئىزدىدى. ئانىسىنىڭ قولى ئۇنىڭ ئالقىنىغا تەگكەندە، بالا دەرھـال بارمـاقلىرىنى يىغىۋالـدى، بـۇ ئـۇنىڭ تېگىش سەزگۈسـىنىڭ نورمـاللىقىنى چۈشـەندۈرۈپ بېرىـدۇ. مـەن يەنـە بىـر قىسـىم بىنورمـال جايلىرىنىمـۇ بايقىـدىم، ئەلۋەتتـە. ئـەمما مـەن يـەنىلا ناھـايىتى قانائـەت قىلاتـتىم. مېنىـڭ ئـۆز بالامنىـڭ بولغانلىقى، مـەن ئۈچۈن يېتـەرلىك ئىدى. قارىماققا ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى جانسىز، نەپـەس سىسـتېمىسـىدە مەسىلە باردەك كۆرۈنسىمۇ ... ئەمما ئۇنىڭ ياڭراق يىغا ئـاۋازى يـەنىلا مېنى ھاياجانلاندۇراتتى، مەن بەختلىك ئىدىم، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

* * *

1800- يىلى 7- ئاينىڭ 22- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

مېنىـڭ ئوغلۇم يۆگـىكىـدە تـاتلىق ئـۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىغۇبار ھالىتى قۇياش نۇرىـدا ئادەتتىكىـدىن تاشقىرى يېقىملىـق كۆرۈنـەتتى. دۇنياغا يېڭىـدىن كۆز ئاچقان بىر ھاياتلىق قايىـنام-تاشقىنلىققا تولغان بـۇ دۇنيانىـڭ بىـر بۇرجىكىـدە خاتىرجـەم ئـۇخلاۋاتاتتى. ھاياتنىـڭ مەنىسى زادى نېمە؟

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا، مەن ھەمىشە دەرستىن قالاتتىم، ئىلگىرى مەكتەپكە بېرىش يولىدىكى ھاياتلىقلار شۇ دەرىجىدە مول ئىدى، خىلمۇ-خىل ئىشلار توختىماي يۈز بېرىپ تۇراتتى، ئەمما مەكتەپ بىزنىڭ ئۆيدىن ناھايىتى يىراق ئىدى.

بىر كۈنى مەكتەپ مۇدىرى مېنى چاقىرىپ: «سەن ھەمىشە دەرستىن قالىسەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىدى. مەن: «مەيلى قەيەردە بولاي يەنىلا ئۆگىنەلەيمەن. مەن دەرس تاشلىغىلى ئامراق ئەمەس. مەكتەپ ئۆيىمىزدىن بەك يىراق بولغاچقا ... مەن قانداق قىلالايمەن؟ ... ئۇنىڭ ئۈستىگە كوچىلاردا سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىك ئىشلىرى نۇرغۇن، شۇنداقلا ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن قىزىقارلىق. مەن شۇ يەردە مەكتەپتىكىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيمەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى مەن ئاللىبۇرۇن كىتابتىن كۆرۈپ بولغان. مەكتەپ بەك كىچىك، ھاياتلىق بولسا بىر چوڭ مەكتەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بار بولغانلىكى جايلىرىمدا ھەر ۋاقىت مۇكەممەللىككە يېتەلەيمەن. شۇڭا، سىز بايا دېگەنلىرىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىڭ» دېدىم. ئۇ: «بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەن داداڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمىغۇدەك» دېدى. مەن: «دادام مېنى ئىنتايىن چۈشىنىدۇ. دادام ئۆز خىزمىتى بىلەن ئالدىراش، سىز بولسىڭىز كىمنىڭ بار، كىمنىڭ يوقلىقى بىلەن ئاۋارە» دېدىم.

مەن ئۇنىڭدىن: «سەممىيلىك ۋە راستچىللىق بىلەن دەپ بېقىڭچۇ، سىز ھازىر مۇشۇ يەردە بارمۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ: «خۇدايا، توۋا» دەپ كەتتى.

ئۇ مېنىڭ ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدىكى تۇنجى تەپەككۇرۇم ئىدى.

* * *

1800- يىلى 7- ئاينىڭ 23- كۈنى  ھاۋا ئوچۇق.

مېنىڭ ئوغلۇم باشقىلارغا ئوخشمايدۇ. گەرچە پەيلاسوپلار دۇنيادا مۇتلەق ئوخشىشىدىغان شەيئىي بولمايدۇ دېگەن بولسىمۇ، مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغانلىرىم ئۇ مەنىدە ئەمەس.

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ھەر بىر ئادەمنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە ئىجادچانلىق ئىنسانىيەتنىڭ سۆيگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ دەل مەن تىلغا ئېلىۋاتقان باشقىلاردىن پەرقلىنىش. ھاياتنىڭ ئادەتتىكى مەنىسى نېمە؟ ئالاھىدە مەنىسىچۇ؟ ئادەم ئابستراكت ھايات مەنىسىنى ئىزدىمەسلىكى كېرەك، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كونكرېت ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئالاھىدە ۋەزىپىسى بولىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئادەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلسا بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئورنىنى ھېچ كىشى ئالالمايدۇ، ئەڭ زور دەرىجىدە كۆچ سەرىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزى تاماملاشنى ئارزۇ قىلغان ياكى ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا ھاياتتىن ۋاز كەچمەيدۇ. مېنىڭچە، پەقەت باشقىلارغا ئوخشمايدىغان ئۆزگىچە ھاياتلىق مەنىسىنى ئىزلەيدىغان قەلبلا بولىدىكەن، مەيلى ھاياتلىق ۋە سۆيگۈ بولسۇن، ھەتتا «ئازاب» ۋە قىيىنچىلىقمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

مېنىڭ بالام چوقۇم مۇشۇنداق ھايات مەناسىنى ھازىرلىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، ھەر قانداق بىر ئۇلۇغ تەربىيىنىڭ مەقسىتى، كىشىلىك ھاياتنى مەناغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ھاياتىمىز مەناغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، بىز ئاندىن بىر ھەقىقىي مەنىگە ئىگە ئادەمگە ئايلىنالايمىز. بولمىسا، ھايۋان بىلەن نېمە پەرقىمىز بولسۇن؟ ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش، ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ بىر يۇقىرى ساپالىق تەربىيىسىنى تاماملاش-تاماملىيالماسلىقىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. سىزنىڭچە بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن قىلچە قىممەت قارىشى ۋە مەنا قارىشى بولمىسا، بالىلىرىغا نېمە ئۆگىتەلەيدۇ دەيسىز؟ ئۇ بەلكىم بالىسىغا ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئۆگىتىشى، ھەتتا ئۇ شەھەرلەردىكى ناچار ئادەتلەرنىڭ تارقاتقۇچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ھاياتقا مەنا ئەزلەش داۋامىدا تەربىيىنىڭ ئاساسىنى تورغۇزۇش لازىم.

## كارل. ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 10- ئاينىڭ 18- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

بۇلار دادام مەن تۇغۇلۇپ ئۇزۇن بولمايلا يازغان كۈندىلىك خاتىرىلەر.

مەن بۇلاردىن دادامنىڭ پەيلاسوپلارغا خاس جاسارىتىنى، ھاياتلىق پەيلاسوپلىرىغا خاس ھېسسىياتى ۋە ئارزۇسىنى كۆردۈم. مېنىڭ تۇغۇلۇشۇم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كونكرېتلاشتۇردى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى.

1800- يىللىرى دادام-ئانام دەككە-دۈككە ئىچىدە مېنىڭ تۇغۇلۇشۇمنى كۈتۈپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەن تۇنجى بالىسىنىڭ ئازابىدا يىللارنى ئۆتكۈزگەن ئىكەن.

تۇغۇلۇشـــۇمنىڭ بـــۇ ئائىلىگـــە قانچىلىــــك خۇشـــاللىق ئـــېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

كېيىن دوختۇردىن ئاڭلىسام، دوختۇر مېنى دادامغا سۇنغاندا، دادام تەكرار: «خۇداغا شۈكرى» دېگەن ئىكەن. ئۇ ھەتتا ماڭا ئۆز ئىسمىنى قويۇپتۇ. بۇلاردىن دادامنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئارزۇسىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

دادام باستىر بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسىگە بولغان قارىشى ئەسلى كاتولىك ئەقىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ ئاللىبۇرۇن ئادەتتىكى مەنىدىكى دىنىي قاراشتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بىر خىل چوڭقۇر ئالەملىك ھايات قارىشىغا ئىگە ئىدى.

بۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغان بىر ھېكايىنى مېنىڭ ئېسىمگە سالدى.

شەيتان بىر كۈنى قول ئاستىدىكىلەرنى يىغىپ، قانداق قىلغاندا ئىنسانىيەتنىڭ ئاتالمىش ھايات مەنىسىنى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن ۋەيران قىلىۋەتكىلى بولىدۇ دېگەننى مۇزاكىرە قىلىشىپتۇ.

ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىرەيلەن: «ئۇلارغا مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، ھېچقانداق نەتىجىسىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ قۇرۇق ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتايلى» دەپتۇ.

ئىككىنچىسى «بارلىق خانى-ۋەيرانچىلىقنىڭ باش مەنبەسى بولغان ھاراقنى ئۇلارغا شېرىن تەملىك ئىچىملىك دەپ ئۇلارنى قىزىقتۇرايلى» دەپتۇ.

ئۈچۈنچىسى «ئۇلارنىڭ ئاللىبۇرۇن ھەق يولدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكى، قۇتقۇزىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتساق ئۇلار بۇ شېرىن سۆزىمىزگە چوقۇم ئىشىنىدۇ» دەپتۇ.

تۆتىنچىسى «ئەخلاق ھەر بىر ئىنساننى ھەقىقىي توغرا يولغا باشلايدۇ. ھەم ئىنساننى قەدىر قىممەتكە، ۋە ئىنساننى كاملىلىققا

ئېلىپ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەخلاقى تۇيغۇنى سىقىپ چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك» دەپتۇ.

شەيتان: «بولمايدۇ، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدى، بۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ، مېنىڭچە بىز ئۇلارغا پەقەت ئالەمنىڭ تېخى ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئويلىماسلىقنى، ئۇلارغا پەقەت بۈگۈننىڭ ئۈچۈنلا كۆرۈشنى بىلدۈرسەكلا كۇپايە» دەپتۇ.

شەيتان دېمەكچى بولغىنى، ئىنسانلارغا پەقەت «تۆگىمەس ۋاقىت بېرىلسىلا» ئۇنداقتا ئىنسانلار ئاق كۆڭۈللۈك، ئادالەت، ۋە ئەھمىيەتلىك ھاياجانلىنىشلاردىن مەھرۇم قالىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

شۇنداق بولغاندا، ھاياتنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى ئىزلىنىشنى يەنە تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ ...

بۇلار بەلكىم دادامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «مەۋجۇتلۇق»نىڭ مەنىسى ۋە «ھازىر»نىڭ مەنىسى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ھاياتنىڭ مەنىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

مەنا ۋە ھاياتنىڭ مەناسىنى مەن دادامغا قارىغاندا نەزەرىيە جەھەتتىن ياخشى ئىزاھلىيالىشىم مۇمكىن. بۇ دەل تەربىيىنىڭ كېڭىيىشى بولۇپ قالار.

مەنىنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار، بىر خىلى سىزدىن تولىمۇ يىراقتا بولۇپ، سىز ئىزلەپ ئۇنى تاپقان چېغىڭىزدىلا ئاندىن چۈشىنەلەيسىز، ئۇ ماھىيەتسىز بولىدۇ. ھايات بۇ خىل ئەھۋالدا ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز بولۇپ، ھايات بۇخىل تولىمۇ يىراقتىكى نىشاننى مەقسەت قىلسا، ئۇنداقتا ھايات تەبىئي گۈزەللىكنى يوقاتقان بولىدۇ، ئۇ پەقەت بىر نىشانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەقىقىي ئىشلار ئەتىنىڭ قوينىدا بولۇپ، ئەتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

مەنانىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ ماھىيەتلىك بولىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا، ھايات ئىنتايىن مەنىلىك بولىدۇ، ئۇ ئايرىلغان ياكى باشقا يەردە بولمايدۇ. سىز ھاياتنىڭ نېمە مەناسى بار دەپ سورىمامسىز؟ سىز قىزىل گۈلنىڭ گۈزەللىكى نېمە؟ دەپ سورىمايسىز.

ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك بولۇپ، ئۇ ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ. ئۇ ئۆز مەناسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

مەۋجۇتلىقتىكى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە ھەرقانداق شەيئىينىڭ ئۆزى مەنىلىك بولۇپ، ھاياتلىق مەۋجۇتلىقتا ۋە مەنىگە تەگداش كېلىدۇ.

10 يىل، 20 يىل ... 50 يىل چاكىنىلارچە قورقۇپ، تۇگىلىپ ياشىغان كىشىنىڭ ئۆمرى 10 يىل، 10 ئاي، ھەتتا بىر كۈن ئەھمىيەتلىك ياشىغان كىشىنىڭ ئۆمرىچىلىك بولمايدۇ. ھاياتىنى نۇرلاندۇرۇپ ياشىسىلا بىر ئادەم ئۈچۈن شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، شۇندىلا ھايات ياكى ئۆلۈم ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.

100 يىل ياشىغان ئادەم بىلەن 20~30 يىل ياشىغان ئادەمنىڭ تۈپكى پەرقى بولمايدۇ. گەرچە ئالدىنقىسى نەچچە ئون يىل ئۇزۇن ياشىغان، كېيىنكىسى نەچچە ئون يىل ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۇقۇم جەھەتتىكى ھېس-تۇيغۇسى بولۇپ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلغان، كائىناتنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەن كىشىگە نىسبەتەن ئۇزۇن ياشاش ياكى ياشىيالماسلىقنىڭ پۇشايمان قىلغۇچىلىكى بولمايدۇ.

ۋاقىت مەڭگۈلۈك بولىدۇ، مەيلى 100 يىل ياكى ئارانلا 20 يىل ياشىغان بولمىسۇن ھەممىسى ئوخشاش، 10 يىلنىڭ ئۆزى ئون مىڭ يىلغا تەڭ، ئون مىڭ يىل ھەم بىر يىلغا جەمدۇر.

ئۆزگىرىشچان ۋاقىتتىن ئايرىلىپ، يەنە مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ، بۇ بىر سەپسەتە، مەڭگۈلۈك پەقەت مەۋجۇت ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ۋاقىتتىن ئايرىلسىڭىزلا، مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق بولمايدۇ.

شۇڭا، سىز پەقەت مەڭگۈلۈك يارىتالىسىڭىزلا، ھاياتىڭىزنى مەڭگۈلۈكلىكىنىڭ پەللىسىگە يەتكۈزەلەيسىز.

پەقەت هايات ئەھمىيەتلىك ئۆتسىلا، مەيلى قىسقىغىنا نەچچە ئون يىل بولسۇن، هايات مەڭگۈلۈككە يېقىنلاشقان بولىدۇ. قانداق قىلغاندا ئەھمىيەتلىك ياشىغىلى بولىدۇ؟

يۈزەكىرەك قىلىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇش خىزمەت قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا، ئەھمىيەتلىك ياشاش ئۈچۈن، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىش زۆرۈر. ئۇنداقتا ئەھمىيەتلىك خىزمەت دېگەن نېمە؟ ئەقىل تەلۋىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە بەدەل تۆلەشكە مەنسۇپ خىزمەتلەر ئەھمىيەتلىك خىزمەتتۇر.

بەدەل تۆلەش جەھەتتە، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش كېرەك. دۇنيادا بۇنداق خىزمەتلەر نۇرغۇن، ئەقىل تەلۋىگە ئۇيغۇن ئىشلارنى قىلىش جەھەتتە، مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش ۋە هاياتنى راستچىللىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سەنئەتكارلار سەنئەتنىڭ مۇكەممەللىكىگە يېتىش ئۈچۈن، هوزۇر-هالاۋەتنى تاشلاپ، نامراتلىق، غۇربەتچىلىكتە ياشاشقا رازى بولىدۇ.

يازغۇچى بىر پارچە ئەسىرىنىڭ مۇكەممەل چىقىشى ئۈچۈن، ئۇنى تەكرار تۈزىتىدۇ، تەكرار كۆچۈرۈشتىن ئېرىنمەيدۇ.

مۇزىكىنىڭ بىر ناخشىسىنى مۇكەممەل نوتىغا سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىملىق مەشىقنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

نۇرغۇن ئادەملەر، ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتنى جاپا-مۇشاقەتكە قارىماي قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىن قىلچە ئاغرىنمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتىنى ئەھمىيەتلىك دەپ قارايدۇ.

ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن باشقىلار ياكى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقاندا، ۋاقىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ — ئۇلارغا نىسبەتەن ۋاقىت توختاپ قالغان بولىدۇ. قېرىغانلىقىنى سەزمەيلا قالسا يەنە هاياتنىڭ ئۇزۇن قىسقىسى بولامدۇ؟ بۇ مەڭگۈلۈك ئەمەسمۇ؟

راستچىللىق ئىچىدە ياشاش كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، شۇنداقلا مەڭگۈلۈكنىڭ ئاخىرقى چېكى.

چىنلىق دېگەن نېمە؟ چىنلىق — ساختىلىق، يالغانچىلىقنىڭ ئەكسىدۇر. چىنلىق ئەمەلىيەتتە، يالغان سۆزلىمەسلىك، ساختىلىق قىلماسلىق، ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلماسلىق، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە قارشىلىق قىلماسلىق، ۋىجدانىغا مۇناسىپ ئىش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ساختىلىق قىلمىسىلا، ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلەرنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا تەبىئىي ھالدا ئۆزى ۋە تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق ئىش قىلمايدۇ.

يامانلىق قىلمىسىلا، خاتىرجەم، قانائەتلىنەرلىك بىلەن خۇشال، غەم-غۇسسىسىز ياشىغىلى بولىدۇ.

ۋىجدانىغا خىلاپ ئىش قىلمىسىلا، كۆڭلى توق، ھەر كۈنى خاتىرجەم، پاك مەڭگۈ خۇشال ياشىغىلى بولىدۇ.

ۋىجدانىغا مۇناسىپ ئىش قىلىش، قىلىشقا تېگىشلىكنى قىلىش، قىلماسلىققا تېگىشلىكنى قىلماسلىق ئەڭ مۇھىم، شۇنداقلا بىردىنبىر يول، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئادەم خام خىيال، ئازاب-ئوقۇبەتتىن خالىي ھالدا كۆكرەك كېرىپ ياشىيالايدۇ.

تۇرمۇش ئىچىدە تۇرمۇش بولۇپ، ئۇ ئاللىبۇرۇن مەنادىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ، ئەمما مەنا يەنىلا تۇرمۇش ئىچىدە بولىدۇ.

ئومۇمەن، پۈتۈنلەي چىنلىق ئىچىدە ياشىغان ئادەم ئادەتتىكى ئادەم بولماستىن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان ئەۋلىيا سۈپەت كىشىلەردۇر.

بەزىدە يولتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ، قەلبىمدە تەبىئىي ھالدا بىر خىل تەسىرات تۇغۇلىدۇ —

بىپايان كائىناتتا يەر شارى شۇنداق مۇۋاپىق ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، قانچىلىك ئامىل ۋە ماس كېلىپ قېلىشلار بەش مىليارد يىلدىن كېيىن ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. بىزنىڭ ئەقىل-

پاراسەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن يەر شارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىمىز، ھەقىقەتەن كائىناتنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمىتىدىن بولغان.

بۇ تەڭرىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئۇلۇغلىقىدىن بولغان. تەڭرىگە بولغان مىننەتدارلىقىمىز مەڭگۈ قەلبىمىزدە.

بىز ھاياتقا ئاچ كۆزلەرچە مۇھەببەت باغلىماسلىقىمىز، ھاياتقا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ھايات بىز بەھرلىنىدىغان ۋە قىزغىن سۆيىدىغان ئوبيېكت. شۇنداق بولغاندىلا ھاياتىمىز ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

يىگى ھاياتلىق پىشىپ يېتىلىپ دۇنياغا كەلگۈچە ئۆزىگە مول مەنالارنى مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ. بىزنىڭ بىرلىكتە ھاياتتىن بەھرىمان بولۇشىمىز، ھاياتنى سۆيىشىمىز يوكسەك ئىش، شۇنداقلا كائىناتقا بولغان مىننەتدارلىقىمىز، ھازىرغا بولغان ھۆرمەت، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىمىزدۇر. بىز يەنىلا ھاياتنى مەنىسىز ھېس قىلساق بولامدۇ؟ بولمايدۇ، مەڭگۈ بولمايدۇ.

بىر ئادەم مۇبادا ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلسا، ئۇنىڭدا مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ۋە تەقدىر قىلىش روھى تۇغۇلىدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ باشقىلار ۋە ئەتراپىدىكى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ تۇرمۇش ۋە ھاياتنى قىزغىن سۆيىدۇ. بالىغا كۈچلۈك ھايات ئېڭىنى سىڭدۈرۈش، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى، ئۇ بولمىسا يەر شارىدا بىر رەڭنىڭ، بىر كۈچنىڭ ئازىيىپ كېتىدىغانلىقى، باشقىلارنىڭمۇ خۇشال بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىش كېرەك. بۇ چاغدا بالىدا تەبىئىي ھالدا بىر خىل گۈزەل تۇيغۇ ــ مېنىڭ ھاياتىم كۆپچىلىكنىڭ بەختى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، مەن سۆيىدىكەنمەن ھەم سۆيۈلىدىكەنمەن، شۇڭا مەن مەڭگۈ مەۋجۇت دەيدىغان قاراش تۇغۇلىدۇ.

بۇ خىل ھايات مەنىسى ھەققىدىكى تەربىيىنى ھېچكىم دىگۇدەك ئېچىپ بېرىپ باقمىغان، نۇرغۇن تەربىيلەر ساختا، شەخسىيەتچىل، ئەھمىيەتسىز بولىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەردە ھايات ئېڭى تۈيغۇسى، ھايات مەنىسى تۈيغۇسى بولمايدۇ.

تەربىيە ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق ھايات مەنىسىنى ئىزدەش جەريانىدۇر.

# تۆتىنچى باب

# ھەربىر بالا ئوخشاشلا بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسىدۇر

## كارل.ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1800- يىلى 7- ئاينىڭ 24- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن ھەقىقەتەن ئازابلىق بىر كۈن بولدى.

مېنىڭ قۇتسىز، كۆڭۈلسىز تەسىراتىم ئاخىر راستقا ئايلاندى.

ئوغلۇم كارل ئانچە ساغلام ئەمەس ئىدى. بىر قانچە كۈندىن بىرى ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى تارتىشىپ، نەپىسى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىساممۇ، ئەمما ئوغلۇمدا ئېنىقلا تۇغما كەمتۈكلۈك مەۋجۇت ئىدى.

ئەڭ قورقۇنچلىقى كارلنىڭ ئىنكاسىمۇ ناھايىتى گال بولۇپ، ئىنتايىن گالۋاڭ كۆرۈنەتتى. مەن دادىلىق ھەسرىتىمنى ھېچقانداق قىلىپ يوشۇرالمايتتىم، ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي: «مېنىڭ نېمە گۇناھىم ئۈچۈن خۇدا ماڭا مۇشۇنداق بىر بالىنى بېرىدىغاندۇ؟» دەيتتىم. قوشنىلىرىم بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ ماڭا ئارتۇقچە غەم يېمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى. ئۇلار بىر قىسىم ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بولۇپ، كۆڭلىدە كارلنىڭ تۇغما گالۋاڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ خىل ئازابلىق رېئاللىقنى تىلغا ئېلىپ مېنى ئازابلاشنى خالىمايتتى.

ئاھ! خۇدا بۇ نېمە ئىش!

*   *   *

1800- يىلى 7- ئاينىڭ 28- كۈنى  ھاۋا ئوچۇق.

بىر قانچە كۈندىن بۇيان، مەن كارلنىڭ كېسىلى توغرىسىدا تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ھېرىپ كەتتىم، ئەمما بۇنىڭ قىلچە نەتىجىسى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شىۋېتسارىيىلىك مەشھۇر پىداگوك فىس دورچىغا بىر پارچە خەت يازدىم، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

بىز بىر باللىق بولغان ئىدۇق. ئەمما خۇدا بىزگە كىچىككىنە چاخچاق قىلدى. ئوغلىمىز كارل ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك تۇغۇلمىدى، ئۇ گالۋاڭ كۆرۈنىدۇ. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۈمىد قىلغاندەك ئەقىللىق ئەمەس.

بۇ بالىدىن مەن بىر خىل بېسىم ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇ كارغا كېلىدىغان ئادەم بولالارمۇ؟ ئايالىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ پاكىتنى ئايالىم قوبۇل قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ. ئۇ تۇنجى بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئەمدى يەنە مۇشۇنداق بىر باللىق بولغانلىقىدىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز زور ئازاب ئىچىدە قالدۇق. مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە مۇھتاج، مېنىڭچە سىز بىر ئاتىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىسىز.

*   *   *

1800- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى  ھاۋا ئوچۇق.

ئۈمىد قانچە چوڭ بولسا، ئۈمىدسىزلىكمۇ شۇنچە چوڭ بولسا كېرەك.

مەن بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلگىنىمدە، بىردىنلا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم.

بوگۈن ئەتىگەن، يەنە قوياشنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزەمنىڭ ھوشۇمنى تېپىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

بۇ خىل ئازاب ۋە ھەسرەتنىڭ داۋاملىشىشىغا قەتئىي يول قويغىلى بولمايتتى. چۈنكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى كېيىنكى تەربىيىنىڭ بالىنى تالانتلىق قىلىپ ئۆستۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنەتتىم. مېنىڭ ھازىرقى بۇ روھىي ھالىتىم ئۆزئارا زىت ئەمەسمۇ؟

ئازابلىنىشنى توختىتىپ، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بالىنى تەربىيىلىسەكلا ئاندىن توغرا قىلغان بولاتتۇق.

ئەمەلىيەتتە، كارلنىڭ ئانىسىنىڭ ئادەمنى رازى قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر ئازابلىنىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا بىزگە نەسىھەت قىلىشتى، مېنىڭ تەربىيە قارىشىمغا قوشۇلمىغانلارمۇ بولدى، ئەلۋەتتە. «باستىر كارل.ۋىتېر سىز بالىنىڭ ئىقتىدارى كېيىنكى تەربىيىدە يېتىلىدۇ دەپ، بالىنىڭ تۇغۇلما ئىقتىدارىنى ئىنكار قىلاتتىڭىز، ھازىرقى بۇ خىل ئەھۋالنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ سىزنىڭ بالىڭىز تۇغۇلما كەمتۈك، ئەمدى ئۇنى مۇنەۋۋەر ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشكە ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟»

ھەر قېتىم مۇشۇنداق سوئاللارغا دۇچ كەلگەن ۋاقتىمدا، ئىلگىرى مەن ھەمىشە قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «ئىشەنچىم بار، مەن چوقۇم كارلنى مۇنەۋۋەر ئادەم قىلىپ چوڭ قىلىمەن» دەيتتىم. ھازىر تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتسەم بولاتتى.

گەرچە مەنمۇ كارلنىڭ كەلگۈسىدە قانداقراق ئادەم بولۇشىنى بىلەلمىسەممۇ، لېكىن دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئۆزەمنىڭ مائارىپ قارشى ۋە سۆيگۈمنى پۈتۈنلەي كارلغا بېغىشلاش ئىرادىسىگە كەلدىم. مەن بۇلارنىڭ ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم.

ئېرۋىش ئىلگىرى: «ئادەم يېڭى تۇغۇلغاندا ھەممىسى ئوخشاش بولىدۇ، مۇھىت سەۋەبىدىن، بولۇپمۇ بالىلىق ۋاقتىدىكى مۇھىتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بەزىلەر تالانتلىق ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ، بەزىلەر ئادەتتىكى ئادەم بولىدۇ ياكى كارغا كەلمەس بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتىكى بالا بولسىمۇ، پەقەت تەربىيە ئۇسۇلى جايىدا بولسىلا، ئۇ پەۋقۇلئاددە ئادەم بولۇپ چىقىدۇ» دېگەن ئىكەن.

*        *        *

1800- يىلى 8- ئاينىڭ 6- كۈنى    ھاۋا ئوچۇق.

مەن بۈگۈن مەشھۇر پېداگوك فىس ترودىنىڭ جاۋاپ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن ئېغىر خېتىمگە جاۋاپ كەلمەمدىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. مەن ئىنتايىن تەقەززالىق بىلەن خەتنى ئوقۇپ، ئىشەنچىم ھەسسىلەپ ئاشتى. فىس تورد ھەقىقەتەن مەن بىلەن سىرداش ئىكەن. ئۇ خېتىدە ـــ

ئەمەلىيەتتە، خېتىڭىزدە تىلغا ئالغان مەسىلىگە قارىتا مائارىپ ساھەسىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. مەن ئىككى مىسال كەلتۈرسەملا سىز بۇ ئىككى قاراشنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپىنى قاراپلا بىلىۋالالايسىز.

بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەسىلىسىدە روسو ئىپادىلىگەن قاراش بىلەن مېنىڭ قارىشىم بار بولۇپ، مېنىڭ قارىشىمنى قۇۋۋەتلەيدىغانلار يوق دېيەرلىك.

روسو ئۆزىنىڭ مائارىپ ئىلمى توغرىسىدىكى ئەسىرى «پېئىل» دېگەن كىتابىدا تۆۋەندىكىدەك نەقىل بار: ئىككى كۆچەت بولۇپ، ئۇلار بىر ئىتنىڭ كۆچىكى، شۇنداقلا ئۇلار ئوخشاش بىر جايدا ئوخشاش بىر ئانىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن، ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىسى پۈتۈنلەي بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كۈچۈك

ئەقىللىق ھەم زېرەك، يەنە بىر كۆچۈك ئەقىلسىز دۆت. بۇخىل پەرقنى ئۇلارنىڭ تۇغما ئوخشىماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
مېنىڭ كۆزقاراشىمنى بىر مەسەل ئارقىلىق بايان قىلىشقا بولىدۇ: ئوخشاش ئۆسكەن ئىككى ئات بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى بىر تېرىقچى باققان، تېرىقچى تېخى تولۇق ئۆسۈپ يېتىلمىگەن بۇ ئاتنى پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئۇنى توختىماي ئىشلەتكەن، ئەڭ ئاخىرى بۇ ئات كارغا كەلمەس لەقۋا ئات بولۇپ قالغان. بۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بىر ئاتنى بىر ئەقىللىق ئادەم باققان، ئۇ ئاتنى كۆڭۈل قويۇپ باققاچقا بۇ ئات ئاخىرىقى ھېسابتا ئۈزۈن مۇساپىگە يارايدىغان ئارغىماق بولۇپ چىققان.
بۇ تالانت ۋە تالانتلىق بولۇش توغرىسىدىكى پوتۇنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراش. روسسو ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تەكىتلەيدىغىنى تۇغما تالانت بولۇپ، ئۇلار ئادەمنىڭ تەقدىرىنى تۇغما تالانتنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بەلگىلەيدۇ، مۇھىتنىڭ رولى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مەن مۇھىتنىڭ رولى ھەممىگە قادىر، تۇغما تالانت ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارايمەن. سىز قانداق ئويلايسىز ماڭا مەلۇم ئەمەس.
تالانت تەربىيىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ تۇغما بولمايدۇ. بۇ سىزدەك بىر باستىرنىڭ قارىشى بىلەن سىغىشالامدۇ-يوق؟ سىز مەيلى قانداق ئويلاڭ، مەن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرىمەن. ھەممە بالا ئوخشاشلا ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى بولۇپ، پەقەت تەربىيە ئۇسۇلى ياخشى بولسىلا شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.
سىزنىڭ يەنە خەت يېزىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن.

*　*　*

1800- يىلى 8- ئاينىڭ 7- كۈنى　 ھاۋا ئوچۇق.

«ھەممە بالا بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى» بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان گەپ، مەن بۇ گەپنى ئاياللىرىمۇ دېدىم. بۇگۈن ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئەتىگەن كىچىك كارلغا قاراپ تۇرۇپ ھەممە بالا بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى بولالايدۇ دېدۇق.

«تالانت» بۇ نېمە دېگەن كىشىنى جەلپ قىلىدىغان، رەغبەتلەندۈرىدىغان سۆز — ھە! بىزنىڭ تالانتقا مەسىلىكىمىز كېلىدۇ، ھەممىمىز تالانتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز. بالىلىرىمىزنىڭ تالانتلىق بولۇشىنى، ئۆز ئائىلىمىزدە شېكسپىر ياكى موزارتقا ئوخشاش تالانتلىقلارنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇگۈن، مەن ھەممە بالىنىڭ تالانت ئىگىسى بولالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. تالانت دېگەن نېمە؟ كېيىن يېتىلدۈرگەن ئىقتىدارنىڭ ئۆزى تالانتتۇر. ئەمدىلا تۇغۇلغان ھەربىر بوۋاقنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆزگىچە ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇلار مۆجىزە يارىتالايدۇ. پەقەت كىشىلەر تەربىيە ئارقىلىق «مەشىقلەندۈرۈپ» بالىلارنى ياغاچتەك قىلىپ قويىدۇ، ئۇلار ئۆزگىچە تالانتىدىن مەھرۇم قىلىپ، تالانتلىق بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

پىلاتون ئىلگىرى مۇنداق بىر مەشھۇر «سەپسەتە»نى ئوتتۇرىغا قويغان: ئادەمنى تەربىيىلىسىمۇ بولىدۇ، تەربىيىلىمىسىمۇ بولىدۇ. مەن بۇنى چۈشىنەلمىگەن ئىدىم.

گېگىل، كانت، بىرونىر قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارمۇ تەربىيە ئارقىلىق تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ دەپ قارىغان ئىدى.

ئەمما، مەن بۇگۈن ھەربىر بالىنىڭ تالانتىنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ بىخلىنىپ تالانتلىق بولالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر نۇقتىغا قەتئىي ئىشەندىم. بىز ھەممىدىن ۋاز

كەچسەك، ئۇنداقتا ئۆز بالىمىزنى توزاققا تاشلىغان بولىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

*   *   *

1800- يىلى 8- ئاينىڭ 8- كۈنى   ھاۋا تۇتۇق.

ئاتا-ئانا بولۇش سۇپىتىڭىز بىلەن، سىزدە بالىڭىزغا نىسبەتەن چوقۇم ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. شۇندىلا سىز تەبىئىي ھالدا ياخشى ئاتا-ئانا بولۇش ئۈچۈن تىرىشالايسىز ھەم بالىڭىزنى ئەڭ ياخشى تەربىيىلىيەلەيسىز.

بەدەل تەربىيىنىڭ ئىشەنچ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىل ئىشەنچ سىزگە زۆرۈر بولۇپ، ئىشەنچ بولغاندىلا سىز بالىڭىزنى ئەڭ ياخشى تەربىيىلىيەلەيسىز. كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بىر ئېغىز گەپ: «سىز مەڭگۈ بالىڭىزدىن ۋاز كەچمەسلىكىڭىز كېرەك». بۇ ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم شۇنداقلا ئەڭ بالدۇر ھازىرلاشقا تېگىشلىك پىسخىك ئاساس.

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىشەنچى بىرخىل مۇمكىنچىلىك پوزىتسىيىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش، ئۇلارغا بۇ ئىشنى قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلار ھامان ئۆز بالىلىرىنىڭ يامان ئەمەس ئىكەنلىكىنى شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭمۇ يامان ئەمەس ئاتا-ئانا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر تەڭ تۇرۇپ ھەمكارلىشىپ ساغلام، خۇشال بالىلارنى تەربىيىلەيدۇ. مەيلى ھەركۈنى ياكى سىرتقى دۇنيا قانداق بولۇپ كەتسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى راست.

بۇمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك تەرىپى. ئاتا-ئانا بولۇشنىڭ بىرىنچى پىسخىك ئاساسىدا، ئىشەنچ ئاساسىنىڭ بولۇشىدىنمۇ ئارتۇق ئىش يوق. ئىشەنچ بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى

بولمايدۇ، شۇنداقكەن تەربىيىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ئىشتىن قانداقمۇ ئىبغىز ئاچقىلى بولسۇن، سىزمۇ ئىشەنچىڭىزگە لايىق جاۋاپقا ئىرىشەلەيسىز، ئەلۋەتتە.

بالىڭىزدا سىزگە نىسبەتەن ئىشەنچ شەكىللەنگەندە، بالا تەبىئىي هالدا سىزگە تايىنىدۇ، سىزگە ئىشەنچ باغلايدۇ ھەم بارلىق ئامىللار بىلەن سىزنىڭ ياخشى كۆرىشىڭىزنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلارمۇ ساغلام، خۇشال ھەم مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇلار ھەقىقەتەن كىشىنى پەخىرلەندۈرىدۇ. مەسىلە يۈز بەرگەندە، سىز ياخشى ئويلاپ، بۇرۇنقى پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگەرتىپ يېڭىدىن ئىرادە باغلىشىڭىز، ئوخشىمىغان گەپنى قىلىپ، يېڭى ھەرىكەت قوللىنىشىڭىز ياكى بۇرۇنقى ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك. ئەمما سىز بالىغا بولغان ئىشەنچىڭىزدىن ۋاز كەچمەسلىكىڭىز ياكى سۆيگۈڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىز كېرەك.

بۇ ئالدىنقى شەرت.

چۈنكى ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا بولغان سۆيگۈسى ۋە بالىنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ ھەممىسى شەخسىيەتسىز، ئۇلۇغ بولىدۇ.

* * *

1800-يىلى 8-ئاينىڭ 9-كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

باشقىلارغا قارىتا ئىشەنچ بولۇش، ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتىلمىغان.

مەن تۆنۈگۈن ئويلىغانلىرىمنىڭ يېتەرسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

«مەن بالامدىن مەڭگۈ ۋاز كەچمەيمەن» بۇ ئاتا-ئانا بولغۇچىلار شەرتسىز ئىپادىلەشكە تېگىشلىك سۆيگۈدۇر. سىز بالىڭىزغا مەڭگۈ ئىشىنىشىڭىز كېرەك، چۈنكى سىزنىڭ بالىڭىزغا بولغان سۆيگۈڭىز

شەرتسىز بولىدۇ. گەرچە سىز بالىڭىزنىڭ ھەربىكىتىنى چەكلىمىسىڭىزمۇ، بىراق سىز يەنىلا بالىڭىزنى سۆيگەن بولىسىز. شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن سىز يەنىلا شۇ نەرسىنى ئەستە تۇتۇشىڭىز كېرەك:

ئادەملەرگە ئىشىنىش، ئۇنىڭ ھەربىكىتىگە قارىتىلمىغان. شۇنداق بولغاندىلا ئېبىزىش كۆرۈلمەيدۇ. تەربىيە جەريانلىرىدىمۇ نۇرغۇن چەكلەنگەن رايونلار بولىدۇ.

*　　*　　*

1800- يىلى 11- ئاينىڭ 2- كۈنى　ھاۋا ئوچۇق.

كارلنى تەربىيىلەشكە نىسبەتەن، مەن باشقىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۈمىدسىزلەنمىدىم. گەرچە كارلنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئادەمنى ئانچە رازى قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن مەن باشتىن-ئاخىر ئۈمىدۋار ئىدىم.

مەن بالىلىق مەزگىلىدىكى تەربىيە ئارقىلىق ئاتالمىش تۇغما ئىقتىدارنىڭ كەمتۈكلىكىنى يېڭىپ كېتىشكە ئىشەنگەچكە، مۇۋاپىق تەربىيىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم.

مەن ئىلگىرى دوستلىرىمغا، تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ شەخسلەر ۋە تالانت ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق يېتەرسىزلىكلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇلار يەنە بىرقەدەر ياخشىراق تەربىيىگە ئېرىشەلىگەن بولسا، ئۇلار تېخىمۇ ئۇلۇغ، ساغلام، سېخى، ئەقىللىق، كۆزگە كۆرۈنگەن، ئىلىملىك، كەمتەر ۋە تېخىمۇ قەيسەر بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلار تېخىمۇ مۇكەممەل ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە تالانتلىقلارغا ئايلانغان بولاتتى.

*　　*　　*

1800- يىلى 12- ئاينىڭ 1- كۈنى هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن، باستېر گىرپىز ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلدى.

«سىز ئۇنى باشقا بالىلاردىن قاتتىقراق مەشىققە سېلىشىڭىز كېرەك، گەرچە ئۇنىڭ گۈزەل بالىلىق ھوقۇقى قۇربان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىگە پايدىلىق. سىز ۋە ئايالىڭىزغا كەلسەك، سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ قۇربان بېرىشىڭلار كېرەك، مەسىلەن: ئائىلەڭلەردىكى ئەر-ئاياللىق مېھربانلىقنى قۇربان قىلىش دېگەندەك» باستېر گىرپىز ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن شۇنداق دېدى.

باستېر گىرپىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: «توۋا، گىرپىز باستېر سىز قانداقسىگە مۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز؟» دېدىم ھەم دەرھال ئۇنىڭ قارىشىنى ئىنكار قىلىپ: «بۇخىل قۇربانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئۆتە مۇھىم ئىش بارمۇ؟» دېدىم.

گىرپىز باستېر: «ئەجەبا بالىنىڭ كەلگۈسى مۇھىم ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى.

«بالىنىڭ ئىستىقبالى ئەلۋەتتە مۇھىم، ئەمما سىزنىڭ بۇ قارىشىڭىزنىڭ بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ، بۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك. ئەكسىچە، بالا بالىلىق مەزگىلىدىكى بەختىيارلىقىدىن بەھرىمەن بولالمىسىلا، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنەلمەيدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى ھەرقانداق شەكىلدىكى قىستاش ۋە ئالدىراقسانلىق، پەقەت بىر خىللا ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بالىنى تۈگەشتۈرۈشتۇر» مەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ شۇنداق دېدىم.

ئەنگىلىيە پەيلاسوپى يوھان. سورت. موللىرنىڭ ئاتىسى ئۇ كىچىك چاغدا رەھىمسىزلەرچە ئۇنى زورلايدىكەن، ئۇنىڭ ھەركۈنى

تىرىشىپ ئۆگىنىشتەك ئادىتىنى بۇزۇپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ موللىرىنىڭ دەم ئېلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمايدىكەن. موللىر ياش ۋاقتىدا ھەمىشە بىرخىل روھىي بېسىم ئىچىدە ياشىغان بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئۆزىدە بىرخىل پىسخىك توسالغۇ باردەك ھېس قىلاتتىكەن. ئۆز تەرجىمھالىدا، ئۇ دادىسىنىڭ بېسىم ئىشلەتكەنلىك ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن:

خاتا بولسىلا دەرھال تۈزىتىشىم كېرەك ئىدى. مۇزاكىرىنى باشلىغان ۋاقتىمىزدا دادام ھەمىشە بىرخىل خۇشال تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، ئەمما ھېساب ئىشلەش داۋامىدا خاتالىق كۆرۈلسىلا، بۇخىل تەلەپپۇزنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى مېھرىبان، سۆيۈملۈك دادام بىردىنلا ئاچچىغى يامان قىساسكارغا ئايلىناتتى.

نۇرغۇن داڭلىق كىشىلەر قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق مەزگىلىدە ئاتا-ئانىنىڭ زو
ر بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقىنى، شۇ تۈپەيلى ئۆزلىرىدە ئۆمۈرلۈك ئازاب قالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

تەربىيىنىڭ ئۆزىلا ئىللىقلىققا تولغان بولىدۇ، تەربىيە ئىللىق بولۇشى، ھەرگىزمۇ سىرلىق بولماسلىقى كېرەك.

مەن بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىشەنچى بالىلارنىڭ ئىشەنچىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇلار بىرىككەن ۋاقىتتا، بىر تالانت ئىگىسى ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلايدۇ.

سىز ھەركۈنى ئۆز ئىشەنچىڭىزنى بالىڭىزغا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز، بالىڭىزنىڭ خۇشاللىقىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەگەر بالىڭىز ئۆزى كۆرسىتىشتىن قورقمىسا ھەم باشقا ئىشلاردىن ئەنسىرىمەي ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالىسا، بۇ بالىڭىزنىڭ ئىشەنچ ھاسىرلىغانلىقىنى، پىششىپ يېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا سىز ۋە بالىڭىز قورقۇشنى تاشلىۋېتىپ، بالىڭىزنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە يۈزلىنىمىز. بالىڭىز ياخشى بولغان ۋاقىتتا، سىز

بالىگىزنىڭ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بالىڭىز ياخشى بولالماي قالغاندا، سىز قىلچە يوشۇرماي ئۇنىڭغا ئۇنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى كۆرگەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ. شۇندىلا ئىشەنچ ئاساسى ھەقىقىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

## كارل. ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 10- ئاينىڭ 22- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

مىڭ كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەندەك، مېنىڭ تۇغۇلۇشۇم ئانام بىلەن دادامنى ئىنتايىن خۇشال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئارقىدىنلا يەنە خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئازاب تەڭ كېلىپتۇ، مەن ھەقىقەتەن بىر كۆڭۈلدىكىدەك بوۋاق ئەمەسكەنمەن. ئانامنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن يىقىلغىنى سەۋەبچى بولسا كېرەك، مەن بىر ئاي بۇرۇن تۇغۇلۇپ قاپتىمەن، تۇغۇلغاندا كىندىكىم بوينۇمغا يۆگىشىپ قالغاچقا نەپىسىم توختاپ قالغىلى تاس قاپتۇ، دوختۇر مېنى بىردەم جىددىي قۇتقۇزۇپ، تاپىنىمغا بىر نەچچىنى ئۇرغاندىن كېيىنلا مەن يىغلاپتىمەن، ئەمما يەنىلا پۇت-قوللىرىم تارتىشىپ، نەپىسىم تېزلىشىپ كېتىپتۇ.

دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى مېنى ياشىيالمايدۇ دەپ قاراپ، مېنى قۇتقۇزۇشتىن ۋاز كېچىپتۇ ۋە ئاتا-ئانامغا مەندىن ۋاز كېچىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ: «بۇ بالا ئېنىقكى تۇغۇلما كەمتۈك، باققان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ مېڭىسىدىن چاتاق چىقىدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىڭلار، سىلەر يەنە باللىق بولالايسىلەر، ئەمەسمۇ» دەپتۇ.

ئەمما ئانام قەتئىيلىك بىلەن: «مەن بىر بالامدىن ئايرىلىپ قالغان، ئەمدى يەنە بىر بالامدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ، مەيلى بالىنىڭ ئەھۋالى قانچىلىك ناچار بولسۇن، بىز ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز»

دەپتۇ.

ئەمەلىيەت ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر ئادەتتە باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ھەمىشە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرمايدۇ، ئەمما دادام ئۇنداق قىلماپتۇ. مېنىڭ بۇخىل كىشىنى رازى قىلالمايدىغان ئەھۋالىم، دادامنىڭ دەسلەپكى تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ.

ئەينى چاغدا كەنتتىكىلەر دادامنىڭ بىر گالۋاڭنى ئەقىللىق ئادەم قىلىپ چىقىمەن دېيىشىنى پۈتۈنلەي ئەخمەقانىلىق دەپ قارىغان ئىكەن. ئۇلار ھەتتا دادامنىڭ بۇ كۆلپەتلىك تەقدىرى ئۇچۇن قايغۇرۇشقان ئىكەن. يېزىدىكىلەرنىڭ مۇلاھىزىسى ئانامغا بەك تەسىر قىلغاچقا، ئۇ ھەمىشە ئوغۇرلۇقچە يىغلايدىكەن. ئانامنىڭ كۆڭلىدىكى غەم ئەندىشىنى تونۇگەنتىش ئۇچۇن دادام ئىدە بورگدا باش ئىكسپوپ بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردىمۇ ئانامغا ئۆزىنىڭ ماۋارىپ نەزەرىيىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىكەن.

«مەن 52 ياشقا كىرگەندە بىر باللىق بولدۇم. شۇنداقكەن قانداقمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەي؟ ئۇنىڭ كېيىنكى ھالىتىنى كۆرۈپ مەن سىزدىن بەكرەك ئازابلاندىم ھەم جىددىيلەشتىم. ئەمما خۇددى ئۇ تۇغۇلغاندا سىز ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانچىلىك ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمىز. ئوغلىمىز چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشتىكىلەرنىڭ ئارقىسىدا قالماسلىقى ئۇچۇن مەن يەنىلا پىلان بويىچە دەسلەپكى تەربىيىنى سىناق قىلىشنى قارار قىلدىم. ئەمما، سىز ھازىرقىدەك ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ، بىلىشىڭىز كېرەككى، دەسلەپكى تەربىيە ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئىشەنچ ۋە ئىرادە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭمۇ بۇ تەربىيىگە قاتنىششىڭىز بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن سىزگە تەكرار چۈشەندۈردۈم، سىلەرنىڭ ئۇسۇلۇڭلار بويىچە تۇغۇلغان بالا تۇغۇلما گالۋاڭ بولمايدۇ، تۇغما تالانت ناچارراق بولغان

تەقدىردىمۇ، ئۇنى كېيىنكى تەربىيە ئارقىلىق تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئازابلانماڭ، بىز بالىمىزنى ياخشى تەربىيىلەيلى، ئۇ بىر تالانت ئىگىسى بولالايدۇ.»

مېنىڭ تۇغۇلۇش ئەھۋالىمدىن قارىغاندا، مەن ئۆزۈمنى تالانت بىلەن قانداقمۇ باغلىيالاي؟ ئۇ ھەقىقەتەن مېگىبىر كېچىلەر دىكىدەك ئىش. مەن دادامنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسىدىن تالانت توغرىسىدىكى پارچىلارنى ئوقۇغاندا، ئۆزۈمنى دادامغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك، دادامغا بەك ئېغىر يىمىنى سالغاندەك ھېس قىلدىم، بەلكىم، دادام تىلغا ئالغان تالانت، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان ئامەتنى كۆرسەتمەستىن، ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان ئىقتىدار بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بەزى بالىلار ئىقتىدارلىقراق، بەزى بالىلار ئىقتىدارسىزراق بولىدۇ.

ئەمما بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا تەربىيىلەنسە، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى تۇغما تالانتىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بەلگىلىمەيدۇ. ئەمما، بۈگۈنكى بالىلارنىڭ زور كۆپ قىسمى مۇكەممەل تەربىيە قوبۇل قىلمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنىڭ يېرىمى جارى بولمايۋاتىدۇ. تۇغما ئىقتىدارى 100%لىك بالىلارمۇ ئەگەر تەربىيىلەنمىسە 20%~30%لىك ئىقتىدار ھازىرلىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

شۇنداقكەن تالانتلىقلارمۇ قولىدىن ئىش كەلمەس يارىماس بولۇپ قالىدۇ، تالانتىنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

ئەمما، دادامنىڭ داڭلىق پىداگوك فىس تىرودتىن ئىلھاملىنىپ ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلىشىمۇ بىر مۆجىزە. ئەلۋەتتە، دەل مۇشۇ مۆجىزە مائارىپ قارىشىنىڭ بىر قېتىملىق يېڭىلىنىشىنى، مۇتەپەككۇرلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى كىشىلەرگىچە ئويغىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، ھەممە بالا ئوخشاشلا بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى دېگەن گەپ ئانام بىلەن دادامغا ئىشەنچ ئاتا قىلالىغان.

مەن ئىلگىرى شەخسەن ئۆزۈم بىر ئىشنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ

بىر مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ، بىر مائارىپ مۇتەخەسسىسى بىر ئوقۇتقۇچىدىن: «ئەپەندىم، سىز سىنىپىڭىزدىكى پەۋقۇلئاددە ئەقىللىق ئوقۇغۇچىنى تاللاپ چىقالامسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

ئوقۇتقۇچى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن: «ئەلۋەتتە»، دەپ جاۋاب بېرىپ ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قانچىنى كۆرسىتىپتۇ.

ئىسمى ئاتالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپتۇ ھەم دەرستىن چۈشكەن ھامان ئائىلىسىگە ئۇچقاندەك بېرىپ ئاتا-ئانىسىغا: «دادا، ئانا، خۇشخەۋەر، مۇئەللىم ۋە مائارىپ مۇتەخەسسىسى مېنى پەۋقۇلئاددە ئەقىللىق بالا دېدى»، دەپتۇ.

ئانىسى بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپتۇ. قارىغانسېرى بالىسى كۆزىگە بىردىنلا تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ساۋاقداشلىرى بۇ بالىلاردىن زوقلىنىدىغان، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغان بولۇپتۇ. بالىلارمۇ ئۆزلىرىنى تالانتلىقتەك ھېس قىلىپ، نەتىجىسى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى مائارىپ مۇتەخەسسىسى يەنە مەكتەپكە كېلىپ، ھېلىقى بىر قانچە بالىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

ئوقۇتقۇچى جاۋاب بېرىپ: «قالتىس بولۇپ كەتتى!» دېگىنىچە مۇتەخەسسىسكە تونۇشتۇرۇپ: «ئەپەندىم، مەن ناھايىتى خىجىلمەن، چۈنكى ئۆتكەندە كۆرسەتكەنلىرىم ھەممىسى ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىدى، مەن دۇنيادا پەقەت ناچار ئوقۇغۇچى يوق، ناچار ئوقۇتقۇچى بار دەپ قارايمەن، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئەمەلىيەتتە بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ» دەپتۇ. مائارىپ مۇتەخەسسىسى بۇنىڭدىن ھەيران قاپتۇ.

بۇ كىچىككىنە ھېكايە كىشىگە چوڭقۇر ئىلھام بېرىدۇ. كىشىلەر ھەر بىر ئادەمنى تالانت ئىگىسى دەپ قەتئىي ئىشەنسە، ئۇ ھەقىقەتەن تالانت ئىگىسى بولۇپ چىقالايدۇ.

بۇ تالانتلىقلار تاللاپ چىقىلمىغان، ئەمەلىيەتتە ھەر بىر بالا بىر

تالانت ئىگىسى بولۇپ، پەقەت مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى بىسىلىپ قالغان، مۇتەخەسسىسنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇلار بۇ خىل بىسىمدىن قۇتۇلغان. بۇمۇ بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بالىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە ئۇلاردا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنى تەكرار تەكىتلەۋېرىشىمىزنىڭ سەۋەبى.

بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇسۇلى كىشىنىڭ ئېسىگە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا قاراتقان تۈرلۈك ئۇسۇللىرىنى ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى ئەسكە سالىدۇ.

بالىلار گەپ قىلىشنى ئۆگەنگەندە، ئاتا-ئانىلار پەرقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. پەرقنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئاسان ئىش ئەمەس، ئەمما چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. پەقەت كۆڭلىدە بىر ئىشەنچ ئاساسى بولۇپ، بالام گەپ قىلالايدۇ دەپ قەتئىي ئىشەنسە، شۇنداقلا بالامغا ھەممىسىنى ئۆگىتەلمەيمەن دەپ ئىشەنسە، ئۇنداقتا بالىدۇر گەپ قىلىدىغان بالىلارمۇ، كېيىن گەپ قىلىدىغان بالىلارمۇ ئوخشاشلا بولالايدۇ. شۇندىلا بالىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

بالىنىڭ «بولالايدىغانلىقى»غا قەتئىي ئىشەنسىلا، بالا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە، ئاتا-ئانىلارمۇ مەغلۇب بولۇشقا يول قويالايدۇ. بالا ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشسە، ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۇنى ئەيىپلىسە بولامدۇ؟ دۇنيادا مۇشۇنداق ئاتا-ئانىلار بارمۇ، يوق؟ ھەرگىز يوق. بالا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە، ئۇ 10، 100، ھەتتا 1000 قېتىم يىقىلىپ چۈشسىمۇ، ئاتا-ئانىلار بالىسىنى ئورنىدىن تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك، بۇ بىر مۇقەررەرلىك.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىغا بولغان ئىشەنچى ھەرگىزمۇ بىر خىل ئىسراپچىلىققا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ بولالايدىغانلىقىدىن گۇمانلانسا، بالىمۇ ئۆزىدىن گۇمانلىنىدۇ. نەتىجىدە بالا ھەقىقەتەن بولالمايدۇ. بۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تراگېدىيە، شۇنداقلا تەربىيىنىڭ تراگېدىيىسى. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەر بىر بالا بىر ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى.

# بەشىنچى باب

# تىل تەربىيىسى تەربىيىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدىكى مۇھىم مەزمۇن

## كارل ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1801- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن يېڭى بىر يىلنىڭ تۇنجى كۈنى، كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېچىپ خېلى كۈنلەردىن بېرى كۈندىلىك خاتىرە يازمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. يېرىم يىلدىن بۇيان مەن كارلغا تىل تەربىيىسى ئېلىپ بارىمەن دەپ باشقا ھەممە ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. بۈگۈن مەن شۇلارنى ئەسلەپ خاتىرەمنى رەتلەپ باقاي، بەلكىم بىرەر مەسىلىنى بايقارمەن.

كارل ئەمدىلا گەپ قىلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغاندا تەلەپپۇزى پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، ئۇنىڭغا ساپ تەلەپپۇز ئۆگىتىش ئەڭ مۇھىم ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇ خاتا ياكى ئېنىقسىز تەلەپپۇزغا ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنى توغرىلاش قىيىنغا چۈشەتتى.

تۇرمۇشتا قوراممىغا يەتكەن نۇرغۇن كىشىلەرمۇ بەزى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزى توغرا ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلىق مەزگىلىدە توغرا تەلەپپۇز يېتىلدۈرمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، بۇ جەھەتتە مىساللار ناھايىتى كۆپ.

كارل دەسلەپ «فا»، «ئا» نى چىقارغاندا، مەن زېرىكمەستىن ئۇنىڭغا «فا-فا-فا»، «ما-ما-ما» نى ئۆگەتتىم. كارل «كا-كا» دېگەندەك تاۋۇشلارنى چىقارغاندا، مەن دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «كا-كا» دەيتتىم. مەن كارلغا «ما-ما» نى تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگەتكەندە، ئەگەر كارل ئىنكاس قايتۇرسا، ئۇ ئېنىق بولمىسىمۇ، مەن ئۇنى ئىلھاملاندۇراتتىم. ئەمما، بۇ ئۇسۇلنى ئىشلەتكەندە تەلەپپۇزنى ئېنىق ئاڭلاپ، توغرا بولسا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. بۇ بىر نۇقتىنى مەن چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

مەن بۇ ئويۇننى ھەمىشە كارل ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن بىر سائەت ئېلىپ باراتتىم. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەيپىياتى ئەڭ ياخشى بولۇپ، ئۈنۈمى ياخشى بولاتتى. شۇڭا، پۇرسەتنى تاللاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەلەپپۇز قىلغاندا بالا بىلەن تولۇق ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز تەلەپپۇز قىلغاندا، كارلنى ئۆزىمىزگە قارىتاتتۇق، بۇ چاغدا بالا ئېغىزىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرەلىگىنى ئەڭ ياخشى بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە، كىچىك بالىغا گەپ قىلىشنى ئۆگىتىش ئىنتايىن قىيىن ئىش. بولۇپمۇ، بالىغا ئۆلچەملىك تەلەپپۇزنى ۋە نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۆگەتكەندە تېخىمۇ شۇنداق.

مەن بۇرۇن نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «باشقىلار بالا گەپ قىلىشنى ئۆزى ئۆگىنىدۇ دېيىشىدۇ، ئەمما مەن بۇنىڭ بۇنچىلىك ئاسانلىقىنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن!»، «مەن بالامغا ھەرقانچە ئۆگەتكەن بولسامۇ ئۆگىنەلمىدى. ئۆگەنگەنلىرىمۇ ئېنىقسىز نەرسىلەر». بۇ ئەلۋەتتە ھەممە ئاتا-ئانىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىش. ئەلۋەتتە، ھەر قانداق ئىشنىڭ قانۇنىيىتى بار. مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تاپقىلى بولسىلا، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

مېنىڭچە بالىغا گەپ قىلىشنى ئۆگىتىش ۋە سۆزلۈكنى ئىگىلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى «يېقىندىكى نەرسىلەردىن

باشلاش»تۇر، بۇ مېنىڭ تەجرىبەم.
يەنە بىر نۇقتا، مەن بالىغا 15 كۈنلۈك بولغاندىن باشلاپ ئۇنىڭغا سۆز ئۆگىتىشنى، بالا نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلگەندىن باشلاپ سۆزلەشنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.
كارلغا 15 كۈنلۈك بولغاندا، مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بارماقلىرىمنى كۆرسەتتىم، كارل كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى تۇتماقچى بولدى. يېڭى باشلانغاندا، ئۇ ئېنىق كۆرەلمىگەچكە، ھەمىشە تۇتالمايتتى. كارل بارماقلىرىمنى تۇتالىغاندا ئىنتايىن خۇشاللىنىپ، بارماقلىرىمنى ئېغىزى تەرەپكە تارتتى. بۇ چاغدا مەن ئاستا ھەم ئېنىق ئىنتوناتسىيە بىلەن «بارماق» دەپ ئۇنىڭغا ئاڭلاتتىم.
شۇنداق قىلىپ، كارل ئەمدىلا پەرقلەندۈرەلىگىدەك بولغاندا، مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاستا ھەم ئېنىق ئىنتوناتسىيە بىلەن شۇ نەرسىنىڭ ئىسمىنى تەكرارلىدىم. كۆپ ئۆتمەي كارل بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېنىق دېيەلەيدىغان بولدى.
پەقەت كارل ئويغاق بولسىلا، مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلاتتىم ياكى پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بېرەتتىم. كارلنىڭ كۆزلىرى كارىۋات ئۈستىگە ئېسىپ قويغان رەڭلىك قەغەزلەرگە چۈشسە، مەن زېرىكمەستىن: «قىزىل قەغەز گۈل، سېرىق قەغەز گۈل ... » دەيتتىم. ئىش قىلىۋاتقان بولسامۇ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى دەيتتىم.
مېنىڭچە، ئاتا-ئانا بولغانلارنىڭ ھەممىسى، بالىسىنىڭ تۇنجى قېتىم گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا چەكسىز ھاياجانلىنىپ، خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما مېنىڭ بىلىشىمچە، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ھاياجانلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ئۈستىدە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئويلاپ كۆرەلمەيدۇ.
بالىنىڭ گەپ قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆگىنىشىنى باشلىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، بۇ چاغدا بالىنى قانداق ئۇچۇر

بىلەن تەمىنلەش ئەڭ مۇھىم.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، بالىغا كەمتۈك سۆزلەرنى ئۆگىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

مەن بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىغا «مەممە، ھاۋ-ھاۋ، ...» دېگەندەك سۆزلەرنى ئۆگەتكەنلىكىنى كۆرسەم ئەپسۇسلىنىمەن ھەم نەپرەتلىنىمەن. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىغا يېرىم يارتا گەپلەرنى ئۆگىتىشنىڭ زىيىنى يوق، دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بالىلارغا «ھاۋ-ھاۋ، ياكى مەممە» دېگەندەك سۆزلەرنى ئۆگەتمەك ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇ بالىلارغا يۈك بولۇپ قالىدۇ. بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالا تىل ئۆگىنىشتە ھامان مۇكەممەل تىل ئۆگىنىدۇ. بالىغا ئىككى خىل تىل ئۆگەتكەندە، بالىغا قوش يۈك بولۇپ قالىدۇ.

بەلكىم، بەزى كىشىلەر بالىغا بۇ خىل گەپلەرنى ئۆگىتىش ئىنتايىن قىزىقارلىق دېيىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار بالىغا مۇشۇنداق يۈكنى بەدەل تۆلەتكۈزۈشنىڭ ئەرزىيدىغان-ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرگەنمۇ-يوق؟ بالىغا ئۆلچەملەشمىگەن تىل ئۆگىتىشنىڭ زىيىنى بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. جەمئىيەتتە 14~15 ياشقا كىرىپمۇ (قۇرامىغا يەتكەنلەردىمۇ بار) بەزى گەپلەرنى تەلەپپۇز قىلالمايدىغان بالىلار نۇرغۇن، بۇ ئاتا-ئانىلار تەربىيىسىنىڭ جايىدا بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى كېرەك. شۇڭا، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز زىچ ھەمكارلىشىپ ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ، ئادەتتە ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆزلەشتۇق، مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىشلەتتۇق.

مەن ئايالىم، ئەر-ئايال خىزمەتكارلارنى يەرلىك شېۋىدە سۆزلەشكە يول قويمايتتىم. ئوغلۇم چاكارلار بىلەن كۆپ ئۇچراشقاچقا، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى. مەن ئوغلۇمدىن پەقەت ئۆلچەملىك نېمىس تىلىنى ئەستە ساقلاشنى تەلەپ قىلاتتىم. چۈنكى پەقەت ئۆلچەملىك ئوقۇلۇشنى ئەستە تۇتۇۋالسىلا، ئاندىن ئوغلۇم كىتابتا يېزىلغانلارنى

قىنالمايلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى.

يەرلىك تىللارنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئۆلچەملىك نېمىس تىلىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەتتا گىراماتىكا جەھەتتىمۇ ئۆلچەملەشمىگەن ھەم قېلىپلاشمىغان ئىدى. بۇ خىل تىل مۇھىتىدا بالا ناھايىتى ئاسانلا ناچار تەسىرگە ئۇچراپ، ئۆلچەملىك تىلنى ئۆگىنىش توسالغۇغا ئۇچرايتتى. بۇ خىل توسالغۇدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ۋاقىت كېتىدۇ. ئەمما ئەڭ ياخشى تىل ئۆگىنىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتسىلا، بەزى ئادەملەر تەلەپپۇزىنى بىر ئۆمۈر ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئائىلىمىزدە بىر ياشلىنىپ قالغان چاكار بار ئىدى. ئۇ ماڭا سادىقلىق بىلەن نەچچە ئون يىل خىزمەت قىلغان، مەن ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتىم. يېشى چوڭىيىپ قالغاچقىمىكىن ئۇ دائىم يەرلىك شىۋىدە سۆزلەيتتى. ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن، مەن كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ئۆلچەملىك نېمىس تىلىدا سۆزلىشىنى تەلەپ قىلدىم. بىراق ئۇ بىر ئۆمۈر يەرلىك شىۋىدە سۆزلەپ كۆنۈپ كەتكەچكە، ئۆلچەملىك نېمىس تىلىدا سۆزلىيەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆلچەملىك تىلدا سۆزلىسە، ھەتتا يەرلىك شىۋىدىنمۇ ناچار سۆزلەيتتى. ئوغلۇم ئەينى چاغدا تىل ئۆگىنىشىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئۆزۈم خالىمىسامۇ بۇ چاكارنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتتىم. ھەر قېتىم ئۇ ئېسىمگە كەلسە ئازابلىنىمەن، ئەمما ئوغلۇمنىڭ تىل جەھەتتە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىگە قاراپ، بارلىق قۇربانلىقنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

كارلنىڭ بالدۇر گەپ قىلغانلىقىدىن، مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم ھەم بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك ئەقلى ئاجىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ماڭا بىر ئاز تەسەللى بولدى، ئەمما ئۇنىڭ تېنى ئاجىز ئىدى.

مەن تىلى راۋان بالىلارنىڭ كۆپىنچە ئەقىللىق بولىدىغانلىقىنى، گەپ قىلماس بالىلارنىڭ بىرخىل دۆتلەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ تىلى كەمتۈك بالىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەمما كارلنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى

ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشنى خالىمايتتىم.
تىل ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ دۇنياغا ئىچىلغان داغدام يولغا ئوخشايدۇ. بالا سوئال سوراش، مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش، مەسىلىلەرنى يېشىش جەريانىدا ئىبغىز تىلىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇنىدىن باشقا، بالىنىڭ ئىبغىز تىلى ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك بولسا، باشقىلار بىلەن ئالاقىلىششقا ئامراق كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.
كارلنىڭ تىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەن كارلنىڭ تىل ئەزالىرىنى قوغدىدىم. كارلنىڭ تىل ئەزالىرى ۋە سىستېمىسى بىرقەدەر يۇمران ۋە ئاجىز بولغاچقا ئاسان زەخىملىنەتتى، شۇڭا، مەن قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللاندىم. بالا قانچە بالدۇر گەپ قىلسا شۇنچە ياخشى ئىدى. كارل «ئانا»دېيىشنى ئۆگەنگەندە، مەن دائىم ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ، تەلەپپۇز ئۆگەتتىم. بالىغا ياخشى تىل مۇھىتى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك، بالا باشقىلارنى دوراش ئارقىلىق سۆزلەشنى ئۆگىنىدۇ، ئاتا-ئانىنىڭ تەلەپپۇزى، سۆز ئىشلىتىشى، ئىنتوناتسىيىسى بالىنىڭ تىل تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىدا ياخشى سۆزلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بالا گەپ قىلغاندا، ئارىلاشتۇرۇپ گەپ قىلىشقا، ئارتۇق سۆز ئىشلىتىشكە، كىچىككىنە كىشىلەرنى دوراشقا ئامراق كېلىدۇ، بۇ خىل ناچار ئادەتكە دىققەت قىلىش ھەم ئۇنى تۈزىتىش كېرەك.
كارل تۇغۇلغاندىن باشلاپ مەن ئامال بار ئۇنىڭغا توغرا ھەم چىرايلىق نېمىس تىلىدا سۆزلىدىم، ئۇنىڭغا سۆز ئۆگەتكەندە، ئۆلچەملىك تىلنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىدىم. چۈنكى، ئۆلچەملىك تىل ئىشلەتمىسە، بەزى مەنىلەرنى تولۇق ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ئىدىيە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، قاراشلار ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدۇ، ئۆلچەملىك تىلمۇ مۇقەررەر يوسۇندا كۆپىيىدۇ، مەن بالىغا ھەرگىز مۇكەممەل بولمىغان سۆزلەرنى ئۆگەتمەيمەن. بۇخىل ئۆلچەملىك تىلدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش باشلىنىشى بىلەنلا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم

كۆرسەتتى. خۇددى فىس تىرور ئېيتقاندەك، بالىغا چوقۇم ئۆلچەمسىز گەپ ئۆگىتىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى.

مەن كارلنى تېخى گەپ قىلماستىلا ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ ئۆي ئىچىدە ماڭغاچ، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتىم ھەم ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئاتايتتىم. مەسىلەن: بۇ ئورۇندۇق، ئاۋۇ ئۈستەل دېگەندەك. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەنگەندىن كېيىن كارل بىر ياشقا كىرگەندە ھەممە گەپنى قىلالايدىغان بولدى، كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

مەن بوۋاقلىق مەزگىلىدىكى تىل تەربىيىسىنىڭ كارلنىڭ ئۆمۈرلۈك تىل تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەنچىكە، كارلنىڭ تىل ئىقتىدارىنى بالدۇر تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. شۇڭا، مەن كارلغا توغرا تەلەپپۇز بىلەن سۆز جۈملىلەرنى تاللاپ سۆزلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ئىدىم.

گىرامماتىكىنىڭ بالىلارغا نىسبەتەن چوڭ ئەھمىيىتى يوق. شۇڭا، مەن كارلغا گىرامماتىكا ئۆگەتمىگەن ئىدىم. مېنىڭچە، بالىغا تىل ئۆگىتىشتە، گىرامماتىكا ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان تۈزۈك، سۆزلەشنى ئۆگىتىشتە ئاڭلاش ۋە سۆزلەشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

بالىلار گەپ قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ، كىچىككىدىن باشلاپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆگەنگەن تاق سۆزلەرنى تەكرار دەپ ئوينايدۇ. مەن بالىنىڭ مۇشۇ خىل مايىللىقىدىن پايدىلىنىش قارارىغا كېلىپ، بالا چۈشىنەلەيدىغان قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى تاللىغان سۆز-جۈملىلەر ئارقىلىق كىچىك پارچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، كارلغا ئەستە ساقلاتقۇزدۇم. كارل بۇلارنى ناھايىتى تېزلا ئەستە ساقلاپلا قالماستىن، ھەمىشە خۇشاللىق بىلەن ئۇلارنى تەكرارلايتتى. كېيىن، مەن بۇ پارچىلارنى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، كارلغا يادلاتقۇزدۇم، كارل بۇلارنىمۇ ناھايىتى تېزلا ئەستە تۇتىۋالدى.

تىل جەھەتتە، مەن كارلىنىڭ بالدۇرراق بىر ئاساسىي چەت ئەل تىلىدىن ئاساس سېلىۋېلىشىنى قارار قىلدىم، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، كارل تېخى نېمىس تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ بولماستىلا، ئۇنىڭغا باشقا چەت ئەل تىلىنى ئۆگەتتىم. تىلشۇناسلار گەرچە باللار بىرلا ۋاقىتتا ئىككى-ئۈچ دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنەلمەيدۇ دەپ قارىسىمۇ، بىراق مەن بۇ بالىغا قىيىن توختىمايدۇ، ئەكسىچە بالا قايسى تىل بولسۇن ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ دەپ قارايتتىم.

كارل نېمىس تىلىنى راۋان سۆزلەشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، مەن پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلا، ئۇنىڭغا دەرھال لاتىن تىلىنى ئۆگەتتىم. بالىنىڭ چەت ئەل تىلى ئىقتىدارى كىشىنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرىدۇ.

* * *

1801- يىلى 6- ئاينىڭ 21- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

كارل بۈگۈن ماڭا ھەقىقەتەن نەتىجە تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. ئۇ مۇكەممەل ئابزاسلارنى راۋان سۆزلىيەلىدى، بۇنى بەزى باللارنىڭ قىلالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مېنىڭ تارتقان جاپالىرىم، ئاخىرقى ھېسابتا بىكارغا كەتمىگەن ئىدى.

باللارنىڭ ئۆگىنىشى ھەمىشە مەقسەتسىز ھالەتتە بولۇپ، ئۇلار ئەگىشىپ دوراش، بىلمەستىن قىلىش داۋامىدا ئۆگىنىدۇ.

گەرچە كارلنىڭ تېنى ناھايىتى ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زېرەك ۋە كۈچلۈك، بىلىم ئېگىلەشكە ئىنتىلىدىغان، ھەۋەسكار بالا بولۇپ، بۇ مەن ئۈچۈن بىر تەلەي ئىدى. مەن كارلنى يۈكسەك غايە بىلەن تەربىيىلىگەن بولۇپ، ئۇنى ھەرگىزمۇ پەقەت ياشاش ۋە بىر كىشىلىك خىزمەت ئۈچۈنلا تەربىيىلىمىگەن ئىدىم. مەن تەقدىرگە تەن بېرىپ

ئولتۇرسام بولمايتتى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كارلنى سىستېمىلىق تەربىيلىشىم كېرەك ئىدى. مەن كارلنى تەربىيلەشكە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىزمەت مول سېھرىي كۈچكە ۋە جەلپكارلىققا ئىگە ئىدى.

تىل ئۆگىنىشكە قارىتا مېنىڭ ئۆز چۈشەنچەم بار ئىدى. شۇ يىللاردا مەن دائىم تىل تەربىيىسى مەسىلىسىنى ئويلاپ يۈرەتتىم. تىل تەربىيىسى تەربىيىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدىكى مۇھىم مەزمۇن بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ پۈتۈن ئۆمرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ھەممە تىرىشچانلىقنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا نەتىجىسى كۆرۈلدى.

## كارل . ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 10- ئاينىڭ 26- كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

ئەگەر كىشىلەر، دادامنىڭ بۇ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئوقۇسا، مېنىڭ سەككىز-توققۇز ياشلاردا قانداق قىلىپ ئالتە خىل تىلنى ئۆگەنگەنلىكىمدىن ھەيران قالىدۇ. قورامىغا يەتكەن بىر ئادەمگە ئاسانلىقچە يېتەلمەيدىغان يۈكسەكلىككە، مەن بالىلىق مەزگىللىرىمدىلا ناھايىتى ئاسان يەتكەن ئىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى دادامنىڭ تەربىيىسىنىڭ جايىدا بولغانلىقىدىن ئىدى.

مەن گەپ قىلىشنى ئۆگىنىپ نېمىس تىلىنى تەدرىجىي ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، دادام ماڭا باشقا تىللارنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. لاتىن تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ تەسلىكى ھەممىگە ئايان. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا نۇرغۇن ساۋاقداشلارنىڭ لاتىن تىلىغا دۇچ كەلسىلا بىر خىل قورقۇنچ تۇيغۇسىنىڭ تۇغۇلغانلىقىدەك ھادىسىنى بايقىغان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ لاتىن تىلىغا ئۇچرىسام بىر خىل قىيىن ھېس قىلاتتىم. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مەن ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ناچار تەسىرىگە ئۇچرىغان

ئىدىم.

ئەينى چاغدا مەن گەرچە تۆت ياش بولسامۇ، لېكىن باشقا كىشىلەرنىڭ بەزى ئىشلارغا بولغان پوزىتسىيىسىگە دىققەت قىلاتتىم. شۇلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزى ۋە بەزى ئىشلارغا بولغان قارىشى ماڭا ھەرخىل تەسىر كۆرسەتتى. مېنىڭچە بۇ خىل ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. مەنلا ئەمەس دۇنيادىكى بارلىق بالىلار باشقىلارنىڭ باھاسىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مەسىلەن، بىر بالا باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەندە، ئۆزىنى ياخشى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى بالا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئەگەر دائىم باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىسا ئۇنداقتا بۇ بالا ئۆزىدىن گۇمانلىنىدۇ. ھەتتا ئۆزىگە ئۆچ بولۇپ قالىدۇ، ئۆزىنى ھەقىقەتەن ئەسكى بالا دەپ قارايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كىشىلەر ھەمىشە پەقەت ئۆزىگىلا پايدىلىق ئىشلارنىلا قىلىپ، قارىماققا پايدىسىز كۆرۈنگەن بىلىملەرنى ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدىغان نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دائىم تىل ئۆگىنىشتە ئەكس ئېتىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى لاتىن تىلىنى ياخشى ئۆگەنمەكچى بولغانلارنىڭ ساۋاقداشلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ تىلنى ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي رولى بولمايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۇلار ئۆزىگە ئەمەلىي نەپ يەتكۈزىدىغان فرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگىنەتتى.

مېنىڭ باشتا لاتىن تىلىنى ياخشى ئۆگىنەلمىگەنلىكىمدىكى ئاساسلىق سەۋەبمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. چۈنكى ئەينى چاغدا مەن باشقىلاردىن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغان ئىدىم: «باستىر ۋىتىر نېمە قىلماقچىكىنا؟ ئۇ بالىسىغا فرانسۇزتىلى، ئىنگلىز تىلى ئىسپانىيەتىلى ئۆگەتكىنى يەتمىگەندەك، ئۇنىڭغا يەنە لاتىن تىلى ئۆگىتىپتۇ. بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ لاتىن تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ تەسىلىكى ھەم ئۇنىڭ پايدىسىنىڭ يوقلۇقى ھەممە ئادەمگە ئايان تۇرسا، قارىغاندا باستىر ۋىتىر ئېلىشىپ قاپتۇ.

ئەينى چاغدىكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن،بۇ ئىشقا توغرا ھۆكۈم قىلالماسلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس ئىدى. باشقىلارنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىكەنمەن مەندە تەبىئىي ھالدا لاتىن تىلىنى چەتكە قېقىش تۇيغۇسى تۇغۇلاتتى.

بىر كۈنى دادام مېنىڭ لاتىن تىلىنى ئۆگىنىشكە ئانچە بېرىلمەيۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ئالدىمغا كەلدى.

«كارل قارىغاندا لاتىن تىلىنى ئانچە ياقتۇرمىغاندەك قىلىسەنغۇ.»

«ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۆگىنىۋاتىمەنغۇ مانا.»

«ئەمما سېنىڭ ئىپادەڭ فىرانسۇز تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەندىكىدەك بولمايۋاتىدۇ.»

«ئۇنداق ئەمەستۇ، مەن ئىزچىل تىرىشىۋاتىمەنغۇ.»

«ياق، مەن سېنىڭ لاتىن تىلىنى ئۆگەنگەندە باشقا تىللارنى ئۆگەنگەندەك كۆڭۈل قويمايۋاتقانلىقىڭنى بايقاپ قالدىم.»

دادام مېنىڭ ھەقىقىي روھىي ھالىتىمنى كۆرۈۋالغاچقا، مەن ئۆزەمنى ئاقلاشقا ئامالسىز ئىدىم.

بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئاخىر ئېغىز ئېچىپ ئۆزەمنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: «دادا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى لاتىن تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي پايدىسى يوق دېيىشىدىكەن، مەن يەنە نېمىشقا ئۆگىنىمەن؟»

دادام ئەجەبلەنگەن ھالدا :«سەن قانداقسىگە مۇنداق ئويلاپ قالدىڭ؟ ساڭا كىم شۇنداق دېدى؟» دەپ سورىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن دادامغا باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىسىنى دەپ بەردىم.

مەن ئەسلى دادام بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما دادام قىلچىمۇ ئاچچىقلانماستىن، ئەكسىچە ماڭا ئاستا ـ ئاستا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

«كارل ئېسىڭدە بولسۇن، ھەر قانداق ئىشقا پەقەت پايدىسى

بولۇش-بولماسلىق نۇقتىسىدىن ھۆكۈم قىلىسا بولمايدۇ. لاتىن تىلى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل تىل، مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ تىلنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەگەر سەن لاتىن تىلىنى ئۆگەنسەڭ ئۇنىداقتا «سۇ مەسىلىرى»نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى بىۋاستە ئوقۇيالايسەن، شۇنداقلا «مۇقەددەس مېۋە»نى بىمالال ئوقۇپ چۈشىنەلەيسەن. بۇنداق بولغاندا، سەن تەرجىمە تۈپەيلى كېلىپ چىققان خاتالىقلاردىن ساقلىنالايسەن.

ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر بىلىمگە توغرا مۇئامىلە قىلمايدۇ، ئۇلار ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقنى دەپلا بىلىم ئۆگىنىدۇ. دەل مۇشۇ خىل قوللىنىشچانلىققا ئەھمىيەت بېرىشتەك قاراش، ئۇلارنى نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلدى. بەزى كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبتىن پەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مېنىڭچە، سەن پەس ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشنى خالىمايسەنغۇ دەيمەن؟

ئەلۋەتتە خالىمايمەن.

مەن ئىدىيە جەھەتتە مۇشۇ خىل قاراشلاردىن قۇتۇلۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي لاتىن تىلىنى ئۆگىنىشنىم تەدرىجىي ئاسانلاشتى. مەن لاتىن تىلى ئۆگىنىش بىلەن باشقا تىللارنى ئۆگىنىشنىڭ ئوخشاشلىقىنى، باشقا ئالاھىدە قىيىنچىلىقنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم.

تىل، دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ...

تىل ئەمەلىيەتتە دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىدىغان بىر ئىشىككە ئوخشايدۇ. ئىشىك ئېچىلغاندىلا بىز تاشقى دۇنيانى باغلاشتۇرالايمىز.

مانا بۇ دەل باللارنىڭ نېمە ئۈچۈن گەپ قىلىدىغانلىقىنىڭ تۈپ ئاساسى، تىل تەربىيىسى تەربىيىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدىكى مۇھىم مەزمۇن.

باللارنىڭ تىل ئۆگىنىشىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى كۆڭلىدىكى ئىشلاردا باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش؛ يەنە بىرى تەلەپلىرىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى ئۈچۈن بولىدۇ.

ئويلىغانلىرىدىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئارقىلىق،

ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ؛ بۇ گەپلەر ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشىلىغىلى بولىدۇ. باللار بىلەن پاراڭلاشقاندا، سىز ئىككى خىل ئېھتىياجغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. سىز ئۆز-ئۆزىڭىزدىن بالىغا ئىشەنچ ئاتا قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئىپادە يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەكمۇ؟ دەپ سوراپ باقسىڭىز بولىدۇ. بالىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سىز بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولماقچى بولۇشى بۇ بىر ياخشى خەۋەر. باللارنىڭ ئىشى ئىككى خىل ئاساسىي ئېھتىياجدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنى ئەستايىدىل ئاڭلاش كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتى ئەسلىدىنلا مۇكەممەل قىلغىلى بولمايدۇ، سىز باللارنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغانلىرىنى قانچىلىك چۈشىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بالا نېمە دېمەكچى بولسا، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىڭىز كېرەك. ئىنسانلارنىڭ تىلى ئارقىلىق بىز باشقىلارنىڭ ئويلىغانلىرىنى چۈشىنەلەيمىز ۋە ئۇلارغا نېمە كېرەكلىكىنى بىلەلەيمىز.

بالا گۇگۇرىغاندىن تارتىپ باشلاشقا بولىدۇ. ئەگەر بىز باشتىلا بالىنىڭ ئىنكاسى ۋە ئاساسىي تەلىپىنى بىلەلىسەك، ئۇنداقتا ئاتا-ئانا بولماق كۆپ ئاسانلىشىدۇ.

مېڭىشنى ئۆگىنىش باسقۇچىدا بالا ئوخشاش نەرسىنى تەكرار ئوينايدۇ. ئۇلاردا خام خىيال ياكى خاتا قىلىق پەيدا بولۇشقا ۋە تىل ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈشكە باشلايدۇ.

بۇ چاغدا، بالىغا مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بالىنىڭ بۇ مۇھىم تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، بالىغا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى، تەلىپى، ساقسىزلىقى، ئاچچىقى، خۇشاللىقىنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەتكۈزۈش كېرەك. ھەرگىز ئۇلارنى ھېس-تۇيغۇسىنى شەرەت ئارقىلىق ئىپادىلەتكۈزمەسلىك لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بالىنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى ئېھتىياجىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. شۇڭا، سىز بار ئاماللار بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قايسى جەھەتلەردە رازى ئىكەنلىكىڭىز ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىڭىز كېرەك. شۇنداق بولغاندا، سىز مەلۇم جەھەتتە بالىڭىزنى ئويلاندۇرالايسىز. ئۇلار يېڭى باشلانغاندا، ئۆز ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان قارارنى چىقىرىدۇ.

پەقەت سىز ئازراق مەشىق قىلسىڭىزلا، بالىڭىزنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلەيسىز.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى زادى ئۇقالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ.

بالا يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇسۇلغا ئەمەس، ئۇ يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇرغا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ بالىڭىزنىڭ ناچار ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا سەۋر-تاقەت قىلىشىڭىز كېرەك دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە.

بەلكىم شۇ چاغدا ئاتا-ئانىلاردا بىر خىل مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئاتا-ئانىلار بالىلارغا بىر ئىللىق ئائىلە، ياخشى تەربىيە شارائىتى ھازىرلاپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئۆي سىرتىدىكى پائالىيىتىنى قوللىغان بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق بەدەل تۆلەشكە ئەرزىمدۇ؟

بالىڭىزنىڭ ئاچچىقلانغان، ھۆرمەتسىزلىك قىلغان تەلەپپۇزىدىن ئاچچىقىڭىز كەلسە، مۆرىڭىز، قېشىڭىز ۋە قوللىرىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئامال بار ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ، ئارقىدىنلا بالىڭىزغا قاراڭ. ئەمما، ئېغىزىڭىزنى يۇرۇشتۇرمەڭ.

مەيلى قانچىلىك ئالدىراش بولۇڭ، خىزمىتىڭىزنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇپ بالىڭىزغا يۈزلىنىڭ. ھەرگىز قوللىرىڭىزنى قولۇشتۇرماڭ. تۇرقىڭىزدا بىر خىل قوبۇل قىلىش ۋە ئېچىۋېتىشتەك تۇيغۇ بېرىڭ. ئەڭ مۇھىمى بالىڭىزغا يۈزلىنىڭ.

بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ھەيۋىسىنى نامايان قىلىڭ ۋە شۇ ئارقىلىق

باشقىلارنى ئۆزىڭىزگە بويسۇندۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، سىز بالىنى ئۆزىڭىزدە ئۇ تەقەززا بولۇۋاتقان ئىلىم، تەجرىبە ۋە سۆيگۈ بارلىقىغا ئىشەندۈرۈشىڭىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، سىز ھېچنېمىدە چىڭ تۇرمىسىڭىزمۇ، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ئىمتىيازىڭىزنى نامايان قىلىسىڭىزلا بولىدۇ. بۇ دەل بالا ئىنتىلىۋاتقان ۋە تايىنىدىغان نەرسىلەردۇر.

ئەخلاق جەھەتتىكى بۇ خىل ئىمتىيازغا ھەرگىزمۇ چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئىنتايىن يۇقىرى سەۋر-تاقەت، تەۋرەنمەس ئىرادە، ھەممىنى سۆيىدىغان يۈرەك تىسىيە كېتىدۇ.

بۇ ئۆز مۇكەممەللىكىڭىزنى نامايان قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، سىز پەقەت بالىغا نىسبەتەن ئۆزىڭىزنىڭ كۈچلۈك سەۋر-تاقىتىڭىزنى نامايان قىلىپ، چېھرىڭىزدىن خاتىرجەم روھىي ھالىتىڭىزنى ئىپادىلىشىڭىز كېرەك. بۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. سىز بالىغا ئۆزىڭىزنىڭ چەكسىز سەۋر-تاقىتىڭىز ۋە ئىشەنچىڭىزنى نامايان قىلغىنىڭىزدىلا، ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى بايقايسىز. بۇ چاغدا، سىز دەل بالىلار ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئاتا-ئانىغا ئايلىنالايسىز، ھەتتا سىزنى بالىلارنىڭ ئالدىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدى دېيىشكە بولىدۇ. سىز مۇشۇنداق قىلغاندا، بالىمۇ بۇنى ھېس قىلىدۇ ئەلۋەتتە.

ئارزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ بالىنىڭ ئىنكاسىغا دىققەت قىلىڭ. بەزى ئاتا-ئانىلار ھەر قانداق ئەھۋالدا بالىغا مۇۋاپىق جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇلار كۆڭلىدە ئازابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەر بىر ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىلىق ئابرۇيى بولىدۇ، ئۇلار بالىلار ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارنى بىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەمەس، بىزنىڭ بالىلارغا ھەقىقىي بىلدۈرمەكچى بولغىنىمىز ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى، بىز بالىلارغا جاۋاب بېرەلمىگەندە، نۇرغۇن ئىشلارنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

بالىلار ھاياتلىقتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى سورىغاندا، ھەممىمىز بالىلارنىڭ مۇشۇ جاۋابلار ئارقىلىق ئازادە ۋە بىخەتەر ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ئەمەسمۇ؟

ئەگەر سىز جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز بولسىڭىز، بالىڭىزنى كۆپرەك ساقلىتىڭ. بالىنىڭ گەپلىرىگە زەڭ سالغىنىڭىزدا بېشىڭىزنى لىڭشىتىپ ياكى ئازراق ئاۋاز چىقىرىپ بولسىمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقى ھەم ئۇنىڭغا قىزىقىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىپادىلەڭ.

گەپ قىلغاندىكى پوزىتسىيىڭىز سالماق ۋە كۆچلۈك بولسۇن. گەرچە باشتا بالىغا دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، باشتىلا بالىڭىزدىن ئىشىنىڭ تەپسىلاتىنى سورىسىڭىز، بالىنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتىپ، سىز بۇ مەسىلىگە قىزىققاندەك كۆرۈنۈشىڭىز مۇمكىن.

ئويلاپ بېقىڭ، سىز بىر ھېكايىنى تولۇق سۆزلەپ بولماقچى بولسىڭىز، ئەمما بىرسى سىز ھېكايە سۆزلەش داۋامىدا سىزنى ئاۋارە قىلىۋەرسە، قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز؟

شۇڭا، بالىغا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزمۇ ئوخشاش، سىز مۇۋاپىق پۇرسەتتە مۇۋاپىق مېھرىبانلىقىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىز كېرەك. خۇددى بىر سەۋر-تاقەتسىز ئاڭلىغۇچىنىڭ ھېكايە سۆزلىگۈچىنى ھېكايىنى تۈگەتكىلى قويمىغانلىقىغا ئوخشاش. ئەمما، ئانا بولغۇچى تاقەتلىك بولمىسا، بالىنىڭ ئانا بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولماقچى بولغان ھېسسىياتىنى بۆلۈۋېتىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋال خۇددى دەرەخنى كۆرۈپ ئورماننى كۆرمىگەنگە ئوخشايدۇ. بۇ دەل بالىنىڭ دەسلەپ تىل ئۆگەنگەن مەزگىلىدىكى ئەھۋال.

ئادەمنىڭ ئەقلىي تۇرمۇشى قانداق باشلىنىدۇ؟ تەبىئەتنىڭ ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەندە، ئادەمنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى نېمە بولغان؟ بىز تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر پەيدا قىلغان ھېسسىي

تەسىرلەردىن باشلىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز. سەزگۈ ئەزالار جىسىملارغا تەگكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەزەلدىن بار بولغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزلۈك تەرەققىياتىنى قوزغايدۇ.

قوزغىتىلغان نەرسە، ئىلگىرى سۈرۈشكە تايىنىپ تېز تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ تەجرىبە ئالدى بىلەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ بىزگە بولغان تەسىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئارقىدىنلا بىز بۇ شەيئىلەرنى بىلىمىز، شۇڭا، بىز بىر خىل ئېھتىياج ھېس قىلىمىز، يەنى تەجرىبىنىڭ بىزگە بەرگەن تەسىرىنى بايان قىلىمىز. دەسلەپتە بۇ خىل ئىپادىلەشكە قول ئىشارىسى ۋە دوراش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. كېيىن بىز يۈز تۈرلۈك يوسۇندا ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىك بولغان تىلنى ئىشلىتىمىز. تىلنىڭ تەرەققىياتى قول ئىشارىسى ۋە دوراش ھەرىكىتىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى قويىدى.

سۆزلەش ئىقتىدارى تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدۇ. سۆزلەش ئىقتىدارى ئىنسانلارنىڭ تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىملىرىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنى كەڭ قوللىنىشتىكى بىر خىل ئالاھىدە ۋاستە. باشلانغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەت بىلىمىنىڭ ئىشىپ بېرىشى ۋە كېڭىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ ئۆگەنگەنلىرىمىز يۈزە بولسا، سۆزلىگەنلىرىمىزمۇ يۈزە بولىدۇ، خاتا ئۆگەنسەك، خاتا سۆزلەيمىز.

ئانا تىلنى ئۆگىنىش ۋە باشقا تىللارنى ئۆگىنىشنىڭ داغلىق يوللىرى، تەجرىبىگە تايىنىپ بىلىم ئىگىلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا ئۆگىنىش جەريانىدا تەبىئىي تەرتىپكە بويسۇنۇش كېرەك. بۇ خىل تەرتىپتە تەجرىبە تەسىرى بىلىمگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بىز بۇ خىل قاراشنى ئانا تىلدىن ئىبارەت مۇشۇ مەسىلىگە قوللانساق، ھەممە ئىشلارغا ئوخشاش، ئىنسانلارمۇ ئاستا-ئاستا ئۆز تەبىئىتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدىكى تۆۋەن ئامىللاردىن ئۆزىنى باشقا شەيئىلەردىن ئايرىپ چىقىدۇ. بىزنىڭ تىل ئىقتىدارىمىزمۇ تەدرىجىي ھالدا ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ. باشتا ئۇ ھېچنېمىنى

بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلەش ئارزۇسىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلەش ئارزۇسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇ تەجرىبە ئارقىلىق تەدرىجىي ئېرىشكەن بىلىم بىلەن ئوڭ تاناسىپ كېلىدۇ. بۇ بالىلارغا سۆزلەشنى قانداق ئۆگىتىشتىكى تەبىئەتنىڭ بىردىنبىر چارىسى. بارلىق سۈنئىي ياردەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى مۇشۇ ئاستا جەريانىنى بويلاپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، ئەتراپىدىكى جىسىملار ۋە ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ئاۋازى، ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق غىدىقلاپ، تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

بالىغا گەپ قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئانا بولغۇچىنىڭ خىزمىتى بالىنىڭ مىجەزىگە ماسلىشىشتىن ئىبارەت. بۇ جەرياندا بالىنىڭ كۆز، قۇلاق، قول سەزگۈلىرىنى غىدىقلاشتىن پايدىلىنىش لازىم. بالىلار مەقسەتلىك ھالدا كۆرۈش، ئاڭلاش، ھېس قىلىش، پۇراش ۋە تېتىشتىن پايدىلىنىپ، بۇ خىل تەسىرلەرنى ئىپادىلىمەكچى، يەنى سۆزلىمەكچى بولغاندا، مۇشۇ خىل تەسىرلەرنى بايان قىلىشنى ئۆگىنىش ئارزۇسى ۋە شۇنداق قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ قەلبىدە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئانىلار ئاۋاز ئارقىلىق ئۇنى غىدىقلاش لازىم. ئەگەر ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بالىلارغا سۆزلەشنى ئۆگەتمەكچى بولسا، ئۇلار تەكرار سۆزلەشنى، بىردەم ئۈنلۈك، بىردەم پەس ئاۋازدا سۆزلەشنى، بىردەم ناخشا ئېيتىپ، بىردەم كۈلۈش قاتارلىق ئۆزگىرىشچان جانلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم.

ئانىنىڭ مەقسىتى بالىنى ئۆزىنى دوراشقا قىزىقتۇرۇش بولۇشى لازىم. ئوخشاشلا، ئانىلار بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇشىنى تەلەپ قىلغان جىسىم ئىسمىنىڭ خاتىرىدىكى تەسىرى سۆزلۈكى بىلەن ماس كېلىشى كېرەكلىكىنى بىلىشى لازىم. ئانىلار بالىنىڭ مۇشۇ جىسىملارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىسى ۋە ھەر خىل قىزىقارلىق مۇناسىۋىتىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىشى ۋە ئۇنى ئەستە تۇتۇشى لازىم. ئانا شەيئىلەرنى ئىپادىلەشنى مەشىق قىلىشنى مۇشۇ پەللىگە

يەتكۈزۈشى، يەنى بالىنىڭ قەلبىدىكى شەيئىنىڭ تەسىرىنى پىششۇرۇش لازىم. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئەقىللىق ئانىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى بېغىشلىشى، تىل ئۆگىنىشنىڭ تەبىئىي ئاستا بولۇش ئۇسۇلىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئۇنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. «مۇھىم ئامىل ئۇسۇلى»نىڭ مەسئۇلىيىتى دەل مۇشۇ خىل ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە جانلىقلىقا ئىگە ئۇسۇلنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش ھەم ئانىلارنى توغرا، مۇۋاپىق بولغان مەشىق بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. ئەگەر مۇشۇ بىر نۇقتا ئىشقا ئاشسا ئانىلارنىڭ قەلبى مۇشۇ خىل مەشقلەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا تەييارلانغان بولىدۇ.

باشقا تىللارنى ئۆگىنىشتە تەبىئىي تەرتىپ ئۇنداق ئاستا بولمايدۇ. ئۆسمۈرلەرنىڭ تىل ئەزالىرى بۇنداق مۇھىتتا تولۇق تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. ئۆسمۈرلەر پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى يېڭى تاۋۇشلارنى ئىگىلىسىلا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تىل ئەزالىرى باشقا جەھەتلەردە خېلى ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. باشقا بىر تىلنى ئۆگىنىشكە باشلىغان ئۆسمۈر تەجرىبىسىگە ئاساسەن مەلۇم ئۇسۇلنى قوللىنىپ، نۇرغۇن ئۇچۇرغا ئېرىشىپ بولغان بولىدۇ. بۇ ئۇچۇرلارنى ئۆسمۈرلەر ئانا تىلىدا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، يېڭى بىر تىلنى ئۆگىنىشتە ئۆسمۈرلەر بۇ تىلدىكى ئۆزىگە ناتونۇش بولغان تاۋۇشلارنى ئانا تىلىدىكى ئۆزىگە تونۇش ۋە مەنىلىك بولغان تاۋۇشلار بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ خىل ئالماشتۇرۇپ ئۆگىنىشنى قانداق قىلغاندا مېخانىك ئۇسۇلدىن ئوبدان پايدىلىنىش، پسىخولوگىيىلىك تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئۇقۇم شەرھىلەشنى مەقسەت قىلغان تەييارلىق مەشىقلىرىنى ئىشلىتىش، ئاددىي مېخانىك ئۇسۇل ئارقىلىق ماس سۆزنى ئۆگىنىش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ ئاددىيلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش، بىز ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم مەسىلە.

ھەر بىر كىشى تىل ئوقۇتۇشىغا كىرىشىشتە پسىخولوگىيىلىك

ئاساسى بىلىملەرگە مۇھتاجلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بىراق مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دەسلەپكى باسقۇچتىكى بۇ خىل تەلىم-تەربىيىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن 50 يىلچە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، مەن بۇ نىشانغا يېتىشنىڭ تەبىئىي ۋە ئۈنۈملۈك بەزى ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ چىقتىم.

فىستالوزىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى ناھايىتى تەپسىلىي بولغان، ئوقۇپ باقسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە لايىق قارىشىم بار.

بالىلار سۆزلەشنى قانداق ئۆگىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قانداق تەييارلىق قىلىشى كېرەك؟ بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپلا تۈرلۈك ئاۋازلارغا دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. تۈرلۈك جىسىملار كۆرۈش سەزگۈ ئەزاسى ياكى باشقا سەزگۈ ئازالىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئېڭىغا كىرگەندەك، بۇ ئاۋازلارمۇ قۇلاق ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئېڭىغا كىرىدۇ. تۈرلۈك جىسىملار توغرىسىدىكى تەسىرات سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئېڭىغا كىرگەچكە، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن سۆزلەش ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى زىچ باغلانغان بولىدۇ.

ئاڭلىغان تۈرلۈك ئاۋازلارنى دوراش ئىقتىدارى بالىلاردا دەسلەپتىن تارتىپلا بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىقتىدار ئىنسانلارنىڭ باشقا ئىقتىدارلىرىغا ئوخشاش بارغانسېرى جانلىنىدۇ ھەمدە تۇغما قابىلىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە قوللىنىلىدۇ. گەرچە بۇنى ئوڭايلىقچە سەزگىلى بولمىغان بىلەن، سۆزلەش ئەزالىرى ھەرىكەتلىنىش نەتىجىسىدە بارغانسېرى كۈچىيىدۇ.

بوۋاقلار چىقىرىدىغان تۈرلۈك ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە يىغا ئاۋازى بوۋاقلاردىكى تۇغما بولغان ۋە سۆزلەش قابىلىيىتىنىڭ ياردىمىدە چىقىدىغان تۇنجى ئاۋاز. بوۋاقلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چىقارغان ئاۋاز-تاۋۇشلىرىنىڭ چوڭلارنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئېنىق ئاۋاز-تاۋۇشلىرى بىلەن دەسلەپتە موناسىۋىتى بولمايدۇ، بىراق تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. بوۋاقلارنىڭ

چىقارغان بۇ ئاۋاز-تاۋۇشلىرى تۇغما قابىلىيەتنىڭ ياردىمىدە چىقىرىلغان بولىدۇ، بىراق بۇ ئاۋاز-تاۋۇشلار ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاۋاز-تاۋۇشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ بىر نەچچە ئاي بولغاندا، چوڭلارنىڭ گەپ سۆزلىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش، ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئۆزىنىڭ تاۋۇشىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، چوڭلارنىڭ سۆزلىرىدىكى بەزى بوغۇملارنى ۋە سۆزلەرنى دوراپ ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سۆزلەش بوۋاقلار ئۈچۈن كۆڭۈلسىز ئوگاي ئىشقا ۋە خۇشاللىق ئىشقا ئايلىنىدۇ. بوۋاقلارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدا ۋە ئەتراپىتىكى مۇھىتتا سىڭىش قابىلىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بۇنىڭدىن بىز ئىنسانلارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىنى ھەقىقىي يېتىلدۈرىدىغىنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغىنى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تۇرمۇشتىكى بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش كېرەك، شۇندىلا تولۇق قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر تىل مەشىقى ئوگۇشلۇق بولسا، ھېسسىيات مەشىقى، ئەقلىي ئىقتىدار مەشىقى، ھۈنەر-سەنئەت ۋە تېخنىكا مەشىقىنى تەبىئىي تەرتىپ بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئەگەر بۇ مەشىقلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىم بولغان يەككە بىرلىك دەپ قارىساق، تەبىئىي پىرىنسىپتىن چەتنىگەن بولىمىز؛ شۇنداقلا قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەقىقىي، توغرا ۋاستىنىڭ ئورنىغا سۈنئىي ئۇسۇلنى دەسسەتكەن بولىمىز. بالىلارنىڭ تىلى چىقماستا بىز كىتابنى قورال قىلىپ، ئۇلارغا ئوقۇتماقچى بولىمىز؛ بالىلارنىڭ سۆزلەشكە تەبىئىي ئاساس بولىدىغان تولۇق ئەمەلىي شەيئىلەر بىلەن تونۇشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىمىز. بىز يەنە جانسىز ئېلىپبە جەدۋىلىنى بالىلارنىڭ تۇيغۇ تەجرىبىلىرىنىڭ ئاساسى قىلىپ، ئۇنى تەبىئەت بىلەن بىردەك بولغان، جانلىق، بىۋاسىتە ھېسسىي تەجرىبىلەرنىڭ ئورنىغا

دەسسىتىمىز. باللار كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال، تۈرلۈك شەيئىلەرنى ئىشەنچ بىلەن توغرا بايان قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. بىراق ھازىر ماھارەتنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا شەكىلگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، قابىلىيەتنى ھەقىقىي يېتىلدۈرىدىغان ۋاستىلەر كىشىلەرنىڭ قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىمەنە ئۇسۇللارغا ئىشىنىپ كېتىشى بىلەن ئەھمىيەتسىز دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مەن سۆزلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشنى ئۇ ئەمەلىيەتتە ھاسىل بولغىنىدەك دەپ قارىغاندا (بۇ، تىل مەشىقىدىكى ھەقىقىي ئاساس)، شۇنداق ئىپتىدائىيمەنىكى، بوۋاقلار ئەتراپىدىكى چوڭلارنىڭ نۇرغۇن گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ، بىراق دەسلەپتە بۇ گەپ-سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى قىلچە چۈشەنمەيدۇ. بۇ گەپ-سۆزلەر تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن بوۋاقلارنىڭ قۇلىقىغا سىڭىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار بۇ گەپ-سۆزلەرنى دوراپ سۆزلەيدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ گەپ-سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى ياكى پەرەز قىلىشى ھاجەتسىز. بوۋاقلار چۈشەنمىسىمۇ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا تۈرلۈك گەپ-سۆزلەرنى بالدۇر سىڭدۈرۈش ۋە ئۇلارنى دورىتىپ سۆزلىتىش بوۋاقلارنىڭ تىلىنى چىقىرىشىنىڭ ئاساسى تەييارلىق باسقۇچى.

مەلۇم بىر شەيئىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن تونۇشۇشتىن ئاۋۋال، شۇ شەيئى بىلدۈرگەن ئۇقۇمنى چۈشىنىش كېرەك. بۇ ئۇقۇم بوۋاقلار شۇ شەيئى بىلەن ئۇنىڭ نامىنى بىرلەشتۈرگەن ۋاقىتتا ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر بوۋاقلار تۈرلۈك تېمىدىكى پاراڭلارنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋە ئائىلىسىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلاشقا كۆنگەن بولسا، بۇ، تىل ئۆگىنىشتىكى ناھايىتى پايدىلىق شارائىتتۇر. باشقىلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىش تىلنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بوۋاقلار باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش ئارقىلىق نۇرغۇن سۆزلەر بىلەن تونۇشىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىر نەرسە ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى تۇيمىغان ھالدا سۆز تۈرلىرى ۋە پېئىللارنىڭ

ئۆزگىرىش شەكلىنى ئۆگىنىۋالايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. قىسقىسى، مەن تىلنىڭ مېخانىك تەرەققىياتىنى تىزگىنلەيدىغان تەبىئىي قانۇنىيەتنى ۋە تەبىئەتنىڭ تىلنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر قاتلاملىق، مەنىۋى تەرەپلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويغاندا، تىل مەشىقى بىلەن تەجرىبىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ماس ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. دەسلەپتە ھەر بىر جىسىم يەككە بىرلىك دەپ چۈشىنىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى تەھلىل قىلىنىدۇ، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تونۇش جەريانى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. ۋاقىت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت شەرت-شارائىت بوۋاقلارنىڭ ئېگىدا چۈشىنىشلىك ۋە باغلىنىشلىق ھالدا ئېنىق ئەكس ئېتىشتىن ئىلگىرى، بوۋاقلارنىڭ سەزگۈ ئازالىرىغا تاسادىپىي ۋە سىستېمىسىز ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر تىل تەرەققىياتىدا بوۋاقلار ئەركىن قويۇۋېتىلىدى دېيىلسە، مۇشۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بوۋاقلار شەيئىلەرگە ئىسىم قويۇشتا ئۇنىڭ تەركىبى قىسىملىرىنىڭ قانداقلىقىغا ياكى شەيئىنىڭ كۆپ خىللىقىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق ئەھۋال مەلۇم بىر باسقۇچقا يەتكەندە، بوۋاقلار ئاندىن شەيئىلەرنىڭ تەركىبى قىسىملىرىنى تەپسىلىي ئويلىنىدۇ ۋە بۇلارغىمۇ ئىسىم قويىدۇ. بوۋاقلار ئاخىرىدا ۋاقىت ۋە مۇھىتقا ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن ئالاھىدىلىكلەرنى ئېنىق ئىپادىلىيەلەيدىغان بولىدۇ. تەلىم-تەربىيەدىكى ئاساسى تۈزۈم ۋە بارلىق ئۇسۇللار مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇ، تىل ئوقۇتۇشى تەبىئەتنىڭ باللار قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن.

ئەگەر بۇ پىرىنسىپلاردىن سەللا چەتنىسەك، تەلىم-تەربىيە تەلىم-

تەربىيە بولماي قالىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا تەربىيىلەنگەن بالىلار ئۆگىنىش ماھارىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال، باشقىلارنىڭ كېيىنگە قوشۇق سالمايدۇ، شۇنداقلا بىۋاسىتە تەجرىبىسىدىن ئۆتمىگەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ قىلمايدۇ. ئەگەر تىل مەشىقى جەريانىدا ئومۇمىيۈزلۈك، ھەقىقىي ئىلگىرىلەش (ئېنىق ۋە كەڭ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولدى دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇ يۇقىرىقى جەريانغا ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ ئاساس ئاساسىدا تەجرىبە بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتىچى ھالقا شەكىللىنىدۇ.

تىل تەرەققىيات جەريانىدا تەجرىبە بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھالقا بولىدۇ. بىر خىل قابىلىيەت يەنە بىر خىل قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسى بولىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق، ئۇنىۋېرسال بىر خىل تەجرىبە بولمىسا، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇلى تەبىئىي ئاساستىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ...

ناھايىتى روشەنكى، بىز تەبىئىي ئۇسۇل بويىچە تەربىيىلىگەن بالىلار تىل مەشىقى نەتىجىسىدە ئەتراپىتىكى مۇھىتقا بولغان سەزگۈ تەسىراتلىرىنى خۇددى ئىلگىرى مېڭىسىدە باردەكلا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئۆگىنىشتە بۇ باسقۇچقا يەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەجرىبە بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق بولىدۇ. تەپەككۇر تەرەققىياتى تىل قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ.

پسىخولوگىيىلىك كۆزقاراشلارغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى مەسىلە تىل ئوقۇتۇشىدىكى قىيىن مەسىلە بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلساق، يەنە بىر مەسىلىنى يەنى چەتئەل تىلى ئوقۇتۇش مەسىلىسىنى ئويلىيالايمىز. تىل ئوقۇتۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇسۇل بارمۇ-يوق؟ تىل ئوقۇتۇشىدا مۇنداق بىر پرىنسىپقا تايىنىدۇ، يەنى تەجرىبە تىل ئارقىلىق تەپەككۇرنى يېتەكلەشتە، ئاۋۋال تەجرىبە،

ئاندىن تىل، ئاندىن تەپەككۇرغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئانا تىلنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ بۇ نۇقتىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك.

ئۆسمۈرلەرنىڭ ئانا تىلنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى بارلىق تىل ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسى. تەبىئىي جەريان ئانا تىلدىن ھازىر ئىشلىتىۋاتقان تىلغا ئۆتۈش، ئاندىن كونا تىلغا ئۆتۈش تەرتىسىدە بولىدۇ. چۈنكى، ئۆسمۈرلەر كونا تىلنى ھەقىقىي چۈشەنمەكچى بولسا، ھازىر ئىشلىتىۋاتقان تىل ئارقىلىق شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىۋاسىتە بىلىمگە ئېرىشىشى كېرەك، بۇ شەيئىلەر ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار چۈشەنمەكچى بولغان شەيئىلەرنىڭكىدىن قويۇق بولىدۇ.

بۇ پرىنسىپلار چەتئەل تىلىنى چۈشىنىش ۋە سۆزلەشتىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇسۇل ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ، بىراق بۇلار قۇرۇلمىلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك ئوقۇتۇش پىلانى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بىز كۆپ يىللىق تەجرىبىلەر ئۆگەتكەن بۇنداق پىلانلاردىن ئۇبدان پايدىلىنىشىمىز كېرەك، شۇنداقلا بۇ پىلانلارنى ئۆزىمىز بىلىدىغان تەبىئەتنىڭ تەرتىپى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. تەبىئەتنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان، بوۋاقلارنىڭ يېتىلمىگەن سەزگۈلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان نەرسىلەرنىڭ تاماملىنىشى ئاستا، ئېنىقسىز ۋە كەمتۈك بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى بىر خىل تىلنىڭ تەبىئىي ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش ئاساسىدا، ئوقۇتۇش پىلانىنى تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇ پەقەت تەبىئەتنىڭ يەككە-يىگانە ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان ئىشلارنى ئورۇنلىشىغا سىستېمىلىق ھالدا كۈچ بېغىشلايدۇ. بۇ ئوقۇتۇش پىلانلىرى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن توغرا دەپ قارالغاندا، ئاندىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭلاشقا ئانا تىلنى ئۆگىنىشنىڭ تەبىئىي ئۇسۇلىغا قارىتا تولۇق تونۇشقا ئىگە بولغاندا، باشقا تىللارنى ئۆگىنىش ئاسانلىشىدۇ.

ئەمدى بىز بالىلارنىڭ سۆزلەشنى قانداق ئۆگىنىدىغانلىقىنى

كۆرۈپ ئۆتەيلى. بۇ دېگەنلىك، ئائىلىدىكى ئاتا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئويلىشىش دېگەنلىك. بۇنىڭدا تۇغما قابىلىيەت ئەۋزەللىكىنى ئىگىلەيدۇ. جەمئىيەت ئانىلارنى تەبىئىي ئورنىدىن مەھرۇم قىلغاندا، ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى موناسىۋەت سۆزلەشنى ئۆگىنىش ۋە مۇكەممەللىككە ئېنتىلىدىغان تەبىئىي جەريان بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىراق زامان ئانىلىق ئىپتىدائىي كۈچىنى خورىتىۋەتكەچكە، نەتىجىدە كىيىنكى بارلىق تىل پائالىيىتى زىيانغا ئۇچرىدى. بالىلارنىڭ سۆزلىشى بىلەن تەجرىبىنىڭ مۇناسىۋىتى يوق. مۇھىم ئامىل تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم مەقسىتى، قانداق قىلغاندا ئاشۇ خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولۇش توغرىسىدا ئىزدىنىش، ئەڭ مۇھىمى ئائىلە تورمۇشىدىكى مۇمكىنچىلىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىش توغرىسىدا ئىزدىنىش. ئالدى بىلەن ئانىلارغا مۇۋاپىق ئۇسۇلنى ئېگىلىتىش، ئاندىن ئانىلار بالىلارنى يېڭىدىن ئۆگەنگەن ماھارەتلىرىنى باشقا ھەمراھلىرىغا ئېيتىپ بېرىدىغان قىلىپ مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك.

بالىلار ئاۋۋال تۇرلۇك شەيئىلەرنى پەرقلەندۇرۇشنى ۋە ئاتاشنى ئۆگىنىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پائالىيىتىنى ئىگىلەيدۇ. يەنى، بالىلار تۇرلۇك شەيئىلەر ئارقىلىق ئاۋۋال سۈپەت سۆزلىرىنى، ئاندىن پېئىل سۆزلىرىنى ئۆگىنىدۇ. بالىلار بۇ سۆزلەرنى سىستېمىسىز ھالدا ئۆگىنىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى بەزىدە ئۈزۈلۈپ قالسىمۇ، بىراق بالىلار بۇ سۆزلەرنى سۆز بىرىكمىسىدىن ئۆگىنىۋالايدۇ. بالىلار بىر پۈتۈن جۈملىدىن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە باغلىنىشىنى چۈشىنىۋالايدۇ. سۆز بىرىكمىسى مەنە بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، بالىلار ئۈچۈن سۆز بىرىكمىسىنى ئۆگىنىش سۆزلەرنى يەككە ئۆگەنگەندىن كۆپ ئوڭاي بولىدۇ، بىراق تارقاق سۆز بىرىكمىلىرىدىكى ئايرىم سۆزلەرنى بالىلارنىڭ پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلار سۆز ئۆگىنىش جەريانىدا گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئىگىلەيدۇ.

شەكلى ئۆزگەرمەيدىغان سۆزلەرنى، مەسىلەن: ئالدى قوشۇلغۇچى، باغلىغۇچى قاتارلىقلارنى كۆپرەك مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇبدان چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، بالىلارغا ئۆگىتىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا جەھەتلەرنىڭ ئاستا تەبىئىي تەرەققىياتىغا پايدىسى تېگىدۇ. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ دەسلەپكى تەلىم-تەربىيە پىلانىمىزغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

بالىلار تىلدىن ئەمەلىي پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغاندا، ئۇلارغا تىلنىڭ گراماتىكىسىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. بىراق بالىلارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىنى ۋە باشقا قابىلىيىتىنى مەشىق قىلدۇرغاندا بىز ئۇلارغا گراماتىكا توغرىسىدا ھېچنېمە ئۆگەتمەيمىز. گەرچە زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە بۇ پرىنسىپ ئۇنتۇلۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، بىراق چەتئەل تىلى ئۆگىنىشتە بۇ پرىنسىپ كارغا كېلىدۇ. مەكتەپتە ئوقۇمىغان بىر ئادەمنىڭ تىل ئۆگىنىشتە مۇشۇنداق توغرا ئۇسۇلدىن پايدىلانغانلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىر گېرمانىيىلىك بالىنى فرانسىيىلىك بىر خىزمەتكارغا فرانسۇزچە ئۆگىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىزمەتكار بالا بىلەن توختىماي سۆزلىشىپ تۇرۇش ئارقىلىق، گېرمانىيىلىك بۇ بالىغا فرانسۇزچىنى تېز ۋە ئۇبدان ئۆگىتىپ چىقىدۇ. گېرمانىيىلىك بۇ بالىمۇ ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى فرانسۇز تىلىدا بىمالال ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولىدۇ. گەرچە فرانسۇز تىلى بىلەن نېمىس تىلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق گېرمانىيىلىك بالا مەكتەپتە كۆپ يىل ئوقۇپمۇ ئېرىشەلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشكەن. بۇ خىزمەتكارنىڭ ئۇسۇلى تەبىئىي ئۇسۇل بولغاچقا، ياخشى ئۈنۈم بەرگەن.

مېنىڭ كۆز قارىشىمنى بىر ئادەمنىڭ ھېچكىممۇ ئۇنىڭ تىلىدا سۆزلىمەيدىغان چەت دۆلەتكە بارغاندىكى ئەھۋالىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئوبيېكتىپ شارائىت ئۇنداق ئادەمنى ئانا تىلىنى ئۆگەنگەندەك چەتئەل تىلىنىمۇ ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنداق شارائىتتا ئادەم چەتئەل تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتىن ئاۋۋال، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى ئەستە تۇتىدۇ،

سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ رولىنىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ چۈشىنىدۇ. گەرچە بىز بۇ پرىنسىپنى ھېچقانداق بىر چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىغا ئانا تىل ئۆگەتكەندىكىدەك ئۇزۇن تەدبىقلىمىغان بولساقمۇ، تەجرىبىلىرىم كۆزقاراشلىرىمنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىسپاتلاپ بەردى.

بىراق، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ پرىنسىپ چەتئەل تىلى ئوقۇتۇشىغا تەدبىقلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ پرىنسىپ تىل ئۆگىنىش تەرتىپى جەھەتتە ئۈلگە بولالايدۇ. بىز نېمىس تىلى (ئانا تىلىمىز) ۋە لاتىن تىلى ئوقۇتۇشىدا بۇ توغرىدىكى تەتقىقاتنى باشلىۋەتتۇق.

ئەمدى بىز تىل بىلەن سەزگۈ تەجرىبىلىرى ۋە تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختىلايلى. ئادەمنىڭ سەزگۈ تەجرىبىلىرى بەكلا قالايمىقان بولمىسىلا، ئادەم تورمۇشتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ ئېنىق تەسىراتىنى ئۆزلۈكىدىن تېپىپ چىقالايدۇ. بىراق ئېنىق ھېسسىي بىلىش ئادەمنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ئادەم بۇ بىلىشلەرنى بىرىكتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرىراق ئىدىيىۋى سىستېما ئىچىدە تىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. تۈرلۈك سەزگۈ تەجرىبىلىرى ئادەم ئىزدەۋاتقان مۇناسىۋەت ئىچىگە كىرگەندە، ئادەم ئېنىق كۆز قاراشقا ئىگە بولىدۇ. ئادەم بۇ كۆز قاراشلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە تىزىدۇ ۋە تىل ئارقىلىق ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ. بىر ئادەم ئۈچۈن بۇلار ستىخىيىلىك بولىدۇ، بىراق مائارىپچىلار بۇ خىل ستىخىيىلىكنى ئاددىي تەرتىپكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدا خاتالىق كۆرۈلمەسلىكىگە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق ئۇلار خاتا يولغا كىرىپ قېلىپ، سەزگۈ تەجرىبىلىرىنى بىرىكتۈردىغان تەشكىللەيدىغان ئاساسىي خىزمەتتىن چەتنەپ، مۇلاھىزە قىلىش، سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنچىكە ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىغا تىل ئۆگىتىش قائىدىسىنى دەسسەتتى. بۇنداق قىلىش ھارۋىنى ئاتنىڭ كەينىگە قاتماي، ئالدىغا قاتقانلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. سىستېمىلىق لوگىكا ئېنىق تەپەككۇر قىلىدىغان مۇتەپەككۇر ئۈچۈنلا كارغا كېلىدۇ.

بىراق بالىلار ئۇنىڭدىن ھەر قانچە ئۇزاق پايدىلانسىمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى يوقالغان بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كۈچسىز، زېرىكىشلىك ۋە ئۈنۈمسىز بولىدۇ.

تىل قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەشىقلەر تۇرمۇشقا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. خۇددى كىشىلەر ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلەش بىلەنلا ئەخلاقلىق ئادەم بولۇپ قالمىغانغا ئوخشاش، بالىلار تىل ئەمەلىيىتى ئارقىلىقلا تىل ئۆگىنەلەيدۇ. تىل تەربىيىسى سىستېمىسىدا ھەرپلەر ۋە تاق سۆزلەر ئادەتتە سەزگۈنى ئەمەلىي تىلغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئادەتتىكى ھەم تەبىئىي تەييارلىقى دەپ قارىلىدۇ. تىل تەربىيىسىدە ھەرپلەر ۋە تاق سۆزلەرنى قوللىنىش ئاشۇ مەقسەتتە بولىدۇ، شۇنداقلا ھەرپلەر ۋە تاق سۆزلەر كىشىلەرنىڭ تىل قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان ۋە چېنىقتۇرىدىغان مۇۋاپىق ئاساس دەپ قارىلىدۇ.

بىراق، شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، تىل تەربىيىسى ھەرگىزمۇ بىر تالاي مېخانىك مەشىق ۋە كىشىلەرنىڭ تۈزگەن لايىھىسى ئەمەس. تىل تەربىيىسىنىڭ ئاساسى سەزگۈ ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى يىغىنچاقلاش، ئايرىش ۋە سېلىشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز يەنىلا ئېلىپبە جەدۋىلىنى قايرىپ قويۇشنى خالىماي، بەزىبىر لايىھەلەرنى تۈزىمىز. ھەر قانداق بىر ئىشتا تەبىئىي خاھىش بويىچە تەرەققىي قىلىمىز. ئادەم سەزگۈ ئەزالىرى سەزگەن تۈرلۈك شەيئىلەر توغرىسىدا ئوبدان تەرەققىي قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، بۇ شەيئىلەرنى يىغىنچاقلاشنى، ئايرىشنى ۋە سېلىشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئادەمدە تىل قابىلىيىتى پەيدا بولىدۇ. بۇ قابىلىيەت ئادەمدە تەبىئىي پەيدا بولۇپ قالغاندەك بىلىنىدۇ. بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز بولسا مۇھىم نۇقتىنى دەسلەپكى باسقۇچتىكى تەربىيىگە قارىتىش، ھەر قانداق مېخانىك ئۇسۇل-چارىنى ياكى ئادەتلەشتۈرۈشنى رەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تۈرلۈك ئوبيېكتلارنى

مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتىن ئاۋۋال، ئادەم بىر قاتار ئابستراكت مەشغۇلات ئارقىلىق تىلنىڭ ئادەتتىكى پرىنسىپلىرىنى ئىگىلىۋېلىشى كېرەك.

تىل تەربىيىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئىشلەتكەن لايىھىلەر تەبىئەتكە باب كېلىشى لازىم. بۇ دېگەنلىك تۈزگەن لايىھىلەر «ئاساسىي» بولۇش كېرەك؛ شۇنداقلا تەدرىجىي ئىلگىرىلەيدىغان، نۇقسانسىز تەرتىپتە تۈزۈلگەن بولۇشى، ئاددىي، چۈشىنىشلىك ئاساسىي پرىنسىپتىن مۇستەقىل تىلغا، ھەتتا ئاددىي دىئالوگقا ئۆتىدىغان بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىراق بۇ، جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىدىكى باللار چەتئەل تىلى ئۆگەنسۇن دېگەنلىك ئەمەس. تۈرلۈك قاتلاملاردىكىلەر ۋە تۈرلۈك كىشىلەر ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى ماھارەتكە مۇھتاج بولىدۇ، چەتئەل تىلىغا پەقەت ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا مۇھتاج بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتلەرنى ئۆزگىچە قابىلىيەتكە ئىگە، باشقا قاتلامدىكىلەرگە تايانمايدىغان كىشىلەر قىلسا، ھەقىقىي ياخشى ئىش بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئالاھىدە بىر بۇرچتۇر. ئۆزگىچە قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت بېرىش، ئەڭ مۇھىمى بۇ قابىلىيەتنى ئېنىق يېتەكلەش كېرەك. بىراق، تورمۇشتىكى تەلىم-تەربىيە پرىنسىپىمۇ بۇ يەردە ئېتىبار قىلىنىشى كېرەك. بىز ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، باللارنىڭ تۇرمۇشتىكى بەختىنى ئاۋۋال ئويلىشىمىز ئۈلارنىڭ ئەمەلىي ۋە يوشۇرۇن مۇھتاجلىقىغا ماس كېلىشىمىز كېرەك. بىز نەتىجىسى ئەلا باللارغا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن كۆيۈنۈشنى تەلەپ قىلىمىز، بىراق بۇ، تەلىم-تەربىيە پرىنسىپىغا زىت ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنى كۈچەيتىدۇ. شۇنداقلا تىل قابىلىيىتى باشقا ھەرقانداق قابىلىيەتكە ئوخشمايدۇمۇ ئەمەس.

تىل مەشىقى باللارنىڭ ئادەتتىكى ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلىشى كېرەك. باللارنى تىل مەشىقىنى كۈچەيتىشكە زورلىماسلىق كېرەك؛ ئۇسۇل چوقۇم

باللارنىڭ ستىخىيىلىك پائالىيىتىگە ماس كېلىشى كېرەك.
گەرچە باللاردا تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ قابىلىيىتىنى ئۆز مەيلىچە قويۇۋەتسەك بولمايدۇ. بىز باللارنى يېتەكلىشىمىز ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىمىز، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلانغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارغا بىلىم ئۆگىتىشىمىز ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.
ئەمەلىيەتتە مەن تەلەيلىك. چۈنكى فىستالوز ئالدىنقى قېتىم دادام بىلەن خەتتە ئالاقىلاشقاندىن كېيىن، يەنە دادامغا خەت يېزىپ، مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوراپ تۇراتتى. مەن ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئۇلۇغ بىر ئۇستازنىڭ تەربىيىسىگە ئېرىشكەن. گەرچە مېنى دادام تەربىيىلىگەن بولسىمۇ، بىراق فىستالوزنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ توغرىلىقى بىربىرلەپ مەن ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.
مەسىلەن: ئادەمنىڭ ھاياتىدا بوۋاقلىق مەزگىلىدىنمۇ مۇھىم مەزگىل يوق. كىشىلەر ھەر ئائىللارنى قىلىپ باللارنى ساغلام چوڭ قىلىشنى ئويلايدۇ. بىراق، باللارنىڭ مېڭىسىنى تۇرلۇك ئائىللارنى قوللىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دېگەن گەپنى ئاڭلىسا، ھەيران قالىدۇ. باللارنىڭ مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگىنىمىز، باللارغا بالدۇرراق تىل ئۆگىتىش دېگەنلىكتۇر. كىشىلەرنىڭ بۇ نۇقتىغا بولغان بىلىشى پۈتۈنلەي خاتا. چۈنكى تىل-تەپەككۇر قورالى، باللارغا تىل ئۆگىتىشنى بالدۇر باشلىمىغاندا، باللارنىڭ مېڭىسى ئوبدان تەرەققىي قىلالمايدۇ. دادام فىستالوزدىن بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋالغانىدى.
مېنىڭ ئالتە ياشقا كىرگۈچە ياخشى تىل تەربىيىسى ئېلىشىم ۋە تىل تەرەققىياتىمنىڭ باشقا باللار يېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە تېز بولۇشىمۇ يۇقىرىقى سەۋەبتىن بولغان.
بالىغا مۇكەممەل تىل ئۆگەتكەندە، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلغان بولىمىز. ئاتا-ئانا بولغۇچى ئازراق زەڭ سالسىلا، بوۋاقنىڭ

كىچىكىدىن تارتىپلا ئادەمنىڭ ئاۋازىغا ۋە نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىغا ناھايىتى سەزگۈرلىكىنى بايقىيالايدۇ.

بۇ، بالىغا تىل ئۆگىتىشنى بالدۇر باشلىسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دادام مەن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا، خۇددى گەپنى چۈشىنىدىغان بالىلارغا سۆزلىگەندەك ماڭا گەپ قىلغان. بىراق، دادام ماڭا تىل ئۆگەتكەندە، فىستالوزىنىڭ تەكىتلىگىنىدەك، نۇرغۇن كىشىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان مۇكەممەل بولمىغان تىلنى ئىشلەتمىگەن.

بالىغا مۇكەممەل بولمىغان تىلنى ئۆگىتىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى بۇنداق بولغاندا، بالىلارنىڭ ئىككى يۈرۈش سۆزلۈك ئۆگىنىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر ئىسراپچىلىق، شۇنداقلا بالىلار چوڭ بولغاندا گەپنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي قېيىنىلىدۇ. بالىلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇرراق، جىقراق سۆزلۈك ئۆگىتىش كېرەك. بالىغا مۇكەممەل سۆزلەشنى ئۆگەتمەسلىك توغرا ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، كىچىكلىكىمدە دادام مېنى تەبىئەتكە باشلاپ چىقىپ خۇشاللىقا ئېرىشتۈرگەن، مېنى ئېتىز-دالىلاردا يۈگۈرتكەن، دادامنىڭ ياردىمىدە مەن تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چۈشەنگەن، قىزىققان شەيئىلەرنى كۆزەتكەن. ئەمەلىيەتتە بالىلار مۇۋاپىق مۇھىتقا ئېرىشسە، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدۇ. ئۇلار يېتەكلەشكە، ھېسداشلىققا مۇھتاج، تەنبىھ-تەنقىتتىن بىزار.

مەن تىل ئۆگەنگەندە دائىم ئەڭ قىزىقىدىغان يېرىمنى تېپىپ چىقاتتىم ۋە بۇلارنى ئاساس قىلاتتىم. دادام ھەرگىزمۇ ماڭا تىل ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەتەي دىئالوگ توقۇپ چىقمايتتى. بالىغا تىل ئۆگىتىشتە پاراڭ تەبىئىي بولۇشى، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش مەقسەت قىلىنىشى، بالىنى قىزىقىدىغان نەرسىگە يېتەكلەش ۋە بالا جاۋابىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان سوئالغا جاۋاب بېرىش كېرەك. دادام بۇ تەلىم-تەربىيە مەزمۇنىغا پىششىق ئىدى. مەن دادامنىڭ ماڭا قانداق ئىشنى ئىبتىدائىي بولغانلىقىنى بىلسەممۇ، بىراق بەزى سۆزلەرنى

بىلمەسلىك توپەيلى پىكىرىمنى دەماللىققا ئوچۇق ئىپادىلىيەلمىگەن چېغىمدا، دادام ئاشۇ سۆزلەرنى ۋە زۆرۈر ئادەت سۆزلىرىنى ماڭا ۋاقتىدا ئۆگىتىپ قويغان ۋە بۇ ئارقىلىق ھەم مېنىڭ قىزىقىشىمنى ساقلاپ قالغان ھەم ماڭا ئېھتىياجلىق تەرسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆگىتىپ قويغانىدى.

مەن دەسلەپتە پىكىرىمنى ئىپادىلەشتە ئىشلەتكەن سۆز-جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى دادام بىلەن پاراڭلاشقاندا ئىشلەتكەن سۆز-جۈملىلەردىن كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز-جۈملىلەر تەكرار ئىشلىتىلگەچكە، مەن ئۇلارنى ئىختىيارسىز ھالدا ئەستە تۇتۇۋالغانىدىم. نېمە تېرىساڭ شۇ ئۈنىدۇ. ھەممىلا بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشىدە مۇشۇنداق ئالاھىدىلىك بولىدۇ، چوڭلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇلار ئېسىدە تۇتۇۋالىدۇ. بۇ سۆز-جۈملىلەر تالاي قېتىم تەكرارلىنىش نەتىجىسىدە، بالىلارنىڭ خاتىرىسىگە مەھكەم ئورنايدۇ. شۇنداقلا لازىم بولغاندا، بۇ سۆز جۈملىلەر بالىلارنىڭ ئېسىگە دەرھال كېلىدۇ.

دادامنىڭ تىل تەربىيىسى جەھەتتىكى قاراشلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى.

دادامنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى مۇنداق ئىدى: ھەر قانداق ئادەم ئانا تىلىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، تىل قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدۇ، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى قابىلىيىتىنىمۇ يېتىلدۈرەلەيدۇ، گەپ كۆڭۈل قويۇپ يېتىلدۈرۈشتە. يېتىلدۈرگەن مەزمۇن ۋە تەرتىپنىڭ قانداقلىقىمۇ قابىلىيەتنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا دادامنىڭ قارىشى بىلەن فىبستالوزنىڭ قارىشىدا ئازراق پەرق بولسىمۇ، بىراق چوڭ جەھەتتىن يەنىلا ئوخشاش. باللار نېمە ئۈچۈن راۋان سۆزلىيەلەيدۇ؟ قارىماققا بۇ مۇقەررەر ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، بىراق بۇنىڭ چۈشىنىكسىز تەرىپىمۇ بار.

ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ تىلىدا قىيىن، مۇرەككەپ،

ئوگايلىقچە ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەرەپلەر بولىدۇ. بىراق شۇ تىل ئانا تىلى بولغان ھەر قانداق بالا شۇ تىلدا راۋان سۆزلىيەلەيدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

فېستالوزى، باللارنىڭ ئانا تىل جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ تىل ئۆگىنىشتە تەرەققىيات مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەمدۇ؟ دەيدۇ.

كىشىلەر بۇرۇن باللارنىڭ تەرەققىيات مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ باقمىغان، شۇنداقلا باللارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى توغرا تەرەققىي قىلدۇرمىغان، نەتىجىدە مەغلۇپ بولغان. شۇڭا بۇ توغرىدا ئوبدانراق ئويلىنىشىمىز كېرەك. بىز ئانا تىل تەربىيىسى توغرىسىدا باللاردا تىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم تەلىم-تەربىيە شارائىتى ۋە ئۇسۇلنى ئۇتتۇرىغا قويىدۇق. ئانا تىل تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئادەتلەنگەن تىلى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، تىل ئوقۇتۇشىدا يېڭى سۆزلۈكلەرنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىش ۋە ئىگىلەش كېرەك. پىششىق ئىگىلىگەن سۆزلۈكلەر مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندە، تىل قابىلىيىتىنى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يەنى، تىل قابىلىيىتى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق باللارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇ، ئۈنۈملۈك تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىدۇر.

ئانا تىل تەربىيىسى ھازىرغا قەدەر بىر كۆنمە توختاپ قالمىدى، كىشىلەر ئانا تىل ئارقىلىق باللارنى تەربىيىلەپ كەلدى، ھېچقانداق بىر بالا ئانا تىلىنى ئۆگىنىشتىن توختاپ باقمىدى، شۇنداقلا ئانا تىل ئۆگىنىش ھېچقانداق بىر بالىدا مەغرۇرلىنىش ياكى ئۆزىنى كەمسىتىش پەيدا قىلىپ باقمىدى. باللارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ سىرى مۇشۇ يەردە.

بىراق، ئادەتتىكى شارائىتتا ئانا تىل تەربىيە ئۇسۇلى قوللىنىلمىدى. نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قابىلىيەتنىڭ ئۆسۈش-ئۆسمەسلىكى بىلەن كارى بولماي، قارىغۇلارچە

تەربىيىلەنگەچكە بالىلارنىڭ يوشۇرۇن تىل قابىلىيىتى بوغۇپ قويۇلدى.

فىستالوز يەنە دادام بىلەن ماتېماتىكا ئارقىلىق تىل قابىلىيىتىنى كۈچەيتىش ئۇسۇلى توغرىسىدىمۇ پاراڭلاشقان. مۇشۇ تۆپەيلى مەندە ماتېماتىكىغا زور ئىشتىياق تۇغۇلغان، كېيىن ماتېماتىكا جەھەتتە ئازتولا نەتىجە قازىنىشىممۇ مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك. مەن ھەتتا مۇشۇ تۆپەيلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم. بۇ يەردە مەن فىستالوزغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئانا تىلنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، نۆۋەت چەتئەل تىلىغا كېلىدۇ. چەتئەل تىلى ئۆگەنگەنلىك باشقا بىر دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ئاچقانلىق ...

ئەمەلىيەتتە، دادام ماڭا چەتئەل تىلى ئۆگىتىشتە خېلى ئەجىر قىلغان. دادام «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابىدا بۇنى تەپسىلىي بايان قىلغان بولۇپ، بۇلار ھېلىھەم ئېسىمدە. «ئېلچىس»نى پىششىق يادلىيالىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇنىڭدا.

ئوغلۇمغا تىل ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش جەھەتتە نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسامۇ، لېكىن قانائەتلىنىپ قالماي، ئۇنىڭغا بىرەر مۇھىم چەتئەل تىلىدىن بالدۇرراق ئاساس سېلىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى كۆپ خىل تىل ئۆگىتىش- بالىنىڭ سۆز مەنىسىنى توغرا چۈشىنىشىگە ۋە تەپەككۇر قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى. ئاۋۋال ئاسانلىرىنى، ئاندىن تەسلىرىنى ئۆگىتىش پرىنسىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغلۇمغا ئانا تىلنىڭ ئوقۇلۇشىنى پىششىق ئۆگىتىش ئاساسىدا، شۇ تىلغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان بىرەر چەتئەل تىلىنى ئۆگىتىش قارارىغا كەلدىم.

ئوغلۇم نېمىس تىلىدا ئەركىن ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا دەرھال فرانسۇز تىلى ئۆگىتىشكە باشلىدىم. ئۇ چاغدا ئوغلۇم ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن ئىدى. مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللانغاچقا، بىر يىل ۋاقىت ئىچىدىلا، ئوغلۇم فرانسۇزچە تورلۇك

كىتابلارنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق تېز ئۆگىنىشى ئالدى بىلەن يەنىلا نېمىس تىلى بىلىمىنىڭ ناھايىتى مول بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

كارل فرانسۇزچىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئىتالىيان تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى، كىرىشىپ، ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇ تىلنىمۇ ئۆگىنىپ بولدى. بۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭغا ئەمدى لاتىن تىلى ئۆگەتسەم بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

مەكتەپلەردە ئادەتتە چەتئەل تىلى ئۆگىنىشتە، ئالدى بىلەن لاتىن تىلىدىن باشلاپ ئۆگىنىش زۆرۈر، دەپ بەلگىلەنگەن. بىراق مېنىڭچە، ئۆگىنىشتە مۇنداق زىيادە مەجبۇرلىماي، نېمىس تىلىغا ئەڭ يېقىن بولغان فرانسۇز تىلىدىن باشلاپ ئۆگىنىش ئەڭ مۇۋاپىق. شۇڭا مەن ئاۋۋال ئاسانلىرىنى، ئاندىن تەسلىرىنى ئۆگىنىش تەرتىپى بويىچە بولۇش ئۇسۇلىنى قوللاندىم.

لاتىن تىلى ئۆگىنىش ئۇن نەچچە ياشلىق بالا ئۈچۈنمۇ ناھايىتى تەس بولۇپ، باش ئاغرىتقۇدەك ئىش. شۇڭا مەن مۇۋاپىق تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ تىلنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم. ئوغلۇمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، لاتىن تىلى ئۆگىتىشتىن ئاۋۋال، ۋېككىرنىڭ «ئېلچىس» ناملىق داستانىنىڭ ۋەقەلىكى، مۇھىم ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە گۈزەل تىل ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى ئوغلۇمغا سۆزلەپ بەردىم. مەن يەنە: «ئەگەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلى بولاي دېسەڭ، لاتىن تىلىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىشىڭ لازىم»، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇمنىڭ قىزىقىشى قوزغالدى.

ئوغلۇم يەتتە ياشلارغا كىرگەندە، مەن ئۇنى دائىم لېيپزىگ مۇزىكا كېچىلىكىگە ئېلىپ باراتتىم. بىر قېتىم ئارىلىقتىكى دەم ئېلىشتا، ئوغلۇم تىياتىرنىڭ ناخشا تېكىستى يېزىلغان كىتابچىسىنى كۆرۈپ، ماڭا: «دادا، بۇ فرانسۇزچىمۇ، ئىتالىيانچىمۇ ئەمەس لاتىنچىكەن» دېدى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «شۇنداق، ئەمدى ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېپىپ باق» دەپ،

ئۇنى ئىلھاملاندۇردۇم. ئوغلۇم فرانسۇز تىلى ۋە ئىتالىيان تىلىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئاساسى مەنىسىنى بىلىۋالدى. ئۇ، خۇشال ھالدا: «دادا، لاتىن تىلى بۇنداق ئاسان بولىدىغان بولسا، مەن ئۆگەنگەن بولاتتىم» دېدى. بۇ چاغدا مەن شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلىپتۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا لاتىن تىلى ئۆگىتىشنى باشلىۋېدىم، توققۇز ئاي ئىچىدىلا لاتىن تىلىنى ئۆگىنىۋالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن كارل ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ بولۇپ گرېك تىلى ئۆگەندى. ئىنگلىز تىلىنى ئۈچ ئايدا، گىرېكچىنى ئالتە ئايدا ئۆگىنىپ بولدى.

ئوغلۇمنىڭ گىرېك تىلى ئۆگىنىشى بىرقەدەر قىزىقارلىق بولۇپ، پۈتكۈل ئۆگىنىش جەريانى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇش بولدى. ئۇ گرېك تىلى ئۆگىنىشنى دائىم ئۇچرايدىغان تاق سۆزلەرنى يادلاشتىن باشلىغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا گرېكچە تاق سۆزلەرنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى يېزىلغان كارتا ئىشلەپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ دەسلەپ مۇشۇ كارتىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان تاق سۆزلەرنى ئۆگەندى.

بىر قىسىم تاق سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال تەرجىمە قىلىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇ دەسلەپ «ئېزوپ مەسەللىرى»نى ئوقۇدى، ئارقىدىنلا سېنوفىننىڭ «ھەربىي يۈرۈش خاتىرىسى»نى ئوقۇدى. باشقا تىللارنى ئۆگەتكەنگە ئوخشاشلا مەن ئوغلۇمغا گراماتىكىنى سىستېمىلىق ئۆگەتمىدىم، پەقەت زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىلا ئۆگىتىپ تۇردۇم.

مەن ئىشلەۋاتقاندا، ئوغلۇمنى ئۆز شىرەسىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆگىنىش قىلدۇراتتىم. ئەينى چاغدا گېرمانىيىدە پەقەت گرېكچە-لاتىنچە لۇغەت بار، نېمىسچە-لاتىنچە لۇغەت يوق ئىدى. ئوغلۇم گرېك تىلىنى ئۆگەنگەندە، ھەر بىر تاق سۆزنى مەندىن سوراشقا مەجبۇر بولاتتى. گەرچە خىزمىتىم ئالدىراش بولسىمۇ، ئوغلۇمنىڭ سوئاللىرىغا ئاچچىقلانماي، بىر تەرەپتىن ئىشىمنى قىلغاچ، بىر تەرەپتىن ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ ئۆگىتەتتىم.

كارل مۇشۇنداق ئۆگىنىش ئارقىلىق ھېرىدودنىڭ مەشھۇر تارىخى ئەسىرىنى، سېنوفوننىڭ «جەۋھەر»، «سوقرات خاتىرلىرى»نى، تىئوۋچىنىس ۋە لىلچيۇس تۈزگەن «پەيلاسوپلار قىسسىسى» ھەم روسئانىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە، پلاتوننىڭ «دىئالوگ»نى ئوقۇپ چىقتى. ئەمما ئۇ ماڭا «دىئالوگ»نىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

مۇشۇ تىللارنى ئۆگىنىپ بولغىنىدا، كارل ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھومېر، پروتاك، ۋېككېر، سېتسرۇ، ئۇشا، فېنلون، فىلورىئان، فېستالوز، شىللېر قاتارلىق گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە، رىم قاتارلىق ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولغان ئىدى.

ئادەتتىكى كىشىلەر چەتئەل تىلى ئۆگىنىشتىن قورقىدۇ. ئالتە خىل چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر ئۆمۈر زېھنىنى سەرپ قىلغاندا تاماملىغىلى بولىدىغان ئىش. كارل شۇنچىۋالا كىچىك تۇرۇپ، ئاشۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتا بۇنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇنداقتا، بۇنىڭ قانداق سىرى بار؟ بۇنىڭ ھېچقانداق سىرى يوق. تۆۋەندە، مەن ئوغلۇمغا چەتئەل تىلى ئۆگىتىش داۋامىدىكى بەزى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ چىقتىم.

1. «قۇلاق» ئارقىلىق چەتئەل تىلى ئۆگىنىش

ئالدى بىلەن لاتىن تىلىنى مىسالغا ئېلىپ چۈشەندۈرەي. لاتىن تىلى ئوقۇغۇچىلاردىكى مۇھىم ئاساسى ماھارەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئۇنىڭدىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ، لاتىن تىلىنى ئۆگىنىۋالسىلا، فرانسۇز تىلى، ئىسپان تىلى، ئىتالىيان تىلىنى ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لاتىن تىلى ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇلارنىڭ لاتىن تىلى ئاساسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدا. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، بالىنىڭ لاتىن تىلى

ئاساسىنى ئامالىنىڭ بارىچە بالدۇرراق سېلىش زۆرۈر. شۇڭا، ئوغلۇم بۆشۈكتىكى چېغىدىلا، مەن ئۇنىڭغا لاتىن تىلى ئۆگىتىشنى باشلىغان ئىدىم.

كۆپچىلىك بەلكىم دېگەنلىرىمنىڭ باش-ئاخىرى زىددىيەتلىك بولۇپ قالدى دەپ قارىشى، شۇنداقلا يەپ-ئىچىش ۋە ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۆشۈكتىكى بالىغا قانداق ئۆگىتەلىگەنلىكىمدىن هەيران قېلىشى مۇمكىن. بۇ ناهايىتى ئاددىي بولۇپ، مەن پەقەت ئۇنىڭغا ئاڭلاتتىم. بوۋاقلار كۆزىگە قارىغاندا قۇلىقىنى ئىشلىتىشكە ماهىر بولغاچقا، ئاڭلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوغلۇمغا لاتىن تىلى ئۆگىتەتتىم. هەر قېتىم ئوغلۇم ئويقۇدىن ئويغىنىپ، كەيپىياتى بىرقەدەر ياخشى چاغدا، مەن ئاستا هەم ئېنىق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوغلۇمغا ۋېككىرنىڭ «ئېلچىس» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ بېرەتتىم. بۇ ناهايىتى ياخشى يېزىلغان داستان، شۇنداقلا ناهايىتى ياخشى «ئەللەي ناخشىسى» بولۇپ، ئوغلۇم ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. كۆپىنچە ئۇ ئاڭلاۋېتىپ ئويقۇغا كېتەتتى. مۇشۇنداق ئاساس سېلىنغاچقا، ئوغلۇم لاتىن تىلى ئۆگىنىشنى ئوڭاي هېس قىلغان هەم «ئېلچىس»نى تېزلا يادلىۋالغان ئىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاتىن تىلى ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىقىنى، پۈتۈنلەي مەكتەپلەرنىڭ سۈرەتلىك گىرافىكلارنى قوللىنىپ، لاتىن تىلى ئۆگىتىشتە بەلگىلەنگەن ئۇسۇللىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىل مېخانىكىلىق ئۇسۇل تەنقىت قىلىنىشى كېرەك. بىر قېتىم كارل مەلۇم لاتىن تىلى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن سۆزلەشكەندە، هېلىقى ئوقۇتقۇچى كارلنىڭ گەپلىرىنى ئۇقالماپتۇ، ئۇچاغدا كارل ئەمدىلا 8 ياشقا كىرگەن ئىدى. مەكتەپلەردە ئۆگىتىلىدىغان لاتىن تىلى دەرسلىكىنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، لاتىن تىلى ئۆگەنگەنلەر كىتابنىلا ئوقۇيالايدۇ، ئەمما لاتىن تىلىدا سۆزلىشەلمەيدۇ.

2. يادلىغاندىن مەشىق قىلغان ياخشى

مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمغا سىستېمىلىق هالدا گىرامماتىكا

ئۆگەتمىگەن ئىدىم، ئۆگەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ چۈشىنەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، چوڭلارغا نىسبەتەن گىراماتىكا ئاساسىدا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئۈنۈملۈك چارە. بىراق، بالىلارغا «يادلىغاندىن مەشىق قىلغان ياخشى» دېگەن ئۇسۇلنى قوللىنىش زۆرۈر. چۈنكى بالىلار ئانا تىلىنى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆگىنىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئاممىباب، چۈشىنىشلىك شېئىرلارنى ئەستە تۇتماق ئاسان بولغاچقا،تىل ئۆگەتكەندە، مەن ھەمىشە ئالدى بىلەن كارلغا شېئىر ئۆگىتىپ، ئۇنى مۇشۇ خىل تىل سېزىمىغا كۆندۈرگەن ئىدىم. بىر قىسىم ئاساسىي نەرسىلەرنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئوغلۇمدىن ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىشنى تەلەپ قىلاتتىم. قايسى خىل تىلنى ئۆگەتكەن بولسام، ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن ھامان شۇ خىل تىل بىلەن سۆزلىشەتتىم. ئەگەر ئوغلۇم ئىپادىلىيەلمەيدىغان يەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇ نېمىسچە سۆزلەيتتى، بۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئويلاپ چىقىشقا مەجبۇرلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئوغلۇمدىن ئۆزى ئۆگەنگەن ئاشۇ تىل-يېزىقتىكى كىتابلارنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلاتتىم. چۈنكى بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇ خىل تىل- يېزىقتىكى كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ھەر قانداق تىلنىڭ ئەڭ تاللانغان قىسمى كىتابلارغا مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ئوغلۇم ئۇقمايدىغان تاق سۆزلەرگە دۇچ كېلىپ قالغاندا، ئۆزىنى لۇغەت ئاختۇرغىلى سالاتتىم. ئوغلۇم دەسلەپتە كۆپ ئۇچرايدىغان بەزى تاق سۆزلەرنى ئۆگەنگەن بولغاچقا، تەكرار لۇغەت ئاختۇرۇش قېتىمىنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ بارغانلىقى ئۇنىڭ شۇ تىلنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا،مەن ئوغلۇمنى چەت ئەللىك بالىلار بىلەن خەت-ئالاقە قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم. ئۇنىڭ چەت ئەللىك دوستلىرى دەسلەپ ئاز ئىدى، كېيىنچە ئۆگىنىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ،گرېك تىلى ئۆگىنىۋاتقاندا، بىر گرېتسىيىلىك بالىغا خەت

يازدى. ئۇزاق ئۆتمەي گرېتسىيىدىن جاۋاپ خەت كېلىپ، ئوغلۇمنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ گرېتسىيىگە ناھايىتى قىزىقتى ھەم گرېتسىيىگە دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدى. كېيىن ئۇ يەنە ئىتالىيىلىك، ئەنگلىيىلىك بالىلارغا خەت يازدى. ئۇ بۇ دۆلەتلەرگىمۇ ناھايىتى قىزىقتى ھەم ئۇ دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلارنى بىر بىرلەپ تەتقىق قىلدى. خەت ـ ئالاقىنىڭ كۆپىيىشى داۋامىدا، ئوغلۇمنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى خېلى ئۆستى.

3. بىر ھېكايىنى ئوخشىمىغان تىللاردا ئوقۇش

ئوقۇپ بولغان بىر ھېكايىنى ئادەمنىڭ قايتا ئوقۇغۇسى كەلمەيدۇ، ئەمما ئوغلۇم بىر ھېكايىنى تەكرار ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوغلۇمغا چەت ئەل تىلى ئۆگەتكەندە، بىر ھېكايىنى ئوخشاشمىغان تىلدا ئوقۇتىدىغان بولدۇم. مەسىلەن: ئاندېرسوننىڭ بالىلار چۆچەكلىرىنى ئوغلۇمغا نېمىس تىلىدا ئوقۇتاتتىم، يەنە فرانسۇز، ئىتاليان، لاتىن، ئىنگلىز ھەم گرېك تىللىرىدا ئوقۇغىلى سالاتتىم. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئوغلۇم ھەر خىل تىللارنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەچكە، ئۆگىنىشى ھەم ئاسان، ھەم تېز بولدى.

4. سۆز مەنبەسىنى ئېنىق بىلىش

چەت ئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشتە، سۆز مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ پايدىسى كۆپ. شۇڭا مەن ئوغلۇمنى كىچىكىدىن باشلاپ شۇنداق قىلغىلى ھەم بىر نەچچە پارچە خاتىرە يازغىلى سالغانىدىم. مەسىلەن: لاتىن تىلىنىڭ مەلۇم تاق سۆزلىرىنى ئۆگەتكەندە، ئوغلۇمنى مۇشۇ تاق سۆزدىن ھازىرقى قايسى سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى تەكشۈرگىلى، نەتىجىسىنى خاتىرىگە يازغىلى سالاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەم ھېلىقى لاتىنچە سۆزنى ئۆگىنىۋالاتتى، ھەم شۇ سۆزدىن تۆرىلىپ چىققان ھازىرقى سۆزلەرنى ئەستە تۇتاتتى، شۇ ئارقىلىق تىل تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ

قانۇنىيىتىنى بىۋاسىتە كۆزىتىپ، كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيتتى.

5. ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناش ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە

مەن بۇ يەردە ئاتا - ئانىلارغا يەنە بىر قېتىم شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاچقۇچى- ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش - قوللانماسلىقتا. مېنىڭچە، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل- ئۆگىنىش داۋامىدا بالىلار بىلەن ھەر خىل ئويۇن ئويناشتىن ئىبارەت.

ئوغلۇم ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ بولغاندا، مەن «ئەتىگەنلىكنىز خەيرلىك بولسۇن» دېگەن جۈملىنى ئوغلۇمغا 13 خىل تىلدا ئۆگەتسەم، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۆگىنىش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوغلۇمنى 13 دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان 13 قونچاقنىڭ ھەر بىرىگە قاراپ، شۇ تىلدا «ئەتىگەنلىكنىز خەيرلىك بولسۇن» دېگىلى سالاتتىم. ئوغلۇمنىڭ ئويۇنغا ئامراق، جىم تۇرمايدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل تىلدا تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايتتىم. مەسىلەن : ھېكايە، بېيىت- قوشاق ئېيتىشاتتۇق، تېپىشماق تېپىشاتتۇق، بەسلىشىپ سۆز- جۈملە قۇراشتۇراتتۇق. ماقال- تەمسىل، چۆچەكلەرنى توقۇيتتۇق. مۇشۇنداق جانلىق ئۆگىنىش داۋامىدا كارل قانداقسىگە ياخشى ئۆگىنەلمىسۇن؟

بۇ مەزمۇنلارنى قايتا ئوقۇغۇنۇمدا، ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. ئەينى يىللىرى دادام ئەمەلىيەتتە ماڭا پەقەت تىلنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تىل ئارقىلىق ماڭا دۇنيانى چۈشەندۈرگەن، دۇنيانى تونۇتقان ۋە دۇنياغا باشلاپ كىرگەن ...

مەن ھېلىھەم بۇ جەھەتلەردە تىرىشىۋاتىمەن.

بىراق، ھەممە — دۇنيانى ئۆزگەرتىش، يارىتىش ئۈچۈندۇر. بۇ جەھەتتە مېنىڭ ۋە دادامنىڭ قىلغانلىرىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. كېيىنكىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسا ئەجەب ئەمەس.

# ئالتىنچى باب

# مۇستەقىللىق تەربىيىسى بارلىق تەلىم-تەربىيىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1802- يىلى 6- يانۋار هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن كىچىك كارل تايتاڭلاپ مېڭىۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى ھەم يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ، قايتا ماڭمىدى. ئايالىم ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ بەزلىگەن ئىدى، ئۇ ئاستاغىنە جىمىپ قالدى. بۇنداق چاغدا مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

ئەمەلىيەتتە، كىچىك بالا يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقمايدۇ. گەرچە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاغرىقنى سېزەلەيدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ سەزگۈسى چوڭلارنىڭكىدىن كۆپ ئاجىز بولىدۇ. بالا ئىككى ياشقا كىرگەندە ئاغرىقنى سېزىشى ئەمدىلا تۇغۇلغاندىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە، ئالتە ياشقا كىرگەندە ئەمدىلا تۇغۇلغاندىكىنىڭ يەتتە ھەسسىسىگە باراۋەر بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئاغرىقنى سېزىش جەھەتتە بالىلار يەنىلا چوڭلارغا يېتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بالىلار يىقىلىپ چۈشكەندە ياكى بىرەر يېرى زەخىملەنگەندە، ئۇلارنىڭ بىرەر يېرى بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاغرىپ كەتمەيدۇ. بالىلارنىڭ

چىرقىراپ يىغلىشى كۆپىنچە فىزىئولوگىيىلىك سەۋەبلەردىن ئەمەس، بەلكى پسىخىك سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئاغرىق پەقەت سەزگۈلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن پسىخىك ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭمۇ نەتىجىسى، بۇنىڭ ئىچىدە كەيپىياتنىڭ تەسىرى چوڭراق بولىدۇ. ئىش مۇنداق بولىدۇ: بالا يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئاتا ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ، ھەتتا ۋارقىرىۋېتىدۇ، بۇنداق جىددىي كەيپىيات بالىغا تەسىر قىلىدۇ. باللار بۇنداق بېشارەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، يىقىلىپ چۈشۈشنى قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىپ، يىغلاشقا باشلايدۇ. ئەگەر بالا يىقىلىپ چۈشكەندە، ئاتا-ئانا دائىم يۇقىرىقىدەك كەيپىياتتا بولىۋەرسە، باللار بارغانسېرى قاتتىق ئاغرىغاندەك سېزىپ، مېڭىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭچە، ئاتا-ئانا بالىسىنى يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن باتورلۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرىدىغان قىلماقچى بولسا، بالا يىقىلىپ چۈشكەندە، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بالىنى ئۆزىگە تايىنىپ تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بالىنى تەقدىرلەش كېرەك. ئەگەر بالا يىقىلىپ چۈشكەندە، بىرەر يېرى ھەقىقەتەن زەخىملەنگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئوبدان تەسەللى بېرىش ۋە كېيىنكى قېتىمدا دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، باللارنى يۈرەكلىك چوڭ قىلغىلى بولىدۇ، ھەم باللارغا قانداق قىلغاندا يىقىلىپ چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، يۇقىرىقىلار مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىم.

*　　*　　*

1802- يىلى 20- يانۋار ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن كىچىك كارل تايتاڭلاپ مېڭىپ ئىشىكتىن چىقماقچى بولدى. قارىسام ئايالىم سىرتقا چىققاندا ئىشىكنى يېپىۋەتمىگەن

ئىكەن، كارل سىرتقا چىقماقچى بولغانىكەن. مەن ئوغلۇم كارلنى سىرتقا ئەپچىقتىم.

مېنىڭچە، بالىنى سىرتلارغا ئەپچىقىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

ئەمەلىيەتتە، كۆڭۈل قويىدىغانلا بولسا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر تال گىياھ ھەر ۋاقىت تەلىم-تەربىيە ماتېرىيالى بولالايدۇ. دۇنيادا تەبىئەتتىنمۇ ياخشى ئوقۇتقۇچى يوق. تەبىئەت ئىنسانغا پۈتمەس-تۈگىمەس بىلىملەرنى بېرىدۇ، رېئال دۇنيانىڭ بالىلارغا ئۆگىتىدىغىنى بالىلارنىڭ كىتابتىن ئۆگىنىدىغىنىدىن كۆپ، مول ھەم جانلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

بالىلارنىڭ ماكان ئېڭىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىمۇ كۈنسېرى كۈچىيىدۇ. بۇ ئاڭ تۈپەيلى بالىلاردا ئەتراپتىكى مۇھىتنى چۈشىنىشكە قارىتا كۈچلۈك ئارزۇ پەيدا بولىدۇ. مېنىڭچە، كىچىك كارلنىڭ ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكنى كۆرۈپ، سىرتقا چىقماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

بالىنى سىرتلارغا ئەپچىقىشنىڭ زور پايدىسى بار. كۈن بويى زېرىكىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بالىلارنى تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇش كېرەك، چۈنكى نۇرغۇن ھېسسىي بىلىملەرنىڭ ئورنىنى بىر نەچچە پارچە سۈرەت، بىر نەچچە ئابزاس مەزمۇن ئارقىلىق تولۇقلىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، بالىلارنى سىرتلارغا ئاچىققاندا، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭ بالىلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي تەرەققىياتىغىمۇ پايدىسى تېگىدۇ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى سىرتلارغا ئاچىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئۇلار دائىم: «بالامنى سىرتقا ئاچىقسام بولارمۇ؟»، «بالام سىرتقا چىققاندا ئاغرىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئويلاش شەخسىيەتچىلىك قىلغانلىق، بالىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىمىغانلىق بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاشۇخىل ئەندىشىسى بالىلارنى قورقۇنچاق، نەزەر دائىرىسى تار ئادەم قىلىپ قويىدۇ.

بالىنى ھەمىشە دېگۈدەك ئۆيگە سولاپ قويۇۋەرمەڭ؛ بالىنى تار ئۆيدىن سىرتلارغا ئەپچىققاندا، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار جانلىق، قىزىقارلىق، يېڭى، بىۋاسىتە بىلىملەرنى ھەقىقىي ئۆگىنەلەيدۇ.

* * *

1802- يىلى 21- يانۋار ھاۋا ئوچۇق.

تۈنۈگۈن ھاۋا تۇتۇق ئىدى، بۈگۈن بولسا ھاۋا ناھايىتى ياخشى.

مەن كىچىك كارلنى يېتىلەپ ئىشىكتىن ئاستاغىنە چىقتىم ...

كىچىك كارل ھاياجانلانغان ھالدا ئۇياق-بۇياققا قىزىقىپ قارايتتى.

مەن قولۇمنى ئاستا قويۇۋەتتىم. ئۇ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ يىقىلىپ چۈشتى. مەن گەپ قىلمايلا ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم. بۇ قېتىم ئۇ يىغلىمىدى... بىر ئازدىن كېيىن، مەن قولۇمنى يەنە قويۇۋەتتىم.

بالىلار تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىسىغا تايىنىش ئاساسىدا، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە تايىنىدىغان ئىشەنچىنى تۇرغۇزىدۇ. بالىلارنى مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بالىلاردىكى تايىنىۋېلىش پسىخىكىسىنى تۈگىتىش كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىلارغا زىيادە ئىچ ئاغرىتماسلىقى، بالىلارغا يالغۇز تۇرىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك، شۇنداقلا بالىلارنى مۇستەقىل ماڭدۇرۇش كېرەك...

ناھايىتى ئاددىي بىر مىسال شۇكى، بالىلارنىڭ ئايىغى چىققاندا، دائىم بىر نەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا يىقىلىپ چۈشۈپ يىغلايدۇ ۋە ئاتا-ئانام بەزلىسىكەن دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلار بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، دەرھال بەزلەيدۇ. نەتىجىدە بالىلاردا تايىنىۋېلىش پسىخىكىسى بارا-بارا يېتىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بالا يىقىلىپ چۈشۈپ قايتا ماڭغىلى ئۈنىمىغاندا، ئۇنى ئاستا يېتىلەپ مېڭىش ۋە مۇۋاپىق يەيتتە قولىنى قويۇۋېتىپ، بالىنى مۇستەقىل ماڭغۇزۇش كېرەك... بالا ئەركىلەش-نايىناقلاش ئارقىلىقمۇ ئاتا-ئانىسىنى گېپىگە كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا ھورۇنلۇقنى يېڭىپ، مۇستەقىل مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

قوشنىمىزنىڭ جون ئىسىملىك بىر ئوغلى بار. جوننىڭ ئايىغى چىقىشتىن ئىلگىرى، قوشنىمىز دائىم ئۇنى چىملىققا قويۇپ بېرەتتى. جوننىڭ ئايىغى چىققاندىن كېيىن، قوشنىمىز ئۇنى يېتىلەپ ماڭمايدىغان بولدى.

بىر قېتىم جون مېڭىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەندە يىغلىدى ۋە قوللىرىنى ئاپىسىغا ئۇزاتتى. بىراق جوننىڭ ئاپىسى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلمىدى، ئەكسىچە تەمكىنلىك بىلەن جايىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ، جوننى ئۆزۈڭ تۇر دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا: «مېنىڭ بالام جون نېمە دېگەن باتۇر — ھە! تېز ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بۇياققا كەل!» دېدى. جوننىڭ يۈزلىرىدە ياش يۇقى بولسىمۇ، بىراق ئۇ پىسسىڭگىدە كۈلدى-دە، ئورنىدىن تېزلا تۇرۇپ كەتتى.

قوشنىمىز ماڭا: «پەرزەنت دېگەن ئاتا-ئانىنىڭ يېنىدا پەقەت ئون نەچچە يىل تۇرىدۇ، تېخىمۇ ئۇزۇن يولنى پەرزەنتلەر ئۆزىگە تايىنىپ ماڭمىسا بولمايدۇ، پەرزەنتلەردە مۇستەقىللىق ئېڭى ۋە قەتئىي ئىرادە بولمىسا، كىشىلىك ھاياتتا كېيىنكى يولنى ئوبدان ماڭالمايدۇ» دېگەنىدى.

بېقىنىش پىسخىكىسىغا ئىگە باللار بىرەر ئىشقا يولۇقسىلا، ئاتا-ئانىسىغا يېلىنىدۇ، ئۇلاردىن ياردەم سورايدۇ، ئاتا-ئانىسى بولمىسا، ھېچ ئىشنى قىلالمايدۇ.

ئادەم تايىنىدىغان ئادىمى بولمىغان شارائىتتا، يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە مۇشۇنداق پۇرسەتسىيىدە مۇئامىلە قىلسا، پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىغا تايانسا بولمايدىغانلىقنى چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى ئۆزىگە تايىنىپ

ھەل قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بالىلار ئۆچۈن بەك جىق ئىش قىلىپ بېرىش بالىلارنى ئەمەلىيەت ۋە چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بالىغا ھەددىدىن زىيادە ئىش قىلىپ بېرىش، ئەمەلىيەتتە شۇ بالىغا «سەن ھېچقانداق ئىش قىلىشنى بىلمەيسەن، سېنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىڭ تۆۋەن، ئاتا-ئاناڭغا تايىنىشىڭ كېرەك، بولمىسا ياشىيالمايسەن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان بالىلار جەمئىيەتكە چىقسا ماسلىشالمايدۇ، ھەدېسىلا باشقىلاردىن ياردەم سورايدۇ. ئائىلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنداق بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭكىدەك غەمخورلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلاردىكى مۇستەقىللىق ئېڭىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، بالىغا ھەددىدىن زىيادە ئىش قىلىپ بېرىش، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولىدۇ.

كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ھالىدىن ئۆمۈرۋايەت خەۋەر ئېلىپ بولالمايدۇ، شۇنداقلا دائىم بالىلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ياردەم بېرىپمۇ ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بالىلارنى بالدۇرراق مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

*　　*　　*

1802- يىلى 30- مارت ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن مەن كىچىك كارلنى دەرىزە سىرتىدا تۇرۇپ كۆزەتتىم، ئۇ ئۆزى يالغۇز خۇشال ئويناۋاتقاندەك قىلاتتى. كارلغا قاراپ، خىيالىم ئاللىقاياقلارغىچە كەتتى.

ھەممىلا ئىشتا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغان بالا قارىماققا بەختلىكتەك كۆرىنىدۇ. بىراق بۇنداق بالىلار ياردەمدىن ئايرىلىپ

قالسا نىمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىدەك مۇھىت بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان بالىلاردا مۇستەقىللىق ئېڭى بولمايدۇ، بۇنداق بالىلارنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلىشىدىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

بالىلار ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارغىمۇ چات كىرىۋېلىش ياكى بالىلارنىڭ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش بالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى بوغۇپ قويىدۇ، تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بۇنداق قىلىش بالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى بوغۇپ قويىدۇ ھەم يەنە بالىلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنى نابۇت قىلىدۇ. بالىلار ئۈچۈن ھەممىلا ئىشنى قىلىپ بەرگەندە، بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى زۆرۈر ئەمەلىيەت پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمەلىيەت پۇرسىتىگە، چېنىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بالىلار ئوڭايلا باشقىلارغا بېقىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ.

شۇڭلاشقا، مۇھىمى شۇكى، بالىلارغا ئەمەلىيەت پۇرسىتى ۋە چېنىقىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەندە، بالىلار باشقىلارغا تايىنىۋالمايدىغان بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردا مۇستەقىل ئىشلەيدىغان ۋە مۇستەقىل ياشايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بالىلاردا مۇستەقىللىق ئېڭىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

فېستالوز بىلەن ئىككىمىز «بالىلار ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى ئۆزى قىلىشى كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۇلارغا قىلىپ بەرمەسلىك كېرەك» دەپ قارايمىز. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر پرىنسىپ. بالىلارنىڭ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش بالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا بولغان ئەڭ چوڭ زەربە. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، بالىلار ئەمەلىيەت پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ، شۇنداقلا بالىلارغا «مەن سېنىڭ قابىلىيىتىڭگە ۋە جاسارىتىڭگە ئىشەنمەيمەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

بىخەتەرلىك تۇيغۇسى مەسىلىلەرنى ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ هەل قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. باللاردا مۇستەقىللىق بولمىسا، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىمۇ بولمايدۇ. باشقىلارغا تايىنىپ ئۆگىنىپ قالغان باللار تايانچىسىدىن ئايرىلىپ قالسا، دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

مەن، بالىسى تۆت ياشقا كىرىپ قالسىمۇ، يەنىلا بالىغا كىيىم كەيگۈزۈپ قويىدىغان، تاماق يېگۈزىدىغان بىر ئايالنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ بالىسى تەگتۇشلىرى بىلەن ئوخشاش بىر ئىشنى قىلسىمۇ، بۇ بالا تەگتۇشلىرىگە يېتەلمەيتتى. بۇ ئايال ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ بالىسىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئايالنىڭ بالىسىغا بولغان مۇھەببىتى ئىچ ئاغرىتىش بولۇپ قالغان. گەرچە بۇ ئايال ئۆزىنى ياخشى ئانا دەپ قاراپ، بارلىقىنى بالىسىغا ئاتىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قىلغىنى بالىسىغا «سەن قابىلىيەتسىز، كارغا كەلمەس، يارىماس» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق زىيادە كۆيۈنۈشنىڭ يامان تەسىرى كۆپ بولىدۇ. باللاردا كۈچلۈك بېقىندىلىق پەيدا بولسا، ئۇلار ئويۇن بىلەنلا بولۇپ، بىرەر ئىش قىلمايدۇ، بىرەر ئىشنى ئۆگىنىشنىمۇ خالىمايدۇ، نەتىجىدە ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇلارنى قورقۇنچ باسىدۇ. بۇنداق باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ناتونۇش دۇنياغا قارىتا ئۇلاردا قىلچىلىك پسىخىك تەييارلىق بولمايدۇ.

شۇڭلاشقا، باللارنىڭ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلىرىنىمۇ قىلىپ بېرىۋەرسەك، بۇ ئۇلارغا «بىز سىلەردىن كۈچلۈك، سىلەردىن چاققان، قابىلىيىتىمىز سىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى، تەجرىبىمىز سىلەرنىڭكىدىن كۆپ» دەپ ئېيتقانلىقىمىز بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى نامايان قىلغان بولىمىز. بۇنداق تەلىم-تەربىيە شارائىتىدا چوڭ بولغان باللار ھەرقانچە قامەتلىك، كېلىشكەن بولۇپ كەتسۇن، ئۇلار يەنىلا قورقۇنچاق، ئىقتىدارسىز ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

كۆپلىگەن پاكىتلار مۇشۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇستەقىللىق ئىگىگە ئىگە بالىلار ئۆزىگە خاس كۆز قاراشقا ئىگە ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ. ئۇلار مىش-مىش گەپلەرگە ئىشەنمەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلمايدۇ. مۇستەقىللىق ئىگىگە ئىگە بالىلار كىيىنچە ئىجادچان كىشىلەرگە ئايلىنالايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەشەببۇسى بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق كۆزىتىدۇ، ئۆزىنىڭ كاللىسى ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ. مۇستەقىللىق ئىگىگە ئىگە بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا تەمكىن، سوغۇققان بولىدۇ، ئىش قىلغاندا ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايدۇ، ھېسسىياتقا بېرىلمەيدۇ.

مۇستەقىللىق ئىگىگە ئىگە بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، بىر بولسا خەق نېمە دېسە ھە دەيدىغان، كونا قائىدە-تۈزۈملەرگە ئېسىلىۋالىدىغان، مۇستەقىل كۆز قارشى يوق، ھەممىلا كىشىگە بوزەك بولىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ؛ بىر بولسا جاسارىتى بار، پەمى يوق، ئىش قىلغاندا ئاقىۋىتىنى ئويلاشمايدىغان، قىزىققان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مۇستەقىللىق ئىگىگە ئىگە بالىلار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلار كاللىسى بىلەن تەپەككۇر قىلالايدۇ، شۇنداقلا تەلۋە ھېسسىياتىغا بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر بالىلار باشقىلار تەرىپىدىن ياكى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇلار ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ؛ شۇنداقلا ئەخلاق جەھەتتە ئەركىن ئادەم بولۇپ چىقالمايدۇ. بۇنداق بالىلار ئاخىر بېرىپ، شامالنىڭ چىقىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان ئادەمگە، ياكى كۆچلۈك ئارزۇنىڭ قۇلىغا ۋە ياكى يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇنداق بالىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق!

مۇستەقىللىق تەربىيىسىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا تۈگەتكىلى بولمايدۇ!

# كىچىك كارلىنىڭ باھاسى

1852- يىلى 28- ئۆكتەبىر ھاۋا ئوچۇق.

بۇ دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. مەيلى سىز كىم بولۇڭ، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىڭ، نۇرغۇن ئىشلاردا دائىم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىسىز.

بالىلار ئاجىز، قابىلىيىتى يېتەرسىز بولغاچقا، چوڭلارنىڭ ياردىمىگە تېخىمۇ مۇھتاج بولىدۇ. بىراق بۇ، چوڭلارنىڭ بالىلارنىڭ ھەممىلا ئىشنى قىلىپ بېرىشىنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بالىلارغا ياردەم بېرىش، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنىدا قىلىپ بەرمەسلىك، بالىلارنى تەربىيىلەش، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنىدا قىلىپ بەرمەسلىك، بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە كىشىلىك ھايات يولىدا ئۆزىگە تايىنىپ ماگىلىشى ئۈچۈندۇر.

مەن دۇنيانى دادامنىڭ ياردىمىدە تونۇدۇم. مەن سىرتلارغا چىققاندا، دادام تۆۋەندىكىدەك ئىشلارنى قىلىشقا باشلايتتى:

*مەن «مىنىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ كەلگەنىدىم. شۇڭا، مەيلى ئۇرۇق-تۇغقان يوقلىغىلى ياكى نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى باراي، ياكى ناخشا-مۇزىكا، كونسېرتلارغا باراي، مەيلى نەگىلا بارسام ئوغلۇمنى بىللە ئېلىپ بارالايتتىم ھەمدە ئۇنىڭ سالاھىيىتى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىغا، سۆزلىشىشىگە كىچىكىدىن باشلاپ شارائىت يارىتىپ بېرەتتىم، ئۇنى باشقىلاردىن يېتىرقىمايدىغان، ھەرقانداق سورۇندىن ھودۇقمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيتتىم.*

*بالىلار ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقاندىن باشقا، نەرسىلەرنىمۇ كۆپرەك كۆرۈشى كېرەك. مەن ئوغلۇمنى ئېلىپ دالىلارغا بارالايتتىم، گۈل، ئوت-چۆپ، تاش دېگەنلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتىم، قۇشلارنىڭ ئۈۋىسىنى، قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ*

*ئىشلىرىنى كۆرسىتەتتىم. بۇ نەرسىلەر ئارقىلىق ئوغلۇم كارلغا تۇرلۇك قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتىم، بۇ ئارقىلىق ئوغلۇمنى زوئولوگىيە، بوتانىكا، مىنېرالوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، گېئولوگىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق بارلىق پەن ساھەسىگە دائىر بىلىملەردىن خەۋەردار قىلاتتىم. مەن ھەر يىلى يازدا ئوغلۇم كارلنى ئېلىپ، تاغدىكى ئورمانلىقتا بىر مەزگىل تۇراتتىم. ئورمانلىق بالىلار ئۇچۇن ئەڭ ياخشى دەرسلىك.*

بالىلىق دەۋرىمدە دادام ماڭا يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە ياردەم بەرگەن، بىراق بۇ باشقا بىرخىل ياردەم. مەن بۇخىل ياردەمدىن زىيان تارتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۆپ مەنپەئەت ئالغان.

مەن بۇ يەردە دەۋاتقان ياردەم تۇرمۇش جەھەتتىكى ياردەملا ئەمەس، بۇ ياردەم يەنە مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە بولغان ياردەملەرنى، بولۇپمۇ مەنىۋى جەھەتتىكى، كىشىلىك پەزىلەت جەھەتتىكى ياردەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىچىكلىكىمدە دادام قۇربىتىم يېتىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلىپ بەرمەيتتى، بىراق دادامنىڭ ياردىمى ھەرقاچان دەل ۋاقتىدا بولاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ياردىمىدىن مەن چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئالاتتىم.

بۇ قانداق ياردەم؟

بۇ ياردەم مۇنداق ئىدى: مەن قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۈمىدسىزلەنگەن چېغىمدا، دادام مېنى ئىلھاملاندۇراتتى، قوللايتتى.

كىشىلەر مېنى تالانتلىق بالا، شۇڭا ھەرقانداق نەرسىنى ئۇگىنىۋالالايدۇ، دەپ قارىغان. بىراق ھەقىقىي ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. مەنمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا خۇشاللىقنى، ئازاب-ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەن، بىرەر نەرسە ئۆگەنگەندە ئۆزۈمنى ئىقتىدارسىزدەك ھېس قىلغان، شۇنداقلا بەزىدە دەرسلەردىن رايىممۇ قايتقان.

بىراق تەلىيىمگە يارىشا، مەن ئىشەنچىمنى يوقاتقاندا ۋە بەزى ئىشلاردىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەندە، دادام مېنى ئىلھاملاندۇراتتى.

ئاشۇنداق چاغلاردا دادام ماڭا: «كارل، سەن چوقۇم قىلالايسەن، مەن ساڭا ئىشىنىمەن، سېنىڭ زېھنىڭ ئۆتكۈر، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايسەن» دېگەن گەپنى ئەڭ كۆپ قىلاتتى.

مېنىڭچە، ئادەم قېيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، مەنىۋى تەسەللىنىڭ رولى ماددىي ياردەمدىنمۇ بېسىپ چۈشىدۇ. ماددىي ياردەم چەكلىك ۋاقىتلىق بولىدۇ، بىراق باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئەھمىيەتلىك ئىش، شۇنداقلا بۇنىڭ تەسىرى ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ.

بەزىلەر ياردەم بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قويۇش دەپ چۈشىنىۋېلىپ، تەلەپنىڭ قاتتىقلىقىدىن تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى خاتا. دادام كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغاندى:

*مەن باللىرىغا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بولۇشىغا كايىپ ئەيىبلىگەنلىكىنى تالاي قېتىم كۆردۈم. ئۇلار ئەقىللىق، ئوماق پەرزەنتلىرىگە قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىر جىنايەت. ئوغلۇم تۇغما كەمتۈكلۈك تۈپەيلى قارىماققا ئەقلى ئاجىز بالىغا ئوخشايتتى، بىراق مەن ئوغلۇمنى يەنىلا زور سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلىدىم، ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتە تارتقان جەبىر-جاپايىمنى بىر ئۆزەم بىلىمەن. مەن پەرۋەردىگاردىن ئوغلۇمنى ئەقىللىق قىلىشىنى تالاي قېتىملاپ تىلىدىم، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەللەرنى تۆلىدىم. ئوغلۇمنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ ھازىر قىلالايدىغىنىم، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئوغلۇمنى ئوبدان تەربىيىلەش ۋە ئۇنى بەختلىك تورمۇشقا ئىگە قىلىش.*

ئەلۋەتتە، دادام ماڭا ئىنچىكە كەڭ قورساق بولۇپ كەلگەن، شۇنداقلا مېنى تەربىيىلەشتە قاتتىق قولمۇ بولغان. دادام دوستلىرىغا: زىيادە قاتتىق قول بولۇش پەرزەنتلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدۇ، زىيادە ئەركىن قويۇۋېتىش ئۇلارنى چېچىلاڭغۇ قىلىۋېتىدۇ. بالا تەربىيىلەشتە بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدىن ساقلىنىش كېرەك. قاتتىق قوللۇق قىلىشقا تېگىشلىك يەردە قاتتىق

قول بولۇش ئەركىن قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىك يەردە ئەركىن قويۇپ بېرىش پەرزەنتلەرنى ھەقىقىي، ئۇبدان تەربىيىلەشتىكى مۇۋاپىق ئۇسۇل. بىراق، ئاتا-ئانىلار كەڭ قورساقلىقنى مەڭگۈ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك دېگەنىدى.

ھازىر مەنمۇ بىر دادا بولدۇم، شۇنداقلا دادا بولۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنىمۇ تېتىدىم. شۇڭا، بىر نەچچە تەجرىبەمنىمۇ سۆزلەپ ئۆتەي. بۇنى دادامنىڭ مېنى تەربىيىلەشتىكى تەلىم-تەربىيە ئىدىيىسىنىڭ بېيىتىلىشى دېسەكمۇ بولىدۇ.

باللارغا ياردەم بېرىش ئۇگاي ئەمەس. يېشى كىچىك باللارنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئىش قىلىدىغان ۋاقتى بىزنىڭ ئۇلارنى ئۆزى ئۇچۇن ئىش قىلدۇرىدىغان ۋاقتىمىزدىن كۆپ بولىدۇ؛ باللار سەل چوگايغاندا، بىز ئۇلارغا ياردەم بېرىشتىن زېرىكىپ، ئىشنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىمىز.

باللار تەرەققىي قىلىش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بىزنىڭ ياردىمىمىزگە مۇھتاج بولىدۇ.

باللارغا ياردەم بېرىش ھەم باللارنىڭ تەلىپى، ھەم ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇرچى. بۇ ناھايىتى نازۇك ئىش، باللارغا قانداق چاغدا ياردەم بېرىش، قانداق چاغدا ياردەم بەرمەسلىك، قانداق چاغدا ماختاش، قانداق چاغدا تەنقىد قىلىش قاتارلىقلارنى ئەقىل بىلەن ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇمۇ بىر سەنئەت. بىز ئاتا-ئانا بولغۇچىلار پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا، قابىلىيىتىگە ۋە ئارزۇسىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇلارنىڭ قىسمەن پەرقلىرىگە دىققەت قىلىشىمىز، پەرزەنتلىرىمىز بىرەر ئىشتىن ئۈمىدسىزلەنگەندە ياكى زېرىككەندە قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى، قانداق ئىلھاملاندۇرۇشنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قانداق چاغدا تېخىمۇ كۆپ يېتەكچىلىككە ۋە ياردەمگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلغاندا پەرزەنتلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇستەقىل قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان ئويلىشىمىز كېرەك.

بىز باللارنىڭ نىشانغا يېتىشىگە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ياردەم بېرىشنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرى بار، مەسىلەن: باللار بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا ياردەم قولىمىزنى سۇنساق، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئۆزى ھەل قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرساق بولىدۇ. كۆيۈنۈپ ئېيتىلغان بىر نەچچە ئېغىز گەپ، مۇرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇش، ۋاقتىدا بېرىلگەن تەكلىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى باللارنىڭ ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

باللار ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇپ ئۈمىدسىزلەنگەندە، ھەدىسىلا ئۇلارنى ئەيىبلەپ يۈرمەستىن، ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىغا ياكى يولۇققان قىيىنچىلىقىغا قارىتا تەكلىپ بەرسەك بولىدۇ. بۇ، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش.

دەل جايىدا بېرىلگەن ياردەم «ياخشى قىلدىڭ» دەپ ئاغزىنىڭ ئۈچىدا ماختاپ قويغاندىن كۆپ ياخشى.

مۇنداق بىر ئىش ئېسىمدە. بىر كۈنى تۆت ياشلىق ئوغلۇم ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى چەگمەكچى بولدى، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ چېگەلمىدى. ئايالىم كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇق دەپ تېرىكىشكە باشلىدى، بىراق ئوغلۇم بوغقۇچىنى يەنىلا چېگەلمىگەنىدى. ئايالىم بوغقۇچنى چەگمەيدىغان توپ ئايىغى ئېلىپ بەرسەم بولىدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى ۋە «كېلە، مەن چېگىپ قوياي» دېدى. ئايالىم ئوغلۇمنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، بوغقۇچنى تېزلا چېگىپ بولدى، ئوغلۇم ئانىسىنىڭ قانداق چەگكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدى. ئۇ ئۆزى چېگىشنى ئويلىغاچقا، بوغقۇچنى يېشىۋېتىپ، ئانىسى چەككەندە قايتا چەگدى.

ئۇلار ئىشىكتىن چىققاندا كېچىككەن بولۇپ، بىر-بىرىگە ئاچچىقىمنى كەلتۈردى، — دەپ قاراشقانىدى.

باللارنى ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇش، ئازراق بېسىم ۋە ھەيدەكچىلىك ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كېيىم كىيىش، چىش

چوتكىلاش، ئۆزىنىڭ ھۆجرىسىنى تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆگىنىۋېلىشقا ۋاقىت بېرىش — بىز ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. بالىلارنى ئەتىگەندە بېسىم بىلەن يېرىم سائەت، ھەتتا بىر سائەت ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرغۇزغاندا، يۇنىڭغا تولىنىدىغان بەدەل ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ھەتتا بەزى ئاتا-ئانىلار ئائىلىدە پەرزەنتلىرىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئەمما پەرزەنتلىرى بىرەر ئىشنى قىلالمىسا، ئۆزى قىلىپ بېرىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ-يېتىلىش پۇرسىتىنى يوق قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ پەرزەنتلەر ئۆزى قول سېلىپ ئۆگىنىشكە، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق نەتىجە قازىنىشقا، پەخىرلىنىشكە، ئىشەنچكە ئېرىشىشكە مۇھتاج. ئۇلار قابىلىيەتسىزلىكى تۈپەيلى يۈزىنىڭ قىزىرىشىنى ۋە غەم يېيىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ دائىم سادىر قىلىدىغان بىر خاتالىقىمىز شۇكى، پەرزەنتلىرىمىز يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ مەغلۇب بولماسلىقى، زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە قوغداپ كېتىمىز. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق پەرزەنتلەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىغا يول قويۇشى كېرەك.

شۇڭلاشقا پەرزەنتلەر بىرەر ئىشقا تەۋەككۈلچىلىك قىلغاندا، ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. سىز پەرزەنتىڭىزنى «كۆچىنىڭ بارىچە تىرىشىش»قا ئىلھاملاندۇرغاندا، ئۇنى ھېچقانداق بېسىم يوق شارائىتتا قىلىۋاتىمەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك. پەرزەنتىڭىزدىن كۆچىنىڭ بارىچە تىرىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭىز، سىزنىڭ ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، شۇنداقلا سىز پەرزەنتىڭىز ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت يولى ئېچىپ بەرگەن بولىسىز. ئىجابىي

مۇئەييەنلەشتۈرۈش پەرزەنتلەر ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت مۇھىتى تەييارلايدۇ. بۇ، ئادەمنى شاتلاندۇرىدىغان، بىخەتەر ئۇسۇل بولۇپ، پەرزەنتلەر مەشىق قىلىش، ئۆگىنىش جەريانىدا تەدرىجى پىشىپ يېتىلىدۇ ۋە ئالغا باسىدۇ.

بىز بالىلارنىڭ تۇرلۇك ئىپادىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. بالىلار دۇنيانى پىشقان كۆز قاراش بويىچە چۈشىنىشكە مۇھتاج ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى چۈشىنىشكىمۇ مۇھتاج ئەمەس. ھەربىر بالىنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېر-ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، بۇ، پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە قىلغان ئالاھىدە سوۋغىسى. ئەگەر ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان ئادەم بولۇشقا ئىلھاملاندۇرسا، پەرزەنتلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىپتىخارلىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرەلەيدۇ، پەرزەنتلەرمۇ ئۆزىگە ئىشىنىش ئاساسىدا چوڭ بولىدۇ، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى ناھايىتى ئۇلۇغ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خىيالىدا ھەممىلا ئىش مۇمكىن بولىدۇ. بالىلارغا ئارزۇ-ئىستەكنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن خېلى زور ئەجىر سىڭدۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق بۇنى ئۆگىتىش بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش، چۈنكى ھېچقايسىمىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئارزۇ-ئىستەكسىز ئادەم بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز. شۇڭلاشقا، بالىلارغا ياردەم بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى، غايىسىنى، ماھارىتىنى ۋە ئارزۇسىنى ئىسپاتلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

بالىلارنى مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدىغان قىلىپ چىقىشتا ئىلھاملاندۇرۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. بۇنىڭدا يەنە بالىلارنىڭ ئىچكى قابىلىيىتى ۋە قىزىقىشىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئادەم ئاپىرىن ئوقۇغۇدەك خاراكتېر-ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، كەڭ قورساق بولۇش، مېھرىبان

بولۇش، ھېسسىي، كەسكىن ئۇسۇل ياكى باشقا ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق پەرزەنتلىرىمىزگە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىمىزنى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەۋاتقانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بىزنىڭ يوشۇرۇنۇن سىزىقى يوشۇرۇن سىزىپ بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە كىشىلىك ھايات يولىدا ئۆز ئوبرازىنى تىكلىشىگە ئاساس بولىدۇ. بىز بالىلارغا قوللاشقا، بەختەرلىككە، ئوبدان تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولىدىغان شارائىت ھازىرلاپ بەرسەك، ئۇلارغا «ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان ساقلىغان ئادەم بولۇش» پۇرسىتىنى بەرگەن بولىمىز.

بالىلار ئاز-تولا نەتىجە قازانماقچى بولسا، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇلارغا تەكلىپ بەرسەك ياكى ئۇلارنى يېتەكلىسەك بولىدۇ، بىراق چوقۇم بالىلارنىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ توغرا قارار چىقىرالىغانلىقىدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك. بالىلار مەيلى مۇۋەپپەقىيەت قازانسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ئۇلارنىڭ تەجرىبىگە ئېرىشىش جەريانىدا بىز ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشقانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

گەرچە بىز بالىلارنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كەتمىسەكمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز، بولۇپمۇ بالىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇلارغا تېخىمۇ ئىشىنىشىمىز كېرەك. بالىلارنى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا، خاراكتېر-ئالاھىدىلىكىنى ساقلاشقا چىن كۆڭلىمىزدىن ئىلھاملاندۇرۇشىمىز، ئۇلارنى كېلەچەككە ئىشەنچ بىلەن يۈزلىنىدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

بالىلاردا ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدىغان، يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنى قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كىچىك بالىلارمۇ مۇستەقىل بىر ئادەم، ئۇلاردىمۇ مۇستەقىللىق ئېڭى بولىدۇ، ئۇلارمۇ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدۇ، چوڭ بولغاندا ئۇلار يەنە مۇستەقىل

تىرىكچىلىك قىلىدۇ، مۇستەقىل ياشايدۇ.
مۇستەقىللىق تەربىيىسى بارلىق تەلىم-تەربىيىدىكى ئاساسلىق مەزمۇن. «مۇستەقىللىق» ھەرىكەت جەھەتتىكى مۇستەقىللىقنىلا ئەمەس، پسىخىك جەھەتتىكى مۇستەقىللىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بالىلاردا مۇستەقىللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئالدى بىلەن پسىخىك جەھەتتىكى مۇستەقىللىقنى يېتىلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.
بالىلاردا مۇستەقىللىقنى يېتىلدۈرۈش تەلىم-تەربىيىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك قىسمى.
بالىلار كىچىك بولغىنى بىلەن، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئادەم. گەرچە بالىلار ئاتا-ئانىسىغا «تايان»سىمۇ، بىراق ئۇلاردىمۇ مۇستەقىللىق ئېڭى بولىدۇ، ئۇلارمۇ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدۇ، تۇرمۇشقا قارىتا ئۇلارنىڭمۇ مۇستەقىل كۆز قارىشى بولىدۇ. كۆپىنچە ئاتا-ئانىلار بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمەيدۇ.
بالىلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى كۆپىنچە ھاللاردا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىرادىسىگە زىت كېلىپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ پىكرىگە، تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئېنىق ئىپادىلىشى كېرەك. پەرزەنتلەرنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاش، مانا بۇ زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى، شۇنداقلا قىلچە كارغا كەلمەيدىغان ئۇسۇل. ئىختىلاپنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى — پەرزەنت بىلەن ئولتۇرۇپ، ئىختىلاپنى سوغۇق قانلىق بىلەن تەھلىل قىلىش، پايدا-زىياننى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر. ئاخىرقى قارار چىقىرىش ھوقۇقى بالىدا بولۇشى كېرەك. بالىلارنىڭ تاللىشى بەزىدە ئاقىلانە بولماسلىقى مۇمكىن، بەزىدە يوللۇق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق بۇلار مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، بالىلارنىڭ تاللاشنى ئۆزى قارار قىلىشىدا. بالىلار كۆپ خىل تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، تاللاش ھوقۇقىنى بالىلارنىڭ ئۆزىگە بېرىش، بالىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىشىغا يول قويۇش كېرەك.
ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشىگە،

ئاشكارىلىنىشىغا پۇرسەت بېرىشى كېرەك. بالىلار بەزىدە تورمۇشتىكى قىيىن ئىشلارغا دۇچ كېلىپ، ئىككىلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى يېتەكلىشى، شۇنداقلا ئۇلارغا ئويلىنىۋېلىش پۇرسىتى بېرىشى كېرەك. مەسىلە كۆرۈلگەندە، بايقاپ يېتەلمىسە، ئېغىر پىسخىك مەسىلە كۆرۈلۈپ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

بالىلاردا مۇستەقىللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. پەرزەنتىڭىز ئۆزىگە خاس ئادەم بولۇشى، ھەرگىزمۇ سىزنىڭ سايىڭىز، قوغۇرچىقىڭىز بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ «قولى» ئەمەس، «پۇتى»مۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «مېڭىسى»مۇ ئەمەس. ئاتا-ئانىلار پەقەت پەرزەنتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنىڭ «قوغدىغۇچىسى» بولۇشى كېرەك.

بالىلار «ئۆزۈم قىلاي» دېگەندە، قىلغىلى قويۇش كېرەك. ئۇلار «ئاز-تولا ئىش قىلماقچى» بولغاندا، قىلغىلى قويۇش كېرەك. بۇ، بالىلاردىكى مۇستەقىللىق ئېڭىنىڭ بىخلىرىدۇر. بالىلارنىڭ «غەلىتە خىياللىرى»نى قارىسىغا ئەيىبلىمەسلىك كېرەك. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلالايدىغان «ماكان»دىن بىرنى ھازىرلاپ بېرىشى، شۇنداقلا بۇ «ماكان»دا پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشىغا قەتئىي ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ مۇستەقىل قىلغان ئىشلىرىغا ۋاقتىدا، مۇۋاپىق باھا بېرىشى كېرەك. مۇۋاپىق باھا بالىلارغا ئۆزىنىڭ كۈچىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ پىكرى پەقەت «تەكلىپ» بولۇشى، ئەمما «يېتەكچىلىك» ياكى «بۇيرۇق» بولماسلىقى كېرەك. زۆرۈر تېپىلسا، بالىلارنىڭ مۇستەقىل پائالىيەت قىلىشى ئۈچۈن بىخەتەر، مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. مۇھىمى، ئىچكى جەھەتتىن چىڭ تۇتۇپ، تاشقى جەھەتتىن بوش قويۇۋېتىش كېرەك. بالىلارنى ھەممىلا ئىشنى ئاتا-ئانامنىڭ تىزگىنلىشىدە ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا

كەلتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، بالىلاردىكى تەشەببۇسكارلىق نابۇت بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئائىلەمدە يۈز بەرگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇستەقىللىق ئالدىنقى شەرت بولغان. مۇشۇ ئالدىنقى شەرتنى چۈشەنگەندە، فىستالوزىنىڭ دادامغا يازغان خېتىدە ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنتنىڭ مۇقەددەس مۇناسىۋىتىنى نېمە ئۈچۈن زېرىكمەي شەرھلىگەنلىكىنى چۈشىنىش تەسكە چۈشمەيدۇ. بۇ خەتتە، بالىلارنى مۇستەقىل قىلىشنىڭ ئاساسى بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت شەرھلەنگەن.

ئەمدى بىز بۇ خەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى ...

*مېھىر-مۇھەببەت ۋە پائالىيەتنىڭ بۇ خىل ئىچكى ساپاسىغا ماس ھالدا، بىز بالىلارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش مۇھىتىدا تەسىر ۋە كۈچتىن تەركىب تاپقان بىر خىل مۇقەددەس بولغان، يۇقىرىغا ئىنتىلدۈرىدىغان بارلىق نەرسىلەر، مېھىر-مۇھەببەتتىن ۋە مەنىۋى دۇنيايىمىزنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك پائالىيىتىدىن كېلىدۇ، ئوخشاشلا، تاشقى مۇھىتنىكى مۇقەددەس بولغان، يۇقىرىغا ئىنتىلدۈرىدىغان، كارغا كېلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىشقا بولىدۇ. بىراق بۇ يادرولۇق كۈچ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىدىكى تېخىمۇ كەڭ مۇھىت بىلەن پائال باغلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭ تەسىرى بۇخىل باغلىنىش يوق ۋاقىتتىكىدىنمۇ يۇكسەك بولىدۇ.*

*بالىلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانى جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ- يېتىلىشىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ تەلىم-تەربىيىسى تاشقى ئامىل بولىدۇ، ئىچكى ئامىل بولسا بالىلارنىڭ ئۆزى بولىدۇ. بالىلارنى ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ تەلىم-تەربىيىسىگە تايىنىدۇ.*

*شۇڭلاشقا ئاتا-ئانىسى يوق بالىلارغا ئاتا-ئانا بولغۇچىلار بالىلارنى ئۆز بالىسىغا ئوخشاش تەربىيىلىشى كېرەك. گەرچە ئۇلار بالىلارنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىدەك بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك.*

*يېتىم بالىلار ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭكىدەك مېھىر-مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىسىمۇ، ئاتا-ئانا دېگەن بۇ ئۇقۇم تەلىم-تەربىيىدە يەنىلا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ.*

ئەگەر بىز ئاتا-ئانا مۇھەببىتىنى ئىنسانىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل دەپ قارىساق، دىنىي جەمئىيەت ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە ئاتا-ئانىلارچە مېھىر-مۇھەببەتنى تەلىم-تەربىيە سىستېمىسىغا سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، يېتىم بالىلارنى ھەرقانچە مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، ئاش-تامىقىنى، كىيىم-كېچىكىنى بېرىپ باقساقمۇ ئۇلار يەنىلا ھەقىقىي تەلىم-تەربىيىنىڭ ئەڭ ئاساسي «تاشقى» ئامىلىدىن مەھرۇملىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بىراق، يېتىم بالىلار ئاتا-ئانىلارچە مېھىر-مۇھەببەتكە ئېرىشسە، ناتونۇش كىشىلەر بېقىۋالسىمۇ، ئۇلارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارغا مېھىر-مۇھەببەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ چاغدا، يېتىم بالىلاردا بېقىۋالغان ئاتا-ئانىسىغا قارىتا مىننەتدارلىق تۇغۇلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا تايىنىدۇ، يېتىم بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي، ئالىيجاناب ئامىللار رول ئويناپ، ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، بالىلار ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغاندا، باشقىلار ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ، ھېچبولمىغاندا مەلۇم دەرىجىدە شۇنداق بولىدۇ.

ئاتا-ئانىلار كۆڭۈل بولىدىغان پاكلىق قاتارلىق تەرەپلەر مۇھىت تەسىرىگە قارىتا مەنىۋى قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، پەرزەنتلەرنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئەقلىي ۋە ھېسسىي تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كوچىدىن تېپىۋالغان ياكى باشقىلار بەرگەن نان بىلەن ئانىسى بەرگەن ناننىڭ تەمى ئوخشاش بولمايدۇ. بالىلار ئۈچۈن، ماگىزىندىن سېتىۋالغان ياكى پۇتىدىكى قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان پايپاققا قارىغاندا ئاپىسى توقۇپ بەرگەن پايپاقنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى پەيدا قىلغان خۇشاللىق بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئۇنتۇلماس، يۇكسەك تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. بۇ تەسىرلەر بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئويغىتىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بالىلارمۇ ئاتا-ئانىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلاردىن مىننەتدار بولىدۇ، ئۇلارغا تايىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ ھېسسىياتلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئائىلە تۇرمۇشىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئاتا قىلغان، بىردىنبىر تاشقى مۇھىت دەپ قاراش كېرەك.

ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئىجابىي تەسىر ۋە ئەكس تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئادەمنىڭ تۇغما ئىقتىدار ـ قابىلىيىتى تەرەققىي قىلىدۇ.

ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى دەل مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىدۇر. بۇ خىل ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان بولۇپ، بۇ كۈچ ئادەمدە مۇھەببەت ئويغاتقۇچى ۋاستىدۇر. ئائىلىنىڭ تەسىرى ئەڭ پاك شەكىلدە ئىپادىلەنسە، بۇنى ئىنسانىيەت تەلىم ـ تەربىيىسىدىكى ئەڭ يۈكسەك ئامىل دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دوستلۇقتا ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان ئائىلە مۇھىتىدا ھەرقانداق تەلىم ـ تەربىيە شەكلى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. بالىلارمۇ بۇنداق مۇھىتتا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بالىلار جۇشقۇن، شوخ، تېتىك بولمىسا ۋە باشقىلارغا دوستانە بولمىسا، بۇ ئۇلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت قابىلىيىتىنىڭ تېخى شەكىللەنمىگەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئائىلىدە تېگىشلىك غەمخورلۇقتا ۋە يېتەكلەشكە ئېرىشمىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

مېھىر ـ مۇھەببەتكە، گۈزەللىككە تولغان تۇرمۇش ئىچىدە ياشايدىغان بالىلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتكە بولغان ئېھتىياجىمۇ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ. بالىلار سەمىمىي يېتەكچىلىك نەتىجىسىدە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى تېخىمۇ ئوبدان خەۋەر ئالالايدىغان بولىدۇ، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزلۈكسىز قاندۇرۇشقا باشلايدۇ. بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئويغانغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بالىلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى تۈرلۈك مۇھىتتا ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلەش ۋە كۆيۈنۈش، بويسۇنۇش ۋە ئىرىشىش، مىننەتدارلىق ۋە ئىشەنچلىك قاتارلىقلار ئائىلە تۇرمۇشىدا بىرىكىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بالىلاردا سەمىمىيلىك ۋە جۇشقۇنلۇقنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئادەم ئۆزى ۋە مۇھەببەت ئويغاتقان قەلبى پاكى تاشقى پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزى ياخشى كۆرگەن نىشان ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ پائالىيەتكە ماس بولغان ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىدۇ. مۇھەببەت ئەقلىمىزنى ۋە ۋىژدانىمىزنى بارلىق ھەرىكىتىمىزگە سىڭدۈرىدۇ، شۇنداقلا بىزنى بىلىم ۋە

مېھرىبانلىق جەھەتتە تىرىشىپ ئىرىشىشكە ئەرزىيدۇ دېگەن نەرسىلەرگە ئېرىشتۇرىدۇ.

پەرزەنت تەربىيىسىدە بىرخىل تەلىم-تەربىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بار-يوقلۇقىغا، شۇنداقلا ئاتا-ئانىلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ يۇكسەك، مۇقەددەس مۇھەببەتنى ۋە ئىنسانىيلىقنى ئاساس قىلغان-قىلمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. بۇخىل تەلىم-تەربىيە ئاتا-ئانىلارنىڭ دۇنياغا بولغان پوزىتسىيىسى بىلەن پەرزەنتىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئېنىق پەرقلەندۇرۇشنى ۋە پەرزەنتلىرىنى باشقا ھەرقانداق ئىشتىنمۇ مۇھىم دەپ بىلىشنى شەرت قىلىدۇ. بۇخىل تەلىم-تەربىيە ئاتا-ئانىلارنى پەرزەنتلىرىنى پۈتۈن دۇنياغىمۇ تەڭ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇخىل تەلىم-تەربىيە يەنە ئاتا-ئانىلاردىن (مەيلى ئۇلار خان-پادىشاھ بولسۇن ياكى يېزا-قىشلاقلاردىكى دېھقان-چارۋىچى بولسۇن) دۇنيادىكى بارلىق تەلەپلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ (بۇ تەلەپلەر بالىلارنىڭ يوللۇق تەلىۋىگە زىت بولغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە)؛ ئاتا-ئانىلار يەنە «ئەگەر مەن پەرزەنتىمنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە پۈتكۈل دۇنياغا ئېرىشسەم، بۇنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرىمەن؟» دېگەن سوئالنىڭ تېگىگە ئوبدان يېتىشى كېرەك.

بۇ خىل تەلىم-تەربىيە ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ: ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تىزگىنلىيەلەيدىغان بولۇشى، شۇنداقلا پەرزەنتلىرىگە بولغان بارلىق نامۇۋاپىق تەسىرلەرنى تۈگىتىشى كېرەك؛ ئاتا-ئانىلار يەنە ئالاھىدە شارائىت ئاتا قىلغان پەرزەنتلىرىدە مېھىر-مۇھەببەت ئويغىتىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچنى ئوبدان پايدىلىنىشى، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، جەلپكار بولۇشى، ھەتتا پەرزەنتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمايدىغان بولۇشى كېرەك.

بىز، پەرزەنتلىرى كۆتكەندەك ئاتا-ئانا بولۇشقا بەل باغلىغان ھەم شۇنداق قىلالايدىغان ئاتا-ئانىلارغا مۇھتاج. بۇ مۇھىم پرىنسىپلارنى قايرىپ قويۇپ، ئىنسانىيەتنى ياخشىلايمەن دېيىش — قۇرۇق گەپتۇر. بۇ مۇھىم پرىنسىپلارنى بىز بۇ كىتابتىن تاپالايمىز.

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ سىرلىرى شەرھىلەنگەن كىتابلارنى پەرزەنتلەرنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان، ئاتا-ئانىلارغا خاس ئەڭ پاك مېھىر-مۇھەببەتكە ئىگە كىشىلەرلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ.

ياراتقۇچى ئىگىمىزنىڭ ھىممىتى بىلەن بۇ كىتابقا پۈتۈلگەن، تېخىمۇ پاك، تېخىمۇ يۈكسەك ھېسسىيات ۋە قابىلىيەتلەر شەرھىلەنگەن سۆز-جۈملىلەر مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۆزگەرمەس شەرھى بولۇپ، بۇ مېھىر-مۇھەببەت ئاتا-ئانىلارغا ۋە ئۇلار تۇرۇۋاتقان مۇھىتقىلا خاس بولىدۇ؛ ئاشۇ سۆز-جۈملىلەر يەنە ئۆزگەرمەس قابىلىيەتنىڭمۇ شەرھى بولۇپ، بۇ قابىلىيەت ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ئاساسىدا ئويغىنىدۇ ۋە شەكىللىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار ھاياتىدا پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ مېھىر-مۇھەببەتكە تولغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ھاياجان ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ. ئاتا-ئانىلار باغرىدا تىنىچ ياتقان پەرزەنتىنىڭ چىرايىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى پەرزەنتى تېخى تېگىنگە يېتەلمەيدىغان ئىشەنچكە تولىدۇ، مانا بۇ، ئاتا-ئانىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئارزۇ-ئىستىكىنىڭ، شاد-خۇراملىقىنىڭ ۋە قانائەت تېپىشىنىڭ مەنبەسىدۇر. پەرزەنتلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىقنى ۋە ئاتا-ئانىسىغا باللارچە ئەركىلەپ بېقىشىنى كۆرگەندە، شۇنداقلا پەرزەنتلىرىنىڭ دۇنيادىكى ھېچقانداق ئادەم، ھېچقانداق ئىشنىڭ ئۆرنى ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاش خۇشال قىلالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرگەندە، ئاتا-ئانىلارنىڭ قەلبى چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنىدۇ.

ئاتا-ئانىلار گۆدەك، سەبىي پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇلارغا قىلىدۇرماقچى بولغان ئىشلارنى خۇشال-خۇرام ھالدا ۋە ئاڭلىق ھالدا بېرىلىپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، شۇنداقلا پەرزەنتىم قىلمىسىكەن دېگەن ئىشلارنى قىلمىغانلىقىنى كۆرگەندە، مۇقەددەس مېھىر-مۇھەببەتتىن تەسىرلىنىدۇ.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مېھىر-مۇھەببەتتىن سۆيۈنۈش، ئېرىشكەن بەختتىن مىننەتدار بولۇش ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچ دېگەندەك مۇقەددەس ئىزنالارنىڭ بويسۇنىدىغان بېقىنىدىلىق ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ، سەبىي، ساپ قەلبكە ئايلانغانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۇلارنىڭ قەلبى چەكسىز ھاياجانغا چۆمىدۇ. بۇخىل ھېسسىياتنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، ئاتا-ئانىلار قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىرخىل كۈچنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى

پەرزەنتلىرىگە بېغىشلاشقا ئۈندەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇقەددەس ئامىللارنى ساپ پېتى ساقلايدۇ، شۇنداقلا پەرزەنتلىرىنى ئوبدان چوڭ قىلىدۇ ۋە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

پەرزەنتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇقەددەس ئامىللار ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن كېلىدۇ. پەرزەنتلەر دۇنيادا ساغلام بولمىغان نەرسىلەرنىڭ قورشاۋى ئىچىدە ياشايدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ يۇمران ئۆسۈملۈككە ئوخشاش، پەرزەنتلەرمۇ كۆيۈنۈشكە، پەرۋىش قىلىشقا، قوغداشقا مۇھتاج. پەرزەنتلەر بۇخىل قوغداشقا ۋە مېھىر-مۇھەببەتكە ئاتا-ئانىسىدىن ئېرىشىدۇ. پەرزەنتلەر ئاشۇنداق شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، پىشىپ يېتىلىدۇ، مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ مەھسۇلىغا ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا ئاتا-ئانىلاردىكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ قايتا نامايەندىسى بولۇپ، ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. پەرزەنتىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزگە — خۇدانىڭ بەندىسىگە — ئوخشاش ھېسسىياتقا، ئارزۇغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەندە، ئاتا-ئانا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ئاتا-ئانىنىڭ كۈچىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

مۇقەددەس كۈچ-قۇدرەت بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈكسەك ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ، سەۋرچانلىق ۋە غەمخورلۇق نەتىجىسىدە، بۇ ئېسىل پەزىلەتلەر بالىلارنى پىشىپ يېتىلدۈرىدۇ. بىز سەزگۈ قابىلىيىتىمىزنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېتەكلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ چېكىنى ساقلىشىمىز كېرەك. سەزگۈ قابىلىيىتى ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي بىر ئامىل، بىراق ئۇنى زىيادە ئىشلىتىش زىيانلىق، شۇڭلاشقا، ئەڭ مۇكەممەل يېتەكچىلىك قابىلىيىتىگە تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قابىلىيەتكە ئىگە بولسىڭىز، كۆڭۈلدىكىدەك تەلىم-تەربىيە نىشانىغا يېتەلەيسىز؛ سىز پەرزەنتىڭىزنىڭ سەبىي، گۆدەكلىكىنى ساقلاپ قالالايسىز، شۇنداقلا ئۇلاردىكى مېھىر-مۇھەببەتكە ۋە ئۇلارنىڭ بالىلارچە تۈز مىجەزىگە زىيان يەتكۈزمەيسىز. مېھىر-مۇھەببىتىڭىز ئارقىلىق پەرزەنتىڭىزنى خاتالىق ئۆتكۈزۈش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن قانچىكى ساقلىغانسېرى، پەرزەنتىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدا سىز بارغانسېرى مۇقەددەس ئورۇنغا

ئىگە بولسىز، پەرزەنتىڭىز بىلەن سىزنىڭ قەلبىڭىزمۇ بارغانسېرى تۇتىشىپ كېتىدۇ.

پەرزەنتىڭىزنىڭ سەزگۈ قابىلىيىتى بىلەن ئۆزلۈك ئېڭى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولسا، بۇ سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزنىڭ ۋىجدانىنى ئويغاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزگە قەتئىي بولۇشىڭىز ۋە كۆيۈنۈشىڭىزدىكى مەقسەت ئوخشاش. يەنى پەرزەنتىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدا قارشى تۇرىدىغان بىرخىل كۈچنى پەيدا قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىكى كۈچ بىلەن ئۆزىڭىزدىكى كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ، پەرزەنتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر.

تەلىم-تەربىيە كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلە تۇرمۇشى ۋە ئاتا-ئانىنىڭ ياردىمى ئاساسىدا گۈزەل نىشان ئۈچۈن تەۋرەنمەي ئېلىپ بېرىلىشى، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەك تۇرمۇشقا باشلايدىغان تار ھەم بىردىنبىر يولدىكى تۈرلۈك توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى كېرەك. مېنىڭچە، مەن تۇرۇۋاتقان بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق قىلالايدىغان ئاتا-ئانىلار كەم تېپىلىدۇ.

ئەيشى-ئىشرەتكە، شەخسىيەتچىلىككە تولغان بۇ دۇنيا كىشىلەرنى بېسىم بىلەن تىزگىنلەيدۇ، شۇنداقلا كىشىلەردە تېخىمۇ ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ، ھەقىقەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەببەت بىلەن ياشىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئاتا-ئانىلارمۇ مۇشۇ دۇنياغا مەنسۇپ. كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى، شۇنداقلا ئۇلار ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى چەكلىمىگە ۋە ئىسراپچىلىققا تولغان تۇرمۇشتىكى — شەھەر تۇرمۇشىنىڭ پۇچەكلىشى، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھەقىقىي يۈكسەك پەزىلەتلەرنىڭ بارغانسېرى تەھدىتكە ئۇچرىشى دېگەندەك ئىشلار — تۈرلۈك ئىشلار كىشىلەرنى ئەقلىدىن ئازدۇردى، ئۇلاردىكى مېھىر-مۇھەببەتنى، ھېسسىياتنى نابۇت قىلدى، ئۇلارنىڭ زېھنىنى خوراتتى. ئاشۇنچىۋالا كۆپ ئىشلار ئىنسانلاردىكى تېخىمۇ ئالىيجاناب پەزىلەتلەر بىلەن تېپىشىپ تۇرىدۇ. پەرزەنتلەرنى ئوبدان تەربىيىلەش ئاشۇ ئالىيجاناب پەزىلەتلەرگە باغلىق بولىدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئىنسانلار ئۈنچە بەك چۈشكۈنمۇ ئەمەس، ئىنسانلار ئىچكى دۇنياسىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى ھەمدە مېھىر-مۇھەببەت ۋە مۇھەببەت پائالىيىتىنى ھېلىھەم

ئۆزىنى يۇكسەلدۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلماقتا.

ئىنسانىيەت تەلىم-تەربىيىسىدىكى بىردىنبىر ھەقىقىي ئاساس بولغان بۇ ۋاستە توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە بىلىشتىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەبىئەت ئالدى بىلەن بىزنى نابۇت قىلىدۇ. داڭلىق كىشىلەر مەيلى كاتتا خان سارايلىرىدا تۇرسۇن ياكى ئادەتتىكى ئۆيلەردە تۇرسۇن، تۆرلۈك ئەھۋاللاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىق مېھىر-مۇھەببىتىنى ئەڭ يۇكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ دەپ قارايدۇ. تەلىم-تەربىيە جەريانىدا بارلىق ياخشى تەرەپلەر بىلەن بۇخىل ئاتا-ئانىلىق مېھىر-مۇھەببەت بىرىكىپ كەلدى، گەرچە دۇنيادىكى چىرىكلىك بۇخىل بىرىكىشنى چەكلەپ، كەمسىتىپ كەلگەن بولسىمۇ ئەلۋەتتە، بۇخىل چىرىكلىك كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق مۇقەددەس نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ، شۇنداقلا شەخسنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى چەكلەيدۇ، توسىدۇ، ھەتتا كىشىلەرنى تۈپتۈق يولغا باشلايدۇ ...

# يەتتىنچى باب

# ماختاش تالانتلىقلارنى تەربىيلەپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1803- يىلى 8- فېۋرال ھاۋا تۇتۇق.

مەن بۈگۈن پەرزەنت تەربىيلەشتىكى ئۆزۈم بايقىغان سىرنى يېزىپ چىقىمەن. پەرزەنتلەرنى ئۈنۈملۈك ماختاش — مېنىڭ پەرزەنت تەربىيلەشتە بايقىغان سىرىمدۇر.

ئوغلۇمنى تەربىيلەش جەريانىدا، مەن شۇنى بايقىدىمكى، ياخشى ھەرىكەت ئۆزلۈكسىز ماختاشقا ئېرىشسە، ئۇ ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىپ ئادەتكە ئايلىنىدۇ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار «بالىنىڭ ياخشى قىلىقى ئەزەلدىن بار ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك، شۇڭا بۇ ھەقتە بىر نىمە دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارىغاچقا، ماختاشقا سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىلارنىڭ ياخشى قىلىقى ئۆز ۋاقتىدا ماختاشقا ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە ھېچقانداق تەسىرى يوقمايدۇ، شۇنداقلا بالىلارنىڭ ياخشى قىلىقلىرىمۇ بارا-بارا توختاپ قالىدۇ.

مەن كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ بىلىپ-بىلمەي، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى

ماختايدىغانلىقىنى، مەسىلەن: ئەركە باللارنى بولۇشىغا قويۇۋېتىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى ئەنە شۇنداق غەرەزسىز ھالدا تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ.

تۇرمۇشتا مەن مۇنداق ئىشلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمەن: باللار سوقۇشۇپ قالسا، ئىسراپخورلۇق ۋە ئوغرىلىق قىلسا ياكى يالغان ئېيتسا، ئاتا-ئانىسى ئالدىراپ-تېنەپ باللىرىنى تىللايدۇ، تەنقىد بېرىدۇ، ھەتتا ئۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق قىلغاندا، مەسىلە ھەل بولمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ زور، ناچار تەسىرلەر كېلىپ چىقىدۇ.

باللارنىڭ ناچار قىلىقلىرى ئاتا-ئانىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. چۈنكى باللار دائىم ئاتا-ئانىلىرى پەرۋا قىلمايدىغان ئىشلارنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قىلىقلارنى تاللايدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار «باللارنىڭ يامان قىلىقلىرىنى كۆرگەندە، ئۇلارنى جازالىسا، ئۇلارنىڭ يامان ئۆگىنىپ قېلىشىنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ» دەيدىغان خاتا قاراشتا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، باللارنىڭ يامان قىلىقى ئاتا-ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتقاچقا، جازا باللار ئۈچۈن مۇكاپاتتەك تۇيۇلىدۇ. نۇرغۇن باللارنىڭ يامان ئادەتكە ئۆگىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە.

ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ قايسى قىلىقىغا دىققەت قىلسا، ئاشۇ قىلىق تەدرىجىي ھالدا بالىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ ياخشى تەرىپىگە كۆپرەك دىققەت قىلىپ، ياخشى قىلىقلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا مۇۋاپىق مۇكاپاتلاپ تۇرۇشى؛ يامان قىلىقلىرىغا پەرۋا قىلماي يۈرۈشى ۋە يامان قىلىقلارنىڭ تەسىرىنىڭ باللاردا چوڭقۇرلاپ كېتىشىگە پۇرسەت قالدۇرماسلىقى كېرەك.

بالىنىڭ ياخشى قىلىقلىرىنى ماختاش قانچە بالدۇر بولسا، شۇنچە ياخشى. بالا قانچە كىچىك بولسا، بۇنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە كۆرۈنەرلىك، شۇنچە ئوڭاي بولىدۇ. مەن باشقا باللار ئۈستىدىمۇ بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم. باللار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم

قويغانـدا، بـۇ خـىل ماختـاش بەلگـىلىك دەرىجىـدە قىيىنلىشـىدۇ. چۈنكـى، ئۆسـمۈرلۈك مەزگـىلىدىكى ئۆسـۈپ يېـتىلىش جەريانـىدا، بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن قارشىلىشىدىغان باسقۇچى بولىدۇ. بۇ ئۆسـۈلنى ئۇنۇملـۇك قـوللىنىش ئۈچـۈن، ئاتـا-ئـانىلار بالىسـىنىڭ ھېسسـىياتى بىلـەن ھـەرىكىتىنى ئېنىـق پەرقلەندۈرۈشـى كېـرەك. بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى خۇشاللىنىش، ئاچچىقلىنىش قاتارلىق ھېسسـىياتلار بالىنىـڭ ئۆزىگـە خـاس بولـۇپ، ئاتـا-ئـانىلار كۆپـىنچە ھاللاردا بۇنى چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. بالىلار ئۆزىنىڭ خۇشال بولۇش ياكى ئـاچچىقلىنىش ھېسسـىياتىنى تىزگـىنلىيەلمەيدۇ. بالىنىـڭ ھەرىكىتى بولسا ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنى كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولىدۇ. بالىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەيدۇ. بالا ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ، ئەمما باشقىلارنى ئۇرۇشقا كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ھېسسىياتىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ، ئەمما بالىسىنىڭ ھەرىكىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

مىنىڭچە، بالىنى ماختاش — ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتىگە قارىتىلىشى كېرەك.

ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشى كېرەك دېگەنلىك — مىنىڭچە، بالىنىڭ ئابستراكت ياكى تەھلىل قىلىپ چىقىرىلغان تەرەپلىرىگە ئەمەس، بەلكى بالىنىڭ كونكرېت ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھېلىقىدەك چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلەرگە ئاتا-ئانىلار تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، شۇڭا قىلا تىزگىنلەشكىمۇ ئامالسىز. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىش ناھايىتى مۇھىم.

قانداق ھەرىكەت چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھەرىكەت بولىدۇ؟ مەسىلەن: «بۇ بالا ھەمىشە ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ»، «بۇ بالا باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا ئامراق»، «بۇ بالا بەكلا مەسئۇلىيەتسىز» دېگەندەك ئىشلار ئاشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

قانـداق ھەرىكـەت كونكرېـت ھەرىكـەت بولـىدۇ؟ مەسـىلەن: «ئـۇ باشـقىلارنىڭ بالىسـىنى ئـۇردى»، «ئـۇ، تامغـا كىچىـك ھايۋانلارنـىڭ رەسىمىنى سىزىپ قويىدۇ» دېگەندەك ئىشلار ئاشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

شـۇنى چۈشىنىۋېلىشـىمىز كېرەككـى، ماختاشـقا تېگىشـلىكى بالىنـىڭ ھېسسـىياتى ئەمـەس، بـەلكى ئـۇنىڭ ھـەرىكىتى بولـۇپ، «چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلەر»نى ئەمەس، بەلكى كونكرېت ھەرىكەتنى ماختاش كېرەك.

ئاتـا-ئـانىلار ئاساسـلىقى بالىسـىنىڭ ياخشـى ھـەرىكىتىنى ئـۆز ۋاقتىـدا ماختىشى كېرەك. ئەگەر بالا بـىرەر ئىشنى ياخشى قىلالمىسا، ھەرگىز ئەيىبلىمەسلىك كېرەك. بالىنـىڭ بىرەر ھەرىكەتنى تۇيۇقسىز قىلالىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ خېلى چوڭ ئىلگىرىلىگەنلىك بولـىدۇ. بالا ياخشى ھەرىكىتىنى كۆرسەتكەنلا بولسا، ئاتا-ئانىلار بۇنى ئۆز ۋاقتىـدا ئىجـابىي جەھـەتتىن كۈچەيتىشـى، بـۇ خىل ھەرىكـەتنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

مـەن كـارلنى ماختىغانـدا، ھېسسـىي جەھـەتتىن ماختـاش ۋە مـاددىي جەھـەتتىن ماختاشـتىن ئىبـارەت ئىككـى خىـل ئۇسـۇلنى قوللىنـاتتىم. شـۇنى چوڭقـۇر ھـېس قىلىدىمكى، مـاددىي جەھـەتتىن ماختاشقا قارىغانـدا ھېسسىي جەھەتتىن ماختـاش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدىكەن.

ھېسسىي جەھەتتىن ماختاش — تەقدىرلەش، سۆيۈپ قويۇش، قـۇچاقلاش دېگـەندەك ئـاغزاكى يـاكى جىسـمانىي ھەرىكەتلـەرنى كۆرسىتىدۇ. بـۇ خىـل ماختاشـقا كەلگـەندە، ئاتـا-ئـانىلار ھەرگىزمۇ ئىرىنمەسلىكى كېرەك.

مـاددىي جەھـەتتىن ماختـاش تولۇقلىما ماختـاش بولـۇپ، بالىغا بىرەر تال پېچىنە-پىرەنىك بېرىش دېگەندەك ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. كـارل ھـەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالـدا مۇكاپاتقا ئېرىشسە، ئاجايىپ خۇشـال بولـۇپ، روھـىي كـۆتۈرۈلۈپ كېتـەتتى ھەمـدە مۇكاپـاتنىڭ قانچىلىكلىكىگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى.

كارلنى ئاشۇنداق تەربىيلەش جەريانىدا، ئۇ بەك كىچىك چاغلاردا كۆپىنچە ھېسسىي جەھەتتىن مۇكاپاتلىشىمنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقىنى، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئاندىن ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلىغانلىقىمنى بايقىدىم.

مېنىڭچە، بالىنىڭ مەلۇم بىر ياخشى ھەرىكىتى ئۆز ۋاقتىدا توغرا ماختاشقا ئېرىشەلىسە، بۇ ياخشى ھەرىكەت بالىدا ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىدۇ ۋە ئۆز ۋاقتىدا كۈچىيىپ مۇستەھكەملىنىدۇ ھەمدە بالا تەبىئىي ۋە ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان ياخشى ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.

مەن كارلنى كەلسە-كەلمەس ماختاۋەرمەيتتىم. كەلسە-كەلمەس ماختىسام، ئۇ ھالدا كارل ئۆزىنى نېمىشقا ماختىغانلىقىمنى بىلەلمەي قالغان بولاتتى. ئۇ بىرەر ياخشى ھەرىكەتنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتكەندە، مەن ئۇنى دەرھال ماختايتتىم ۋە ئۇنىڭغا نېمىشقا ماختىغانلىقىمنى ئېيتىپ قوياتتىم.

كارل ھەر قېتىم بىرەر ئىشنى يېگىچە ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئۇسۇلدا قىلغاندا، مەن ئۇنى دەرھال ماختايتتىم. مېنىڭچە، بۇنداق قىلىشىم ئۇنىڭ ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشىگە پايدىلىق ئىدى. ئەگەر ئۇ يېڭى ئادەتنى ئۆگىنىۋالغان ۋە ئۇ ئادەتنى ئەقلىي جەھەتتىن بىلىپ قىلغان بولسا، ئۇنى ھەرقېتىم ماختاۋەرمەي، بەلكى ماختاش ۋاقتى ئارىلىقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۇزارتىپ، بەلگىلىك ئارىلىقتا ياكى خالىغان چاغدا ماختاش ئۇسۇلىنى قوللىناتتىم. ئوغلۇم كارلدا تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئاندا-ساندا ماختايتتىم.

مەن نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ بەزى ناچار قىلىقلار ئۈچۈن بالىسىنى جازالاپ، ئۇرۇپ-تىللاپ يۈرمەي، ئەكسىچە بالىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىغانلىقىنى كۆردۈم. خاسلىقى كۈچلۈك، زېھنىي ئۇرغۇپ تۇرغان، باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەلدىن قوللاق سالمايدىغان بالىلارغا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. ئاتا-ئانىلار

بالىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىغاندا، ئۇلارنىڭ ياخشى ئادىتىنى ئىمكانقەدەر ماختىشى كېرەك. باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ ماختىغىنىنى ئاڭلىسا، چوقۇم گەپ ئاڭلايدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

تولۇقلىما: يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزنى ئوقۇشىنىڭ ئاتا-ئانىلارغا جەزمەن پايدىسى تېگىدۇ. يۇقىرىدىكى بايانلارنىڭ مېنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىدىيەمنىڭ بىر قىسمى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

*ئىزاھات: دادامنىڭ تولۇقلىمىنى يېزىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابنى يېزىشىدىكى بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.*

*　　*　　*

1803- يىلى 2- مارت　ھاۋا　ئوچۇق.

مەن بوگون ئوغلۇم كارلنى «سەن بەك ئەقىللىق، بەك ئوبدان بالا» دەپ يەنە ماختىدىم. بۇ گەپنى قانچە قېتىم دېگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىراق بۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، بۇ گەپ ئارقىلىق مەن كارلنىڭ ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرەتتىم.

مەن «سەن بەك ئەقىللىق، بەك ئوبدان بالا» دېگەن بۇ گەپنى كارلنى تەربىيىلەش داۋامىدا ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن. ئوغلۇم كارل ھەرقېتىم قىيىنچىلىققا ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، مەن دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق ئاشۇ گەپ ئارقىلىق ئۇنىڭ غەم-قايغۇدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەتتىم.

بالىدا تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئۇ كەلگۈسى ھاياتىدا ئۇچرايدىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەختلىك ھاياتقا ئىگە بولالايدۇ. ئىشەنچ قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئىشەنچ ئاتا-ئانىنىڭ ئۇنۇملۇك ماختىشىدىن كېلىدۇ. بالا ماختاشقا، ئىلھاملاندۇرۇشقا مۇھتاج. ماختاش ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا بولغان ئىشەنچىنى بىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا

بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىمۇ چىڭىتىدۇ. بالىدا تولۇق ئىشەنچ بولغاندىلا، ئاتا-ئانا پەرزەنتىنى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربىيلەپ چىقالايدۇ.

«سەن بەك ئەقىللىق، بەك ئوبدان بالا»دېگەن بۇ گەپ ناھايىتى كارغا كېلىدۇ. بۇ گەپ تىلنىڭ بېشارەت بېرىش رولى ئارقىلىق ئادەمدە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ. مەن ئادەمنى ئىلھاملاندۇرىدىغان مۇشۇ گەپ ئارقىلىق ئوغلۇم كارلدا ئىشەنچ ۋە ئىرادە تۇرغۇزاتتىم. ئوغلۇم جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

مەن ئايالىمغا «بىز ئىلھاملاندۇرۇش، تەقدىرلەش ئۇسۇلىنى كۆپرەك قوللىنىپ، ئوغلىمىزدا ئىشەنچ يېتىلدۈرەيلى، ‹سەن كالۋا›، ‹سەندىن ئۈمىد يوق› دېگەن گەپلەر بىلەن ھەرگىزمۇ ئوغلىمىزغا ئازار بەرمەيلى» دەيتتىم.

بالىدا ئىشەنچ يېتىلدۈرۈشتە جەزمەن تىلغا تايىنىشمۇ ھاجەتسىز، بالىدا كىچىككىنە ئىلگىرىلەشنى بايقىغاندا، ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇش، ئۇنى قۇچاقلاش ياكى ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراش ئارقىلىقمۇ بالىدا ئىشەنچ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ماختاشتىن ئىبارەت، بالىگىزنى كۆپرەك «ئۈچۈرۈڭ»! ئۇنى «سەن بەك ئەقىللىق، بەك ئوبدان بالا»دەپ ماختاڭ.

* * *

1803- يىلى 7- ئىيۇن    ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن ئوغلۇمنىڭ ئاندا-ساندا ماختاشقا كۆنگەندە، ئۆزىنىڭ ياخشى ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئوغلۇم بۇنىڭغا ئادەتلەنگەن بولغاچقا، قانداق قىلسا مېنى خۇش قىلالايدىغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ خۇشال ئىكەن، ئۆزىنىڭ ياخشى ئادىتىدىن مەمنۇن ۋە خۇشال ئىكەن.

ماختاش باللاردىكى ياخشى ئادەتنى مۇستەھكەملەيدۇ.

ئوغلۇم نېمىلا دېگەن بىلەن تېخى بالا، ئۇ بەك ئاجىز، ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، شۇڭا مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىم، ئۇنى قوللىشىم كېرەك. ھېلىغۇ كىچىك باللىكەن، ھەتتا چوڭلارنىڭمۇ ئۆمىدسىزلىنىدىغان، ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىدىغان چاغلىرى بولىدىغۇ. ئوغلۇمدا ئۆزىگە قارىتا تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزسام، ئۇ ئاندىن كەلگۈسى ھاياتىدا ئۇچرايدىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەختلىك ھاياتقا ئىگە بولالايدۇ.

ئەگەر مېنىڭ كارلىغا بولغان ئىشەنچىم باشتىلا يېتەرلىك بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھازىر قانداق ئادەم بولۇشىنى ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

كارل يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشنى باشلىغاندا، ئۆز ئىقتىدارىغا ئازراقمۇ ئىشەنچى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى ماقالىسىنى تولىمۇ قورۇنۇپ تۇرۇپ ماڭا سۇنغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىكنى سەزگەنىدىم، ئۇ مېنىڭ تەنقىدلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ، ناھايىتى ناچار-يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمەكچى بولغان گەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، جۈملىلىرى چالا، نۇرغۇن خەتلەر خاتا يېزىلغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىشىم كېرەك؟ مەن ئوغلۇمنىڭ يېزىقچىلىققا قارىتا ئىشەنچىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلغاچقا، ئۇنىڭغا «قاملاشماپتۇ»دەپلا، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. زۇۋان سۈرمەي تۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بۇ تېخى سېنىڭ تۇنجى ماقالەڭ، مەن سەندەك ۋاقتىمدا بۇنچىلىكمۇ يازالمايتتىم» دېيىشىمنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن چاقناپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئوغلۇم ئىككىنچى پارچە ماقالىسىنى ماڭا كۆرسەتكەندە، بۇ ئالدىنقىسىدىن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلدى.

ئۆزىگە ئىشىنىش ئىشەنچىنىڭ ئاساسى. ئۆزىگە ئىشەنمىگەندە، ئىشەنچتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنۇملۇك ماختاش ئارقىلىق بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئوڭاي يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئۆزىگە ئىشىنىش ئاددىيلا ئۇقۇم. يەنى ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىش دېگەنلىكتۇر. مەيلى چوڭ ئادەم ياكى كىچىك بالا بولسۇن، مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كەمچىل بولسا، مۇقەررەر هالدا هېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، بىرئادەم ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلسىلا، خىزمەتكە بولغان ئىشەنچى ئاشىدۇ. شۇنداقلا، قانداقلا ئىش قىلسۇن، هەرقانچە جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرىسىمۇ، هەرگىز بەل قويۇۋەتمەيدۇ.

مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر هېس قىلدىمكى، ئەڭ ئۈنۈملۈك تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى بالىنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ئىلهاملاندۇرۇش ئىكەن، تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ماختاش ئىكەن.

بالىنىڭ تۇغما تالانتى هەر تەرەپلىمە بولىدۇ، ئاتا-ئانىلار ئۇنى بايقاشقا ماهىر بولۇشى هەم بالىسىغا ياخشى مۇهىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار بۇنى بايقىيالىسا ۋە ۋاقتى-ۋاقتىدا ماختاپ تۇرالىسا، بالىدا ئۈمىد زور بولىدۇ. بالىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلىنىش-قىلىنماسلىقى بالىغا ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىغا باغلىق بولىدۇ. ئاتا-ئانا بالىسىنىڭ تالانتىنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ماختاپ تۇرسىلا، بالىنىڭ ئىلگىرىلىشى تېز بولىدۇ. ئوغلۇم كارلنى تەربىيىلەش جەريانىدا بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر هېس قىلدىم.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. بالىنىڭ

ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكىنى تۈگىتىش — ھەربىر ئاتا-ئانىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى.

باللاردا مۇزىكىغا قارىتا تۇغما قىزىقىش بولىدۇ. يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئاڭلىسا، باللارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۇبدان تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر بالا مۇزىكىغا ناھايىتى سەزگۈر بولسا ۋە مۇزىكىغا بېرىلسە، ئۇنداقتا بۇ بالىدا مۇزىكا تالانتى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانىلار بالىسىغا تېخىمۇ كۆپ «مۇزىكا مۇكاپاتى»بېرىشى، بالىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقىشى ئايان بولسىلا، ھەرخىل يوللار بىلەن بالىسىنى «مۇكاپات»لاپ تۇرۇشى كېرەك.

باللارنىڭ رەسىم سىزىش قابىلىيىتى ھەرخىل رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈشتىن باشلىنىدۇ. ئەگەر بالا تۈرلۈك رەڭلەرگە ئالاھىدە قىزىقسا ھەمدە ھەمىشە يەرگە، تامغا ھەرخىل نەرسىلەرنى سىزىپ يۈرسە، ئۇنداقتا بۇ بالىدا رەسىم سىزىش تالانتى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا-ئانىلار بالىسىغا رەسىم قەلىمى، بوياق ۋە قەغەز ئېلىپ بېرىپ، بالىسىنى رەسىم سىزىشقا قىزىقتۇرۇشى، شۇنداقلا پات-پات تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ، بالىسىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى لازىم. مانا بۇلار بالىنى ماختىغانلىق بولۇپ، بالىنىڭ تالانتىنى قېزىشقا تولىمۇ پايدىلىق.

باللارنىڭ شېئىر يادلاش، سۆزلەش، ھېكايە ئېيتىشقا ئامراقلىقى ئۇنىڭ تىل قابىلىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بالدۇر تىلى چىققان بالا ئاتا-ئانىنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك. بالىنىڭ تىل قابىلىيىتىدە تۇغما ئامىللاردىن باشقا، يەنە كېيىنكى مەشىقمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بالا بىلەن ھەمىشە «سۆزلىشىش» كېرەك. گەرچە ئۇ گەپ قىلالمىسىمۇ، بىراق ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ تىلغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

تىل قابىلىيىتى ئادەملەردىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىدارنىڭ بىرى، شۇڭلاشقا ئاتا-ئانىلار بۇنى ماختاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. كىچىك چېغىدا توختىماي چۈگۈلداپ تۇرىدىغان

بالا چوڭ بولغاندا چوقۇم سۆزمەن بولىدۇ. بالىسىنىڭ تەلەپپۇزى توغرا بولمىسا، سۆزلەرنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىپ قالسا، ئاتا-ئانىلار بالىسىنى ھەرگىز زاڭلىق قىلماسلىقى، ئۇنى يېتەكلىشى ۋە مۇۋاپىق رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

شۇنى بىلىش كېرەككى، بالىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويۇشى پۈتۈنلەي نورمال ئىش. خاتا سۆزلىمىسە، ئاندىن ئەجەبلەنسەك بولىدۇ. بالا گەپلا قىلىدىكەن، ئىلھاملاندۇرۇش زۆرۈر.

مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلەشتە، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدۇم ھەم ئۇنى بىلىم ئۆگىنىشتىنمۇ مۇھىم دەپ بىلدىم. نۇرغۇن كىشىلەر بالا تەربىيىلەشتە، بالىغا بىلىم ئۆگىتىشكە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە سەل قارايدۇ. مەن بالىلارغا بىلىم ئۆگىتىشنى پەقەت بىر ۋاسىتە قىلىشنى، بىلىم ئۆگىتىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ تۈرلۈك قابىلىيىتىنى ئېچىشنى، ئۇلاردا تۈرلۈك ئىقتىدار ۋە ساپا يېتىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ بىرەر كونكرېت نىشانى يوق. ئۇنى پەقەت كونكرېت پائالىيەتلەر بىلا ئۆلچىمەك قانائەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. بالا قانچە كىچىك بولسا، بۇ نۇقتا شۇنچە مۇھىم.

ئوغلۇم قەدىمكى ئارتىسلارنى ھەم قۇشلارنىڭ ئۇچقىنىنى دورىغاندا، بۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا بۇنداق چاغدا ئۇنى «ناھايىتى ياخشى ئويناىدىڭ»دەپ ماختاپ قوياتتىم. بۇنىڭ ئۆلچىمىگە گەپ كەتمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، بالا چوڭ بولغانسېرى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى شۇنچە بېيىيدۇ، شۇنچە ئۆزگىچە بولىدۇ.

بالىلار ھېكايە ئاڭلاشقا ئامراق. بۇ، ئۇلارنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ياكى چوڭلارنىڭ ئىلگىرى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنى يەنە دەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە زېرىكمەي ئاڭلاپ تۇرىدۇ. چوڭلار ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا، بالىلار ئۇيەر-

بۇيەردىن لوقما سېلىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ھەتتا خاتا لوقما سالىدۇ، لېكىن بۇ ياخشى ئەھۋال. ئاتا-ئانىلار چوقۇم ۋاقتىدا رىغبەتلەندۈرۈپ، بالىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ماختىشى، بالىنىڭ خاتا لوقما سالغان، مۇۋاپىق تولۇقلىمىغان يەرلىرىگە توغرا قاراپ، بالىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ھەرگىز سوغۇق سۇ سەپمەسلىكى كېرەك.

ئوغلۇم كارل بەزىدە، ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان، باش-ئايىغى قاملاشمىغان ئىشلارنى توقۇپ چىقاتتى. مەن ئۇنى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، دەپ قارىمايتتىم. ئەكسىچە، قاملاشمىغان جايلىرىنى توغرىلاپ، تۈزىتىپ بېرەتتىم. مېنىڭچە، بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ماختاش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا يېتەكلەش — ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى.

ئوغلۇمنى پات-پات ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئەركىن تەرەققىي قىلىشۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

نۇرغۇن بالىلارنىڭ دادىل تەسەۋۋۇرىنى ئاتا-ئانىلىرى دائىم دېگۈدەك چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن رامكىلار بار، ئۇلار ھەمىشە مۇشۇ رامكىلار بىلەن بالىنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى بوغۇپ قويىدۇ.

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ شۇنچىۋالا دادىل ۋە مول بولۇشىدىكى سەۋەب — ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھېچقانداق رامكىنىڭ بولماسلىقىدا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق رامكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشنى ئەسلا خالىمىغانلىقىدا.

بىر كۈنى بىر قەدىناس دوستىمىز ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇ، كارلنىڭ چوڭ ھەم يۇمىلاق بىر نەرسىنى كۆك رەڭدە سىزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئوغلۇم، سىزىۋاتقىنىڭ نېمە؟

كارل: «ئالما» دەپ جاۋاب بەردى.

— نېمىشقا ئۇنىڭغا كۆك رەڭ ئىشلىتىسەن؟

كارل: «مىنىگچە كۆك رەڭ ئىشلىتىش كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى.
دوستۇم ماگا: «قەدىناس دوستۇم، ئوغلۇڭغا ئوبدانراق ئۆگەت، ئۇ ئالمىنى كۆك رەڭدە سىزىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشۇڭ كېرەك» دېدى.
مەن ھەيران بولۇپ: «نېمىشقا ئەمدى، مەن نېمىدەپ ئالمىنى چوقۇم قىزىل رەڭدە سىز دەپ قويغۇدەكمەن؟ مىنىگچە، ئۇ ناھايىتى ياخشى سىزىپتۇ. كېيىنچە ئۇ، راستتىنلا كۆك ئالما يېتىشتۈرۈپ چىقامدۇ تېخى. ئالمىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى ئۇ ئالما يېگەندە تەبىئىي ھالدا بىلىۋالىدۇ» دېدىم.
بالىنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتى مانا مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز ماختاش جەريانىدا يېتىلىدۇ. ئەگەر چوڭلارغا قويىدىغان ئۆلچەم بىلەن بالىغا تەلەپ قويساق، بالىنىڭ ھەرقانداق ئىشىدا نامۇۋاپىق بولغان نۇرغۇن «قائىدىسىز» ئىشلار بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تۈزىتىپ تۇرىمەن دېسەك، بالىنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتى ئۈزلۈكسىز ھالدا يوقىلىدۇ.
كارل كىچىك چېغىدا ھەمىشە يەرگە دۈم يېتىۋېلىپ، چۈمۈلىلەرنىڭ بىرنەرسە توشۇۋاتقان ھەرىكىتىنى قىزىقىپ بىرىلىپ كۆزىتەتتى. بۇنداق چاغدا ھەرگىز ئۇنىڭغا دەخلى قىلمايتتىم. ئۇ، ئۇزى كۆزەتكەن ئەھۋاللارنى ماگا بىر-بىرلەپ دەپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكىنى ماختاپ قوياتتىم.
بالىنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى ماختاش ئۇنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ناھايىتى پايدىلىق. ماختاش ئارقىلىق بالىنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ. مەن دائىم ئوغلۇمنى تەبىئەت قوينىغا باشلاپ چىقاتتىم، ئۇنىڭغا ئۇچار-قۇش، گۈل-گىياھ، قۇرت-قوڭغۇز، ئاسمانىدىكى سان-ساناقسىز يۇلتۇزلارنى كۆرسەتتىم. گۈلدۈرماما، چاقماق، ھاۋانىڭ ئوچۇق-تۇتۇقلىقى، قار-يامغۇرنىڭ يېغىشى ئۇنى بەكمۇ قىزىقتۇراتتى. قۇياشنىڭ چىقىشى،

ئاينىڭ پېتىشى، كېچە-كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى دېگەندەك نەرسىلەر ھەققىدە مەندىن توختىماي سوئال سورايتتى.

بالىنىڭ قىزىقىشچانلىقىدىن ئاتا-ئانىلار زېرىكمەسلىكى، بەلكى ئۇنى ئاسرىشى ھەمدە ئۇنى توغرا يولغا باشلىشى كېرەك. بۇخىل ماختاش ئارقىلىق بالىنى بىلىم دېڭىزىغا يېتەكلىگىلى بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش، بىرەر نەرسە ياساش، تەجرىبە ئىشلەش قاتارلىقلار بالىغا چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

* * *

1803- يىلى 2- ئاۋغۇست ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن كىچىك چېغىمدا بىرگە ئوينايدىغان ۋىكتورنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

كىچىكلىكىمدە بىز ئۇنىڭ بىلەن قوشنا بولۇپ، ئۇ يەنە مېنىڭ ساۋاقدىشىم ئىدى. ئۇ شوخ بولۇپ، ھەممىلا نەرسىگە قىزىقاتتى، ئۇنى-بۇنى تۇتۇپ، ئۆرۈپ-چۆرۈپ باقاتتى. بىر قېتىم ئاتا-ئانىسى ئۆيدە يوق چاغدا، ۋىكتور ئۆيدىكى سائەتنى چۇۋۇپ كۆرۈپ چىقىدۇ ۋە مىڭ تەسلىكتە قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. بىراق سائەت ماڭمايدۇ. ئاتا-ئانىسى قايتىپ كېلىپ، ۋىكتورنىڭ سائەتنى بۇزۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى راسا بىر ساۋىدايدۇ. بۇ ئىش تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىراق شۇنىڭدىن كېيىن ساۋاقدىشىم ۋىكتور بىرەر نەرسىنى بۇزۇپ قويسام، ئاتا-ئانام ئۇرۇپ-تىللارمىكىن دەپ قورقۇپ، بىرەر نەرسىنى تۇتۇپ بېقىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندە ئاڭلىسام، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ۋە خىزمەتتىكى ئىپادىسى ئادەتتىكىچە ئىكەن، ئەتراپىدىكى ئىشلارغىمۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىكەن، كۆڭلىرىنىمۇ بولۇشىغا ئۆتكۈزىدىكەن.

بالىلار ھەمىشە تىل ئاڭلاپ تۇرسا، «ئاتا-ئانام مېنى تاشلىۋېتىپتۇ، مېنى ئەمدى ياخشى كۆرمەيدىكەن» دەپ ئويلاپ، كۆڭلىدە قورقۇنچ پەيدا بولىدۇ ۋە ھېسسىياتىنى يوشۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىسىدىن بىزار بولغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى تولا قىلسا، بالىدا چۈشكۈن، پاسسىپ خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. ئاشۇنداق بولۇپ قالسا، ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ.

ئاتا-ئانىلار ھەرگىزمۇ بەزىبىر ئىشلارغا قاراپلا، بالىسىنى ئۆمۈرۋايەت كارغا كەلمەيدۇ، دەپ قارىسا بولمايدۇ. «سەن بىرەر ئىشقىمۇ يارىمىساڭ، كەلگۈسىدە نېمىمۇ قىلالارسەن؟ ئادەمنى بەكلا ئەنسىرەتتىڭغۇ سەن!» دېگەندەك بالىنىڭ ئىستىقبالىنى ئىنكار قىلىدىغان گەپلەر، شەك-شۈبھىسىزكى، كەلگۈسى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى يوق قىلىدۇ.

نۇرغۇن بالىلار ئاتا-ئانىسى كەمسىتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ، بولغىنىم مۇشۇ ئىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ھەتتا تۈيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلارنىڭ سۆزلىرى بالىلار ئۈچۈن مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مەيلى ماختاش سۆزلىرى بولسۇن ياكى كەمسىتىش سۆزلىرى بولسۇن، بۇلار بالىلارنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان گەپلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. شۇنداقلا ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىنى بىلدۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى كېلەچەككە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق، بالىلارنى ئاشكارىلانمىغان قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئىشەنچىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

بالىنى كەمسىتىدىغان تۈرلۈك گەپلەر تولا بولسا، ئۇلار خۇددى ئۇرۇققا ئوخشاش بالىلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىپ، بالىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى باھالاش ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە بالا ئاتا-ئانىسى لەنەت ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

باللارنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن سوئاللار بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، باللارنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى سوئاللاردۇر. بۇ سوئاللار ئادەمنىڭ تۇرمۇش تاللىشىدىكى ئاساسى.

مەن نېمىشقا ئالغا باسمايمەن؟

ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

«قىلالمايمەن»دېگەن قاراش كۆپىنچە هاللاردا ئاتا-ئانىنىڭ باللىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭغا «سەن ئۇنداق، سەن مۇنداق»دېگەن پاسسىپ باهاسىدىن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىنىڭ «سەن ئۇنداق، سەن مۇنداق»دېگەن باهالىرى باللىنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناهايىتى مۇهىم.

باللار كۆڭلىدە چوڭلارنى بىلمەيدىغىنى، قىلالمايدىغىنى يوق، قالتىس ئادەم، دەپ بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، باللار چوڭلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باهاسىنى شەرتسىز هالدا توغرا دەپ قارايدۇ، باهانىڭ توغرا-خاتالىقىنى تەهلىل قىلىپ يۈرمەيدۇ. چوڭلار باللارنى «سەن بەك دۆت»دېگەندە، باللار ناهايىتى هودۇقۇپ، راستىنلا دۆتتەك بولۇپ قالىدۇ.

فىبستالوز ئۆزۈن مۇددەت كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئائىلىدە تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بالىغا بولغان زىيىنىنىڭ ئەڭ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بايقىغان:

تىللاش — كالۋا، نان قېپى.

هاقارەتلەش — سەن بىر يارىماس.

ئەيىبلەش — سەن نېمانداق ئۇسال، يەنە شۇنداق قىپسەنغۇ!

پوپوزا قىلىش — سەن بىلەن ئەمدى كارىم يوق، نېمە قىلغۇڭ كەلسە، شۇنى قىل.

يالۋۇرۇش — ئەمدى ئۇنداق قىلما، بولامدۇ؟

ئاغرىنىش — سېنىڭ بۇ ئىشىڭ كۆڭلۈمنى بەك بىئارام قىلدى.

هېچقانداق بىر ئاتا-ئانا پەرزەنتىمنى تەربىيىلەش داۋامىدا يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرەرىنى دەپ باقمىدىم، دەپ ئېيتالمايدۇ.

بۇ گەپلەر بەزى ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ئادەتكە ئايلانغان. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ چاكىنا كۆزقاراشلىرى تۇرمۇشتىكى گەپ-سۆزلىرىدە، ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ، بالىلارغا نۇرغۇن جەھەتتە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

* * *

1803- يىلى 10- ئۆكتەبىر ھاۋا ئوچۇق.
بۈگۈن مەن دوستۇمنىڭ ئۆيىدە كىشىلەر خىسلەتلىك بالا دەپ تەرىپلەۋاتقان بلانكىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بىراق ئۇ ئانچە خۇشال ئەمەستەك قىلاتتى.
ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى.
بلانكا ئون ياشقا كىرگەن بولۇپ، يالغۇز بالا ئىدى. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتە ئەلا، ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى نىشان تۇرغۇزۇپ بەرگەنىدى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن سىرت، ئاتا-ئانىسى ئورۇنلاشتۇرغان دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە قاتنىشاتتى ۋە بۇ پائالىيەتلەردە ھەممىنى بېسىپ چۈشۈشى كېرەك ئىدى. بلانكا ناھايىتى تىرىشاتتى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ماختىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مەكتەپتە بولسۇن ياكى مەھەللىدە بولسۇن، بلانكا مۇنەۋۋەر بالا دەپ قارىلاتتى. ئاتا-ئانىسى بلانكىنى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، ئۇنى ئەزەلدىن ماختىمايتتى. شۇڭا بلانكا خاپا كۆرۈنەتتى؛ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىغا ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، باشقىلار ئازراقلا تەنقىد قىلىپ قويسا، روھىي چۈشۈپ، ئېلىشىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالاتتى. ئۇ تەگتۇشلىرىغا ئوخشاش ئويناپ، كۈلەلمىگەچكە، قاتتىق روھىي بېسىم ئىچىدە تۇراتتى.
بالا ئىمتىھاندا بىرىنچى بولغاندا، بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆيلىرىدىكىنى پەقەت ئۆزىنىڭ خىزمىتىلا بولغاچقا، بالىسىنىڭ

ئېرىشكەن نەتىجىسىدىن خۇرسەن بولسىمۇ، نەتىجە قەغىزىنى مۇنداقلا كۆرۈپ، «ناھايىتى ياخشى» دەپلا بولدى قىلىدۇ. بالا ئىمتىھاندا بىرىنچى بولۇپ، بۇ خۇشاللىقتىن ئاتا-ئانام بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولاي دېگەندە، ئاتا-ئانىسى پەرۋامۇ قىلمىسا، بالا قانداقمۇ ئۈمىدسىزلەنمىسۇن؟

ئاتا-ئانا بالىسىنىڭ تىرىشىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجىسىگە پەرۋا قىلمىسا، بۇ ئەھۋال پسىخىك جەھەتتە بالىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ، بالىنى زاڭلىق قىلىشنىڭ يامان تەسىرى بەزىدە تىللىغاندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانا بالىسىغا داۋاملىق مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىۋەرسە، بالا ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىشى، ھەتتا «مەن مەيلى مۇۋەپپەقىيەت قازىناي ياكى مەغلۇپ بولاي، ئاتا-ئانام بەرىبىر ماڭا پەرۋا قىلمايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، بالىنىڭ ئالغا ئىنتىلىشچانلىقى تۆۋەنلەپ، بالا ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان، ئۆزىگە ۋە ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنچىسىنى مەھرۇم بولغان ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

بالا مەيلى قانداق مۇددىئا ئۈچۈن تىرىشقان بولسۇن، ئۇ ئالغا باسقانلا بولىدىكەن، ئاتا-ئانا ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى ماختىشى كېرەك.

ئاتا-ئانا بالىسىنى ماختاشتىن ئېرىنمەسلىك، بالىسىنىڭ ئىپادىسىدىن مەمنۇن بولغاندا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپتىش كېرەك. بالا ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالغاندا، «ناھايىتى ئوبدان ئوقۇپسەن!» دەپ ماختاپ، ئۆزىنىڭ كۈتىدىغان ئۈمىدىنى بالىغا بىلدۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئاتا-ئانا بالام مەغرۇرلىنىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىسە، ئۇنىڭغا «بۇ قېتىم ناھايىتى تەلەيلىك ئىكەنسەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تىرىش مۇشۇنداق نەتىجىگە ئېرىشسەڭ ئاندىن بولىدۇ!» دەپ ئەسكەرتىپ قويسىمۇ بولىدۇ.

بالا كۆنسېرى چوڭ بولىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ياشاش دائىرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىدۇ، بىلىممۇ تەدرىجىي ئاشىدۇ، بالا ئۇچۇن بۇلار يېڭى تەجرىبە ۋە بايقاش بولۇپ، ئۇلار كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىغا قىزىقىدۇ، ئەجەبلىنىدۇ.

ئاتا-ئانا بالىدا ئالغا ئىنتىلىدىغان جاسارەت يېتىلدۈرۈشى، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ئىستىكىنى قوزغىشى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى ماختاپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇشى، يېتەكلىشى كېرەك، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى ۋە يېڭى تەجرىبىسىنى سۆزلىگەندە، ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرى ناھايىتى سادda، ھەتتا ئەقىلگە سىغمايدىغان بولغان تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانا ئۇلارغا ئۇخشاشلا خۇشال بولۇشى ۋە ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بالىلار ھاياتى كۆچكە تولۇپ، ئۇلاردا كۆپرەك كۆچ چىقىرىش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، ماختاش — تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 30- ئۆكتەبىر ھاۋا ئوچۇق.

ماختاشنىڭ ماھىيىتى مۇھەببەت.

مېنىڭچە، مەن مېھىر — مۇھەببەت ئىچىدە چوڭ بولدۇم. دادامنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى شۇنچە چوڭقۇر تۇرسا، مېنى تىللاشقا ئۇ قانداقمۇ چىدىسۇن؟

ماختاشنى ئۆگىنىۋېلىش ئادەتتىكى تەلىم-تەربىيىنىڭ تۈپ ئاجىزلىقىغا — ئاغرىنىشقا زەربە بېرىدۇ.

ئاغرىنىش ئارقىلىق تەربىيىلەشتە، بالىنى ئەقىللىق قىلىمەن دەپ، ھەمىشە كالۋا دەپ ئاغرىنىمىز؛ بىرەر ئىشنى تېز قىلىشنى

ئۆگەنسۇن دەپ، ئاستا قىلدىكى دەپ ئاغرىنىمىز؛ ئەستايىدىل بولسۇن دەپ، بىپەرۋالىق قىلدىكى دەپ ئاغرىنىمىز..... بىز بالىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىگە ئەنە شۇنداق ئېسىلىۋالغاچقا، بالىلار يامان كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋېرىدۇ ھەمدە ناچار روھىي ھالەت ئىلكىدە مەغلۇپ بولىدۇ. ماختاش ئارقىلىق تەربىيىلەش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى بالىلارنى قايسى جەھەتتە تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولساق، شۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى چىڭ تۇتۇپ ماختايمىز.

ماختاش — بىرخىل روھىي ھالەت، تەربىيىلىگۈچىنىڭ بىرخىل روھىي ھالىتى. ماختاش ئارقىلىق تەربىيىلەش بالىغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتتىن باشلىنىدىغان بولۇپ، بۇخىل تەربىيىلەشتە بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىنىدۇ، شۇنداقلا تەربىيىدىكى ماختاش روھىي ھالىتى پەرزەنت بىلەن ئاتا-ئانىنىڭ بەختلىك ياشىشىدىكى تەلىم-تەربىيىگە سىڭىدۇ.

ماختاش بىرخىل تەلىم-تەربىيە ئىدىيىسى ۋە ئۇسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەربىيىلىگۈچىنىڭ بىرخىل تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئېتىقادى ۋە روھىي ھالىتىدۇر. كۆزقاراش ۋە ئۇسۇلنىڭ قۇدرىتى چەكلىك بولىدۇ، بىراق ماختاش بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىغا، ئېتىقادقا ۋە روھىي ھالەتكە ئايلانغاندا، تەلىم-تەربىيە ئاجايىپ ئۈنۈم بېرىدۇ. بىزدە ماختاش روھىي ھالىتى بولغاندا، تۇرمۇشقا، كىشىلەرگە ۋە شەيئىلەرگە تېخىمۇ ئاكتىپ، تېخىمۇ ئىجابىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلالايمىز، شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلارغا، ئازاپ-ئوقۇبەتكە ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە باغلىنىپ قالماي، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە بۇ ئارقىلىق بالىلارغا ياردەم بېرەلەيمىز، ئائىلىدە ئىناق كەيپىيات يارىتالايمىز، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق گۈزەل شەيئىلەر بىلەن بىرگە خۇشال ياشيالايمىز.

نۇرغۇن كىشىلەر، ئەمەلىيەتتە، ئاغرىنىش ئارقىلىق تەربىيىلەش ئىلكىدە چوڭ بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاغرىنىش ئارقىلىق

تەربىيىلەش ئىدىيىسىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشى ناھايىتى ئازابلىق بولىدۇ، بىراق شۇنداق قىلىشى زۆرۈر ھەم شۇنداق قىلىشنىڭ تېخىمۇ پايدىسى بار، چۈنكى ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدىكىسى تىرىك بىرجان، ئاتا-ئانا پەرزەنتىنىڭ ھاياتىغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

ماختاشنىڭ ماھىيىتى مېھىر-مۇھەببەت. ماختاشنى ئۆگىنىۋېلىش ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىنىۋالغانلىق بولىدۇ. مېھىر-مۇھەببەت ئاساسىدىلا، ئاندىن ھەقىقىي ماختاش پەيدا بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ماختاش — تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. بالىلارنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. بۇخىل مېھىر-مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدە بالىلاردا بىر خىل ئاكتىپ ئۆزلۈك قارشى، يەنى ئۆز قىممىتىگە بولغان بىلىش، بىر خىل ئىچكى كۈچ پەيدا بولىدۇ.

پەرزەنت مۇھەببىتى پاسسىپلىق ئاساسىدىكى ئاكتىپ مۇھەببەت. شۇنداقلا چىن كۆڭۈلدىن چىققان ئىختىيارسىز مۇھەببەتتۇر. پەرزەنتلەر شۇنچە ئوماق تۇرسا، ئۇلارنى ماختىماي، ياخشى كۆرمەي تۇرغىلى بولمايدۇ.

پەرزەنت مۇھەببىتى شەخسىيەتچىلىك ئاساسىدىكى شەخسىيەتسىز مۇھەببەت، شۇنداقلا پەرزەنت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان مۇھەببەتتۇر. بۇخىل قان-قېرىنداشلىق مۇھەببەت قارىغۇلارچە كۆيۈنۈش بولۇپ قالسا، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن بارلىقىنى، جۈملىدىن ئۆزىنى قۇربان قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

كۆيۈنۈش، كەڭ قورساق بولۇش ۋە شەرتسىز ياخشى كۆرۈش — ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە بېرەلەيدىغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىسى. كىشىلەر بالىلارغا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆپرەك ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. بالا ھەرقانچە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانا ئۇلارنى كەچۈرۈشى كېرەك.

ماختاشنىڭ مەزمۇنى پەقەت يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

جاھانـدىكى ھەممىلا ئـادەم پـەرزەنتىڭىزنى كۆزگـە ئىلمىغـان تەقدىردىمۇ، سىز يەنىلا ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈشىڭىز، ئۇنى قوللىشىڭىز، ماختىشىڭىز، ئۆزىڭىز ئاپىرىدە قىلغان ئاشۇ جانـدىن پەخىرلىنىشىڭىز كېرەك.

ماختـاش ياخشـى كـۆرۈش دېگـەنلىك بولـۇپ، ئـۇنىڭ قـۇدرىتى ناھايىتى سىرلىق بولىدۇ. ھەربىر بالا بىر كۆچەتكە ئوخشايدۇ، كۆچەت يوغىنـاپ دەرەخ بولـىدۇ. بىراق ھەممىلا كۆچەتنىڭ ساغلام ئۆسۈپ، تـۈۋرۈك بولالىشـى ناتـايىن. بىزنىـڭ پوزىتسىيىمىز بالىلارنىـڭ تالانـت ئىگىسى ياكى كالۋا بولۇپ چىقىشىنى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى، ئۇلۇغ شەخس بولۇشى ياكى ئادەتتىكىـدەك ئـادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

بىـراق، بىزنىـڭ پوزىتسىيىمىز تـولاراق ماختاشـنىڭ ئەكسىچە بولـۇپ، ئـادەمنى ئەپسۇسـلاندۇرىدۇ، ئازابلايـدۇ. بـالىنى بـالا قاتارىـدا كۆرىدىغان چاغدا، بالا قاتارىدا كۆرمەيمىز، بالا قاتارىدا كۆرمەيدىغان چاغدا، بالا قاتارىدا كۆرىمىز، بالىلارنىڭ نارازى بولۇشىغا، خۇشاللىقىغا سـەۋەب كۆرسىتىشـكـە يـول قويمـايمىز..... شـۇنداق دېيىشـكە بولـىدۇكى، بىـز كۆپىنچە ھاللاردا بـالىلارنى مۇستەقىل خاراكتېرگە، ئۆزىگە خاس غۇرۇرىغا، ھېسسىياتقا، تەپەككۇرغا، مۇستەقىللىق ئېڭىغا ۋە تىرىشىش نىشانىغا ئىگە ئادەم دەپ قارىمايمىز، شۇنداقلا قانـداق قىلساق ئـۇلارنى ئۆزىنىـڭ دۇنياسـىغا ئىرىشـتۈرەلەيدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەيمىز، ئەكسىچە ئۆزىمىزنىڭ كونا تەپەككۇرىمىز ئارقىلىق ھەمىشە ئـۇلارنى چەكلـەپ قـويىمىز، يامـان ئـادىتىمىزنى ئـۇلارغا يۇقتـۇرىمىز، ئـــۇلارنى زىيـــادە ئۆلچىمىمىزگـــە يېتىشـــكە مەجبـــۇرلايمىز. پـەرزەنتلىرىمىزنىڭ ناھـايىتى شەخسـىيەتچى، قورقـۇنچاق، قىلچـە تەشەببۇسـكارلىق ۋە ئىجادچـانلىق روھـى يـوق ئادەمگـە ئـايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇلارنى نۇرغۇن جەھەتتە ئۆزىمىزنىـڭ بوغـۇپ قويىدىغانلىقىمىزنى ۋە ئۇلارنى نابۇت قىلغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ يېتەلەرمىزمۇ؟

ماختاش بىرخىل ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ، تەربىيىلىگۈچىنىڭ بىرخىل تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ۋە ئېتىقادىغا ئايلانغاندا، سىرلىق كۈچكە ئايلىنىپ، بالىلارنىڭ قەلبىنى يورۇتىدۇ. بالىلاردىن سۆيۈنۈش ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، ئاغرىنىش مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدۇ.

ماختىلىشنى ئارزۇ قىلىش ئىنساندىكى ئەڭ كۈچلۈك ئېھتىياجدۇر، مۇھەببەت — دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. قەدىرلىنىشنى ئارزۇ قىلىش، يەنى باشقىلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتالايدىغان بولۇش — ئىنسان تەبىئىتىدىكى تۈپ ئېھتىياجلارنىڭ بىرى. ئىنسان فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە ئاقسىلغا، مايغا ئېھتىياجلىق، بىراق تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان قۇياش نۇرى، ھاۋا ۋە سۇغا كىشىلەر دائىم سەل قارايدۇ. ئىنسان روھىي جەھەتتە ماتېماتىكا، تارىخ ... قاتارلىق جەھەتلەردىكى تولۇق بىلىملەرگە موھتاج، بىراق ماختىلىشقا، باشقىلارنىڭ نەزىرىگە ئېرىشىشكە تېخىمۇ موھتاج. ماختاشقا ئېرىشىش ئىنساننىڭ مەنىۋى ھاياتتا قۇياش نۇرىغا، ھاۋاغا ۋە سۇغا ئېرىشكەنلىكى بولىدۇ.

ماختاش پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل. ماختاشقا ئېرىشەلمەيدىغان بالىلار ئوڭايلا يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ. گۈل پەرۋىش قىلىشقا موھتاج بولغاندەك، بالىلارمۇ ئۈزلۈكسىز ماختىلىشقا موھتاج. ماختاشقا ئېرىشكەندە، بالىلار ئاندىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. بەزىلەر، سىېنىڭ ئۇنداق دېگىنىڭ توغرىمۇ دېگەن تۈرلۈك ئۈندۈرگەنلىك، بىز ماختاشنىڭ ھەممىلا ئادەمگە، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارغا ماس كېلىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دېيىشى مۇمكىن. قىسقا قىلىپ ئېيتسام، مەن بالىلارنى ماختىمايمەن، بەلكى ئىلھاملاندۇرىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن ماختاش پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئىش.

نۇرغۇن كىشىلەر بالىلارنىڭ ماختىلىشقا مۇھتاجلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىراق، يىراقنى كۆزلىگەندە، ماختاش بالىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان قارىشىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

دۇرۇس، باللار ماختاش سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار، بىراق ئانىنىڭ ماختىشى جايىدا بولمىسا، باللار بۇنى ئوڭايلا خاتا چۈشىنىۋالىدۇ. بىز، ماختاپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن باللار تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغىنىمىزدا، باللار «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟» دەپ، ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتۇشى مۇمكىن.
بالىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان باھاسى ئانىسىنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئانىسى ماختىغاندا، باللار ئۆزىگە ياخشى باھا بېرىدۇ، ئانىسى ئەيىبلىگەندە بولسا ئۆزىگە ناچار باھا بېرىدۇ.
بالا بىرەر ئىش قىلغاندا ماختاشنى پۈتۈنلەي ياخشى ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا، باللار كىچىككىنە ئىش قىلسىمۇ، ماختىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ماختاشقا ئېرىشەلمىسە، «مەن بەك بىچارە ئىكەنمەن، ماڭا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى» دەپ پۇشايمان قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.
باللار بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقى ئارقىلىق ئۆزىگە باھا بېرىدىغان بولۇپ قالسا، ئىش قىلغاندا بار كۈچى بىلەن مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىدىغان مۇكەممەللىك تەرەپدارىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. باللار ئۆزىگە يۈكسەك نىشانلارنى تۇرغۇزسا بولىدۇ، بىراق مۇكەممەللىكنى ئىزدەيدىغان بالىنىڭ ئانىسى تولا تەنقىد قىلىدىغان ئانا بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ مۇكەممەللىك تەرەپدارىدىكى باللار ئۈچۈن زىيادە ماختاشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق.
چۈنكى ماختاش بالىنىڭ قىلغان ئىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش دېگەنلىك بولۇپ، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ماختاشقا ئۇنچىلىك قىلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ماختاشقىمۇ مۇئەييەن ماھارەت كېتىدۇ. مەسىلەن: ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتىنىڭ سىزغان رەسىمىنى ماختىشى ياخشى ئىش. بىراق كەلسە-كەلمەس ماختىسا، ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. مەسىلەن: بالىنىڭ سىزغان رەسىمىنى كۆرۈپ، «داۋىنچىقا ئوخشاش سىزىپسەن، مۇسابىقىگە قاتناشتۇرساڭمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈدەك» دەپ ماختىغاندا، بالىنىڭ

رايىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. بالىنى ئانا ئەمەس، باشقا بىر ئادەم ئاشۇنداق ماختىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇچۇقتىن-ئوچۇق بالىغا سىزغىنىڭ تايىنلىق ئىكەنلىكى» دېگەنلىك بولىدۇ، بالا بۇنداق گەپنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

ماختاشقا توغرا كەلگەندە، بالىنىڭ سىزغان رەسىمىدىكى ئوبدان سىزىلغان جايلارنى ماختىساق بولىدۇ. مەسىلەن: «ئاسماننىڭ رەڭگى ناھايىتى ئوخشاپتۇ» ياكى «بۇ چىراينى داداڭنىڭكىگە ناھايىتى ئوخشىتىپ سىزىپسەن» دېگەندەك سەممىي باھا بېرىش ناھايىتى مۇھىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىنىڭ رەسىم سىزىشتا ئىلگىرىكىدىن قانداق ئالغا باسقانلىقىنى، قانچىلىك تىرىشقانلىقى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش، بۇ ئارقىلىق بالىلارنى تېخىمۇ تىرىشىدىغان قىلىش كېرەك. مانا بۇنى ئۇستىلىق بىلەن ماختاش دېسەك بولىدۇ. مەسىلەن: «بۇرۇنقىدىن ئوبدان سىزىپسەن» ياكى «بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى ئەستايىدىل ھەم ئوبدان سىزىلىپتۇ» دېگەندەك ماختىساق بولىدۇ. قىسقىسى، ئاتا-ئانىلار ئەنە شۇنداق ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق باھا بەرگەندە، بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتكىلى، شۇنداقلا باھانىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بالىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ماختاپ قويغاندا، بۇ پىسخىك جەھەتتىن بالىلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ نۇقتىنى كۆپچىلىك بىلىشى كېرەك.

پەرزەنتىنى تەنقىدلىمەيدىغان ئاتا-ئانا لاياقەتسىز ئاتا-ئانا.

بالىلار تەنقىد ئارقىلىق ھەق-ناھەقنى ئايرىشنى، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ. بالىسى خاتا ئىش قىلسىمۇ كارى بولمايدىغان ئاتا-ئانا لاياقەتسىز ئاتا-ئانىدۇر. تەنقىد قىلغاندا ئوبدان تەنقىد قىلىش كېرەك، تەنقىد قىلسام بالا ماڭا ئۆچ بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئىككىلىنىدىغان ۋە غەم يەيدىغان ئاتا-ئانىلار ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك. بالىسىنىڭ قىلغان ئىشى توغرا

بولسا توغرا دەيدىغان، خاتا بولسا خاتا دەيدىغان ئاتا-ئانىلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ.

بىراق، قانداق تەنقىد قىلغاندا ھەم بالىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تۈزەتكىلى ھەم بالىنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى ماھارەت كېتىدۇ.

بالىنى تەنقىد قىلىشتا سوغۇققان بولۇش، قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىش ۋە مەيدانىمىز باشتىن-ئاخىر بىردەك بولۇشى كېرەك. تەنقىد قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، بىراق بالىنى يوقىلاڭ ئىشلارغا تەنقىد قىلساق، ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇگۈن تەنقىد قىلغان ئىش بىلەن ئەتىسى كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ مەيدانى چىڭ بولۇشى، نېمىنىڭ «ھەق»، نېمىنىڭ «ناھەق»ئىكەنلىكىنى ئىزچىل، بوشاشماي بالىغا ئۆگىتىشى ۋە ئۇنى يېتەكلىشى كېرەك.

تەنقىد قىلىش — قارشى تەرەپنىڭ ئوي-پىكرى، پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش دېگەنلىك. ئەگەر قارشى تەرەپ تەنقىدكە قايىل بولمىسا ياكى پىسەنت قىلمىسا، ئۇنداقتا تەنقىدنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. باشقىلارنى سەممىيلىك بىلەن تەنقىد قىلغاندا، ئاۋازىمىز تەبىئىي ھالدا تۆۋەنلەيدۇ، پوزىتسىيىمىزمۇ ئۇنچە قوپال بولمايدۇ. تەنقىدتە قارشى تەرەپنىڭ كۆتىدىغىنى قاتتىق ئەيىبلەش ئەمەس، بەلكى سوغۇققانلىق بىلەن قايىل قىلىشتۇر.

قاتتىقراق تەنقىد قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئالدى بىلەن دوستانە بىر كەيپىيات يارىتىش كېرەك. شۇنداقلا باشقىلارغا ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل دەپ بۇيرۇق قىلماستىن، بەلكى كەڭ قورساقلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىنى چۈشىنىش، پىكىرگە قۇلاق سېلىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، بالىمىزنىڭ دوستىغا نەسىھەت قىلىشىمۇ بالىمىزنى تەربىيىلەشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. بالىنى بىۋاسىتە

ئەيىبلىگەندە ياكى ئاگاھلاندۇرغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا بالىنى بىزار قىلىپ قويىمىز ۋە بالىنى تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتەلمەيمىز. شۇڭا، بالىنىڭ دوستى ئارقىلىق بالىنى تەنقىد قىلىش مەقسىتىگە ئېرىشىش ئەڭ ياخشى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقىدەك «ئۇن-تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش» ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ۋاسىتىلىق تەنقىد بىۋاسىتە تەنقىدتىن كۆچلۈك ھەم ئۈنۈملۈك بولىدۇ. خەقنىڭ بالىسىنى دادىل تەنقىد قىلىش يۇقىرىقى ئۇسۇلنىڭ تەلىم-تەربىيە پىسخىكىسىدا جانلىق قوللىنىلغانلىقىدۇر.

ئادەتتىكى كىشىلەر «باللار كىچىكرەك خاتالىق ئۆتكۈزسە سۈرۈشتە قىلىپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ. چوڭراق خاتالىق ئۆتكۈزسە ئاندىن تەنقىد قىلىش كېرەك» دەپ قارايدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە قىلىش كېرەك.

بالا تەربىيىلەشتىمۇ ئاشۇنداق قىلىش كېرەك. باللارنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە يەتمەيدۇ، شۇڭا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بىراق بالا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردا ياخشى-يامانى پەرقلەندۈرگۈدەك ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ، ئۇلار ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزسە، كۆڭلىدە ئاز-تولا ھېس قىلالايدۇ. گەرچە سەۋەبىنى بىلمىسىمۇ، بىراق ئۇلار خاتا قىلدىممۇ-يوق دەپ ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ باقىدۇ.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى سەزسىمۇ، بىراق باشقىلار كېلىپ كۆرسىتىپ بەرسە، بۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ، ھەتتا خاتالىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشىمۇ مۇمكىن، بۇ جەھەتتە چوڭلار بولسۇن ياكى كىچىك باللار بولسۇن، ھېچقايسىسى مۇستەسنا ئەمەس.

كىچىك باللارمۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئەمدىلا سەزگەندە، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەنقىدىدىن بىزار بولۇپ، خاتالىقىنى ئۆزگەرتىش ئويى يۇقىرى چىقىدۇ، نەتىجىدە ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ قالىدۇ. باللار چوڭراق خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، باشقىچە قىلىپ

ئېيتقاندا ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە تۇرغاندا، ئاتا-ئانىلار بالىسىنى دەرھال ئەيىبلىمەي، بەلكى ئۇلارغا ئۇيلىنىش پۇرسىتى بەرگىنى ياخشى. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن «ئىنچىكە سۈرۈشتە قىلغان»دا، «ھېلىقى ئىش قانداق بولدى؟»، «شۇچاغدا ئازابلانغانمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلاردا خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا پۇرسەت تۇغۇلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى كۆپ تەرەپلەردىن ئويلاپ، ئۇنىڭدىن تەجرىبە-ساۋاق ئالالايدۇ.

بالىلار كىچىك خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە تەنقىد قىلىش كېرەك. بەزىدە بالىلار ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەگەر ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە، كىچىك خاتالىق چوڭ خاتالىققا ئۆزگىرىشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا، كىچىك خاتالىقلارنى ئۈزلۈكسىز تۈزەتكەندىلا، چوڭ خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئاتا-ئانىلار راستتىنلا ئاچچىقلانغاندا، بالىلار تەنقىدنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، چوڭلار بالىلارنى ئەيىبلىگەندە، ئۇلارنىڭ روھىنىڭ چۆشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىئارام بولىدۇ. ئاچچىقىدا قاتتىقراق گەپ قىلىپ قويغاندا، بالىغا يامان تەسىر پەيدا قىلىشتىن ئېنتىمۇ ئەندىشە قىلىدۇ. شۇڭا، بەزى ئانىلار بالىسىنى تەنقىد قىلىپ بولۇپ، ئارقىسىدىنلا بالىسىغا «بايا ساڭا گەپنى قاتتىقراق قىلىۋېتىپتىمەن، خاپا بولما»دەيدۇ. بىراق بۇ گەپ ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ، چۈنكى ئۇنداق دېگەنلىك ئۆزىنىڭ تەنقىدىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ، شۇنداقلا بالا ئاتا-ئانىسىغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر ئاتا-ئانىلار شۇنداق قىلىۋەرسە، بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ تەنقىد-تەنبىھلىرىنى بىردەملىك ھاياجاندىن بولغان دەپ قاراپ، پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بالىلار، خاتا ئىش قىلغاندا چوڭلارنىڭ تەنقىد قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىدىن ئەيىۋ سورىمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چوڭلار، بالىلار ئاچچىقىنى كەلتۈرگەندەك ئىشلارنى قىلغاندا ئاندىن بالىلارنى تەنقىد

قىلىشى كېرەك، ئۇلارغا قالايمىقان ناماقۇل بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، ئاتا-ئانىنىڭ گېپى ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ، بالىلارمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولۇۋالىدۇ.

ماختاش — مېھىر-مۇھەببەتنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ماختاش سۆزلىرى بالىلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ھۆرمەتلەنگەندەك، ئەتىۋارلانغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. ماختاشنىڭ تۈرتكىسىدە بالىلار ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە مۇكەممەل ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۈرىدۇ.

بالىلارنىڭ مۇددىئاسىنى ۋە ئۇلاردىكى ئىلگىرىلەشلەرنى ماختاش — ئاتا-ئانىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىسى. پەرزەنتلىرىمىزنى سېخىيلىق بىلەن ماختايلى، چۈنكى ماختاش مەڭگۈ كۆپلۈك قىلمايدۇ، شۇنداقلا بۇ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زور رول كۈچ. بالىلارنىڭ تۇغما قابىلىيىتىگە دىققەت قىلىش ئۇلاردا ئىشەنچ تۇرغۇزغانغا باراۋەر. بىز بالىلارنىڭ يېنىدا بولمىغان چاغدا، ئۇلار قاتتىق سىناقلاردىن ئاشۇ ئىشەنچكە تايىنىپ ئۆتىدۇ. سېخىيلىق بىلەن ماختاش ۋە ھۆرمەتلەشنىڭ پايدىسىنى بالىلار ئۆمۈرۋايەت كۆرىدۇ.

شۇڭلاشقا، بالىلارنى ماختاش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى باشقىلارنى ۋە شەيئىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىش، بالىلارنىڭ ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا، كىشىلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشىغا ۋە باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشىگە پايدىلىق. ماختاش ئىچىدە ياشايدىغان بالىلار دوستلىرىغا قارىغاندا شوخ ۋە ئۇچۇق-يورۇق كېلىدۇ.

ماختاشقا ئېرىشكەن بالىلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغاندەك بولىدۇ ۋە ئۇلاردا ئۆزلۈك قىممىتى ۋە غۇرۇر پەيدا بولىدۇ. ھەر بىر بالىنى مۇشۇنداق تۇيغۇغا ئىگە قىلىش — بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى.

بالىنى ئەتەي ماختاش ھاجەتسىز، ئۇلارنىڭ ماختاشقا ئېرىشىش ئۈچۈنلا بەزى ئىشلارنى قىلىشى ناتايىن. ئاتا-ئانىلار بالىدىكى ئىنچىكە

ئىلگىرىلەشلەرگە كۆپرەك دىققەت قىلىشى، ئىلھاملاندۇرۇشقا توغرا كەلگەندە ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. شۇندىلا بالىلار بارغانسىرى پىشىپ يېتىلىدۇ.

بىز بالىنى تۇرلۇك جەھەتلەردە ماختاش بىلەن بىرگە، نىمىنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ ئېيتىشىمىز كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھازىر جەمئىيەتتە تۇرلۇك ئېزىقتۇرۇشلار مەۋجۇت، شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار ئالدى بىلەن بالىلارغا تايانغۇدەك بىر ئاساس تېپىپ بېرىشى كېرەك. بالىلارغا بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

بالىنى ھۆرمەتلەش ئۇلارغا ئەتراپىدىكى تۇرلۇك كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتەلەيدىغان بولسا ئۇ. مال-دۇنياسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىر ئادەمگە باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلماسلىق، بالىلاردا يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى كېلەچەككە يۈزلەندۈرىدۇ.

بالىنى ماختاش ناھايىتى مۇھىم، بالىغا سەممىي مۇئامىلە قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. ئادەتتە ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن قىممەت قارىشىنى سىڭدۈرىدۇ.

بەزىدە بىز بالىلارنىڭ ئىپادىسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمىز، بىراق ھېسسىياتىمىزنى يوشۇرۇپ كېتىشىمىز ھاجەتسىز. چۈنكى مۇھىمى بۇ ئەمەس، بەلكى بالىلارنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىدا. ئەگەر نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولسا، بالىلارمۇ بۇنى بىلىدۇ، ئۇنداقتا بىز ئۆزىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىكنى تۈگەتسەكلا بولىدۇ.

ئاتا-ئانىنىڭ ئوي-خىيالى ۋە ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولۇشى بالا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۆلگە. بىز بالىلارنى راستچىل قىلماقچى بولغاندا، سۆزلەنگەندىن ئۇلارغا ئۆلگە كۆرسەتكىنىمىز ياخشىراق بولىدۇ. ھېچقايسىمىز بالىلىرىمىزنىڭ تىلى باشقا، دىلى باشقا ئادەم بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمىز. بالىلارغا ئەدەب-ئەخلاق ئۆگىتىش، ئۇلاردىن

ھەرۋاقىت چىن كۆڭلىدىن باشقىلارنى ئويلىشىنى تەلەپ قىلىش دېگەنلىك. بىراق ئۇنداق قىلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ، ئالدى بىلەن باشقىلارغا رەھىمدىل بولۇشىمىز، راستچىل، سەمىمىي بولۇشىمىز كېرەك. شۇندىلا بالىلار بىزنى دوراپ، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

بىز بالىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ماختاشقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ماختاش ئىچىدە ياشايدىغان بالىلار ماختاشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، بۇ، بالىلارنىڭ دەككە-دۈككىدە يۈرگىنىدىن، پو ئاتقىنىدىن ياكى ماختاشنى رەت قىلغىنىدىن كۆپ ياخشى.

شۇڭلاشقا، بالىلارغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇلارنى ماختاش، شۇنداقلا ئۇلارنى باشقىلارغىمۇ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. ھەركۈنى ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، بالىلارنى ماختاڭ، ئۇلار بالىلىقىدىكى بۇ گۈزەل چاغلارنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ.

باشقىلارغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ئۆزىگە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم، بىراق سەل ئوخشىمايدۇ. بىز بالىلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە پىشقان، مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرالايدىغان ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بالىلار ئۆزىگە ئەھمىيەت بېرەلىسە، ھېسسىي ئوزۇقلۇققا ئېرىشكەندەك بولىدۇ ۋە باشقا بالىلارغا قارىغاندا بەكرەك پىشىپ يېتىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ تەربىيىلەش كېرەك، ئەلۋەتتە.

نېمە ئۈچۈن بالىلارنى مۇۋاپىق ماختىشىمىز كېرەك؟

ماختاشنى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ياكى كۆيۈنۈشنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. بالىلار ماختىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇدۇل دېگەندەك، ئۇلارغا ۋاقتىدا ئەسكەرتىشىمىز كېرەك.

«قارىغا، مەن ئۆيدىن قېچىپ كېتىمەنمۇ؟» دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە بالىلارنىڭ «ماڭا دىققەت قىلىڭ، مېنى ئۆيدىن بالىكەن دەپ ماختاڭ» دېگەنلىكى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بالىلار ئاشۇنداق ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەندە، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، قوللايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ماختاشقا ئېرىشىشنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ، شۇڭا بەزىدە زىيادە ماختاش ئارقىلىق كۆتكەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

بالىلار كۆپرەك غەمخورلۇققا مۇھتاج، بىراق بۇ بالىلارنىڭ خاسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. بەزى بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆپرەك قۇچاقلىشىغا مۇھتاج، باشقا تەگتۇشلىرى ئۆزى يالغۇز خۇشال ئوينىسا ۋە يىراقتا تۇرۇپ ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلاشسا، بىراق بۇ بالىلار ئۇنداق قىلالمايدۇ. بۇنداق بالىلار تېخىمۇ كۆپ ماختاشقا، غەمخورلۇققا ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇھتاج.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە كۆپرەك ھەمراھ بولۇپ پاراڭلاشسا، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىغا ئورتاقلاشسا، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تەنها ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرسا، پەرزەنتلىرىنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتىنى تۆگىتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئەركىن، بەختەر ئىكەنمەن، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرەلەيدۇ.

مانا بۇ مېنىڭ ماختاش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم. مېنىڭچە، مەن ماختاشنىڭ تەلىم-تەربىيىدىكى ئورنىنى تونجى بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈردۈم. ئاتا-ئانامۇ بۇ قاراشلىرىمنى ئانچە قوللىماسلىقى مۇمكىن.

ماختاش ماھىيەتتە پۈتۈنلەي شەخسىيەتسىز بولغان مۇھەببەتتۇر. باشقىلارنى ماختىغۇچىلار گۈزەل پەزىلەتلىك كىشىلەردۇر. ماختاش يەنە تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

ئەمەلىيەتتە، ئېسىمدە قېلىشىچە، دادام باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئويدان چۈشىنىدىغان ئادەم ئىدى.

دادام مەيلى ماڭا بولسۇن ياكى ئاپامغا بولسۇن، تونۇش-بىلىشلىرىگە بولسۇن ياكى نا تونۇش كىشىلەرگە بولسۇن، ھەممىگە مېھرىبانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى.

رەھمەتلىك، كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىش ئاتا-ئانامنىڭ ئۆمۈرۋايەت چىڭ تۇرغان گۈزەل پەزىلەتلىرىدۇر. مېنىڭچە، بۇ پەزىلەتلەر پەقەت باستىبر دادامدىلا ئەمەس، بەلكى ھەر بىرىمىزدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتتۇر. دادامنىڭ بۇ پەزىلەتلىرى مېنى تەربىيىلەش جەريانىدىكى شەخسىيەتسىز كۆيۈنۈشلىرىدە ۋە مېنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغانلىقىدا گەۋدىلەندى. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بۇ دۇنيادا مېنى ئەڭ چۈشىنىدىغان ئادەم — دادام، ماڭا ئەڭ كۆپ ياردەم بېرەلىگەن ۋە مېنى قوللىغان ئادەم يەنىلا دادام.

دادامنىڭ شۇنچە يىل كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، مەن «ئەقلى ئاجىز» بىر بالىدىن كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان ۋە ماختايدىغان «تالانت ئىگىسى»گە ئايلاندىم. بۇ جەرياندا مەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تۇرمۇشتىكى ھەممىلا ئىشقا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارىدىم. ئەجىبا دادامنىڭ مېنى مۇشۇنچىلىك قىلغىنى يەتمەمدۇ؟

# سەككىزىنچى باب

# قىزىقىشچانلىق ــــ بالىلارنىڭ ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەئى

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1803- يىلى 3- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

كارل ھەقىقەتەن قىزىقاق بالا ئىدى، ئۇ ھەمىشە مەندىن تۈگىمەس سوئال سورايتتى:

ــــ نېمىشقا شامال چىقىدۇ؟

ــــ نېمىشقا كېچىدە بىرنەرسىلەرنى كۆرەلمەيمەن؟

ــــ نېمىشقا ھەركۈنى ئۇخلايمەن؟

ــــ نېمىشقا سىلەرنى دادا، ئاپا دەيمەن؟

ئوغلۇم كارل بۈگۈن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى. سوئال سوراش مېنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش. مەن ئوغلۇمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، بۇرۇلۇش نوقتىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىتىكى شەيئىلەرنىڭ نامىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بىلىدىغان، شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان، چۈشىنىدىغان ۋە چۈشەندۈرىدىغان ۋاقتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەتتىم. قىزىقاق ئوغلۇم كارلىنىڭ كۆزقاراشلىرى بەكلا ساددا،

ئاجايىپ-غارايىپ، ئەقىلگە سىغمايدىغان بولۇپ، جاۋاب بەرمەك تەس ئىدى. بەزىدە مەنمۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بىرەلمەي قالاتتىم.

قىزىقىش — ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ مەنبەسى، بۇ نوقتىنى مەن چۈشىنىمەن. مەن ئوغلۇم كارلنىڭ سوئال سوراشقا ئامراق بالا ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىمەن.

* * *

1803- يىلى 6- نويابىر هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن ئوغلۇم كارلنى ئېلىپ، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار قويۇق ئۆسكەن تاغ يولىدا كېتىۋاتاتتىم. ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا پات-پات ياۋا گۈللەر ئۇچراپ قالاتتى. مەن بىرتال ياۋا گۈلنى ئۈزۈپ: «كارل، تېز كەل، بۇ گۈلنى كۆرگىنە»دەپ توۋلىدىم. ئۇ قىزىقىنىدىن يېقىن كېلىپ كۆردى. مەن بىرتەرەپتىن گۈلنى كۆرسەتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا «بۇ گۈل بەرگى، بۇ گۈل چېچىكى، بۇ گۈل چىنىسى......»دەپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىن بىر چېكەتكە چىقىۋىدى، مەن ئۇنى دەرھال تۇتۇۋالدىم. ئاندىن ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز زوكۇزىيىپ ئولتۇرۇپ، بۇ چېكەتكىنى تەتقىق قىلدۇق. مەن چېكەتكىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، ياشاش ئادىتى، كۆپىيىشى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئوغلۇمغا بىلگىنىمچە سۆزلەپ بەردىم.

ئوغلۇمنىڭ قىزىقىشقا تولغان كۆزلىرىدىن بىلىمگە بولغان تەشنالىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئىش مېنى بەكلا سۆيۈندۈردى.

ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا، مەن قائىدىنى بۇزغان ھالدا ئوغلۇمنى بىر ھازاغىچە كۆتۈرۈپ ماڭدىم. ئوغلۇم خۇشاللىقىدىن كەچكى قۇياشقا قاراپ ماڭدى.....

* * *

1803- يىلى 12- نويابىر ھاۋا تۇتۇق.

كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ئىنسان قەلبىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئېھتىياجىدۇر.

باللارنىڭ سوئاللىرى تېرەن مەزمۇنلۇق بولسا، بىز كۆپىنچە ھاللاردا يۈزەكى ۋە ئاغزىمىزغا كەلگىنىچە جاۋاب بېرىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايمىز، نەتىجىدە باللارنىڭ سوئال سوراش قىزغىنلىقىنى يوقىتا چىقىرىمىز. سوئال سورالىغان بالىدا شۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى چۈشەنگۈدەك قابىلىيەت بولىدۇ. قىزىقىشچانلىق ئۇلارنىڭ نامەلۇم دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ئېچىشتىكى ئاچقۇچى. بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ئاساس سالىدۇ. ئوغلۇم كارل بەك قىزىقاق بولغاچقا، سۆزلۈك، تۇرمۇش تەجرىبىسى، چۈشىنىش قابىلىيىتى، ئىزدىنىش قىزغىنلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلىمىنى بېيىتتى، ئۆزلۈك ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشكە ياخشى ئاساس سالدى. ئاشۇنداق شارائىتتا ئوغلۇمنىڭ قىزىقىشى تەدرىجى ھالدا سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىز بولغان ھاياتلىق، تەبىئەت، ئېتىقاد قاتارلىق چوڭقۇر قاتلاملىق، مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە كېڭەيدى. ئوغلۇمنىڭ ئىزدىنىشىنى دەقىقە توختىتىپ قويۇش، سىرلىق، چۈشىنىكسىز كىشىلىك ھاياتنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا ئويلانما دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئوغلۇم كارلنىڭ «مەن قەيەردىن كەلگەن؟»، «مەن ئۆلسەم قەيەرگە بارىمەن؟» دېگەندەك سوئاللىرىغا ھەرگىزمۇ يېنىكلىك بىلەن جاۋاب بەرمەيتتىم. چۈنكى ئوغلۇم بۇ سوئاللارنىڭ تېگىگە تېخى ھەقىقىي يەتمىگەنىدى. مەن ئوغلۇمنىڭ ئىدىيىسىنىڭ بەك بالدۇر قاتماللىشىپ قېلىشىنى خالىمايمەن، چۈنكى بۇ سوئاللار ھەممىلا ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.

*   *   *

1803- يىلى 13- نويابىر  ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن ئوغلۇم مەندىن: «پەرۋەردىگار ھەرۋاقىت بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالامدۇ؟» دەپ سورىدى، مەن ھەئە، دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە: «بۈگۈن مەن يىقىلىپ چۈشۈپ بىشىم قاتتىق ئاغرىغاندا، ئۇ نىمىشقا قاراپ تۇرىدۇ؟»دەپ سورىدى. مەن ئوغلۇمغا دىگىمىزدا قارا بوران چىقىپ، بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىيتىپ بەردىم ۋە ئۇنىڭدىن: «رەھىمدىل پەرۋەردىگار نىمە ئۈچۈن ئاشۇلارنى قۇتقۇزمايدۇ؟» دەپ سورىدىم.

باشتىن بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بىرىشكە ئامالسىز مەن.

بىر كىچىك بالىنىڭ سوئالى مىنى ھەيران قالدۇردى.

*   *   *

1803- يىلى 14- نويابىر  ھاۋا ئوچۇق.

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن كارلغا روھ توغرىسىدا گەپ قىلغانىدىم. شۇنىڭدىن بىرى ئۇ ماڭا يىپىشىۋىلىپ، پەرۋەردىگارغا ئەڭ ئايدىڭ بولغان بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بىرىشىمنى تەلەپ قىلىدى. ئوغلۇمنىڭ شۈبھىلىك كۆزلىرىگە قاراپ، پەرۋەردىگار توغرىسىدا چۈشەنچە بىرىشكە مەجبۇر بولدۇم.

مەن ئۇنىڭغا روھنىڭ شەكىلسىز ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. بىراق ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ روھ توغرىسىدىكى ئويلىغانلىرىمنى يازسام، يازغىنىم پەقەت روھنىڭ تەسۋىرى بولىدۇ، خالاس.

بۈگۈن مەن كارلغا «ئىنجىل»دىكى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ «پەرۋەردىگار مېنىڭ روھىمنى يېتەكلىمەكتە» دېگەن سۆزنى ئوقۇپ بەردىم. بىراق كارل تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ: «روھنىڭ پۇتى بارمۇ؟ داۋۇد ئەلەيھىسسالام قارىغۇمۇ؟»دەپ سورىدى. كارل يېتەكلەش دېگەن سۆزنى تار دائىرىدە چۈشىنىپ قالغاچقا، شۇنداق دەپ سورىغانىدى.

ئۇ مەندىن: «جەننەت قەيەردە؟ ئۇ قانداق شەكىلدە؟»دەپ سورىدى. مەن ناھايىتى ئاددى قىلىپلا ئۇنىڭغا: «نۇرغۇن جايلارنى جەننەت دېسەك بولىدۇ. جەننەت ئەمەلىيەتتە بىرخىل ھالەت، يەنى بىر ئادەمنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ قانائەتلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جەننەت ھەققانىيەت ئېتىراپ قىلىنىدىغان، كىشىلەر پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان جايدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم.

ئوغلۇمغا ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىرىممۇ مۇشۇنچىلىك بولسا كېرەك.

*     *     *

1803- يىلى 18- نويابىر  ھاۋا ئوچۇق.

ئۆلۈشكۈن قەدىناس بىر دوستۇم ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۆلۈم تىلغا ئېلىنسا، بەك ئازابلىنىمەن، ئۆلۈمنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ پېتىنالمايمەن.

بۈگۈن ئوغلۇم ئازابلانغانلىقىمنى بىلدى بولغاي، مەندىن كۆپ سوئال سورىمىدى. پەقەت ئۆز-ئۆزىگە: «ئادەم نېمىشقا ئۆلىدۇ؟» دەپ سوئال قويدى ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا مەندىن: «بىز ئۆلمىسەك، مەڭگۈ تېخىمۇ بەختلىك ياشىماسمىدۇق؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى ئۆلۈم بولمىسا، بىزنىڭ بۇ يەرشارىغا جانلىقلار پاتمايدۇ، نەتىجىدە ھېچكىممۇ ئەركىن-ئازادە ياشىيالمايدۇ»دەپ

جاۋاب بەردىم. ئوغلۇم بۇنى ئاڭلاپ: «پەرۋەردىگار يەرشارىدىن بىرنەچچىنى كۆپرەك ئاپىرىدە قىلغان بولسا بوپتىكەن» دېدى.

* * *

1803- يىلى 20- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

قىزىقىشچانلىق ئىنسانلارنىڭ يېڭى بىلىمگە ئىرىشىشىدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. قىزىقىشچانلىق بولمىسا ياكى چەكلەنسە ۋە بوغۇپ قويۇلسا، ئىنسان روھىي جەھەتتە مۇكەممەل ئادەم بولالمايدۇ، جەمئىيەتمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ، ھەتتا ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئوغلۇم كارلمۇ ھەم شۇنداق.

بالىلاردا بالىلىق دەۋرىدە مۇقىم ۋە چوڭقۇر قىزىقىشنىڭ بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت بەزى شەيئىلەرگە قىزىقىپ باقىدۇ، يېڭىلىق ھېس قىلىدۇ. ئوغلۇمنىڭ قىزىقىشى سادda، ستىخىيىلىك ھەم گۆدەكلەرچە بولۇپ، تۈرلۈك شەيئىلەرگە بىرىپ چېتىلاتتى، ئۇ تۈرلۈك سوئال-گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قوياتتى، تۈرلۈك شەيئىلەرنى چۈشىنىۋالسام دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان چۈشىنىپ يېتەكلىشىم كېرەك، چۈنكى بۇمۇ پەرۋەردىگار ئوغلۇمغا ئاتا قىلغان بىر قابىلىيەتتۇر.

قىزىقىشچانلىقنى ئوگايلىقچە يېتىلدۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايدىڭ. بىراق، ئوغلۇم قىزىقىش-ھەۋەسىنىڭ تۈرتكىسىدە بىرتالاي سوئاللارنى سورىغاندا، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنغاندا ۋە ئەتراپىتا نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆزەتكەندە، تۈرلۈك جىسىملارنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ، پۇراپ بېقىپ، تۇتۇپ بېقىپ، تېتىپ باققاندا، جىسىملارنى ئۇنقا، سۇغا ۋە كۆلچەكلەرگە سېلىپ، ھەۋەس بىلەن تۈرلۈك «تەجرىبە» لەرنى ئىشلەۋاتقاندا، ئۇنىڭدىكى بۇخىل

تەبىئىي، ساپ قىزىقىشچانلىقنى ئىنىق ھېس قىلاتتىم. شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشچانلىقىغا، گۆدەكلەرچە قىلىۋاتقان، كۈلكىلىك «تەجرىبە»لىرىگە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بايقاش ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ ھېس قىلغانىدىم. باللاردىكى بۇخىل قىزىقىشچانلىق ياخشى تەلىم-تەربىيە مۇھىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە.

قىزىقىشچانلىق ئىنساندىكى ئۆگىنىشكە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتتۇر، شۇنداقلا ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. چۈنكى قىزىقىشچانلىققا ئاددىي دېگەندە، «قىزىقىشچانلىق — بىلىمگە ئىنتىلىش ئىستىكى» دەپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ.

«نېمە؟»، «قانداق؟»، «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئاللار قىزىقىشچانلىق تۈپەيلى سورىلىدىغان ئاساسلىق سوئاللاردۇر، شۇنداقلا بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگەنگە قەدەر مەڭگۈ جاۋاب بېرىپ بولالمايدىغان، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتمۇ جاۋاب بېرىپ بولالمايدىغان سوئاللاردۇر. ئىنسان قىزىقىشى قانائەت تاپمىغاچقا، «نېمە؟»، «قانداق؟»، «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئاللارنى توختاۋسىز ئوتتۇرىغا قويىدۇ، نەتىجىدە بىلىش ئىستىكى پەيدا بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەقىل-پاراسەتكە ۋە قابىلىيەت-ئىقتىدارغا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا «نېمە؟»، «قانداق؟»، «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئاللار توغرىسىدا ئىزدىنىش جەريانىدا، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى تەدرىجىي ئىگىلەيدۇ ھەمدە ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىنساندىكى قىزىقىشچانلىق رىغبەتلەندۈرۈلسە، ئادەم قىزىققان شەيئىنى ئاكتىپلىق بىلەن چۈشىنىدۇ، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىمۇ كۈچىيىدۇ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى تېخىمۇ موللىشىدۇ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئۆگىنىشتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئىنسان قىزىقىشىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن

مەزمۇننى تېخمۇ ئېچكىربلەپ چۈشىنىدۇ، بەزىدە ھەتتا مەزمۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، يېڭى بىلىملەرگە تولۇق يوللار ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. قىزىقىشچانلىقى كۈچلۈك ياش-ئۆسمۈرلەر دىققىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، تولۇق ئىچكى-تاشقى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىيالايدۇ.

قىزىقىشچانلىق كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بولغان بىرخىل تەبىئىي ئىزدىنىش ئىستىكى، شۇنداقلا يوشۇرۇن ئىجادىيەت ھالىتىدۇر. بىلىم تەشنالىقى بىلىمگە ئېرىشىش، ئەقىل-پاراسەت ۋە قابىلىيەت ئىگىلەشنىڭ مەنبەسى.

قىزىقىشچانلىق كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بولغان بىرخىل تەبىئىي ئىزدىنىش ئىستىكى، شۇنداقلا يوشۇرۇن ئىجادىيەت ئامىلىدۇر. بىلىم تەشنالىقى بىلىمگە ئېرىشىش، ئەقىل-پاراسەت ۋە قابىلىيەت ئىگىلەشنىڭ مەنبەسى.

بالىلار ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، پائالىيىتى، خىزمىتى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، بەس-مۇنازىرىسى، ھېسسىياتى قاتارلىقلارنى چۈشىنىۋاتقاندا، پاسسىپ، مەقسەتسىز ھالدا كۆزەتمەستىن، بەلكى ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدىنىدۇ، ئۆزى قىزىقىدىغان، يېڭىچە دۇنيانى بىلىشكە تىرىشىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئوغلۇم كارل بۇلارنى بىلمەيدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ ۋە ئوغلۇم كارلنىڭ قىزىقىشچانلىقنى چەكتۈتۇشىمىزغا ياردەم قىلغايسەن!

* * *

1803- يىلى 21- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن ئايالىم بىلەن ئوغلىمىز يولۇققان مەسىلىلەرنى ئۆلچەملىك تىل ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىدىغان، ئوغلىمىزغا تولۇق

نەرسىلەرنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئۆگىنىدىغان، ئۇنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. بىز يەنە بالىنىڭ سورىغان ھەربىر سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىدىغان، بولۇپمۇ ئۇ بىلمەكچى بولغان ھەقىقىي مەسىلىگە جاۋاب بېرىدىغان؛ بالىنىڭ سوئالىنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئۆزى چۈشەنمەيدىغان چوڭ قائىدىلەرنى ۋە چاكىنا قىممەت قاراشلىرىنى بىلدۈرۈشكە ئالدىرىمايدىغان ھەمدە «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سوراشنى بالىمىزنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرىدىغان؛ ئۇنىڭغا ئوخشاش قىزىقىشچانلىقنى ساقلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئىزدىنىدىغان؛ ئۇنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى ساقلاپ، ئۇنىڭدا ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويىدىغان ئادەتنى - يەنى، ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟»، «مېنىڭ ھۆكۈمۈم توغرىمۇ-خاتامۇ؟» دەپ سوئال قويىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. بۇ ئادەت بالىنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئۆز ئالدىغا ئىزدىنىشىنىڭ بىخى ئىدى. كارلىغا ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇشنى ئۆگىتىش ئۇنىڭغا تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىتىشىمىزدىكى بىرخىل ئۇسۇل ئىدى. بالا بۇخىل تەپەككۇرغا قانچە ئادەتلەنگەنسېرى، بۇخىل تەپەككۇر شۇنچە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بالىدىكى بىرخىل ئادەتكە، توغرا-خاتاغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىدىغان ئىككىنچى خىل قابىلىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ، ھەقىقىي نەتىجە قازانغۇچىلاردا بولىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر.

بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بۇ ئادىتىنى ئىزچىل ساقلىسا، ياش-ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، بىرەر نەرسە ئۆگىنىشمۇ ئۇلارغا چۈشىدۇ.

بىز بالىلاردا ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەندە، ئۇلارنى تېخىمۇ پىششىپ يېتىلىشكە بىر قەدەم

يېتەكلىگەن بولىمىز. ئۇنداق قىلىش ئوڭاي ئەمەس، بىراق جەزمەن شۇنداق قىلىش زۆرۈر.

* * *

1803- يىلى 1-دېكابىر، ھاۋا ئوچۇق.

تۈنۈگۈن ئايالىم بىلەن كارلىنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى قانداق يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا كېلىشىۋالغانىدىم، بىراق بۈگۈن ئايالىم ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، كارلىنىڭ سورىغان سوئالىغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىسى قىلىۋىدىم، ئايالىم دەرھال ئۆزىنى بىلىۋالدى...

ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا قىزىققاق كېلىدۇ. گۇمان-سوئاللار ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا، سىرلارنى ئېچىشىغا ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كەشپىيات ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بالىلارنىڭ تولا سوئال سورىشى ئۇلارنىڭ ھەممىلا نەرسىنى بىلگۈسى، چۈشەنگۈسى كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ؟ بالىلارنى ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئىگىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

بالىلارنىڭ ھەربىر يېڭى، ئۆزگىچە ۋە نەپىس ئىشلەنگەن نەرسىلەرنى چۈشىنىشىگە يول قويۇش كېرەك.

بالىلار ئويۇنچۇقنىڭ سىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، بەزىدە ئۇنى چۇۋۇۋېتىشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ئاتا-ئانىلار بالىغا ئاچچىقلىسا، خاتا قىلغان بولىدۇ.

بالىلار تۇغما قىزىققاق كېلىدۇ. تەربىيىلىگۈچىلەر، بولۇپمۇ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ قىزىقىشچانلىقىغا ئۇبدان دىققەت قىلسا، دۇنيادا ئەقىللىق، بىلىملىك بالىلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ

چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشى كېرەك. بالىلار تۇرمۇش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا سوئال سورىغاندا، ئاتا-ئانىلار سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشى، پەرۋا قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى كېرەك. سوئال سوراشنى بىلىش — بالىلارنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە بىلىمگە ئېرىشىشىدىكى مۇھىم بىر يول.

ئانىلار بالىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن مېڭىشىنى، سۆزلەشنى ئۆگەتكەنگە ئوخشاش، بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقىنىمۇ كۈچىنىڭ بارىچە قوغدىشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىلار چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي مىساللار ئارقىلىق ئامالىنىڭ بارىچە بالىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشى، تاشقى دۇنيادىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەك. بالىلارنىڭ سورىغان سوئالىنى ھەرگىز مازاق قىلماسلىق كېرەك. شۇ نۇقتا ئاتا-ئانىلارنىڭ سەمىدە بولۇشى كېرەككى، بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى قوغداش مەڭگۈ زۆرۈر.

* * *

1803- يىلى 3- دېكابىر ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن كارل كىچىك بىر سوئالغا ئۆزى جاۋاب تاپتى. بۇ، خېلى چوڭ ئىلگىرىلەش. شۇڭا مەنمۇ خۇشال ھالدا ئۈچ ئايدىن بۇيانقى ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتتۈم.

تۇنجى قېتىم ئايالىم ئوغلىمىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش توغرا كەلگەندە قىينالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈم جاۋاب بېرىش قارارىغا كەلگەنىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ كارل سوئال سورىغاندا ئۇنى ئىلھاملاندۇراتتىم ۋە سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتىم. بالىلارنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشتە، ئۇلارنىڭ ھەربىر سوئالىغا ئاكتىپلىق بىلەن جاۋاب بېرىش زۆرۈر.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بالىلارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان بىلىمى يېرىم-يارتا بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ قىزىقىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

بالىلارنى سىرتقا ئېلىپ چىققاندا، ئۇلار ھەمىشە ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى سورايدۇ. بىلىم تەشنالىقى كۈچلۈك بالىلار سوئال سوراشقا ئامراق كېلىدۇ. بالىلارنىڭ سوئال سورىشى قىزىقىشچانلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە بولىدۇ.

مەن دوستلىرىم بىلەن بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم پاراڭلاشقان. مەن: «نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىنى ياكى بالىنىڭ بۇدۇشقاقلىقىنى باھانە قىلىپ، بالىلارنىڭ ‹نېمە ئۈچۈن؟› دېگەن سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيدۇ، ھەتتا بالىنىڭ سوئال سورىشىغا يول قويمايدۇ» دېگەندە، ئۇلار ماڭا: «ئادەم بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىشى، بىراق قابىلىيەتكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىلىمى بار، ئەمما قابىلىيىتى يوق كىشىلەر ‹نۇرغۇن كىتاب يۈدۈۋالغان ئېشەك›كە ئوخشايدۇ. ئادەتتىكى ئۆگىنىش پەقەت بىرخىل دوراش، خالاس. ئۇنىڭدا قىلچە ئىجاد بىلىق بولمايدۇ. ئۆگىنىش تەپەككۇرنى ئاساس قىلىشى كېرەك» دېگەنىدى. تەپەككۇر گۇمان ۋە جاۋابتىن تەركىب تاپىدۇ، ئۆگىنىش داۋاملىق گۇمانلىنىش، سوئال سوراشتۇر. گۇمان ئەقىل-پاراسەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ، بىلىدىغىنىمىز قانچە كۆپ بولغانسېرى، شۇنچە گۇمان تۇغۇلىدۇ، سوئالمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، سوئال سوراش ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ. سوئال سوراش بىلەن جاۋاب بېرىش ئوخشاشلا مۇھىم. مەن ئوغلۇمدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىمەن دەپ قاراپ، ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئالدىدا سالاھىيىتىمنى پەش قىلمايتتىم. ئوغلۇم مەنمۇ بىلمەيدىغان سوئاللارنى سورىغاندا، بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلاتتىم. مەسىلەن: بىر قېتىم ئوغلۇم مەندىن ئاسترونومىيىگە ئائىت سوئال سورىۋىدى، مەن سەمىمىيلىك بىلەن: «بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە كىتاب

ئاختۇرۇپ ۋە كۈتۈپخانىغا بېرىپ ماتېرىيال كۆرۈپ، ھېلىقى سوئالنىڭ جاۋابىنى تاپتۇق. مەن ئوغلۇمغا: «ئەگەر سەن بۇ سوئالنى سورىمىغان بولساڭ، مەنمۇ بۇنى بۇگۈنگىچە بىلىۋالالمىغان بولاتتىم. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك سوئال سورا، ئىككىمىز بىللە ئۆگىنەيلى» دەپ، ئۆز رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم. مەن مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرغاچقا، ئوغلۇمنىڭ سورايدىغان سوئاللىرى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى.

شۇڭا، بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى ئوبدان قوغدىشىمىز كېرەك.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 1- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئىش، دادام مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىكى بالىلارچە بەزى سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلمىگەندە ئوڭايسىزلىنىپ قالغان. ئاتا-ئانا بولماق ھەقىقەتەن تەس ئىكەن!

ئەمەلىيەتتە، دوراشقا تايىنىش بىلەنلا بالىلارنىڭ ئوبدان ئۆسۈپ يېتىلىشى، خاسلىقى، ئۆزىگە خاس ئوي-پىكىرگە ئىگە ۋە نەتىجە يارىتالايدىغان ئادەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قىزىقىش ئىجادىيەتنىڭ شەرتى. قىزىققاق كىشىلەرلا تۇرمۇشتا يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇلار چۈشەنمىگەن ئىشلىرىغا قارىتا توختىماي سوئال سوراپ تۇرىدۇ، بۇلار بالىلارنىڭ ئىزدىنىشتىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرىدۇر، شۇنداقلا بۇ، ئىجادىيەتنىڭ ئاساسى.

بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى قوغداش ئۇلاردا ئىجادىيەت قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى. ئاتا-ئانامنىڭ،

قوشنىلىرىمنىڭ دېيىشىچە، مەن سەل چوڭ بولغان چېغىمدا، ناھايىتى قىزىققاق ئىكەنمەن. مېنىڭچە، بۇگەپ توغرا. بىرىالا ئۈچۈن ھەممىلا نەرسە يېڭى تۇيۇلىدۇ، بولۇپمۇ بىلىم بالىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، بىلىم تەشنالىقى ۋە قىزىقىشچانلىق بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، «نېمە ئۈچۈن؟»، «نېمىدېگەن غەلىتە!» دېگەندەك سوئاللار بالىلارنىڭ كاللىسىدا ئۆزلۈكسىز پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ نامەلۇم شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ۋە ئېھتىياجىنى چۈشەنسە، بالىلار تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايدۇ؛ قىزىقىش مەزگىلىدە تۇرغان بالىلارنىڭ بىر نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ مەزگىل ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار «تەربىيىلىگۈچى» بولۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بالىلارنىڭ ئۆز ئەقىل-پاراسىتى ۋە تەپەككۇرىدىن خۇشال-خۇرام ھالدا پايدىلىنىپ، ئوبدان ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم قىلىشى كېرەك.

ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئېھتىياجىغا سەل قارىسا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خاسلىقىنى، قابىلىيىتىنى چۈشەنمىسە، بالىلار ئاخىرىدا بىرىنچى كارغا كەلمەيدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

گەرچە مەن ئۆزۈمنى تالانت ئىگىسىمەن دەپ ئېيتالىساممۇ، بىراق «ئاتا-ئانام مېنىڭ قىزىقىشىمغا ئەھمىيەت بەردى، ئۇنى يېتەكلىدى ۋە قوغدىدى، بۇ ئارقىلىق مېنىڭ كېيىنكى چاغلاردا نەتىجە يارىتىشىمغا پۇختا ئاساس سالدى» دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەن ئون نەچچە ياش چېغىمدىلا باشقىلار 20-30 ياشقا كىرگەندە ئېرىشەلەيدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىدىم، بۇلار ئاتا-ئانامنىڭ مېنى تەربىيىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىتالىيەدىكى چېغىمدا دانتېنى تېخىمۇ ئوبدانراق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە دائىر كىتابلارنى كۆپلەپ ئوقۇدۇم. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە شۇنچىۋالا داڭلىق شەخسلەرنىڭ ۋە شانلىق مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سەۋەب شۇ مەزگىلدىكى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشچانلىقىنىڭ ئەڭ زور چەكتە جارى قىلدۇرغانلىقى ۋە قوغدالغانلىقىدا ئىكەن.

ئۆزۈم ئوبدانراق بىلىدىغان دانتېنى مىسالغا ئالاي، دانتې شائىرئى ئەۋزەل بىر ئائىلىدە، يەنى فلورېنسىيەدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 3~2 ياشلارغا كىرگەندە داڭلىق ئالىم رىنات. لۇتىنىدىن لاتىن تىلى، شېئىر، كىلاسسىك ئەدەبىيات، ئىستىلىستىكا، پەلسەپە قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن. تارىختا يېزىلىشىچە، دانتې 9 ياشقا كىرگۈچە ئوۋىدىل، خىلاسىت، ۋىگىر قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بولغان. مېنىڭچە، ھازىرقى كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش، بىراق دانتې ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن شۇنداق قىلغان.

دانتې چوڭ بولغاندىن كېيىن پارىژ، گىلونىا، پادوۋا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان. ئۇ مۇزىكا، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، ئىستېتىكا، شېئىرىيەت، پەلسەپە، ئەدەبىيات، ئىلاھىيەت، ئېتىكا، تارىخ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، سىياسىي قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ۋە كىشىلەر قايىل بولغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باللىق چاغلىرىدا قىزىقىشچانلىقىنىڭ ناھايىتى ئوبدان قاندۇرۇلغانلىقىدىن بولۇپ، دانتېنى بىر ساھەدىن يەنە بىر ساھەگە ۋە نامەلۇم دۇنياغا باشلاپ كىرگەن. يەنى، دانتېنىڭ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە باللىق چاغلىرىدا ئوبدان ئاساس سېلىنغان. بۇ ئاساسنىڭ ئالدىنقى شەرتى — دانتېنىڭ قىزىقىشچانلىقىنىڭ قوغدالغانلىقىدۇر.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئۈلۈغ شەخسلەرنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دانتې ئەنە شۇنداق، داۋىنچ، مىكىلانگىلو، رافىللومۇ ئەنە شۇنداق.

داۋىنچ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ رەسسام بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ماتېماتىك، ئالىم، ئاسترونوم، كەشپىياتچى ئىدى.

مىكىلانگىلومۇ بالىلىق چاغلىرىدا ياخشى تەلىم-تەربىيە ئالغان ۋە سەنئەت يولىغا تەدرىجى مېڭىپ، ئاخىرى داڭلىق شەخسكە ئايلانغان. مىكىلانگىلونى ئىنىكئانىسى بېقىپ چوڭ قىلغان بولۇپ، گەرچە ئۆز ئاتا-ئانىسى باقمىغان بولسىمۇ، ئىنىكئانىسىنىڭ يولدىشى ھەيكەلتاراچ بولغاچقا، بۇ، گۆدەك مىكىلانگىلوغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، ھەيكەلتاچلىقنى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانىغا ئايلاندۇرغان.

داۋىنچ ۋە مىكىلانگىلو بىلەن تەڭ شۆھرەتكە ئىگە، «ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئۈچ ئۇلۇغ شەخس»نىڭ يەنە بىرى رافىللو.

بۇ ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بوۋاقلىق، گۆدەكلىك مەزگىلىدە زادى قانداق تەربىيىلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىزمىز. بىراق شۇ نوقتىغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، ئۇلار تەربىيىلەنگەندە، ئۇلارنىڭ قىزىقىشچانلىقى ئوبدان قوغدالغان. شەيئىلەرگە ئازراقمۇ قىزىقمايدىغان بىر بالىنىڭ ئاشۇنداق مول بىلىملىك بولۇپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس؛ قىزىقىشچانلىقتىن مەھرۇم بولغان بىر بالىنىڭ نامەلۇم دۇنيا ئۈستىدە ئاشۇنداق ئىزدىنىپ، داڭلىق شەخس بولالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس.

قىزىقىشچانلىق تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. مەن، بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتلاملىق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن.

باللار سوئال سورىغاندا، بىرسىنىڭ جاۋاب بېرىشىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ سوئالىغا قارىتا تۈرلۈك ئىنكاسلارنى قايتۇرىدۇ. بۇ ئىنكاسلارنى يەتتە دەرىجىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، جاۋاب بەرگۈچىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ شۇنچە يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا بالىلارمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى تەپەككۇر ماھارىتىنى شۇنچە ئۆگىنىۋالالايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ سوئالىغا ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئاتا-ئانىلار بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋالسا، ئۇنى دەرھال قوللىنالايدۇ.

بالىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندىكى ئىنكاسنى تۆۋەندىكىدەك 7 دەرىجىگە بۆلىمىز:

1- دەرىجە: جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىش. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ سوئالىغا بۇنداق ئىنكاس قايتۇرسا، بالىلارغا «ئاغزىڭنى يۇم، سوئالىڭ مۇۋاپىق ئەمەس، ئادەمنى بىزار قىلىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ، شۇنداقلا «كىچىك بالا دېگەن ئاڭلىسىلا بولىدۇ، قالايمىقان سوئال سورىماي، ئىززىتىنى بىلىشى كېرەك» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىۋەرسە، بالىلار سوئال سورىمايدىغان، ئۆگىنىشتىن بىزار بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2- دەرىجە: سوئالنى تەكرارلاش. بۇخىل ئىنكاستا ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردىم، دەپ ئويلايدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا بالىنىڭ سوئالىنى تەكرارلاپ قويىدۇ. ئاتا-ئانىلار سوئالنى تەكرارلىغىنىنى تۇيماي، پەلىپەتىش، قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ياپماقچى بولىدۇ.

3- دەرىجە: ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئاددىيلا جاۋاب بېرىش. بۇخىل ئىنكاس يەنە كۆچەيتمەيدىغان ئىنكاس ۋە كۆچەيتمە ئىنكاس دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

كۆچەيتمەيدىغان ئىنكاس ئادەتتە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، يەنى ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە جاۋاب بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بالىلار «ئاتا-ئانامنىڭمۇ بىلمەيدىغان يەرلىرى بار ئىكەن» دەپ ئويلايدۇ. بۇمۇ بىرخىل ئۆگىنىش. بەزى ئەھۋاللاردا بالىلارنىڭ سوئالىغا مۇشۇنداق ئىنكاس قايتۇرۇش مۇۋاپىق، بىراق بۇنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دېگىلى بولمايدۇ. شۇنى ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، بىلمىسىمۇ بىلگەندەك بولۇۋېلىپ بەرگەن جاۋاب ئەڭ ناچار جاۋاب بولىدۇ؛ ئۇنداق قىلىش ناھايىتى ئەخمەقلىق، بالىلار خاتا جاۋابقا ئېرىشىش بىلەن بىرگە بىلەرمەنلىك قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

كۆچەيتمە ئىنكاستا بالىلار «بۇ ياخشى بىر سوئال بولدى» ياكى «بۇ سوئالنى سورىغانلىقىڭدىن خۇشالمەن» دېگەندەك گەپلەر ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. بالىلارنىڭ سورىغان سوئالىغا بۇنداق ئىنكاس قايتۇرغاندا، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ سوئال سورايدىغان بولىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار تېخىمۇ كۆپرەك ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

4- دەرىجە: بالىلارنى ماتېرىيال ئىزدەشكە ئىلھاملاندۇرۇش. بۇخىل ئىنكاسمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاتا-ئانىلار ماتېرىيال ئاختۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش، بىرى بالىلارنىڭ ماتېرىيال ئىزدىشىگە پۇرسەت بېرىش. بۇخىل ئىنكاستا ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ياكى بىلگىنىچە جاۋاب بېرىش بىلەن بىرگە بالىلارغا سوئالنىڭ جاۋابىنى باشقا جايلاردىنمۇ تاپالايدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار ياكى ئوقۇتقۇچىلار بالىلار ئۈچۈن ماتېرىيال ئاختۇرۇپ بەرسە، بالىلار سوئالنىڭ جاۋابىنى باشقىلارغا تايىنىپ تاپقۇزسام بولىدىكەن، دېگەن ئويغا كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇمۇ ئاخىرقى ھېساباتتا بىرخىل پاسسىپ ئۆگىنىش بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بالىلارنىڭ قامۇس، دەرسلىك كىتاب، مەخسۇس ئەسەر قاتارلىق ماتېرىياللاردىن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىزدىشىگە پۇرسەت بەرسەك، ئۇلار ئۆگىنىشنى مەسئۇلىيەت دەپ قارايدىغان بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ

ئارقىلىق ئاكتىپ ئۆگىنىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ كىرەكلىك جاۋاب بېرىشىگە ساقلاپ تۇرماي، ئۆزى جاۋاب ئىزدەيدىغان ماھارەتنى ئىگىلەيدۇ.

5- دەرىجە: بىرنەچچە خىل جاۋاب بىلەن تەمىنلەش. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ سورىغان سوئالىنىڭ ئېنىق جاۋابىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا بولىدۇ، بىراق ئۇلارنى بىرنەچچە خىل جاۋاب بىلەن تەمىنلەپ، توغرا جاۋابنى ئۆزىنىڭ تاللىشىغا يول قويۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا بالىلار، مەسىلە قارىماققا ئاددىي بولسىمۇ، بىراق ھۆكۈم چىقارماق ئۇنچە ئاددىي ئەمەس ئىكەن، دېگەن قاراشقا كېلەلەيدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، بۇ جاۋاب بىلەن ئۆزلىرىنىڭ جاۋابىنى بىرلەشتۈرۈپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ. بۇخىل ئۆگىتىش ئاتا-ئانىلارنىڭلا جاۋاب بېرىپ ئۆگەتكىنىگە قارىغاندا بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەنلىك بولىدۇ.

6- دەرىجە: بالىلارنى تۈرلۈك جاۋابلارنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش. بۇخىل ئىنكاستا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى تۈرلۈك جاۋابلارنى تېپىپ چىقىشقا ۋە بۇ جاۋابلارنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇخىل ياردىمىدە، بالىلار تۈرلۈك جاۋابلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ۋە بۇ جاۋابلارنىڭ توغرا خاتالىقىنى ئىسپاتلايدىغان بولىدۇ.

7- دەرىجە: بالىلارنى جاۋابلارغا ھۆكۈم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر-بىرلەپ ئىسپاتلاشقا ئىلھاملاندۇرۇش. بۇخىل ئىنكاستا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى بىرقىسىم سىناقلارنى لايىھىلەپ، تۈرلۈك جاۋابلارنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئىسپاتلاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بالىلار قانداق تەپەككۇر قىلىشنى ھەم ئۆز تەپەككۇرىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. گەرچە بالىلارنىڭ بەزى جاۋابلارنى ئىسپاتلىيالىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىراق باشقا بىرنەچچە جاۋابنى ئىسپاتلىيالىشى تامامەن مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن بىز سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ دەرىجىلىرىنىڭ بىر نوقتىدىن يەنە بىر نوقتىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى؛ بالىلارنىڭ سوئالنى رەت قىلىشتىن بالىلارنى جاۋاب بېرىشكە ۋە جاۋابنى ئىسپاتلاشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا ئۆتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بالىلار بۇ ئارقىلىق ئۆگەنمەيدىغان پاسسىپ ھالەتتىن، تەكرار ئۆگىنىدىغان ھالەتكە، ئاندىن تەھلىل قىلىدىغان ئىجادىيلىق ئاساسىدىكى ئۆگىنىشكە ۋە ئەمەلىيەتچىللىق ئاساسىدىكى ئۆگىنىشكە ئۆتىدۇ.

7- دەرىجىدىكى ئىنكاس بالىلارنى تەنقىد-تەھلىل قىلىش ئاساسىدىكى تەپەككۇر قىلغۇچىغا، ئىجادىيەت-ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدىكى تەپەككۇر قىلغۇچىغا ۋە ئەمەلىيەت-رېئاللىق ئاساسىدىكى تەپەككۇر قىلغۇچىغا ئايلاندۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇلارغا ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋاقتى ۋە بايلىقى چەكلىك بولغاچقا، بالىلار ھەرقېتىم سوئال سورىغاندا، 7- دەرىجىدىكى ئىنكاس قايتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا ئاتا-ئانىلارنىڭ قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭ بولغاندا، كىشىلەر جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي ئورۇننىڭ تەسىرى ھەممىدىن چوڭ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي ئورۇن بالىلارنى سالامەتلىك، ئوزۇقلۇق، پۇرسەت، تەربىيىلىنىش مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، بىراق كىشىلەر ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى بالىلارنىڭ سورىغان سوئالىغا ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىغا سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەيلى ئوقۇتقۇچى بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى ئاتا-ئانىلار بولسۇن، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلانساق بولىدۇ.

كۆزىتىش ۋە ئەستە تۇتۇش تەپەككۇر قىلىشتىن سەللا نېرى تۇرىدۇ. كۆزىتىش ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئوبدان يېتىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق بوۋاقلارنىڭ بۇ قابىلىيەتتىن پايدىلانغانلىقىنى

بايقىيالايمىز. قىزىقىشچانلىق باللارنى تەپەككۇر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئەگەر باللارنىڭ قىزىقىشچانلىقى داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇلۇپ تۇرۇلسا، باللار ئۇبدان تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرىدۇ.

بۇخىل تەپەككۇر ئادىتىنىڭ يېتىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى سۈرۈشتە قىلساق، باللارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى ئۇبدان ئىلھاملاندۇرمىغانلىقىمىزنى بايقىيالايمىز.

كىشىلەر «باللار ئادەمنىڭ ئىچىنى بەكلا پۇشۇرۇۋېتىدۇ، ئاغزىغا كەلگەننىچە سوئال سورايدۇ، ئۆزى تېخى چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەرنى تولا سورايدۇ، ئۇلار قەستەن ئاشۇنداق قىلىدۇ، كىچىك بالا دېگەن جىمغۇر بولغان ياخشى» دەپ قارىغاچقا، باللارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كوچىلاپ سوئال سورىشىنى ھەر ئاماللار بىلەن توسىدۇ.

باللارنىڭ تېتىقسىز سوئال سوراشقا ئۈگىنىپ قېلىشى بىلەن كارى بولماسلىق كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن، ئەلۋەتتە. باللارنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرى ئەمەلىيەتتە گۈدەكلەرچە قىزىقىش تۈپەيلى بولىدۇ. ئەگەر باللار ھەقىقەتەن قىزىقىش تۈپەيلى سوئال سورىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش زۆرۈر.

بۇۋاق چوڭ بولۇپ، مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىر شەيئى ئۇنىڭدا تەپەككۇر پائالىيىتىنى قوزغايدىغان ۋاستە بولالايدۇ، دېگەن بۇ قارىشىم سىزگىمۇ ئايدىڭ. شۇنداقلا ئۇتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلىرىم ۋە ئانىلارغا كۆرسىتىپ بەرگەن ھېلىقى ئۇسۇللىرىممۇ سىزگە ئايدىڭ. مېنىڭ پرىنسىپىمغا ئەمەل قىلغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان پىلان تۈزگەن ئانىلار گۈدەك باللىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تۇيغۇدىكى تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئويغاتقاندا، بۇنىڭدىن ھەيران قالىسىز. پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۇ ئانىلار ھېلىقى پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان ئاشۇ ئۇسۇللارنى باشتىن-ئاخىر قوللىنىدۇ. بۇ

پاكىتلار سىزنى ئوخشاپ كېتىدىغان پىلانغا ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق بىر ئانا بىر نەچچە پەرزەنتنى ئوڭايلا تەربىيىلەيدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئوقۇتقۇچىمۇ نۇرغۇن كىچىك بالىلارنى ئوبدانلا باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندۇرىدۇ. بىراق مەن ھازىر بالىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇسۇل توغرىسىدا توختالماقچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ بوۋاقلارنىڭ كاللىسىدا بىخلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچىمەن. بۇ نۇقتىغا كىشىلەر سەل قارايدۇ، ھەتتا بۇنىڭغا كەلگەندە خاتا يولغا مېڭىپ قالىدۇ. بىراق توختاۋسىز داۋاملىشىدىغان ئەقلىي پائالىيەت بالىلارنى ھامان نۇرغۇن تەرەپلەردە ئەقلىي مۇستەقىللىققە ئىگە قىلىدۇ.

بىراق، ئەڭ مۇھىم باسقۇچ بالىلارنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسىنى ئاچىدىغان باسقۇچتۇر.

بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، باشقىلار بىلەن بىرگە بولغىنىغا خۇشال بولغانلىقىنى ياكى بەزىلەردىن بىزار بولغانلىقىنى، ياكى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قورققانلىقىنى بەزىبىر ھەرىكەتلىرى ۋە قىلىقلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئادەت ۋە مۇھىت ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىراق مېنىڭچە، بوۋاقلار ئۆزى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ۋە ئانىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە ۋە غەمخورلۇقىغا ئوڭايلا كۆنىدۇ.

بۇخىل تەسىر بالىلاردا ئوڭايلىقچە يوقاپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئانىنىڭ دوستلىرى ناھايىتى تېزلا بوۋاقلارنىڭمۇ دوستىغا ئايلىنىدۇ. دوستانە كەيپىيات بوۋاقلارنىڭ تەبىئىتىگە ئوڭايلا ماسلىشىدۇ. بوۋاقلار بۇنداق كەيپىياتقا ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئادەتلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىغەم تەبەسسۇمى، شاتلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇلارنىڭ بۇ كەيپىياتنى ياقتۇرغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ.

شۇڭا، بۇۋاقلار ئانىسى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئانىسى ئىشىنىدىغان كىشىلەرگە ئىشىنىدۇ.

بۇخىل ئەھۋال بىر مەزگىل داۋاملىشىدۇ. بىراق بوۋاقلارنىڭ كۆزەتكىنى قانچە كۆپ بولغانسىرى، باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرى شۇنچە روشەن بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئانىسى تونۇمايدىغان، نا تونۇش كىشىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مەلۇم ئىش-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بوۋاقلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە ئىشىنىشىگە ئېرىشەلەيدۇ. بوۋاقلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە ئىشىنىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىش-ھەرىكەت ئىزچىل بىر دەك بولۇشى كېرەك. كىچىككىنە غەلىتە ئىشلارمۇ بوۋاقلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلار ھەتتا بۇنداق غەلىتە ئىشلاردىن بىزار بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا قارىماققا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بىراق بۇ ھەقىقەتەن راست.

بوۋاقنىڭ ئۇسال مىجەزىگە يول قويۇلسا، ئۇنىڭدىكى مۇھەببەت ئوڭايلا يوقىلىدۇ، ئۇ چاغدا ھەرقانچە ئالدىغان بىلەنمۇ بوۋاقلارنىڭ مۇھەببىتىگە قايتىدىن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ رېئاللىق ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق يەنە بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ساپ ھەقىقەت قارشى ۋە ھەققانىيەت قارىشى بار بولۇپ، بۇلار ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى ئاجىزلىقلاردىن پەيدا بولغان، كىشىلەرنى ھەرۋاقىت خاتالىق ۋە چوشكۈنلۈك گىرداۋىغا ئىتتىرىدىغان ئېزىقتۇرۇشلارغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

شۇڭا، بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقى ئۇلاردا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ، مۇھىت قىزىقىشچانلىقىنى كۆپ تەرەپلەردىن تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، نەتىجىدە بالىلار شەيئىلەرگىلا ئەمەس، ئادەملەرگىمۇ ھۆكۈم قىلالايدىغان بولىدۇ؛ ئۇلار پەزىلەت توغرىسىدىكى ئۇقۇملارنى ئۆگىنىۋالىدۇ، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشتە بارغانسېرى ئۆزىگە خاس قاراشقا ۋە مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ.

تۆۋەندىكىسى دادامنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسىگە قىستۇرۇلغان، فېستالوزىنىڭ بىر پارچە ماقالىسى:

*بالىلار ئىقتىدار-قابىلىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.*

*..... ئىبسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، تەلىم-تەربىيىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئوقۇشنى تولۇق تاماملاش ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشقا ماسلىشىش؛ قارىغۇلارچە بويسۇنىدىغان ۋە تىرىشىدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى مۇستەقىللىقنى يېتىلدۇرۇشتۇر. ئىبسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، بىر ئوقۇغۇچى مەيلى قايسى ئىجتىمائىي تەبىقىگە مەنسۇپ بولسۇن، مەيلى قانداق كەسىپ بىلەن شوغۇللىنىشنى ئويلىغان بولسۇن، ئىنسان تەبىئىتىدىكى بەزى ئىقتىدار-قابىلىيەتلەر ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش. بۇ ئىقتىدار-قابىلىيەتلەر ئادەمدىكى ئاساسىي ئىقتىدارلارنىڭ غولىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىزنىڭ ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بارلىق ئىقتىدار-قابىلىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يۈرسىتىنى چەكلەش ھوقۇقىمىز يوق. بىرقىسىم كىشىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش، يەنە بىرقىسىم كىشىلەرنى مۇكەممەل قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن ۋاز كېچىش، بەلكىم ئاقىلانىلىقتۇر. قابىلىيەت ۋە تالانت، قىزىقىش، غايە ۋە ئىستەكنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى ئادەمگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىراق مېنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغىنىم شۇكى، بىزنىڭ بالىلارنىڭ كەلگۈسى كەسپىگە ياكى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان، بىر ھازىرغىچە ئويلاپ باقمىغان ئىقتىدار-قابىلىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھوقۇقىمىز يوق.*

*كىشىلىك ھاياتتىكى ئۆرلەش-چۈكۈشنى كىم بىلەلەيدۇ؟ ئىلگىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىنىڭ كېيىن بىباھا بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بەزىلەرنىڭ ئىلگىرى ياراتماي قىلمىغان ئىشلارغا كېيىن يۈشايمان قىلغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ كىممۇ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ كىشىلىك ھايات پەيزىنى سۈرمەيدۇ؟ بىراۋنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ياردىمى ئارقىلىق باشقىلارنى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولسا، ئەگەر شۇ پەيت شۇ ماكاندا بىراۋ ئارلاشمىغان بولمىسا، ئۇلار ئاشۇنداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەمتى؟ ئادەم ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ چوڭ قانائەت يۇكسەك ئىقتىدار-قابىلىيەتنىڭ ئۆزىنى ئار-تولا نەتىجىگە*

ئىرىشىشتۈرىدىغانلىقىنى تونىۇپ يېتىشىتا ئىككەنلىكىنى كىممىۇ (ئىۇ ئىادەم ئەمەلىيەتتىن يۈتۈنلەي خەۋەرسىز بولسا ) ھىېچ بولمىغانىدا نەزەرىيە جەھەتتىە ئىنىراپ قىلماي تۇرالىسۇن؟

بىراق، بىۇلارنىڭ ھەممىسىنى دىققىەت قىلىشىقا ئەرزىمەيىدۇ، دېگىەن تەقدىردىمۇ، بىر تەرەپلىمە تەجرىبىە ۋە كىشىلەرگىە تونۇشلۇق بىەزى پاكىتلار ئاساسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈم ئارقىلىق ئىسپاتلانغان تەقدىردىمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇچۇن ئىپتىقانىدا، ئازغىنە بىلىم ئۇلارنىڭ ئەپلەپ-سەپلەپ ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ. بىراق مەن يەنىلا شىۇنداق قارايمەنكى، بىزنىڭ مائارىپ تۈزۈمىمىزدە بىۇخىل بىئىەپ ئىەھۋال زور دەرىجىىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، مائارىپتا تۇرلۇك تەربىيىلەش ئۇسىۇللىرى ئوتتىۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سالمىقى لايىقىدا بولمىدى.

بۇ مەسىلىگە قارىتا بىردىنبىر توغرا قاراش ئىنسان تەبىئىتى ۋە قابىلىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتىن كېلىشى كېرەك.....

شۇڭلاشقا، تىەلىم-تەربىيە نوقىۇل ھالىدا بالىلارغا بىر نەرسىە ئۆگىتىشىنى ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن ئۇلاردا بار بولغان نەرسىلەرنى ئويلىشىش كېرەك، بۇ نەرسىلەرنى گىەرچە تىەرەققىي قىلغىان ئىقتىدار-قابىلىيىەت دېمىسىەكمۇ، ھېچبولمىغانىدا، تىەرەققىي قىلدۇرۇشىقا بولىىدىغان تىۇغما قابىلىيىەت دەپ قارىشىمىز كېرەك. ياكى بۇ ئابىستراكت سۆز-ئۇقۇملارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇلۇغ ياراتقىۇچى ئىگىمىزنىڭ بىز ئىنسانلارغا ئىشلەتسۇن دەپ، تۇرلۇك تىۇغما تالانت ئاتا قىلغانلىقىنى سەمىمىزدە تۇتساقلا بولىدۇ. ياراتقۇچى ئىگىمىز بىزگە تالانىت-ئىقتىدار ئاتىا قىلغانىكەن، مائارىپ «كىملەر بالا بولىدۇ؟ بالىلار نىمە ئىشلارنى قىلسا مۇۋاپىق؟ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بىر ھاياتلىق بولىۇش سۇيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ تەقدىرى قانىداق بولۇشى كېرەك؟ ئەقىل-ئىدراكتا، ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە بىر ئادەم بولۇش سۇپىتى بىلەن بالىلاردا يەنە قانداق ئىقتىدار-قابىلىيەتلەر بار؟ ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار دۇنيانى ياراتقانىدا ۋە مۇقەددەس كىتابلاردا تىلغان ئالغان، بالىلارنى مۇكەممەل قىلىپ تەربىيلەپ چىقىشنىڭ ئۇسىۇللىرى ۋە ئىۇلارنىڭ تىرىشىشىدىكى ئىەڭ يۇكسىەك نىشانى نىمە؟» دېگەندەك سوئاللارنى ئويلانسا بولىدۇ.

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئېنىق ۋە ئەتراپلىق بولۇشى زۆرۈر. مائارىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، كىشىلەرنى تۇغۇلغان دۆلىتى ۋە رايونىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئايرىماستىن، ھەممىلا ئادەمگە ماس كېلىشى كېرەك. مائارىپ ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ھوقۇقىنى ئادەم دېگەن سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ بۇ ھوقۇقلارنى ئېچىپ بېرىشى كىشىلەرنىڭ كۈرەش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماددىي نەرسىلىرىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان بولۇپ، تېخىمۇ يۇكسەك بىر ئىمتىيازنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىمتىيازنىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ كېتەلمىدى ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرەلمىدى. بۇ ئىمتىياز بارلىق سىنىپلارنىڭ كېرەكلىك بىلىملەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇش، قابىلىيەتنى كۆڭۈل قويۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى جىسمانىي، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئۇبدان جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى يوللۇق تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر ئادەم ئەقىل-ئىدرىكىنى يوقاتقان بولسا ياكى كاللىسىدا بىلىم ساقلانمىسا ۋە ياكى ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىگە سەل قارالسا، تېخىمۇ مۇھىمى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئەخلاقلىق ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇپ يېتەلمىسە، بۇنداق چاغدا ئەركىنلىكتىن سۆز ئېچىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

دادام «مەن مائارىپ مۇتەخەسسىسى ئەمەس، مەن ئوغلۇم كارلنى پەقەت پۈتۈن مېھىر-مۇھەببىتىم بىلەن تەربىيىلىدىم» دېگەن. دادامنى چۈشەنمەيدىغانلار بەلكىم، مەندەك تالانت ئىگىسىنى دادىسى ئۇرۇپ، سوقۇپ يۇرۇپ تەربىيىلەپ چىققان، دەپ قارىشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قاراش خاتا. چۈنكى مەن تۇغۇلماستىلا، دادام باللار تەربىيىسىگە دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپتىكەن. گەرچە ئەينى ۋاقىتتا بۇ توغرىدىكى كىتابلار بەك ئاز بولسىمۇ، بىراق دادام ئۇنداق كىتابلارنى ئىزدەپ-سوراپ تېپىپ قايتا-قايتا ئوقۇغان ۋە مېنى تەربىيىلەش ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇرغان.

مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاپام دادامنىڭ مېنى تەربىيىلىگەندىكى ئەھۋاللارنى ماڭا كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن. مەن

ئاشۇ ئەھۋاللاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمەنكى، دادام مېنى تەربىيىلەشتە ئوبدان تەييارلىق قىلغان ۋە مېنى پىلانلىق ھالدا تەربىيىلىگەن، نەتىجىدە كۆتكەن نەتىجىسىگە بىر قەدەم بىر قەدەمدىن يەتكەن.

دادامنىڭ ۋۇجۇدىدا مېنى تەسىرلەندۈرگەن نۇرغۇن نەرسىلەر بار. دادام ياشىنغان دەۋردە كىشىلەر «تالانتنى يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ، ئادەمدىكى قابىلىيەت-ئىقتىدار تۇغما بولىدۇ» دەپ قارايتتى. بىراق دادام ئۇنداق قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، «تالانت تەلىم-تەربىيىنىڭ نەتىجىسى» دېگەن رېئاللىقنى ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن كۆرۈپ يەتكەنىدى.

دادام، بوۋاقلىق مەزگىلدىكى تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق، باللارنى تالانت ئىگىسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. دادامنىڭ بۇ قارىشىنى ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر مازاق قىلغان ۋە بۇ قاراشقا قارشى تۇرغان. نۇرغۇن كىشىلەر دادامنى تۇنجى بالىسى تۆگەپ كېتىپ، ئىككىنچى بالىسى بولغان مېنىڭ «ئەقلىي ئاجىز» بولۇپ تۇغۇلغىنىمدىن ئېلىشىپ قاپتۇ، دېيىشكەن، بەزىلەر يەنە دادامنىڭ قارىشىنى خام-خىيال دەپ قارىغان.

ئاپام ماڭا دادامنىڭ ئاشۇنداق شارائىتتىمۇ باشقىلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن مېنى تەربىيىلەۋەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

مەن ھازىر دادامنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىنى ۋە ئۇنىڭ نەقەدەر قەيسەر ئادەم ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن.

پلاتون، دۇنيادا تالانتلىقلار ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى ئادەتتىكى تالانتلىقلار، يەنە بىرى، تۇغما تالانتلىقلار. ئادەتتىكى تالانتلىقلار زور كۈچ سەرپ قىلىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۇغما تالانتلىقلارنىڭ تالانتىنى پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان بولۇپ، تۇغما تالانتلىقلار باشقىلار

قىلالمايدىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى قارىماققا ناھايىتى ئوڭايدەك بىلىنىدۇ دېگەن.

پىلاتوننىڭ تالانتلىقلارغا قانداق باھا بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچبولمىغاندا مۇنداق بىر نوقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، يەنى تالانتلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بالىلىق چاغلىرىدا ئالاھىدە ئىقتىدار-قابىلىيىتىنى نامايەن قىلىدۇ. دادام «ئىنساننىڭ يارىلىشى ئوخشاش، گەرچە ئادەم تۇغۇلغاندا ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە پەرق بولسىمۇ، بىراق بۇ، ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى، ئادەمنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئالغان تەلىم-تەربىيىسىدۇر» دەپ قارىغان. دادام يەنە «ھەممىلا ئادەمنىڭ تالانتلىق بولۇپ چىقىش مۇمكىنچىلىكى بار. گەپ شۇ ئادەمنىڭ بوۋاقلىق، بالىلىق مەزگىلىدە قانداق تەلىم-تەربىيە ئالغانلىقىدا»، دەپ قارىغان.

مەن دادامنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلىمەن، چۈنكى بۇ قاراش ئوبيېكتىپ ھەم ئەقىلگە مۇۋاپىق كۆزقاراش.

مېنىڭ بىلىشىمچە، تارىختا ئۆتكەن ۋە ھازىر بار بولغان تالانتلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بالىلىق چاغلىرىدا خىسلەتلىك بالا بولۇپ، ئۇلار ھەممىشە مەلۇم جەھەتلەردە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان قابىلىيىتىنى نامايەن قىلغان.

بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندا، بۇ توغرىدا مەخسۇس تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارغانىدىم. كۆپلىگەن كلاسسىك كىتاب-ماتېرىياللارنى كۆرۈپ مۇنداق يەكۈن چىقارغانىدىم: ئۆزگىچە تالانتلىقلارنىڭ بالىلىق دەۋرىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ، قابىلىيەت ئىقتىدارى قانچە گەۋدىلىك بولغان ئادەم شۇنچە بالدۇر تەلىم-تەربىيە ئالىدۇ. دەسلەپكى تەلىم-تەربىيىنىڭ ياردروسى بالىلارنىڭ قىزىقىشچانلىقىنى ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېتەكلەشتە. قىزىقىشچانلىق بالىلارنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەئى. شۇڭا، بالىلارنىڭ

قىزىقىشچانلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېتەكلەش تەلىم-تەربىيىدىكى ئەڭ توپ، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

ھازىر مەن دادامنىڭ كۆزقارىشىنىڭ پۈتتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاتا-ئانا دەسلەپكى تەلىم-تەربىيىنىڭ باشلامچىسى.

بەزىلەر، بالىنى بەك بالدۇر تەربىيىلەش بالىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، دەيدۇ. بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار، بىراق بەكلا بىر تەرەپلىمە. دادامنىڭ مېنى تەربىيىلەش جەريانىدىن قارىغاندا، زورۇقۇپ تەربىيىلەش، نامۇۋاپىق تەربىيىلەشلا بالىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

مەن پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، دادام دائىم ماڭا «بالىنى بەك بالدۇر» تەربىيىلەشنىڭ زىيىنى يوق. مۇھىمى، تەلىم-تەربىيىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقىدا، بالىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىش-كەلمەسلىكىدە. تېخىمۇ مۇھىمى، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى مۇددىئاسى ۋە نىشانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدە» دەيتتى.

تەلىم-تەربىيە نەتىجىسى — تەلىم-تەربىيە مۇددىئاسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

دادام ياشانغاندىمۇ ماڭا خەت يېزىپ، «سېنى بالىلىق چېغىڭدا تەربىيىلىگەندىكى ئۇسۇللىرىمنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن ھەيران قالارلىق يېرى يوق. سېنىڭ بالىلىق چاغلىرىڭ ناھايىتى سىرلىق بولغان، سېنى تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنىڭ سىرلىقلىقى سېنىڭ بالىلىق دەۋرىڭنىڭ سىرلىقلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى. بىراق بالىلىقىڭدىكى تېخىمۇ كۆپ سىرلىق ئىشلارنى بايقىيالمىدىم، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشىمدۇر» دېگەنىدى.

# توققۇزىنچى باب

# قىزغىنلىق ۋە ئادەت يېتىلدۈرۈش —

# تالانتلىقلار تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1803- يىلى 4- دېكابىر ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن ئۆزۈمنىڭ تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلۇمدىن سەل گۇمانلىنىپ قالدىم.

«ئوغلۇمنى بۇنچە تىرىشىپ تەربىيىلىسەم، ئۇ تۇرمۇشتىن زېرىكىپ قالارمۇ، بەلكىم ئۇنى كۆپ تەرەپلەردە خۇشاللىققا ئېرىشىشكە يېتەكلىسەم، ئۇنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولارمىكىن، يەنى كۆپ تەرەپلەردە ئۇنىڭدا قىزىقىش يېتىلدۈرۈپ چىقىش يولى بولارمىكىن» دېگەندەك خىياللار كاللامنى چىرمىۋالغانىدى.

(تۆۋەندىكى مەزمۇنلار دادام يازغان «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابتىمۇ بار. بۇ مەزمۇنلار دادامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ ئەڭ ياخشى شەرھى بولالايدۇ.)

ئوغلۇم كارل خېلى سۆزلۈكلەرنى ئېگىلىگەندىن كېيىن، مەن ئۇنى كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلىدىم ۋە كىتاب ئوقۇشنىڭ چەكسىز خۇشاللىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇردۇم. ئوغلۇم

ئوقۇيدىغان كىتابلارنى تاللاشتا بىرسى ئۇ چۈشىنەلەيدىغان كىتابلارنى، يەنە بىرسى ئۇنىڭغا پايدىسى تېگىدىغان كىتابلارنى تاللىدىم. بىر ئادەمنىڭ قانداق كىتابقا ئامراق بولۇشى ھەمىشە ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم قانداق كىتاب ئوقۇغانلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، شۇنداقلا بالىلىق مەزگىلدە ئوقۇغان كىتاب ھەمىشە بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مەن بۇ ئىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردىم.

ئوغلۇمنى كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەشتە بەزى كىچىك ھۈنەرلەرنى ئىشلەتتىم. بالىلار، بولۇپمۇ يېشى كىچىك بالىلار ھېكايە ئاڭلاشقا ئامراق كېلىدۇ. مەن ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ، بالىنىڭ بىلىمىنى موللاشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە بالىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىتاب ئوقۇشىغا كۆۋرۈك بولالايدۇ. مەن ئوغلۇمغا ھېكايە ئېيتىپ بەرگەندە، ھەمىشە زوق-شوق بىلەن ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەپ، ئوبرازلىق ۋە جانلىق تىل بىلەن قول ئىشارەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرەتتىم. بەزىدە ھەتتا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ بەدەن قىياپىتىنى دوراپ، ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزلۈكسىز تۈرتكە بولاتتىم. ئوغلۇم ھېكايىنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى ۋە دائىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، پۇت-قوللىرىنى مەن بىلەن تەڭ ھەرىكەتلەندۈرەتتى. بىراق مەن دائىم ھېكايىنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق يېرىگە كەلگەندە توختىۋالاتتىم ھەمدە بۇ ھېكايىنىڭ قايسى كىتابتىن ئېلىنغانلىقىنى ئوغلۇمغا دەپ بېرىپ، ئۇنى كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق خۇشاللىققا ئېرىشىشكە رىغبەتلەندۈرەتتىم.

كارلىنىڭ خۇشاللىقى بىر ئۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيتتى، ئۇ مۇزىكىدىنمۇ خۇشاللىق تاپاتتى.

بىز ھەممىلا ئادەمنى مۇزىكانت بولسۇن دېيەلمەيمىز، بۇنداق بولۇشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما ئۆزى مۇزىكا چېلىشنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا ھوزۇرلىنىشنى بىلىش كېرەك. شۇڭا

ئامال قىلىپ بالىلارغا بەزى مۇزىكىلارنى ئۆگىتىش كېرەك. بەزىلەر بالىسىنىڭ مۇزىكانت بولۇشىنى ئويلىمىغاچقا، ئۇنىڭغا مۇزىكا ئۆگىتىش ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قارايدۇ، بۇنداق قاراش خاتا. ھېچقانداق سەنئەت بولمىغان ھايات بەئەينى قاقاس دالىغا ئوخشايدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىن تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار.

مېنىڭچە، كىشىلىك ھاياتتا مۇزىكا بىلىش ناھايىتى ياخشى. ئوغلۇم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، مەن ئۇنىڭدا مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنالايدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشقان ئىدىم. ئالدىنقى بابلاردا ئېيتقاندەك، ئوغلۇم تۇغۇلۇپ ئۇزاققا قالمايلا مەن نوتىدىكى يەتتە ئاھاڭ چىقىدىغان كىچىك قوڭغۇراق سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا چېلىپ بەرگەن، ئايالىمۇ ئۇنىڭغا ناخشا ئوقۇپ بەرگەن.

ئوغلۇم «ئا، ب، س...» نىڭ ئوقۇلۇشىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا نوتىنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئۆگەتكەن ھەم دائىم مۇشۇنىڭغا دائىر ئويۇن ئوينىغان ئىدۇق. كونكرېت ئويناش ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى: ئۆي ئىچىگە بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئوغلۇمنى تاپقىلى سالاتتىم. بۇ، ئوغلۇم دائىم ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، مەن بەنە گىتاردىمۇ پايدىلىناتتىم. بۇنىڭ بىلەن ئويۇن تېخىمۇ شاد-خۇراملىققا چۆمۈپ كېتەتتى. مەسىلەن: ئوغلۇم ھېلىقى نەرسىنى يوشۇرۇپ قويغان جايغا يېقىنلاشقاندا، مەن «خەتەرلىك! خەتەرلىك!» دېمەي، بەلكى گىتارنى پەس ئاۋازدا چالاتتىم. ئەگەر ئوغلۇم ھېلىقى نەرسىنى يوشۇرۇپ قويغان جايدىن يىراقلاپ كەتسە، گىتارنى يۇقىرى ئاۋازدا چالاتتىم. ئوغلۇم چىقىۋاتقان ئاۋازنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە دىققەت قىلمىسا، يوشۇرۇپ قويغان ھېلىقى نەرسىنى تاپالمايتتى. بۇ ئۇسۇل ئوغلۇمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرۇشتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغانىدى.

بالىلار رىتىملىق ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا ئامراق، شۇڭا مەن ئوغلۇمنى مۇشۇ تەرەپتىن باشلاپ مەشىق قىلدۇردۇم.

ئوغلۇمنىڭ تىلى تېخى چىقماستا، مەن چاۋاك چېلىش ئارقىلىق ئوغلۇمنى چاۋاكقا كۆندۈرگەنىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي كىچىك دۇمباق سېتىۋېلىپ، چاۋاك چېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئۇنىڭغا دۇمباق چېلىشنى ئۆگەتتىم. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن، گىتار سېتىۋېلىپ، ئۇنى چېلىشنى ئۆگەتتىم ۋە مۇزىكا چېلىش ئويۇنىنىمۇ شۇنىڭدىن تارتىپ باشلىدۇق. مەن تامدىكى مۇزىكا نوتىلىرىنى كۆرسەتتىم، ئوغلۇم شۇنىڭغا ئاساسەن گىتارنىڭ تارىنى چىكەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ يەككە ئاۋازلىق ئاددى مۇزىكىلارنى چالالايدىغان بولدى.

ئوغلۇم كارل گىتاردا ئاددى مۇزىكىلارنى چالالايدىغان بولغاندىن كېيىن، مەن بۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى داۋاملىق مۇزىكا مەشىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردۇم. مېنىڭ ئۆگىتىشىم بىلەن ئۇ ھەرخىل ئاھاڭلارنى چالالايدىغان بولدى.

بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئۆگىتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن گىتار ئوقۇتقۇچىسىدىن بىرنى تەكلىپ قىلدىم.

ھازىر نۇرغۇن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى بالىلارغا مۇزىكا ئۆگەتكەندە پەقەت ماھارەتلا ئۆگىتىدۇ، مەيلى پىئانىنو ئۆگىتىشتە بولسۇن ياكى ئىسكىرىپكا ئۆگىتىشتە بولسۇن، بالىلارنى خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش مەشىققە سالىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق قىلىش خاتا، چۈنكى مۇزىكا دېگەن سېزىم ئارقىلىق بولىدۇ، ئەگەر بالىلاردا سېزىمنى ئويغىتالمايدىكەنمىز، ئۇلارنى ھەرقانچە مەشىق قىلدۇرغان بىلەنمۇ بىكار.

ياخشى يېرى شۇكى، كارل ئۈچۈن تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچى ئۇنداق مېخانىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانمىدى. ئۇ ئىشنى ئاۋۋال مۇزىكىدىن باشلىدى. ئۇ كارلغا مۇزىكىدىن قانداق ھوزۇرلىنىشنى، مۇزىكىغا يوشۇرۇنغان سىرلىق گۈزەللىكنى قانداق بايقاشنى ئۆگەتتى.

بۇ ئوقۇتقۇچى گىتار چېلىشتىن باشقا، ئىسكىرىپكىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان چالاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئوغلۇم كارلغا مېلودىيە يېنىك مۇزىكا ئەسەرلىرى بىلەن گارمونىك

مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى ئۆگەتتى. نەتىجىدە كارل كىچىكىدىن باشلاپلا تولۇق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ھەرقايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، يېتەرسىزلىكىنى بىلەلەيدىغان بولدى.

مۇشۇنداق ئۆگىنىش ۋە ھوزۇرلىنىش ئارقىلىق، ئوغلۇم كارل ئىسكىرىپكا ۋە گىتار چېلىشنى ھېچقانچە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرمەيلا پىششىق ئۆگىنىۋالدى، كېيىن يەنە پىئانىنو چېلىشنى ئۆگەندى.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ ئوقۇتقۇچى دائىم كارل بىلەن بىرگە گىتار ۋە ئىسكىرىپكىدا تەڭكەش قىلىپ مۇزىكا چالاتتى. بەزىدە ئوقۇتقۇچىسى گىتار، كارل ئىسكىرىپكا چالاتتى، بەزىدە كارل گىتار، ئوقۇتقۇچىسى ئىسكىرىپكا چالاتتى.

ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئوغلۇم كارل مۇزىكا چالغاندا ئوبدان ماسلىشىدىغان بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا كەسپىي مۇزىكانتلاردەك چالاتتى. ئۇلارنىڭ مۇزىكىسىغا ئادەم بىرىلىپلا كېتەتتى.

بىر قېتىملىق يىغىلىشتا، ئوغلۇم ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرگە پاگىنىنىڭ ئىسكىرىپكا ۋە گىتاردا ئورۇندىلىدىغان قوش كىشىلىك بىرنەچچە مۇزىكىسىنى چالغاندا، بولۇپمۇ داڭلىق « E مىنورلۇق سوناتا»نى ئورۇندىغاندا، كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

كارل چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە ئۆزى مۇزىكا ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. گەرچە ئۇ مۇزىكىلارنى ھەقىقىي مۇزىكا دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق كارل ئۈچۈن بۇ قالتىس ئىش ئىدى.

* * *

1803- يىلى 8- دېكابىر هاۋا ئوچۇق.

قىزىقىش ۋاقىتلىق بولىدۇ، قىزىقىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ داۋاملاشتۇرغاندا، ئۇنىڭ قىممىتى بولىدۇ. ئوغلۇم كارلىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئەھمىيەتسىز ۋە قىلچە قىممىتى يوق قىزىقىش ئۈچۈن ئىسراپ قىلىۋەتسەم بولمايدۇ. بوگۈن مەن قىزىقىش-ئىنتىلىشنىڭ نېمىلىكىنى ئۇبدانراق تەھلىل قىلىپ باقاي، بۇنى چۈشىنىۋالسام، ئوغلۇم كارلنى ئوبدان تەربىيىلىيەلەيمەن.

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر تۈرلۈك ھەم ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئۇلارغا چەكسىز سىرلار يوشۇرۇنغان. قىزىقىش-ھەۋىسى يوق ئادەملەر ھەرقانچە ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان شەيئى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ؛ قىزىقىش-ھەۋىسى بار ئادەملەر ھەممىلا ئىشقا قىزىقىدۇ، باشقىلار ئادەتتە بايقىمىغان ئىشلارنى بايقىيالايدۇ. قىزىقىش-ھەۋىسى بار كىشىلەر قىزغىنلىق بىلەن كۆزىتىدىغان كىشىلەرگە ئايلىنالايدۇ.

كۆزىتىش — قىزىقىشنىڭ يېقىن ھەمراھى، كۆزىتىش ئارقىلىق كىشىلەر يېڭى ۋە ئالاھىدە شەيئىلەرگە دىققەت قىلىدۇ. كىشىلەرگە تونۇش نەرسىلەر بىلەن يېڭى كۆزەتكەن ھادىسىلەر سېلىشتۇرۇلغاندا، بىرىككەندە، كىشىلەر ئاز-تولا بايقاشقا ئېرىشىدۇ، قىزىقىشمۇ ئاشىدۇ.

كۆزىتىشنى كۈچەيتىش تېخىمۇ مۇھىم. ئۇنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، كۆزىتىش قىزىقىشنى ئاشۇرىدۇ. شەيئىلەرنى بىلىش، بىلىم ئېلىش قىزىقىشى ئاشسا، ئۆگىنىش قىزىقارلىق ئىشتەك تۇيۇلىدۇ.

بارلىق ئەقلىي پائالىيەت قىزىقىشقا تايىنىدۇ.

چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەھمىيەتلىك قىزىقىش مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا داۋاملاشقان، شۇنداقلا مۇۋاپىق، مۇكەممەل ئۇسۇل ۋە ئىختىيارلىق، شاد-خۇراملىق ئاساسىدا داۋاملاشقان

جەريان. باللارنى خۇشال-خۇرام هالدا ئۆگىنىدىغان، ئۆگىنىشنى يۈك ئەمەس، بەلكى بىرخىل قانائەت ۋە ئەڭ چوڭ خۇشاللىق دەپ قارايدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرۈش كېرەك. قىزىقىشنىڭ ۋەزىپىسى — خۇشال-خۇرام ئۆگىنىش ئارقىلىق كۆزىتىش ئىستىكىنى قوزغاش، خاتىرىنى كۈچەيتىش، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرغا تۈرتكە بولۇش، مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقىغا ئېرىشتۈرۈش، ياخشى ئۆگىنىش ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، كۈچلۈك بىلىم تەشناللىقىنى قوزغاشتۇر. قىزىقىش — ئۆگىنىشنىڭ پرىنسىپى، شۇنداقلا ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى بىر ئاساسىي پرىنسىپ. ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدىغان پەنلەرنى باللار ئاڭلىق، تەشەببۇسكار بولۇپ ئۆگىنىدۇ، ئاكتىپلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدۇ. قىزىقىش قانچە كۈچلۈك بولسا، ئەقلىي قابىلىيەت شۇنچە تېز تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان نەتىجىلىرىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

قىزىقىش ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپچانلىق، تەشەببۇسكارلىقنىڭ، بولۇپمۇ ئىجادچانلىقنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى، شۇنداقلا ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئىچكى هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزىقىش زىچ باغلانغان بولۇپ، بىر-بىرىگە تايىنىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تەشەببۇسكارلىق بولغاندا قىزىقىش بولىدۇ، قىزىقىش بولغاندا تەشەببۇسكارلىق بولىدۇ. قىزىققان شەيئىگە قارىتا قىزغىنلىق يېتىلدۈرگەندە، قىزغىنلىق شەيئىلەرنى بىلىشتىكى كۈچلۈك ئىچكى مۇددىئاغا ئايلىنىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلىگەندە، مەنىۋى ئېھتىياج ئاندىن ھەقىقىي قانائەتلىنىدۇ ۋە قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل قىزىقىش يەنىمۇ تەرەققىي قىلسا قىزغىنلىققا ئايلىنىدۇ. قىزغىنلىق شەيئىلەرنى بىلىشتىكى كۈچلۈك ئىچكى مۇددىئادۇر. ئابستراكت تەپەككۇر، تىرەن بىلىملەر ھېسسىي بىلىمنى ئاساس قىلىدۇ. تىرەن مەزمۇنلۇق

نەزەرىيىلەرنى چۈشىنەلمەسلىك دائىم مۇناسىپ ھېسسىي بىلىمنىڭ يوقلۇقى، تەسەۋۋۇرنىڭ كاملىقى، پىكىر يولىنىڭ تارلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ، شۇنداقلا بۇلار، قىزىقىشنىڭ بولماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى. قىزىقىش پەيدا قىلىش، قىزىقىشنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىۋاسىتە كۆزىتىشنى كۈچەيتىش، تەسەۋۋۇرنى موللاشتۇرۇش كېرەك.

رېئال تورمۇشتىكى ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان سوئاللار ئارقىلىق شەيئىلەر توغرىسىدا ئىزدىنىشكە قىزىقتۇرۇش — ئومۇمەن سوئالدىن باشلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتىگە تايىنىپ، تۇرلۇك شەيئىلەرنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى بايقاش، قىزىقارلىقلىقنى كۈچەيتىش ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوئال سوراش، ئاگلىق ھالدا ئىزدىنىش كېرەك. ئاندىن خۇشال-خۇرام ھالدا ئويلىنىدىغان شارائىتتا، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى سوئالغا ئاڭلىق ھالدا جاۋاب بەرگەندە، ئوگايلا ئۆگىنىش قىزىقىشنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

ئادەمنىڭ مىجەزى، قىزىقىشى ھەرخىل بولىدۇ. بىراق مىجەز بىلەن قىزىقىشنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ. قىزىقىش ئادەمنىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مىجەز بولسا كۆپىنچە ھاللاردا شۇ ئادەم قىزىقىدىغان پائالىيەت ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. خۇددى ماقالىدا ئېيتىلغاندەك، «بىر ئادەمنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە پەزىلىتىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ». قىزىقىش مىجەزنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، مىجەز يەنە قىزىقىشنىڭ مايىللىقىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىزىقىشى كەڭ، چوڭقۇر، قىزىقىشچانلىقى كۈچلۈك، بىلىمگە قاتتىق تەشنا كىشىلەر ئادەتتە تىرىشچان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان مىجەزلىك بولىدۇ. قىزىقىشى تار، يۈزەكى، قىزىقىشچانلىقى ئاجىز، بىلىم تەشنالىقى ئاجىز بولغان كىشىلەر ئادەتتە ھورۇن، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، قورقۇنچاق مىجەزلىك كېلىدۇ. قىزىقىشى كەڭ ھەم

ئاساسلىق قىزىقىشى بار بولغان كىشىلەر ئادەتتە ئۇچۇق-يورۇق، تىرىشچان، ئالغا ئىنتىلىدىغان، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، قەتئىي ئىرادىلىك، تەنقىد قىلىش، ئىجاد قىلىش، ئىزدىنىش روھىغا ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە مىجەزلىك كېلىدۇ. قىزىقىشى بىرلا بولغان ياكى قىزىقىشى يوق كىشىلەر ئادەتتە نەزەر دائىرىسى تار، شەخسىيەتچى، ئالغا ئىنتىلمەيدىغان، تەپەككۇرى قاتمال، چىدامچانلىق، ئىجادچانلىق، ئىزدىنىش روھى بولمىغان، يۆلىنىۋېلىش ئېڭى كۈچلۈك مىجەزلىك كېلىدۇ.

ئاتا ئانىلارنىڭ مىجەزى بالىنىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇلايىم، قىزىقىشى كەڭ، تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى ياخشى بولغان ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى شوخ، ئوماق، كەيپىياتى كۆتىرەڭگۈ، قىزىققاق، تەشەببۇسكار، جاپاغا چىدايدىغان، قەيسەر، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆز-ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان، يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالايدۇ؛ ئەلۋەتتە، دەسلەپتە بالىلارنىڭ مىجەزى ۋە قىزىقىشى تۇراقلىق بولمايدۇ، بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ۋە مىجەزى تەدرىجى هالدا تۇراقلىشىدۇ.

هەرقانداق ئىش قىلغاندا چوقۇم قىزىقىش يېتىلدۈرۈش كېرەك هەم چوقۇم يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئىرادە ۋە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ئىرادە ۋە ئىشەنچنىڭ بولۇش-بولماسلىقى پۈتۈنلەي ئوخشاشمىغان ئىككى خىل نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ، بولسا، قىزىقىش ئوڭايلا پەيدا بولىدۇ بولمىسا، هەرقانچە قىزىقارلىق ئىشمۇ مەنىسىزدەك بىلىنىدۇ.

قىزىقىش يوق ئىشقا قارىتا ئىشەنچىنى ۋە قىزىقىش ئېڭىنى كۈچەيتكەندە، قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. شەيئىلەرنى قانچە چۈشەنگەنسېرى، ئۇنىڭ سىزنى قىزىقتۇرۇش كۈچى شۇنچە ئاشىدۇ، سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ.

قىزىقىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى قىزغىنلىق. قىزغىنلىق ئەڭ ياخشى ئۇستاز. قىزغىنلىق بولغاندا، ئاكتىپچانلىق ۋە ئىجادچانلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. قىزىقىشنى قانداق قىلغاندا قىزغىنلىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

يېڭىچە قىزىقىشچانلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەندىلا، مەلۇم بىر ئىشقا قارىتا كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. ئىزدىنىش ئاساسىدىكى قىزىقىشلار قىزغىنلىققا ئايلىنالايدۇ.

يېڭىچە قىزىقىشچانلىقنى كۈچەيتىش — قانائەتلەنمەي قالماسلىق، ئۈزلۈكسىز سوئال سوراش ۋە شەيئىلەرنى چوڭقۇرلاپ، كەڭ دائىرىلىك چۈشىنىشكە ئىنتىلىش دېگەنلىكتۇر. تۈرلۈك سوئاللارنى سوراش، شەيئىلەرنى ئىچكىرىلەپ، كەڭ دائىرىلىك چۈشىنىشكە ئىنتىلىش ۋە يېڭى ھادىسىلەردىن ماھىيەتنى كۆرۈش، ھەرقانداق ئىشقا يولۇققاندا «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى كۆپرەك سوراش كېرەك. شەيئىلەرنى ئىچكىرىلەپ، كەڭ دائىرىلىك چۈشىنىشكە ئىنتىلگەندە، سوئاللار ھەمىشە چەكسىز بولىدۇ. بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاۋابىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جاۋابىنى تېپىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، يېڭىچە قىزىقىشچانلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرغان، كۈچلۈك قىزىقىش يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قىزىقىش قىزغىنلىققا ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ، مەلۇم بىر ئىشقا قارىتا قىزغىنلىق پەيدا بولغانىكەن، ئۇنىڭ قۇدرىتى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تاللاش يۈزلىنىشى قىزىقىشنىڭ مۇھىم تەرىپىدۇر. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قىزىقتۇرۇش كۈچى كىشىلەرنىڭ تاللاش يۈزلىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مۇشۇ ئاساستا قىزىقىش قىزغىنلىقنىڭ پايدىلىق شەرتىگە ئايلىنىدۇ.

قىزغىنلىق ئەسلىدىكى كەڭ دائىرىلىك، چوڭقۇر قىزىقىشقا تايىنىدۇ. ئەسلىدىكى قىزىقىش قانچە كەڭ دائىرىلىك، كۈچلۈك بولسا، قىزىقىش شۇنچە ئاسان يۆتكىلىدۇ، قىزغىنلىقمۇ شۇنچە ئاسان پەيدا بولىدۇ.

* * *

1803- يىلى 12-دېكابىر هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن بىر بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى مەندىن بالىسىنىڭ كۈن بويى ئولتۇرۇپ جاپالىق ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ئەمما قىلچە ئىلگىرىلەش بولمايۋاتقانلىقىنى، كارلنىڭ ئۆگىنىشى نېمىشقا ياخشى، ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ نېمىشقا ناچار بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بۇ ئاتا-ئانا ناهايىتى هەيران بولۇپ، «بالىمىز ناهايىتى تىرىشىدۇ، نەتىجىسى يەنىلا ياخشى ئەمەس. بالىمىز دۆتمىدۇ، ياكى كارل شۇنچە ئەقىللىقمىدۇ؟» دەپ ئويلىغان.

بۇنداق سوئالغا بەزىدە قانداق جاۋاب بېرىشنى ھەقىقەتەن بىلەلمەي قالىمەن. چۈنكى، بىر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق. ئەمما، شۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئاشۇ بالىلارنىڭ كىشىنى قانائەتلەندۈرگىدەك ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئېرىشەلمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەن. مەن ئوغلۇمنىڭ ھەقىقەتەن شۇنچە تۇغما تالانتلىق ئىكەنلىكىگە، ھېلىقى بالىلاردا بولسا تۇغما تالانتنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن.

مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب پۈتۈنلەي ئاتا-ئانىلاردا بولۇپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىنى قانداق تەربىيىلىشى، قانداق يېتەكلىشى ھەقىقەتەن ئەڭ مۇھىم مەسىلە.

بەزى باللار تۇغما ئەقىللىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەمما، ئاتا-ئانىسىنىڭ ياخشى يېتەكلىشىگە ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇلار ھەممىگە ئاسان قىزىقىدۇ، ھەممىنى ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ. ئەقىللىق باللار تېخىمۇ شۇنداق.

بىلىم ئېلىش ئىستىكى ۋە كۆپ خىل قىزىقىشىنىڭ بولۇشى ياخشى ئىش. ئەمما بۇنىڭدا، مۇھىمى يەنىلا ئاتا-ئانىنىڭ ئۇنى قانداق يېتەكلىشىگە قاراش كېرەك. ئەگەر يېتەكچىلىك توغرا بولمىسا، باللار ھەممە نېمىنى ئۆگەنگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى ياخشى ئۆگىنەلمەسلىكى مۇمكىن.

كارل تېرىشچانلىق، قىزىقىشى كۆپ خىل بالا ئىدى. ئەمما، قىزىقىشىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇشى ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، مەن ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا قاتتىق تەربىيىلەپ، پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگەتكەن. ئۇ، مەيلى نېمىنى ئۆگەنسۇن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشنى، تېز ئۆگەنگەندە تىلىنىلا ئويلاشنى، ماتېماتىكا ئۆگەنگەندە ماتېماتىكىغىلا بېرىلىشنى تەلەپ قىلاتتىم. ئۆگىنىش ۋاقتىدا ئويۇننى خىيال قىلىشقا، ئويۇن ئويناۋاتقاندا ئۆگىنىشتە يېتىشەلمەسلىكتىن ئەنسىرەشكە يول قويمايتتىم. چۈنكى، بىر ئىشقىلا كۆڭۈل بۆلمىگەندە، ھەممىسى قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. ئەگەر بىر ئىشقىلا بېرىلمىسە، باللار كۆپ بويى كىتابتىن باش كۆتۈرمىسە، ئۇمۇ كۆرۈنۈشتىكى ئىش بولۇپ قالىدۇ-دە، ۋاقتىنى خالىغانچە، بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ.

مەن يەنە كارلدا ئىش قىلغاندا چاققان ۋە چېۋەر بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشنى ئەزمىلىك بىلەن قىلىپ، ھەرقانچە ياخشى قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ،

رازى بولمايتتىم. ئۇ، ئوغلۇمدا چاققان، چېۋەر بولىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى.

بالىدا چېۋەر، چاققان بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلىماي، خېلى ۋاقىتقىچە خىزمەتكە چۈشمەيدۇ. بۇ، دەل كىچىكىدە ئۆگىنىپ قالغان ئەسكى ئادەتنىڭ تەسىرى. ئۇلار شۇنداق ئەزمىلىك قىلىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ.

مەن كارلغا تەلىم-تەربىيىدە قاتتىق تەلەپ قويۇش داۋامىدا، ئۇنىڭ باشقا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىدىغان ۋە ئوينايدىغان ۋاقىتنى قۇربان قىلىۋەتمەيتتىم ھەمدە ئۇنى ھەركۈنى بىر-ئىككى سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆگىنىش جەريانىدا ياخشى ئۆگىنىش ئۈنۈمىگە ئېرىشتۈرەتتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇنىڭدا ئىش قىلغاندا چاققان، چېۋەر بولىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەنلىكىمدىن بولدى.

كارل ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئويلىغىنىدەك، ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ، ئويناش ۋاقتىدىن مەھرۇم قالغىنى يوق، بەلكى ئۆگىنىش قىلغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەچكە، ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن ۋاقىتنى ھەرىكەت قىلىش، ئويناش، ئارام ئېلىش، ئالاقە قىلىشقا سەرپ قىلاتتى.

ئىش قىلغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كىچىكىدىن باشلاپ چاققان ۋە چېۋەر بولۇش، ئاپىغى يەڭگىل بولۇشتەك ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش لازىم. چۈنكى ھەربىرىمىزنىڭ ھاياتى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، نەچچە ئون يىللا ياشايمىز. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۇخلاش ۋە دەم ئېلىشقا سەرپ قىلىمىز. ئەگەر ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بەزى ئىشلارنى قىلمىساق، ئۇ ھالدا قىممەتلىك ۋاقتىمىز سۇدەك ئېقىپ تۈگەيدۇ، ھاياتىمۇ ئاسماندىكى ئاقار يۇلتۇزدەك پاللىدە قىلىپ يوقىلىدۇ.

مەن دائىم ئوغلۇم كارلغا «بىر مۇكەممەل ئادەم ئىش قىلغاندا كەسكىن، ھەرىكىتى چاققان بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، چەكلىك ھاياتىدا زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ» دەپ نەسىھەت قىلاتتىم.

تىل ياكى ماتېماتىكا ئۆگەنگەندە، مەن ئۇنىڭ ئەپلەپ-سەپلەپ ئىش قىلىشىنى قەتئىي چەكلىدىم. بۇ، ئۇنىڭدا تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

مېنىڭچە، بالىغا ئىلىم ئىگىلەشنى ئۆگىتىش، خۇددى تام ئەتكەنگە ئوخشىشىدۇ، ئەگەر قاتتىق تەلەپ بولمىسا، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش بولسا، بىرخىل گۈزەل ئەخلاق. مەن ھېلىقىدەك كۆز بويامچى ئادەملەرنى بەك يامان كۆرىمەن، ئۇلار مەيلى قانداق ئىش قىلسۇن، چوڭقۇر تەتقىق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىدىن خېلى زور ئۈنۈم قولغا كەلگەندەك، لېكىن ئادەم رازى بولغىدەك ئىش قىلالمايدۇ، ھەتتا كۆپ جەھەتلەردە ئەپۇ قىلغۇسىز خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ.

دۇنيادىكى بەزى ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرى گەپ قىلسا ياكى ئەسەر يازسا، ئۆز بىلىمىنىڭ موللۇقىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن بەزى دەبدەبىلىك سۆز-جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق كېلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئۇنى چۈشەنمىكى تەس. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكى ماڭا ئايان. مېنىڭچە، ئۇلار مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلمەيدىغان، سۆز مەنىلىرىنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرەلمەيدىغان، ئىنچىكە ئۆگەنمىگەن كىشىلەردۇر. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چالا موللا، ئۇلارنى بۈيۈك ئىلىم ئەھلى دەپ يۈرىدىغان كىشىلەرمۇ ئۈچىغا چىققان ھاماقەتلەردۇر.

كارلنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئەستايىدىل ئىش قىلىشقا، مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل بولۇشقا دەۋەت قىلاتتىم. مەن ئوغلۇمغا: «ھەرقانداق بىر ئىش كىشىلەرگە پۇختىلىق تۇيغۇسى بېرەلىسە، شۇ ئىشنىڭ چوقۇم قىممىتى بولىدۇ» دەيتتىم.

ئوغلۇم كارل رەسىم سىزىشقا ئامراق ئىدى. مەن بارغانسېرى مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىشىنىڭ قائىدىسىنى ئۇنىڭ رەسىم سىزىشىدىن تارتىپ ئۆگەتكەن ئىدىم. چۈنكى سەنئەت ئىجادىيىتى بارغانسېرى مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىشنى تېخىمۇ تەلەپ قىلاتتى.
مەن ئوغلۇمغا نۇرغۇن مەشھۇر رەسساملارنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى ئېلىپ بەرگەن ۋە سەنئەتكارلارنىڭ بۇ رەسىملەرنى قانداق سىزىپ تاماملىغانلىقىنى ھەمدە مۇكەممەللىككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قانداق تىرىشقانلىقىنى ھەمىشە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەتتىم.
ئادەم ھاياتىدا ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولسۇن ياكى ئۆگىنىشتە بولسۇن، خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەردە، قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ. مەن ھەمىشە كارلغا «بىر ئىشنى توغرا دەپ بىلگەندىن كېيىن، بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىش كېرەك، قەتئىي ئىرادە، بوشاشماس روھ بولغاندىلا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى ئۆگاي ھەل قىلغىلى بولىدۇ»دەپ تەربىيە بېرەتتىم.
كارل تېخى تۇغۇلماستا، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنى ئۇتتۇق قازىنىدىغان ئادەم قىلىپ چىقىش نىيىتىگە كەلگەنىدۇق. ئەينى چاغدا، ئۇنىڭ قايسى ساھەدە تىرىشىپ ئۇتتۇق قازىنىشىنى تېخى دېيىشمىگەن بولساقمۇ، لېكىن بىزدە ئۇتتۇق قازىنىش ئۈچۈن نىشان توغرا بولۇش ۋە قەتئىي بوشاشماسلىقتىن ئىبارەت نۇقتا تولىمۇ ئېنىق ئىدى.
ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئوغلىمىز كارلدا قەتئىي بوشاشمايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈپ، بۇنى بارا-بارا ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇردۇق.
كارلنىڭ ئۆگىنىشتە ھەربىر قېتىم ئىلگىرىلىشى خېلى قىيىن مەسىلە ئالدىدىمۇ قەتئىي بوشاشماي تىرىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.
مانا بۇلار، مېنىڭ ھېلىقى ئاتا-ئانىغا ئېيتماقچى بولغانلىرىم. بالىلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش — مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى.

*　　*　　*

1803- يىلى 20- دېكابىر  ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن يەنە بىر ئايال مەندىن: «ئوغلۇم ھەدېسىلا ئاچچىقلايدۇ، ئۇنى قانداق باشقۇرسام بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئەمەلىيەتتە بالىنى تەمكىن قىلىش ئۈچۈن، مەسىلىگە ئالدى بىلەن بالىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قاراپ، سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، شۇندىلا ھەممە ئىش ئوڭايلا ھەل بولىدۇ.

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ كۆڭلى نازۇك، كۆڭلىدە كونترول قىلغىلى بولمايدىغان بىر نەرسە بولغاچقا، ئوڭاي ئاچچىقلايدۇ. بالا بەك كىچىك بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندا، پەقەت ئاچچىقلىنىش ئارقىلىقلا ئىچىنى بوشىتىدۇ.

مېنىڭچە، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتماسلىقى ياكى بۇ ئوڭۇشسىزلىقنى بالا كۆتۈرەلىگىدەك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىشى كېرەك. بالىنىڭ نېمىنى قىلىشى، نېمىنى قىلماسلىقىغا ھەددىدىن زىيادە ئارىلىشىۋالماسلىق كېرەك. تەلىم-تەربىيىدە قاتتىق قول بولۇشقا تېگىشلىك، ئەمما ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. بالىنى ئۇنىڭ چىداش دەرىجىسىدىن ھالقىلىق ئىشلارنى قىلىشقا زورلىماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلىش بالىنى تار يەردە قىستىغانلىق بولىدۇ-دە، ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي، كەيپىياتى قاتتىق بۇزۇلۇپ، قالايمىقان ئاچچىقلىنىدۇ. بالىلارنىڭلا ئەمەس، چوڭلارنىڭمۇ چىدىيالمايدىغان ئىشى بولىدۇ.

بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغاندا، ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك؛ بالا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئۇنى تىرىكتۈرمەسلىك؛ ئۇ پەسكويغا چۈشكەندە، ئاستا-ئاستا ئامال قىلىش كېرەك.

ئەگەر بالا ئاچچىقلانسا، تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن بىرتەرەپ قىلىش كېرەك.

ھەممىگە ئايانكى، ئاتا-ئانا ئۆز بالىسىنى ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدۇ. بالىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىمۇ ئۇلارغا ئەڭ ئايدىڭ بولۇپ، بالىنىڭ قانداق ئەھۋالدا بەڭۋاشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاتا-ئانىلار ئوبدان بىلىۋېلىشى كېرەك. بالىنىڭ بەڭۋاشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلگەندە، ئاتا-ئانىلار بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بالىنىڭ ئاچچىقلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، بۇ، بالا يامان ئادەتكە ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن قانداق قىلىش مەسىلىسىدۇر.

بالا دېگەن بەربىر بالا، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بەزىبىر يامان ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بەك كىچىك بولغاچقا، شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆزۈنەرلىك ھالدا ئاجىز كېلىدۇ. ئاتا-ئانىلار شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، بالىلارنىڭ يامان ئادىتىنى چوڭلارنىڭكى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى بالىلارنىڭ يامان ئادىتىدە، تېخى چوڭلارنىڭكىدەك خەۋپ ۋە خاراكتېر ھازىرلانمىغان بولىدۇ. بالىنى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەسلىك ئاساسىدا تەربىيىلەش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، مەلۇم بىر ئىشتا بالىغا ياردەم بەرگىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بالىنى تېخىمۇ يامان تەرەپكە ئىلىپ بارىدۇ.

غۇرۇر — ئىنساندىكى توپ تەلەپ. غۇرۇر ئازار يېگەندە كېلىپ چىقىدىغان روھىي ۋە جىسمانىي زىياننى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. سەبىي باللار گەرچە پۇتۇنلەي ئىش ئۇقۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن غۇرۇرى كۆپ قېتىم ئازار يېسە، بۇ، بالىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە، ھەتتا پسىخىكىلىق جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىنىڭ غۇرۇرى خۇددى بىرتال يۇمران غۇنچىگە

ئوخشايدۇ، سەل-پەل دىققەت قىلمىسا ئازار يەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئويلىمىغان ئاقىۋەتلەر يۈز بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن كارلنى تەربىيىلەشتە بولسۇن ياكى باشقا ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىنى تەربىيىلەش توغرىسىدىكى سۆھبەتلەردە بولسۇن، بالىنىڭ غۇرۇرىنى مۇمكىنقەدەر ئاسراشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدىم.

ئاتا-ئانىلار بالىنى تەربىيىلىگەندە ئۇلارنىڭ شەرەپ تۇيغۇسىنى قوزغىشى كېرەك. ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا مۇھتاج. بۇ، ئادەمدە بولىدىغان ئەقەللىي ھادىسە. بالىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېنتىلىشى كۆپىنچە ھاللاردا چوڭلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش — ئۇلارنىڭ پىسخىك جەھەتتە ساغلام يېتىلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. غۇرۇر ۋە شەرەپ تۇيغۇسىنى يوقاتقان بالا بەك قورقۇنچلۇق، تەربىيىلىمەكمۇ بەك تەس.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار «بالىلارنىڭ يامان ئادەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چوقۇم بالىنىڭ ئەھۋالى بەش قولدەك ئايان بولۇشى كېرەك»، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇخىل قاراشنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بالىلارنىڭ ئۆز مەخپىيەتلىكى بولىدۇ، چوڭىنىڭمۇ، كىچىكىنىڭمۇ بولىدۇ.

ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى ئوبدان باشقۇرۇشى، بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ناھايىتى پايدىلىق. بەزى ئاتا-ئانىلار باشقۇرۇشنىلا بىلىپ، بالىلىرىنى نۇرغۇن قائىدە-پرىنسىپلارنىڭ ئىچىگە سولىۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ھاياتى كۈچى يوق. بۇ ئۇسۇل ھەرگىزمۇ بالىلارنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق باشقۇرغاندىن باشقۇرمىغان ياخشى. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ غۇرۇرىنى ئاياپ، بالىلىرىغا تەربىيە بەرمەيدۇ، بۇمۇ خاتا ئۇسۇل.

مەن كارلنى تەربىيلەش ۋە باشقۇرۇشتا، ئۇنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئوبدان توسۇشقا ھەم بۇ ئادەتلەرنىڭ يامان تەسىرىنى ئازايتىشقا ۋە پەيدا قىلماسلىققا تىرىشتىم.

باللار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، بەڭۋاشلىق، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، ئۆزىنى كۆرسىتىش، باشقىلارنى ئەخمەق قىلىش، ھەتتا باشقىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان سېلىشتەك ھەرخىل يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇ مەسىلەرنى تۈرلۈك چارىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

بالىنىڭ يامان ئادەتلىرىنى توسۇشتا، ئاتا-ئانىلار چوقۇم قاتتىق قول بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 3- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

مېنىڭمۇ بالام بولغاندىن كېيىن، ئايالىم بىلەن بالىمىزنى قانداق تەربىيلەش توغرىسىدا ئويلاندۇق. مەن «قانداق قىلسام دادام مېنى تەربىيلىگەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بالامنى تېخىمۇ ئوبدان تەربىيلىيەلەرمەن» دېگەننىلا ئويلايتتىم. گەرچە ئىلىم تەھسىل قىلىش جەھەتتە تەجرىبىلىك بولغىنىم بىلەن، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاق ئالدىدا نېمە قىلارىمنى ھەقىقەتەن بىلمەيتتىم.

مەن دادامدىن مەسلىھەت سورىغاندا، ئۇ: «بالىدا قىزىقىش پەيدا قىلالايدىغان ئۇسۇل — ئەڭ ياخشى تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى» دېگەنىدى.

بۇ گەپ ئاددىي بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا چەكسىز ئەقىل-پاراسەت سىڭگەن. دادام ئەڭ ئاددى بىر ئېغىز گەپ بىلەن بالا تەربىيلەشتىكى بارلىق سىرنى يەكۈنلەپ بەرگەن.

بىراق رېئال تورمۇشتا نۇرغۇن بالىلار قىزىقىشتىن مەھرۇم، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بالىلارنىڭ «قىزىقىشتىن مەھرۇم بولۇش» نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىدىغان بولساق، چوڭلارنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشقا يۈزەكى باھا بېرىدىغانلىقىنى، بالىلارنىڭ دەل مۇشۇ يۈزەكى باھا تۈپەيلى قىزىقىشتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بالىلار يۈزەكى باھا بېرىش ئارقىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا قارشى. ئاتا-ئانىلار يۈزەكى باھا بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىسىلا بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا، بالىلاردا قارشىلىشىش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بالىلاردىكى بۇنداق قارشىلىشىش پسىخىكىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى: تېتىك بولماسلىق، ئاكتىپ-تەشەببۇسكار بولماسلىق، ئىش قىلغاندا ئىزلەنگۈلۈك قىلىش ۋەھاكازالار. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چوڭلارنىڭ يۈزەكى باھا بېرىشى — بالىلارنىڭ قىزىقىشتىن مەھرۇم بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب.

بالىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا يۈزەكى باھا بېرىدىغان خاھىش قانچە ئېغىر بولسا، بالىدىكى مەيۈسلۈك شۇنچە كۈچىيىدۇ، نەتىجىدە بالا ئاخىرى ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

ئىقتىدار-قابىلىيەت بالىلارنى خۇشال-خۇرام ھالدا مول بىلىم ئۆگىنىدىغان قىلىدۇ؛ بالىلاردىكى قىزىقىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ قىزغىنلىققا ئايلاندۇرىدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاتا-ئانىلار شەيئىلەرگە چوڭلارنىڭ تۇيغۇسى بويىچە قارايدۇ، شۇڭا بالىلارنىڭ پسىخىكىسىغا سەل قارايدۇ. بۇنداق قىلىش بەكلا خاتا. دادام ماڭا ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك دەپ ئېيتقان ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، بالىلار تۇرۇۋاتقان مۇھىت ئۇلاردا مەلۇم نەرسىنى ئۆگىنىش قىزىقىشىنى پەيدا قىلالايدۇ. رەسسامنىڭ بالىسى كۆپىنچە رەسىم سىزىشقا ئۇستا كېلىدۇ، مۇزىكانتنىڭ بالىسى بولسا ساز-پاز

چىلىشقا ئۇستا كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلاردا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇدۇمى قالغانلىقىدا ۋە تۇغما قابىلىيەتنىڭ بار بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا بوياق، رەسىم قەلىمى ياكى پىئانىنو، گىتار دېگەنلەرگە ئوخشاش، نەرسىلەر بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ، قىزىقىش يېتىلدۈرگەنلىكىدە. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بالىلارغا ئۆگىنىش مۇھىتى ھازىرلاپ بېرىشتە، شەكىلگىلا ئەھمىيەت بەرمەي، قەغەز-قەلەم دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ تەييارلاپ، ئۇلاردا قىزىقىش پەيدا قىلىشى كېرەك.

كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. بالىلارنىڭ تولىسى گۆدەك، تېتىك ۋە قىزىقاق بولۇپ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بەكلا قىزىقىدۇ. بالىنى بازارغا ئاپارغاندا، تۈرلۈك شەكىلدىكى تورت، مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتات، بېلىقلارنىڭ نامىنى ئېيتىپ بەرسەك، تۇزلۇق سۇ بېلىقلىرى بىلەن تاتلىق سۇ بېلىقلىرىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى ۋەھاكازالارنى سۆزلەپ بەرسەك بولىدۇ. بالىلار تاشقى دۇنيادىكى بۇ نەرسىلەرنىڭ تەسىرىدە، تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىشنى تەبئىيلا ئويلايدۇ.

بالىلاردا تېخى ئۆگىنىش ئىستىكى پەيدا بولمىغاندا، ئۇلار بىلەن قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناش كېرەك. مەسىلەن: بالىلار بىلەن ھېكايە ئېيتىشقاندا، سىز بىر ئېغىز ئېيتىدىغان، ئارقىدىن بالىلار بىر ئېغىز ئېيتىدىغان ئۇسۇللارنى قوللانغاندا، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بالىلار رەسىم سىزىش، ئۇسسۇل ئويناش، ساز چېلىش، دېگەندەك تۈرلۈك ئىشلارغا قىزىقىدۇ، شۇڭا ئاتا-ئانىلار بۇنىڭدىن زېرىكمەي، ئۇلارغا جانلىق، قىزىقارلىق ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. بالىلاردا قىزىقىش يېتىلدۈرگەندە، باشقا ئىشلار كۆپ ئاسانغا چۈشىدۇ.

بالىلار مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشتا مەلۇم دەرىجىدە قىيىنلىدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ئۇلار قىزىقىدىغان پائالىيەتلەرگە تايانسا بولىدۇ. مەسىلەن: بالا رەسىم سىزىشقا قىزىقسا، ئۇ تۈرلۈك بوياقلار بىلەن

رەسىم سىزىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا بوياق رەڭگىنىڭ ئىنگلىزچە نامىنى ئۆگەتسەك، ھەسەن-ھۈسەندىكى تۈرلۈك رەڭلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تىزىلىش تەرتىپىنى چۈشەندۈرسەك، ئاندىن يەنە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرسەك، تەپەككۇر قىلىش بالىلار ئۈچۈن ناھايىتى قىزىقارلىق بىلىنىدۇ.

دادامنىڭ مېنى تەربىيىلىگەندىكى تەسىرى مەندىنمۇ ھالقىپ، مېنىڭ بالامغىمۇ تەسىر قىلدى. بىراق مەن ئۆزۈمنى ئۇبدان دادا بولالمىغاندەكلا ھېس قىلىمەن.

ئۆگىنىش بالىلار ئۈچۈن يۈك بولۇپ قالماسلىقى، شۇنداقلا بېسىممۇ بولۇپ قالماسلىقى، ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى باش قېتىنچىلىقى تېخىمۇ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، ئەكسىچە ھەممىلا ئادەم قىزىقىدىغان ھەۋەسكە، تورمۇشنى رەڭدار قىلىدىغان گۈزەل ئىشقا ئايلىنىشى كېرەك. دادام ئەنە شۇنداق قىلالىدى، مەنچۇ؟ ئۇنداق قىلالمىدىم.

كىچىك ۋاقتىمدا، دادام ھەمىشە ھەم ماڭا بىلىم ئۆگىتەلەيدىغان، ھەم مېنى پۇخادىن چىققىچە ئوينىتالايدىغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقاتتى، دادام، كىتاب ئوقۇش سىنىڭ ھەر كۈنى جەزمەن قىلىدىغان ئىشىڭ، زادى قىلمىساڭ بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالمايتتى. دادام مېنى زورلىمىسىمۇ، مەن ئاشۇ ۋاقىتلىرىمدا نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، تالاي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن ئىدىم.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ سەۋەبى بەكلا ئاددى. چۈنكى دادامنىڭ توغرا يېتەكلىشىدە مەن كىتاب ئوقۇشقا ھېرىس بولۇپ قالغانىدىم. شۇنداق بولغاچقا ئۆگىنىشمۇ مەن ئۈچۈن بىر خىل ھەۋەسكە ئايلانغانىدى. ئادەم مەلۇم نەرسىگە ياكى مەلۇم ئىشقا ھېرىس بولۇپ قالسا، ئۇنى كىممۇ توسىيالىسۇن؟

ئەمەلىيەتتە، دادام مېنى باشقا ئاتا-ئانىلاردەك كىتاب ئوقۇشقا زورلىمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە، ئۆگىنىشكە بەك بېرىلىپ كېتىپ، سالامەتلىكىڭگە تەسىر يەتكۈزۈۋالما، دەپ ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

مەن كىتاب ئوقۇۋاتقاندا ياكى ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا، دادام: «كارل، ئارام ئالىدىغان ۋاقتىڭ بولدى. تاماق يەيدىغان ۋاقتىڭ توشۇپ كەتتى، سەل تۇرۇپ ئۆگەن، بولامدۇ؟» دېگەن گەپنى تولا قىلاتتى. بۇنىڭدىن مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆگىنىشكە قانچىلىك بېرىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئادەم ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئىش قىلىشقا ئامراق، ئۆزى خالىغان ئىشلا بولىدىكەن، ھەر قانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي، قىزىقمايدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ھەر قانچە زورلىغان، قىستىغان بىلەنمۇ بىكار. نۇرغۇن بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشنى خالىماسلىقى ياكى ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ، مېنىڭچە، زورلىغانلىقتا.

ئادەم ئەركىن-ئازادە بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، تۈرلۈك چۈشەكلەر ۋە بېسىملاردىن بىزار ھەم ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. باشقىلار بىزگە بىرەر ئىشنى مەجبۇرى تاڭسا، بىز تەبىئىيلا بۇنىڭغا قارشى تۇرىمىز. بۇ، ئادەمنىڭ بىر خىل تەبىئىتى. بۇ پرىنسىپ تەلىم-تەربىيىگىمۇ ماس كېلىدۇ.

بالا ئۆگىنىشنى خالىمىسا ياكى دەرسلەرنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دېگىنىدەك ئۆگەنمىسە، بۇنىڭدىكى سەۋەب بالىنىڭ مەجبۇرلانغانلىقىدا بولىدۇ. ئۆگىنىشكە زورلىغاندا، بالىلار ئۆگىنىشتىن بىزار بولىدۇ. بۇ، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت.

تەلىيىمگە يارىشا، دادام مېنى تەربىيىلەش جەريانىدا قارىماققا ناھايىتى تەس كۆرۈنىدىغان ئۆگىنىشنى مەن ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنغا، مەن قىزىقىپ قاتنىشىدىغان كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەتكە، ھەتتا تۇرمۇشۇمدىكى ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئىشىمغا ئايلاندۇراتتى.

ئىسىمدە قېلىشىچە، كىچىكىمدە ئۆگىنىش مەن ئۈچۈن ئادەمنى شاتلاندۇرىدىغان ئىش ئىدى. ئۆگىنىش ھېلىھەم مەن ئۈچۈن يۈكسەك ھەم شان-شەرەپ ھېس قىلدۇرىدىغان ئىش. مەن ئۆگىنىشتە ئەزەلدىن قېيىنلىپ باقمىغان، شۇنداقلا ئۆگىنىشتە تەشەببۇسكار ئىدىم، تەربىيىلىنىشنى پۈتۈنلەي ئۆزۈم تەلەپ قىلاتتىم.

بۇ دۇنيادا ھەم شەرەپ ھېس قىلدۇرىدىغان ھەم قىزىقارلىق بولغان ئىشنى خالىمايدىغان ئادەممۇ بولامدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنداق ئادەم يوق، ئەگەر ئۇ كالۋا بولۇپ قالسا، بۇ باشقا گەپ. ئەمەلىيەتتىمۇ، دۇنيادا ئەسلى كالۋا ئادەم يوق. پەقەت ئۇلار ئوبدان تەربىيىلەنمىگەچكە كالۋا بولۇپ قالغان.

دادام ئادەتتە ۋە تەلىم-تەربىيىنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان بولغاچقا، مەندە يامان ئادەتلەر ئازراق بولغان. بالامنىڭ يامان ئادەتلىرىنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىم مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

تالانتلىقلار تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى -- قىزغىنلىق ۋە ئادەت يېتىلدۈرۈشتۇر. قىزغىنلىق ۋە ئادەت ھاياتلىقتا پەرۋاز قىلىشتىكى بىر جۈپ قانات. دادام ماڭا دەل مۇشۇنداق قاناتنى بەرگەن.

# ئونىنجى باپ

# ئويۇن ئارقىلىق باللارنى ئەتراپلىق يېتىلگەن ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1804- يىلى 2- يانۋار هاۋا ئوچۇق.

ئوغلۇمنى تەربىيىلەش جەريانىدا، شۇنى هېس قىلدىمكى، ئۇ بارلىق پەنلەر ئىچىدە ماتېماتىكىغا قىزىقمايدىكەن.

مەن بۇرۇنلا ئويۇن شەكلى ئارقىلىق ئوغلۇمغا ساناق ساناشنى ئۆگەتكەن ئىدىم.

بۈگۈن ئۇنىڭغا كەررە ئۆگەتكەندە، ئاۋارىچىلىققا دۇچ كەلدىم، يەنى ئوغلۇم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆگىنىشتىن زېرىكتى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋالدىمكى، بەش ياشلاردىكى باللارمۇ ئۆلۈك هالدا يادلاشنى خالىمايدىكەن.

مەن سەل ئەندىشە قىلىشقا باشلىدىم. مېنىڭ ئارزۇيۇم ئوغلۇمنى هەممە تەرەپتىن تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ، ئۇنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش بىلەن بىرگە بەختلىك ئېرىشتۈرۈش ئىدى. بىر تەرەپلىمە يېتىشكەن ئادەم هەقىقىي بەختلىك ئادەم بولالمايدۇ.

ئوغلۇمنى ماتېماتىكىغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن شىشىخال ئوينىدىم. دەسلەپتە ئىككى شىشىخالدا ئوينىدۇق. ئوينىغاندا ئىككى شىشىخالنى بىرلىكتە تاشلايتتۇق. ئەگەر ئۈچ بىلەن تۆت كۆرۈنسە، بۇ ئىككىسىنى قوشۇپ يەتتە نومۇرغا ئېرىشكەن ھېسابلايتتۇق. مۇبادا ئىككى بىلەن تۆت، ئۈچ بىلەن ئۈچ كۆرۈنسە، ئالتە نومۇرغا ئېرىشكەن ھېسابلايتتۇق، يۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئويناش ھوقۇقىغا ئىگە بولاتتۇق. بۇ نومۇرلارنى قەغەزگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا خاتىرىلەپ، ئۈچ-تۆت قېتىم ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ھېسابلاپ چىقىپ، يەڭگەن-يېڭىلگەننى بەلگىلەيتتۇق.

كارل بۇ ئويۇننى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئوغلۇم بۇ ئويۇنغا بېرىلگەندە، ئۇنىڭ ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىدىم. ماتېماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئويۇننى ئارقا-ئارقىدىن ئوينىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ماتېماتىكىغا قارىتا كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا بولدى.

بۇگۈن ئاخشام ئۆزۈمنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

ئويۇن جەريانىدىمۇ ئۆگىنىۋېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ماھارەت بار.

* * *

1804- يىلى 12- مارت ھاۋا تۇتۇق.

قانداق قىلسام كارل كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئۆگىنىدىغان بولار؟

ھەر قانداق ئاتا-ئانا بالىسىنى ياراملىق ئادەم قىلىپ چىقىشنى ئويلىسىمۇ ياكى بالىسىنى ئوبدان تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرسىمۇ، بىراق بالىلار بەزىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي، ئويۇنغا

بىرىلىدۇ، ئۆگىنىش قىلغاندا دىققىتىنى يىغمايدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە قىزىقمايدۇ، ھەتتا ئۆگىنىشتىن بىزار بولىدۇ. بۇ نورمال ئىش، بۇنداق ئەھۋالدا مەن قانداق قىلسام بولار؟

ئەمەلىيەتتە، ئويۇن ئارقىلىق بالىلارغا سانلارنى، ھەرپلەرنى ئۆگەتكىلى، رەسىم سىزىش، ھېكايە ئېيتىش، ھېسابلاش دېگەندەك بىلىملەرنى ئىگىلەتكىلى بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قىزىقماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ئادەتتە، دىققىتىنى يىغمايدىغان، ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان بالىلاردا ئۆگىنىشكە قارىتا قىزىقىش يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئوڭاي ئۇچرايدىغان بالىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتىنى تىنىچ قىلىش كېرەك.

مەن مۇنداق قىلىش كېرەك دەپ قارايمەن:

بالىلارنىڭ پائالىيىتىدە ئويۇننى ئاساس قىلىپ، ئۆگىنىش بىلەن ئويۇننى بىرلەشتۈرگەندە، بالىلار ئوڭايلا بىر نەرسە ئۆگىنىۋالالايدۇ. تۇرمۇشتا ھەممىلا جاي بالىلارنىڭ ئۆگىنىش سورۇنى بولالايدۇ. ئاتا-ئانىلار يەنە بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى بىلەن ئېھتىياجىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلاردا ئۆگىنىش ئىستىكىنى قوزغىسا بولىدۇ. بالا ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا، سىرتتىكى بالىلارنىڭ قوغلىشىپ ئويناشلىرى، پاراڭ قىلىشلىرى ۋە يېڭى ئويۇنچۇق قاتارلىقلار بالىنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بالا ئولتۇرۇپ بىر نەرسە ئۆگىنىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، خىيالى ئاللىقاچان سىرتتىكى بالىلاردا بولغان بولىدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق ئۆگىنىش مۇھىتى ھازىرلاپ، ئەتراپتىكى تەسىرنى يوقىتىپ، بالىلاردا خاتىرجەم ئۆگىنىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئۆگىنىشنى «ئويۇن»غا ئايلاندۇرغىلى بولامدۇ؟

«ئويۇن» تىلغا ئېلىنىسىلا، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ئەرزىمەس ئىشلارغا زېھنىنى ئىسراپ قىلىش دېگەندەك سەلبىي تەرەپ كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئويۇننىڭ ئادەمنى شاد-خۇراملىقا، ئىرىشتۈرىدىغان ئىجابىي تەرىپىمۇ بار. ئويۇن داۋامىدا قائىدە-يوسۇن ياكى ئادەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالدا مەنىۋى ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. گەرچە بۇنى ئىجادىي پائالىيەت دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدۇ دېگىلى بولماسمۇ؟ باللارنى ئويۇن داۋامىدا ئۆگىنىدۇ، دېسەك، ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. ئويۇن بىلەن ئۆگىنىشنى ئېنىق ئايرىش ۋە ئويۇنغا چەكلىمە قويۇش-چوكلارنىڭ خىيالى. باللار ئۈچۈن ئۆگىنىش بىلەن ئويۇننىڭ پەرقى يوق.

باللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال باللاردا قىزىقىش يېتىلدۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى خۇشال-خۇرام ئۆگىنىدىغان قىلىش كېرەك. مۇشۇ قاراشقا ئاساسلىنىپ، باللار ھازىر ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلارنى ئوبدان تەھلىل قىلساق، ئۇلارنى كۆتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدىغان تۈرلۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقالايمىز.

باللارنىڭ ئويۇن داۋامىدا ئىش قىلىشى، يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، باللاردىكى تەشەببۇسكارلىقنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۆگىنىشتىكى بۇنداق تەشەببۇسكارلىق ناھايىتى مۇھىم. بىزنىڭ ئۆگىنىش داۋامىدا ھەقىقىي ئۆگىنىۋالىدىغان نەرسىلىرىمىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشنى خالىشىمىزدىن باشلىنىدۇ.

شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۆگىنىشنى باللارنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئويۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئۆگىنىشنى «ئويۇن»غا ئايلاندۇرغاندا، ئۆگىنىش ئىلگىرىكى مەنىسىز پائالىيەتتىن مەنىلىك پائالىيەتكە ئايلىنىدۇ. ئۆگىنىش -- نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش پائالىيىتىدۇر. ئويۇن بولسا ئۆگىنىشنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ، قارىماققا ئەھمىيەتسىزدەك

بىلىنىدۇ، بىراق ئويۇن مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى پايدىلىق.

ئويۇننىڭ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئۈچۈن، «ئويۇن بىلەن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرگەندە، بالىلار قانداقسىگە ئەقىللىق بولۇپ قالىدۇ؟» دېگەن سوئال توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلاندىم، مېنىڭچە، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى قانچە ئىشلەتكەنسېرى، شۇنچە ئۇپرايدۇ، ئىشقىلىپ شۇنچە ئاجىزلايدۇ. بىراق ئادەمنىڭ مېڭىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مېڭە فىزىئولوگىيىسى ۋە پسىخولوگىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئادەمنىڭ مېڭىسىنى چەكسىز ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مېڭە ھۈجەيرىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مېڭە ئىشلىتىلمىسە، ھۈجەيرىلەر بۇ خىل تۇرغۇنلۇققا كۆنۈپ، ئۇلاردا قېرىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا، بالا تەربىيىلەشتە ھەرگىزمۇ قاچىلاپ قويۇش شەكلىدىكى تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانماسلىقىمىز، ئەكسىچە مېڭىنى خۇشال-خۇرام ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

ئويۇن ئارقىلىق ئۆگىتىش بۇنىڭدىكى تىپىك بىر ئۇسۇل. ئاتا-ئانىلار سەللا كاللا ئىشلەتسە، نەزىرىيىۋى ئاساس بىلىملەرنى بالىلارنىڭ ئويۇنىغا سىڭدۈرۈۋېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ئويۇنمۇ بالىلارنىڭ مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئۇسۇلنى ئىگىلەش - ئاتا-ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى.

كىتابىي بىلىملەر تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشكەندىلا، جانلىق بىلىمگە ۋە ھەقىقىي ئەقىل-پاراسەتكە ئايلىنالايدۇ. ئويۇن - بالىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئېرىشىشىدىكى بىر ئۇرۇنۇش.

*　　*　　*

1804- يىلى 6- ماي هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن بىر ئايال بىلەن باللارنىڭ ئويۇنى توغرىسىدا پاراڭلاشتىم. ئۇ ئايال مەندىن: «بالام يامان باللار بىلەن ئويناپ، يامان ئۆگىنىپ قالسا، قانداق قىلارمەن؟» دەپ سورىدى، بۇ، ئاتا-ئانىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر ئىش.

ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ يامان باللار بىلەن ئوينىشىنى خالىمايدۇ، شۇنداقلا، بالام تېخىمۇ ياخشى باللار بىلەن دوست بولۇپ ئويناپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرسىكەن، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە بۇنى دوست تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى دەپ قارايدۇ. بىزمۇ تۇرمۇشتا شۇنداق قىلىمىز ئەمەسمۇ؟

ئەمەلىيەتتە، يامان بالا دېگىنىمىز، سەل تاپتىن چىقىپ كەتكەن، خاسلىقى گەۋدىلىك بولغان، ئادەتتىكى كۆز قاراشقا چۈشمەيدىغان باللارنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنيادا نوقسانسىز ئادەم يوق، بىرمۇ ئارتۇقچىلىقى يوق ئادەممۇ يوق. ئاتا-ئانىلار باللارغا مەلۇم دائىرىدە كەڭ قورساق بولۇشى كېرەك.

كۆيۈنۈشنى ئاساس قىلغان ھالدا، باللار بىلەن دوستلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىگە قارىتا ئورتاق تونۇشقا كېلىش كېرەك. ئەگەر ئاتا-ئانىلار باللىرىنىڭ ئالدىدا ئوبدان بولمىدى دېسە، باللار بۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ، شۇنداقلا تەربىيىلەش مەقسىتىگىمۇ يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىش، كۆيۈنۈشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئىمكانقەدەر باللارغا ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرغۇزۇش كېرەك. باللارنىڭ ئىپادىسى ئەركىن بولغاندا، بىر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇلارنى كۆزىتىش ۋە يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. باللارنىڭ

دوستلىرىغا سەمىمىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، بالىلارنى ھەم ياخشى بىر دوستقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، ھەم بۇنىڭدىن ئۆزىمىزمۇ نۇرغۇن خۇشاللىق تاپالايمىز. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئويۇنغا ئاكتىپ قاتنىشىشىنى كېرەك، چۈنكى بۇ بالىنىڭ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشى ۋە بىلىشىگە پايدىلىق، شۇنداقلا بالىلارنىڭ ئويۇنغا بولغان چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، بالىغا رەت قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك. بالا ئەگەر مەلۇم بىر ئىشنىڭ خاتالىقىنى بىلسىمۇ توسىمىسا، يامان ئادەتنىڭ تەسىرىدە بالىمۇ ياماننى ئۆگىنىپ قالىدۇ. بالىلارغا، دوستىنىڭ خاتالىقىغا يان بېسىشنىڭ دوستىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى، دوستىنىڭ ئالغا بېسىشىغا ياردەم بېرىشنىڭلا دوستلۇقنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىش كېرەك. شۇنداقلا بالىغا، دوستلار ئارا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، رەت قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىپ قويۇش، پەقەت ئامال بولمىغاندا، بالىنى ئۇنداق دوستتىن ئايرىۋېتىش كېرەك.

ئوغلۇم كارل ھويلىدا بىر نەچچە دوستى بىلەن خۇشال ئويناۋاتاتتى. بەلكىم ئۇ، بىر جۈپ كۆزنىڭ -- مېنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمىسە كېرەك. دەل مۇشۇ چاغدا، ئايالىم سىرتتىن كىرىپ كەلدى.

* * *

1804- يىلى 8- ئاۋغۇست ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن خىللاردىن يەنە «بالىنىڭ بىللە ئوينايدىغان دوستلىرى بولمىسا، بالا مەنمەنچى ياكى بەگۋاش بولۇپ قالىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە بۇ، ئىنتايىن خاتا قاراش.

مىنىڭچە، ئەمىلىي ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بالىلار بىللە ئوينايدىغانلارنى تاللىمىسا، ئۇلار ئۆزئارا مەنمەنلىك قىلىشىپ، شەخسىيەتچى بولۇپ قېلىشى، نەتىجىدە ھىلىگەرلىك، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق، بەڭۋاشلىق، ھەسەتخورلۇق، ئاداۋەتخورلۇق، ئاغزى يامان، سوقۇشقاق، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىدىغان، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن.

شۇنداق قىلىپ، خىللارد بىلەن ئىككىمىز يەنە كۆڭۈلسىز ئايرىلدۇق. ئىككىمىز بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدۇق.

بىر ئادەمنىڭ ھېلىگەر، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، بەڭۋاش بولۇپ كېتىشى كۆپىنچە ھاللاردا كىچىكىدە ئوبدان تەربىيىلەنمىگەنلىكىدىن بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ گەپنى خىللاردقا دېسەم بولاتتى، بىراق ھازىر ئۇ ئاڭلىيالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بالىلارنى باشقۇرماي ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتكەندە، ئۇلار دوست تاللىيالماي، ئۇدۇل كەلگەن بالىلار بىلەن بىللە ئويناپ، ھەر خىل يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشى، بەزىدە يامان ئىللەتلەرنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن. مەن دائىم ياخشى باشقۇرۇلمىغان بىر قىسىم بالىلارنىڭ يول ياقىلىرىغا توپلىشىۋېلىپ، تىمسار ئويناۋاتقانلىقىنى، ئۆزئارا ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى، بىر-بىرىنى سەت تىللار بىلەن تىللاۋاتقانلىقىنى ئۇچراتسام، ئۇلارغا نۇرغۇن قېتىم نەسىھەت قىلغان ۋە ئۇرۇشۇۋاتقانلارنى ئاجرىتىپ قويغان ئىدىم.

ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتقان ۋاقتىمدا بىئارام بولۇپ كېتىمەن. ئۇلار ئەسلىدە ياخشى تەربىيىلەنسە، ئەدەبلىك، بىلىملىك بالىلاردىن بولاتتى، ئەمما ئۇلار ئۇنداق ئەمەس.

بۇ بالىلار ناھايىتى بىغەرەز بولۇپ، دائىم تاش ئېتىپ ئوينايدۇ. نەتىجىدە يارىلىنىش، ھەتتا كۆزى قۇيۇلۇپ كېتىش، مېيىپ بولۇپ قېلىشتەك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقاتتى. بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق

ئىش ھە! ئۇلار قار ئېتىشىپ ئوينىغاندىمۇ، بەزى بالىلار تاشتەك قاتقان قارلارنى ئېتىپ، قارشى تەرەپنى يارىلاندۇراتتى.
مەن قارىغۇ ۋە ئاقساق-چولاق بالىلارنى ئۇچراتقىنىمدا، بۇنداق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقاتتىم. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئويۇن ئويناپ، مېيىپ بولۇپ قالغان بولۇپ چىقاتتى. بۇ ئىشلاردىن دائىم تېنىم شۈركىنەتتى.
مەن دائىم كارلغا بالىلارنىڭ ئۇرۇشۇپ-مۇشتلىشىدىغان ئويۇنغا ئارىلاشماسلىقنى ئېيتاتتىم. بۇنداق ئويۇنىدىكى زەخىملىنىش ئادەتتىكى ئويۇن داۋامىدىكى يارىلىنىشتىن تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى. ئۇ بالىلارنىڭ تېنىنى يارىلاندۇرۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ يامىنى ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىدە ناچار تەسىر قالدۇراتتى.
دۇنيادا بالىلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىك ساقلىنىپ قېلىشتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يوق. ئۆچمەنلىك بىر ئادەمنى ئاتا-ئانىسىنى خارلايدىغان، ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، ئادەمنى تەنھا ۋە ياردەمسىز ئاھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.
بەزى بالىلار ئائىلىسىدە ياخشى تەربىيەلەنمىگەچكە، توغرا-خاتانى، ياخشى-يامانى بىلمەيدۇ. ئاتا-ئانىلار ئۇلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىدە ياخشى ئۇسۇل قوللانمىغاچقا، ئۇلار بىكار تەلەپ بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار دۇنيادا نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. كىتاب ئوقۇشنى ۋە كىتاب ئوقۇشنىڭ سېھرى كۈچىنى بىلمەيدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەتتىن كېلىدىغان خۇشاللىقنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.
ئۇلارغا ھېچقانداق ئادەم يېتەكچىلىك قىلمىغاچقا، ئۆزىنىڭ گۈزەل بالىلىق مەزگىلىنىڭ قەدرىنى قانداق بىلەلىسۇن؟ بەزى بالىلار كۈن بويى قىلغىلى ئىش يوق يۈرۈيدۇ، بەزى بالىلار باشقىلارنى ئۇرۇپ، بوزەك قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بەزى بالىلار قىمارغا بېرىلىپ كېتىدۇ. مەن بۇنداق بالىلاردا گۈزەل كەلگۈسىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. بۇ بالىلارنى

ئاتا-ئانىسى ياخشى تەربىيىلىمىگەچكە، شۇنداقلا ئۇلار بالىلىق مەزگىلىنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان ئائىلىگە ئېرىشەلمىگەچكە، بەختسىز بولۇپ قالىدۇ.

بەزىلەر، بالىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، تالانتى تۇغما بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇلار دائىم: «مېنىڭ بالام بەكلا ئەسكىلىشىپ كەتتى، پەقەت ياخشى ئۆگەنمەيدۇ، ئۇنى قانداق تەربىيىلىسەممۇ بىكار» دېيىشىدۇ. ھەر قېتىم مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسام ئازابلىنىپ كېتىمەن. ئۆز بالىڭىزغا ئۆزىڭىز ئىشەنمىسىڭىز، كىچىككىنە بالىدا يەنە قانداق ئىلگىرىلەش بولماقچىدى؟

مەن مۇشۇنداق ئاتا-ئانىلارغا قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي شۇنداق دەيمەنكى: «سىلەر ئاتا-ئانا بولۇشقا لايىق ئەمەس. بالىنىڭ تەبىئىتى ياخشى، ئۇنىڭ بارلىق خاتالىقىنى سىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىسىلەر».

مېنىڭ يۇقىرىقى گەپلىرىمنى ئاڭلىسا، ئاشۇ ئاتا-ئانىلارمۇ خىللاردا ئوخشاش ماڭا تەتۈر قارىشى چوقۇم، ئەلۋەتتە.

* * *

1804- يىلى 28- ئۆكتەبىر ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن كارلىنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ، شۇنى بايقىدىمكى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، يەپ-ئىچىش، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش، ھەرىكەت قىلىش، ھەتتا ئۇخلاشمۇ بىر خىل ئويۇن ھېسابلىناتتى.

ئوغلۇمنىڭ ئوينىغۇسى كەلگەندە، مەن دائىم ئۇنى قانغىچە، كۆڭلى ئېچىلغىچە ئوينىتاتتىم. ئويناش -- بالىلارنىڭ تەبىئىتى، بۇ نوقتىنى نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بىلىدۇ. بىراق نېمىنى ئويناش، قانداق ئويناشنى نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا ئېنىق بىلمەيدۇ. نۇرغۇن بالىلار ناھايىتى قارىغۇلارچە ئوينايدۇ، ئويناش ئۈچۈنلا ئوينايدۇ. مۇشۇنداق

ئەھۋال تۈپەيلى باللارنىڭ ئۇيۇن ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە يېتىلدۈرگىلى بولىدىغان ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئىقتىدارى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، باللار ئويناش ئۈچۈنلا ئويناماسلىقى، ئويۇندىن نەتىجە يارىتىشى كېرەك.

باللارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى چەكسىز بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئاتا-ئانىلار قېزىشى كېرەك.

باللار ئويۇن ئوينىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى قوزغىلىدۇ، چوڭ مېڭىسى تېز ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ، پىكىر يوللىرى ئېچىلىدۇ. بۇ، باللارنىڭ ھەر خىل قابىلىيىتىنى، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە باشقا ھەر قانداق ۋاسىتە بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ياخشى پۇرسەت. ئويۇننىڭ تۈرمۇشنىڭ كۆلەڭگىسى ئىكەنلىكى ھەممىزگە ئايان، بىراق ئۇ تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس: باللار ئۆزىنىڭ بىلىشى ۋە چۈشەنچىسى ئاساسىدا تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ. ئاتا-ئانىلار تۈرلۈك چەكلىمىلەر بىلەن باللارنى چەكلەپ قويماسلىقى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، باللارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئويۇننىڭ ئۆزى بىر خىل تەنھەرىكەت، ئويۇن ئارقىلىق باللارنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى، ھەرىكىتىنى تەڭشىگىلى، روھىنى ئۇرغۇتقىلى، كەيپىياتىنى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. بىراق، ئويۇن داۋامىدا ئاتا-ئانىلار ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. بولمىسا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۈرلۈك مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئويۇن جەريانىدا مۇشۇنچىۋالا بىلىم-ماھارەتنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. بۈگۈن ھەقىقەتەن ھاۋا ئوچۇق بولغان بىر كۈن بولدى.

*　　　*　　　*

1804- يىلى 30- ئۆكتەبىر هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن ئوغلۇم كارل هويلىدا تۇيۇقسىز هېنرىخ بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. مەن، ئايالىم ۋە كارلنىڭ هاممىسى ئۈچەيلەن دەرھال يۈگرەپ بېرىپ، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق. سەۋەبىنى سورىساق، ئۇلار ئىككىسى ئەسلىدە تارىخ كىتابىكى مەلۇم بىر مەسىلىدە تالىشىپ قالغان بولۇپ، ئىككىلىسى ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغان، يا بىر-بىرىنى قايىل قىلالمىغان، ئاخىرى بېرىپ مەسىلىنى ئۇرۇشۇش ئارقىلىق هەل قىلماقچى بولغان.

بۇنىڭدىن مەن ناهايىتى هەيران قالدىم.

بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كارلنىڭ هاممىسى ئوغلى هېنرىخنى ئېلىپ، بىزنى يوقلاپ كەلگەنىدى. كارلنىڭ هاممىسى هامبۇرگدا تۇرىدىغان بولغاچقا، كارل نەۋرە ئاكىسىنى هېنرىخ بىلەن ئىلگىرى كۆرۈشۈپ باقمىغان ئىدى.

هېنرىخ كارلدىن ئىككى ياش چوڭ بولۇپ، باشلانغۇچنىڭ 4- يىللىقىدا ئوقۇيتتى. هېنرىخمۇ ئوبدان تەربىيىلەنگەن بولغاچقا، بىلىملىك بالا بولغانىدى. شۇڭا ئىككىسى كۆرۈشۈپلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى ۋە نۇرغۇن جەھەتلەردە ئورتاق پىكىرلەشتى.

گەرچە ئۇلار ئىككىسى تەربىيە كۆرگەن بالا بولسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا ئانچە ئىش ئۇقۇپ كەتمەيتتى. بىرگە تۇرغان ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ بارا-بارا زىددىيەت پەيدا بولدى.

بالىلارنىڭ ئىشىغا تولا چات كىرىۋېلىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن، دەسلەپتە ئىشىغا ئارىلاشمىدىم.

دەسلەپتىكى بىر نەچچە كۈندە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىر-بىرىگە پىسەنت قىلماسلىق بىلەن چەكلەندى. بۇنى سەزگەن

بولساممۇ، ئانچە كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمىگەنىدىم. بىراق بۆگۆن ئىككىسى ئۆيلەنگەن يەردىن ئۆرۈشۈپ قالدى.

مېنىڭچە، بالىلار ئارىسىدا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرگەندە چوڭلار شۇ يەردە بولماي قالسا، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ.

ھېلىمۇ ياخشى، بىز شۇ يەردە بولغاچقا، نەسىھەت قىلىشىمىز ۋە تەربىيە قىلىشىمىز نەتىجىسىدە كارل بىلەن ھېنرىخ ھەر ئىككىلىسى خاتالىقىنى تونۇدى، شۇنداقلا مەسىلىنى بۇنداق قوپاللىق بىلەن ھەل قىلىشنىڭ مەڭگۈ خاتا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئىككىسى يەنە ئەپلىشىپ قالدى، ئەلۋەتتە.

* * *

1804- يىلى 12- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

بۆگۈن ئوغلۇم كارل ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆيلىرى، قوۋۇقى، سېپىلى ۋە ناھايىتى كۆركەم كۆۋرۈكى بار قەلئە ياساپ چىقىپتىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ بېقىشقا چاقىرماقچى بولغىنىدا، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، چاپىنىنىڭ پېشى ئېھتىياتسىزلىقتىن قەلئەدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش بولغان ئېگىز مۇنارغا تېگىپ كېتىپ، مۇنار ئۆرۈلۈپ كېتىپ باشقا قۇرۇلۇشلارنىمۇ بۇزۇۋېتىپتۇ. يەنە تېخى پۈتۈن زېھنىنى بېرىپ، ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك ياسىغان كۆۋرۈكىمۇ ۋەيران بوپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۇنىڭ نادىر ئەسىرى كېرەكتىن چىقىپتۇ.

مەن ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئاشۇ يەردە غەمكىن ھالدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى.

مەن ئەينى چاغدىكى كۆرۈنۈشنى ۋە ياغاچ پارچىلىرىنىڭ قالايمىقان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەرھال بىلدىم.

— دادا، ئۇ چۈۋۈلۈپ كەتتى. مېنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىمدىن ۋەيران بولدى. بەك ئەپسۇس! ئۇ ئەسلى بەك چىرايلىق... دېگىنىچە، كارل يىغلاپ كەتتى. مەن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ ئېھتىياتسىزلىق قىلغان ئىكەنسەن، ئاغرىنىشىڭ هاجىتى يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلانماسلىقىڭ كېرەك. تۇنجى قېتىم ياخشى قىلالىغان ئىكەنسەن، ئىككىنچى قېتىممۇ ياخشى قىلالايسەن. نېمىدەپ ئۇ يەردە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسەن، نېمىشقا قايتا ياسىمايسەن؟ بەلكى بۇ قېتىم تېخىمۇ ياخشى ياسىۋېتەمسەن تېخى،- دېدىم.

بۇنى ئاڭلاپ كارل بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزنى قىلماق ئاسان بولغىنى بىلەن ئورۇندىماقنىڭ تەسلىكىنى بىلەتتىم. چۈنكى كارلنىڭ ياساپ چىققىنى ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلۇش ئىدى. ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ياساش ئۈچۈن، كۈچلۈك سەۋرچانلىق ھەم ئىرادە بولمىسا بولمايتتى، بىراق مەن ئوغلۇمنىڭ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن ئويلىغاندەك، كارل ئۇنى قايتا ياساپ چىقتى ۋە مېنى ئۆز ئەسىرىدىن ھوزۇرلىنىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇنى شۇ دەرىجىدە نەپىس ۋە چىرايلىق ئىشلىيەلەر دەپ ھەقىقەتەن ئويلاپ باقمىغان ئىدىم.

— دادا، بۇ قېتىم ئالدىنقىسىدىنمۇ ياخشى ياسىدىم دەپ ئويلايمەن، چۈنكى بۇ قېتىم ياسىغاندا خېلى ئۆزگەرتتىم ھەم تېز ياساپ بولدۇم،- دېدى ئوغلۇم پەخىرلەنگەن ھالدا.

موشۇنداق بولۇشى ئېنىق ئىدى. پەقەت ئوغلۇم قايتا ياساشقا ئىشەنچ قىلالىسىلا، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيتتى. چۈنكى ئۇ تۇنجى قېتىم مول تەجرىبىگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئوغلـۇم كارلنىـڭ ئويـۇن داۋامىـدا كىشـىلىك تۇرمۇشـنى چۈشەنگـەنلىكىدىن بـەكلا سۆيۈنگـەن ئىـدىم. بـەلكىم بـۇ ئـۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسىدۇر.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 6- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

دادامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىكى «ئويناش ــ باللارنىڭ تەبىئىتى» دېگەن گەپنى كۆرۈپ، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، دادام ئىنسـان تەبىئىتىـدىكى بـەزى ئالاھىدىلىكلـەردىن ئوبـدان پايدىلىنىپ، ئۇنى تەلىم-تەربىيىگە سىڭدۈرگەن ۋە مېنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان.

ئەمەلىيەتتە، ئەركىنلىك ــ ئىنساننىڭ تۇپ تەبىئىتى، تۇپ تەلىپى.

ئىنسان پائالىيىتىدىكى ئاساسىي مەقسەتلەرنىڭ بىرى ئەركىنلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئەركىنلىك ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش ئازاب-ئوقۇبەت ۋە بـالا قازاغا دۇچار قىلىشىمۇ، بىـراق ئـەركىنلىكنىڭ ئۆزى خۇشاللىق ۋە بـەختنى دېـرەك بېرىـدۇ؛ قـۇل بولـۇش خۇشـاللىق ۋە بەختكـە ئېرىشتۈرسىمۇ بىراق قۇل بولۇشنىڭ ئۆزى تاھايىتى ئازابلىق ئىش. تارىختا ئۆتكـەن تـالاي باتـۇر-ئەزىمەتلـەرنىڭ جېنىنـى تىكىپ قويۇپ كۈرەش قىلىشىمۇ قىممەتلىك ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.

ئەركىنلىكنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ ياردىمىـدە ئىنسـان ئـۆز-ئۆزىنى نامايەن قىلىـدۇ، ئـۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ئـۆز-ئۆزىنى نەتىجىگـە ئېرىشتۈرىدۇ، يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تولـۇق جارى قىلدۇرىـدۇ، شـۇنداقلا ئۆزىنى يوشـۇرۇن قـابىلىيىتىنى تولـۇق قازىـدىغان، يـارامىلىق ئادەمگـە ئايلاندۇرىـدۇ.

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسىدىن مەلۇم بولىدىكى، ئىجادىيەت قابىلىيىتى ئىنساندىكى تۇغما يوشۇرۇن قابىلىيەت بولۇپ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ قابىلىيەتتىن كېيىن بارا-بارا مەھرۇم بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىنتىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى نامايان قىلىشى، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى قېزىشى ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ نامايان بولۇشىدا خاسلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى زۆرۈر شەرت، يەنى ئادەمنىڭ خاسلىقى قانچىكى تولۇق تەرەققىي قىلسا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىمۇ شۇنچە تولۇق نامايەن بولىدۇ.

ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەركىنلىكنى سۆيۈشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئەركىنلىك ئىنساندىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ تولۇق جارى بولۇشىدىكى شەرت. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولىدىكى، قاتتىق قوللۇق بىلەن تەربىيىلەش مەجبۇرى بويسۇندۇرۇش بولۇپ، بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى بوغۇپ قويىدۇ. ئىجادچانلىقتا ئىنگە ئائىلىلەر ۋە ئاتا-ئانىلار مۇلايىم، كەڭ قورساق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزىقىش-ھەۋىسى كەڭ، باشقىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئەركىنلىك - ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى نامايان قىلىشى ۋە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىدىكى تۈپ شەرت، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، ئالغا بېسىشىدىكى تۈپ شەرت. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، تېخنىكىنىڭ ياخشىلىنىشى، سىياسىنىڭ يۈكسىلىشى، ئەخلاقنىڭ مۇكەممەللىشىشى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىنسان قابىلىيىتىنىڭ جارى قىلدۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ ئەركىن جارى قىلىنىشىنى تۈپ شەرت قىلىدۇ.

ئەركىنلىك بىلەن ئويۇننىڭ چوڭقۇر باغلىنىشىنى بۇنداق چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق شۇنى ئىسپاتلىماقچىمەنكى، دادامنىڭ مېنى ئويۇن ئارقىلىق تەربىيىلەشتىكى كۆز-قاراشلىرى ئانچە چوڭقۇر بولمىغان، شۇنداقلا مەسىلىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ۋە تۈپ مېغىزى ئېچىپ بېرىلمىگەن.

مۇشۇ سەۋەبلىك دادامنىڭ كۆز قاراشلىرى تېخنىكىلىق تەرەپدارىدا بولۇپ قېلىپ، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمىغان. ئەمەلىيەتتە، بىز ئالدى بىلەن ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر تۆۋەندىكىلەر بولۇشى كېرەك: بالام ئەركىن كەيپىياتتا ياشاۋاتامدۇ يوق؟ بالامدا ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلىدىممۇ يوق؟ بالامنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرىگە ۋە شەخسىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلدىممۇ يوق؟ بالام قورقۇنچ ۋە ئۆكۈنۈشسىزلىق ئىچىدە ياشاۋاتامدۇ يوق؟ بالامنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى بوغۇپ قويدۇممۇ يوق؟

بالىدا ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھېلىقىدەك كونا قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، بالىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشى ۋە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇش، بالىنى ئەركىن ھالدا ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. بالا تەبىئىي ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا بىر بالا؛ بىراق، بالا يەنە مۇستەقىل مىجەز-خاراكتېرگە ئىگە ئىجتىمائىي ئادەمدۇر. جەمئىيىتىمىزدە ۋە مەدەنىيىتىمىزدە بالىنى بالا قاتارىدا كۆرۈشكە توغرا كەلگەندە، بالا قاتارىدا كۆرمەيمىز؛ بالا قاتارىدا كۆرمەيدىغان چاغدا، بالا قاتارىدا كۆرىمىز. بىز ئۇزۇندىن بېرى بالىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە سەل قاراپ كەلدۇق، نەتىجىدە ھەم بالىغا، ھەم ئۆزىمىزگە ئۇۋال قىلدۇق، شۇنداقلا بالىلارنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتتۇق.

ئۇزۇندىن بېرى بالىلار پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچى بولۇپ كەلدى. بالىلار قىلچە تاللاش ھوقۇقى بولمىغان قۇرۇق چېلەك دەپ قارىلىپ،

چېلەككە نېمە ئېلىش پۈتۈنلەي ئاتا-ئانىلارنىڭ قىزىقىشىغا باغلىق بولۇپ كەلدى؛ بالىلار بىر ۋاراق ئاق قەغەز دەپ قارىلىپ، قەغەزگە نېمە سىزىشتا بالىلارنىڭ ئەمەس چوڭلارنىڭ گېپى گەپ بولدى.

مۇشۇنداق قىلىش جەريانىدا ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ خاسلىقىغا، ئۆزىگە خاس ئوي-پىكرىگە، ئارزۇ-ئىستەككە ئىگە سۇبيېكت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى. بالىلارنىڭ خاسلىقى، تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە نامەلۇم دۇنياغا بولغان قىزىقىشچانلىقى ھەم رول ئوينايدىغان ئىقتىدارلىرى تۇغما بولىدۇ. شۇڭا، مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بالىلار تۇغۇلۇشىدىنلا بىر مۇكەممەل تەبىئىي ئادەم ۋە ئىجتىمائىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

بالىنى تەبىئىي ئادەم دەپلا قارىغان چېغىمىزدا، بالىنىڭ ئىجتىمائىي ئادەملىكى جەھەتتىكى مىجەز-خاراكتېرى، خاسلىقى ۋە مۇستەقىللىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە سەل قارىلىدۇ. بالىلار ئابستراكت ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق بالىلار بەختلىك بولالمايدۇ.

تەلىم-تەربىيىدە، بالىلارنىڭ ھەم تەبىئىي ئادەم ھەم ئىجتىمائىي ئادەم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىت ئاساس قىلىنىشى، بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل مىجەز-خاراكتېرگە، تەپەككۇرغا، ئارزۇ-ئىستەككە ئىگە ئادەم ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك. بالىلاردا ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان پەزىلەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتىگە ماسلىشىشىمىز، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان كەيپىيات يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىم شۇكى، بالىدا ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان پەزىلەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، بالىنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان تۇرمۇش شەكلىنى تاللىشىغا، ئەركىن ھالدا ئوينىشىغا، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پاسونلىكى ۋە رەڭدىكى كىيىملەرنى تاللىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىشلار بالىنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمىسە، ئارىلاشماسلىق، توسماسلىق

كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ ھامىلىق ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشى كۆپىنچە ھاللاردا شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

بالىغا ئەركىنلىك بېرىش ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئارزۇ-تەلەپلىرىنى بالىغا تاڭماسلىقى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، بالىلار جاپادىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. بالا خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، قاتتىق تەن جازاسى بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىسىنى باشقا بالىلار بىلەن قالايمىقان سېلىشتۇرماسلىقى كېرەك، چۈنكى بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا بەكلا پايدىسىز.

شۇڭلاشقا، بالىغا ئەركىنلىك بېرىشتە، ئۇنىڭ «ياق» دېيىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. بالا ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە «ياق» دېگەنلىكى ئۇنىڭ خاسلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكى بولۇپ، بالىنىڭ ئۆزىنىڭ كاللىسىغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئۆز كۆز قارىشىنى ھەرگىزمۇ بالىغا تاڭماسلىقى، بەلكى ئۆز كۆز قارىشىنى بالىغا ئەتراپلىق، ئوبدان شەرھلەپ، ئۇنىڭ ئويلىنىشىغا مەلۇم ۋاقىت بېرىشى كېرەك. ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى ئوبدان بىلگەندىن كېيىن، بالىنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى قوللاش ۋە چۈشىنىش كېرەك.

بالا بەزىدە مۇنازىرە قىلىدۇ، قارشىلىشىدۇ، ئۇرۇشىدۇ، بىراق بۇلار ھەرگىز سەۋەبسىز بولمايدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر ئۆز-ئۆزىنى قوغداش ئېڭى ۋە قابىلىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ، سۇبيېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بالىلاردا ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىسىمغا قارشى تۇرۇشىغا، ئۆزىنىڭ يوللۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى دادىللىق بىلەن قوغدىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك.

قارشىلىشىش بىلەن يول قويۇش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش زىت ئەمەس. ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلەش قارىغۇلارچە بولسا بولمايدۇ. باللاردا تۇرلۇك پەزىلەتلەرنى يېتىلدۇرۇشتە، ئۇلارنى ئىدراك ۋە ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە تەربىيىلەشكە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. تېخىمۇ ياخشى ياشاش ئۈچۈن، تۇرمۇشتىكى «يامانلىق»لارغا كۆچلۈك جاسارەت ۋە قەتئىي ھەرىكىتىمىز بىلەن قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. جەمئىيىتىمىزدە گۈزەللىك بار، شۇنداقلا رەزىللىكمۇ بار، ئەگەر رەزىللىككە يول قويۇۋەرسەك، ئاخىرى بېرىپ قۇلغا ئايلىنىپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەركىنلىكى ئۆزئاقىچە كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ يول قويۇش بىلەن قولغا كەلگەن ئەمەس. ئەركىنلىك باشقىلارنىڭ سەدىقىسى ئەمەس، بەلكى كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. باللار قارشىلىششىنى بىلمىسە، بەختلىك تۇرمۇشقا قانداق ئېرىشىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

بالىنى ئۆزىنىڭ يوللۇق ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشنى كىچىك ئىشلاردىن باشلىساق بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىمىزنىڭ بالىسى بىلەن خەقنىڭ بالىسى ئويۇنچۇق تالىشىپ قالغاندا، بىز ئاتا-ئانىلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، باللارنى جېدەلدىن ئايرىۋېتىشىمىز كېرەك. بالىنىڭ ئىنكاسىغا زەڭ سېلىش، بالىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بولغان زىددىيەت-ماجرانى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى كۆزىتىش، ئاندىن بالىنى توغرا يولغا يېتەكلەش ــــ ئاتا-ئانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئاتا-ئانىلار بالىغا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرىنى ئۆگىتىپ قويسا، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق باللارنى ئۆزىنىڭ يوللۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان، باشقا باللار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئوينايدىغان قىلسا بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىغا، قارشىلىشىشنىڭ مەقسەتسىز يولسىزلىق قىلىش ۋە جېدەل قىلىش ئەمەسلىكىنى، بەلكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىگىلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر خىل قابىلىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولدىكى، كىچىكلىكىدە ئاتا- ئانىسى بىلەن مۇنازىرلىشەلىگەن باللار چوڭ بولغاندا ئۆزىگە ئىشەنچى تولۇق، كۆچلۈك ئىجادىيەت قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەم بولىدىكەن.

بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاتا-ئانىسى بىلەن مۇنازىرلىشىش باللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا باللار ئۆزىنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. بۇ، باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشىدىكى بىر خىل جەريان. باللىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن مۇنازىرلىشىشى نەتىجىسىدە، باللىنىڭ تىل قابىلىيىتى ئۆسىدۇ، قاتنىشىش ئېڭى ئويغىنىدۇ. چۈنكى مۇنازىرىلەشكەندە، بالا ئۆچۈن ئۆزىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەھلىلى، كۆزىتىشى ئاساسىدا، ئۆگەنگەن سۆز ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنى سىستېمىلىق ئىپادىلىشىگە، ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ۋە نوپۇزىغا جەڭ ئېلان قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، باللار ئۆزىنىڭ ئوي-خىيالى ۋە تەلىپىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، مۇنازىرلىشىشنى ۋە لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇنازىرلىشىش باللارنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە قىلىدۇ. ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش داۋامىدا باللار ئۆز پىكرىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوي-خىيالىنى قانداق ئىپادىلەشنى تەدرىجىي ئۆگىنىۋالىدۇ. بالا مۇنازىرىدە ئۇتۇپ چىقسا، ئۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ۋە شاتلىنىش تۇيغۇسى مۇقەررەر پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ تۇيغۇنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش رولى بالا قورامىغا يەتكەندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار باللارغا ئۆزىنىڭ ئوي-خىيالىنى تاكاماسلىقى، ئۇلارنى باسماسلىقى كېرەك، شۇنداقلا ئۇلارغا ئەركىن-

ئازادە كەيپىياتى يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى بارلىق ئادىل بولمىغان ئىشلار بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئىلهاملاندۇرۇشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىسىغا پىكىر قىلىش پۇرسىتى بېرىشى، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشى كېرەك.

قىسقىسى، بالىنىڭ مۇنازىرىلىشىشى ۋە ئۇرۇشۇشىنى بىر تاياقتا هەيدىسەك بولمايدۇ، بۇنىڭغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئىلهاملاندۇرۇشقا توغرا كەلگەندە ئىلهاملاندۇرۇش، توسىدىغان يەرگە كەلگەندە قەتئىي توساش كېرەك. ئاق-قارىنى ئايرىپ ئولتۇرمايلا بالىنى بېسىش — بالىنى خاسلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ، بالىنىڭ ئەركىنلىكىنى سۆيىدىغان تەبىئىتى تولۇق تەرەققىي قىلالمايدۇ، ئىش قىلغاندا قورقۇنچاق، خەقنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق باللاردىن بىرەر نەتىجە يارىتىشنى ئۈمىد قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەن دادامنىڭ «ئويۇن شەكلى ئارقىلىق تەربىيىلىشى»دە چوڭ بولغان.

دادام مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلەش جەريانىدا ئويۇن ئويناش ئارقىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى دائىم ئىشلەتكەن. چۈنكى دادام ئويۇننىڭ باللارغا بولغان ئەهمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن.

مەنمۇ كېيىن ئوغلۇمنى تەربىيىلەيدىغان بولغاچقا، دادامنىڭ ئۇسۇلىنى، يەنى دادام مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلەشتە قوللانغان ئۇسۇللارنى ئۆگەندىم. هازىر بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ دېگىنىم دادامنىڭ ئۇسۇلىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قوللاندىم دېگەنلىكىم ئەمەس، ئەلۋەتتە. بالىنى تەربىيىلەشتە جانلىق بولۇش كېرەك، مەنمۇ ئوغلۇمنى تەربىيىلىگەندە، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەزى يېڭى ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقتىم. بىراق يەتمەكچى بولغان مەقسەت ئوخشاش، يەنى بالىنى ئويۇن داۋامىدا خۇشال-خۇرام ئۆگىنىدىغان قىلىش.

دادامنىڭ تەلىم-تەربىيە توغرىسىدىكى ئەسىرىدىكى نۇرغۇن ئۆزگىچە كۆز قاراشلارنى ھازىر كىشىلەر قوبۇل قىلىپ بولدى، شۇنداقلا تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتىدىمۇ قوللىنىۋاتىدۇ.

دادام مۇنداق بىر قاراشنى، يەنى بالىلارنى بىرگە ئوينىغىلى قويۇش زىيانلىق دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. دادام بۇنىڭغا، بالىلار بىرگە ئوينىغاندا يامان ئادەتلىرىنى بىر-بىرىگە يۇقتۇرىدۇ، دېگەن سەۋەبنى كۆرسەتكەن.

گەرچە مەن ھەمراھلىرىم بىلەن بىرگە ئويناش داۋامىدا نۇرغۇن بىلىم ئۆگىنىۋالغان بولساممۇ، بىراق دادام يەنىلا ئۆز كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغان. ئۇ، گەرچە ئويۇن داۋامىدا بالىلار ئاز-تولا مەنپەئەتكە ئېرىشكەندەك قىلغىنى بىلەن، تارتىدىغان زىيىنى ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

راستىنى ئېيتسام، دادامنىڭ بۇ قارىشىنى ھازىرغىچە چۈشىنەلمىدىم. دادامنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بىراق قانداقلا بولمىسۇن، دادامنىڭ بۇ قاراشتا چىڭ تۇرىشىدا ئۆزىگە چۇشلۇق سەۋەبى بار.

ھازىر ئويلاپ باقسام، دادامنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرى بىر تەرەپلىمە ۋە چەكلىمىلىك ئىكەن. بۇ پۈتۈنلەي دادامنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۆيۈنۈشى تۈپەيلى بولغان.

بىراق قانداقلا بولمىسۇن، دادامنىڭ تەلىم-تەربىيە كۆزقاراشلىرىنىڭ ھېلىھەم ئەھمىيىتى بار. چۈنكى دادام ئەينى ۋاقىتتا باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشنى قىلدى.

دادام مېنىڭ باشقا بالىلار بىلەن ئارىلىشىشىمنى چەكلىگەن، مەندە «باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسى ئەسكى، بولمىسا دادام نېمىشقا مېنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئوينىغىلى قويمايدۇ» دېگەن خاتا قاراش پەيدا بولغانىدى.

ئالدىدا تىلغا ئالغان، مىنى ئۇرغان تايلىرىنەچچە يىلدىن كېيىن ماڭا ياردەم قىلدى، شۇندىلا بۇ مەسىلىگە قارىتا مەندە يېڭى تونۇش پەيدا بولدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەن باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسىنى يارىماس دەپ قارايتتىم. بىراق تايلىرنىڭ قىلغان ئىشى مىنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى. مەن بىردىنلا بۇ دۇنيادا ئۆزۈمدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ياخشى بالىلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. تايلىرنى مىسالغا ئالسام، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ھېچ بولمىغاندا، باتۇر ھەم باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق بىلىدىغان بالا.

باشقا بالىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، زىددىيەتنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى ئېنىق، بۇ ھەممىمىزگە ئايان. جەمئىيەت ئادەمدىن تەركىب تاپقان ناھايىتى مۇرەككەپ بىر توپ. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئوي-پىكرى، تەپەككۇر ئۇسۇلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىشى، مەسىلىگە ئۆزىنى مەركەز قىلىپ باھا بېرىشى تۇرغانلا گەپ. جەمئىيەتتە ياشايدىكەنمىز، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى ئۆگىنىۋالمىساق بولمايدۇ.

مېنىڭچە، قانداق قىلغاندا باشقىلار بىلەن ئوبدان ئالاقە قىلغىلى، چىقىشىپ ئۆتكىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەممىلا ئادەم ھەرۋاقىت ئويلايدىغان مەسىلىدۇر.

بەزىلەر، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش چوڭلارنىڭ ئىشى، كىچىك بالىلارنىڭ ئۆگىنىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنى ئۇلار چوڭ بولغاندا ئويلاشسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەن بۇنداق قاراشقا قوشۇلمايمەن، چۈنكى بالا كىچىك، ئانچە ئىش ئۇقۇپ كەتمىگىنى بىلەن، ئۇلاردا مۇستەقىل مىجەز-خاراكتېر ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. مۇستەقىل مىجەز-خاراكتېر شەكىللەنگەن ئىكەن، ئۇلار ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ۋە ئىشلارغا كۆپىنچە چاغلاردا ئۆزىنى مەركەز قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىدۇ.

دادامنىڭ ماڭا دېگەن مۇنداق بىر گېپى ھېلھەم ئېسىمدە: «ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى ۋە يامان ئىللىتى بولىدۇ، ئەپۇ قىلالىغۇدەكلا بولسا ئەپۇ قىلىشنىمۇ بىلىش كېرەك. ئەپۇ قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويساق بولىدۇ. بىراق چوقۇم ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن راستىنلا چىقىشىپ كېتەلمىسەڭ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىساڭ بولىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ساڭا ھېچقانداق زىيىنى يوق.»

دادام «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابىدا: «بالىلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىنى ئويۇنچۇق بىلەن ئۆتكۈزۈشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. بالىلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى قىممەتلىك ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرماي، ئۇلارنىڭ گۈزەل چاغلىرىنى ئويۇنچۇق ئارقىلىق بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىش — بالىلارنى شەكىللەنمىگەن ھالدا نابۇت قىلغانلىق بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ، ئاتا-ئانىلار ئۆتكۈزگەن جىنايەت ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان.

مېنىڭچە، دادامنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق يولى بار، ئەلۋەتتە. دادام ئاشۇنداق دېيىش بىلەن بىرگە، ئاشۇنداق قىلغان! شۇڭا مېنىڭ بالىلىق دەۋرىم ئەمەلىيەتتە ئويۇنچۇقسىز ئۆتكەن.

دادامنىڭ مېنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ماڭا ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمىگەنلىكى ماڭا ئايان. بىراق، مېنىڭچە، ھەممىلا بالا نۇرغۇن قىزىقارلىق ئويۇنچۇقلىرىم بولسىكەن دەپ ئويلايدۇ، مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

گەرچە دادام ئۆز قولى بىلەن ماڭا ئۆگىنىشىمگە پايدىلىق ئويۇنچۇقلارنى ياساپ بېرىپ، بالىلىقىمغا نۇرغۇن خۇشاللىق بېغىشلىغان بولسىمۇ، بىراق مەن يەنىلا ھەقىقىي ئويۇنچۇقۇم بولسىكەن، دەپ ئويلايتتىم.

بىر كۈنى، بىر ھەمرىيىم كېلىپ، ماڭا قىزىقارلىق بىر نەرسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدا مەن بىرنەرسە ئۆگىنىۋاتاتتىم، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئويۇنچۇقنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىم ئۇنىڭغا ياق دېيىشىمدىكى سەۋەبنىڭ بىرى ئىدى، ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، مەن ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرىغا پەقەت قىزىقمايتتىم.

ئۇزۇندىن بېرى دادام مېنىڭ كاللامدا «كىچىك بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، مەن ياساپ بەرگەن ئويۇنچۇقلارلا سېنىڭ ئۆگىنىشىڭگە پايدىلىق» دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويغانىدى.

تۇغرا، دادامنىڭ ماڭا ياساپ بەرگەن ئويۇنچۇقلىرى مەندە قىزىقىش پەيدا قىلىدىغان، مەن زوق-شوق بىلەن ئوينايدىغان نەرسىلەر ئىدى. چۈنكى بۇ نەرسىلەر قىزىقارلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماڭا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەتكەن.

ئۇ ھەمرىيىم مېنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىمنى ئاڭلاپ، كەيپى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەتتى. ماڭىدىغان چاغدا ئۇ ماڭا:

— كارل، بۇ ئويۇنچۇقۇمنى كۆرمىسەڭ، كېيىن چوقۇم پۇشايمان قىلىسەن،-دېدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، مەن: «مەن كۆرمىسەم ئارماندا قالغۇدەك قانداق ياخشى نەرسىدۇ ئۇ؟ يا ئۇ شۇنداق قىزىقارلىق ئويۇنچۇقمىدۇ-يە؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن، ئۆگىنىشىمنى تاماملىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم.

ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ئۇنىڭ ئويۇنچۇقى مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەن دۇنيادا بۇنداق چىرايلىق ئويۇنچۇقنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.

بىر ھەقىقىي ئات ھارۋىسىغا ئوخشايدىغان ئويۇنچۇق ئات ھارۋىسى ئىدى. ئۇنىڭ شەكلى ھەقىقىي ئات ھارۋىسىنىڭكىگە

ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، باشقا ئالاھىدىلىكلىرىمۇ تولۇق ئىدى. بۇ ئويۇنچۇقنىڭ ئېتى، كۆزۈپى بار بولۇپ، ھەقىقىي ئات ھارۋىسىدىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. بۇنى كىچىكلىتىلگەن ھەقىقىي ئات ھارۋىسى دېسەكمۇ بولاتتى.

شۇ چاغدىلا مەن ھەمرىيىمنىڭ كۆرمىسەك ئارمانىدا قالىسەن، دېگەن گەپنى بىكارغا دېمىگەنلىكىنى چۈشەندىم. راست، ئەگەر شۇ چاغدا كۆرمىگەن بولسام، ئۆمۈرۋايەت ئارماندا قالارمەنكەنمەن. چۈنكى بۇ ئويۇنچۇق ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئىدى.

شۇ كۈنى مەن ھەمرىيىم بىلەن كەچ كىرگىچە ئويناپ، ئۆيگە قايتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ ئەس-يادىم مۇشۇنداق ئات ھارۋىسىغا ئېرىشىشتە ئىدى.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى دادامغا ئېيتتىم. بىراق دادام گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، پەرۋا قىلمىدى. ئۇ يەنىلا «ئويۇنچۇق ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەن، ھېچقانداق قىممىتى يوق» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى. دادام ماڭا:

— بۇ نەرسىلەرنى سودىگەرلەر پايدا تېپىش ئۈچۈن ياسايدۇ، بۇ دېگەن ساپلا بالىلارنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالىدىغان نەرسىلەر،-دېدى. مەن:

— بىراق، ئۇ ھەقىقەتەن بەك قىزىقارلىق ئىكەن،-دېدىم. دادام يەنە:

— گەرچە ئۇ قىزىقارلىق بولغىنى بىلەن، ئۆگىنىشىڭگە قىلچە پايدىسى يوق، يەنە تېخى سېنى ئويۇن قېپى قىلىپ قويىدۇ. ياخشىسى، ئۇنداق نەرسىلەردىن نېرى تۇر، بولمىسا ئۇ سېنى يامان يولغا باشلايدۇ،-دېدى.

ماڭا ئايانكى، دادام ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيتتى. مەنمۇ ئىلاجىسىز دادامنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم ۋە ھېلىقى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قىزىقارلىق ئات ھارۋىسىنى ئوينىمىدىم.

دادامنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئانچە توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. بىراق شۇچاغدا بەك كىچىكلىكىمدىن بولسا كېرەك، دادامغا رەددىيە بەرگۇدەك ئاساس تاپالمىغاچقا، ئۇنىڭ رايىغا باقماقتىن باشقا ئامالىم بولمىدى.

بىراق ھېلىقى ئات ھارۋىسى مېنىڭ خىيالىمدىن پەقەت نېرى كەتمىدى، شۇنداقلا بالىلىقىمدا يېتەلمىگەن بىر ئارمان بولۇپ قالدى.

ھازىر مەن ئاللىقاچان 30 نەچچە ياشقا كىردىم، دادىمۇ بولدۇم. ھېلىقى ۋاقىتتا ئاشۇ ئات ھارۋىسىنى نېمىشقا شۇنچىۋالا ياقتۇرۇپ قالغانلىقىمنىمۇ پۈتۈنلەي چۈشەندىم.

گەرچە ھېلىقى ئات ھارۋىسى ئۆگىنىشىمگە ياردەم بېرىدىغان ۋاستە بولالمىسىمۇ، بىراق ئۇ ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلغان، يەنى مېنى قىلچە مەقسەتسىز، غەرەزسىز ھالدا خۇشاللىققا ئېرىشتۈرگەنىكەن.

مانابۇ، ساپ خۇشاللىقتۇر.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، مەن ھېلىقىدەك ئات ھارۋىسىدىن بىرنى سېتىۋالدىم ۋە ئۆيگە ئاپىرىپ خۇشاللىق بىلەن ئويناشقا باشلىدىم.

ئايالىم دەسلەپتە مېنى چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلىپ يۈردى، دەپ ئەيىبلىدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇمۇ بۇ ئويۇنچۇقنى ئويناشقا باشلىدى.

مەن ئوغلۇمنى دادام مېنى تەربىيىلىگەندەك تەربىيىلەيمەن، بىراق ئوغلۇمنىڭ بالىلىق دەۋرىنى ھەرگىز ئويۇنچۇقسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن.

تەجرىبىلىرىم ۋە تەتقىقاتلىرىمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئويۇندىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى نوقتا تۆۋەندىكىدەك:

كەيپىياتنى تېزگىنلەش — ئادەمدىكى زۆرۈر ئاساسى ساپا، شۇنداقلا ئادەمنىڭ پىسخىك جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى. مۇتەخەسسىسلەر، بالىنى كەيپىياتنى

تىزگىنلىيەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ھېسسىيات ئاساسىدا كەيپىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇيـــۇن ئـــاددىي بولۇشــى، ئـــەمما بالىلارنىـــڭ دىققىتىنـــى مەركەزلەشـتۈرەلەيدىغان، ھەرىكــەت جەھەتتــە ماسلاشــتۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدىكى مەقسەت بالىلارغا كەيپىياتنى تىزگىنلەش ماھارىتىنى ئۆگىتىش. كەيپىيات تەربىيىسى چوڭ مىڭە تەپەككۇرى ۋە كەيپىياتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا قارىتىلىشى كېرەك. بالىلار مەسخىرىگــە قالغانــدا، ئـۇنىڭغا قانــداق قىلىــا بولمايــدىغانلىقىنى ئېيتىشــلا كۇپــايە قىلمايــدۇ، ئـۇلارغا يەنــە ئۆزىنىــڭ نەپــرەتلىنىش كەيپىياتىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىتىش كېرەك.

بــەزى ئــەھۋاللاردا،تىلىســىز پــىكىر ئالماشــتۇرۇش ئۇســۇلى تىــل ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىنمۇ مۇھىم بولىدۇ. بالىلارغا كەيپــــياتنىڭ بەدەنــــدىكى تۈرلــۈك ئىنكاســلىرىنى بىلــدۈرۈش ۋە چۈشــەندۈرۈش كېــرەك، شــۇندىلا بــالىلار ئــۆزىنى تىزگىنلەشـــنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

بــالىلار ئــاچچىقى كەلگىــنىدە، يــۈزى قىزىرىــدۇ، مۇســكۇللىرى چىــڭىپ، قــاتتىق جىددىيلىشــىدۇ، ھــەرىكىتى، چىرايــى ۋە بــەدەن تۇرقىدىمۇ مەلۇم ئىپادىلەر كۆرۈلىدۇ. ياخشى تەربىيىلــەش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: بالىلارغا ئالدى بىلەن يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك ئالامەت ـ ئىپادىلەرنى بىلدۈرۈش، ئاندىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىش، دىققەتنى چېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەدەننى تىنچلاندۇرۇش كېرەك.بۇ خىل مەشــق جــەريانىنى خاتىرىلــەپ، بالىلارغــا ئۆزىنىــڭ شــۇ چاغــدىكى ئىپادىســىنى كۆرســىتىش ـــ ئـۇلارنىڭ كەيپــياتنى تىزگــىنلەش ماھارىتىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

ئۇيـــۇن يەنـــە بالىلارغـــا دىققـــەت قىلىـــش قـــابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىــدىغان بولــۇپ، بالىلارنىڭ ئۆزىنى تۈتۇۋېلىش پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشــكە پايدىلىق. چۈنكى بالىلار ئويۇن داۋامىدا يېڭىش ئۈچۈن، مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە دىققىتىنى چېچىۋەتمەي مەلۇم بىر

ئىشقا قارىتىشى كېرەك. بۇخىل جەريان تەكرارلىنىۋەرسە، بالىلارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتى كۈچىيىدۇ، ئۆز-ئۆزىنى تونۇۋالىدىغان پەزىلەت يېتىلىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى چېنىقىدۇ.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۆزىنى تونۇش ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتىن تىزگىنلەش، ئارزۇ-ئىستىكىنى چەكلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى تونۇۋالىدىغان پەزىلەت مال-مۈلۈككە كەلگەندە ئىقتىساتچىل بولۇش بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىساتچىل-تىجەشلىك بولۇش ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ بىر قىسمىدۇر.

گەرچە بالىلارنىڭ ئويۇنى چوڭلار تۇرمۇشىنىڭ بىرخىل دورالمىسى بولسىمۇ، بىراق بالىلار كەيپىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مىجەز-خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئويۇن بالىلار ئۈچۈن ھەم كۆڭۈل ئېچىش، ھەم ئۆگىنىش قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

ئويۇن داۋامىدا بالىلارنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا ئۇلارنى «بىئولوگىيىلىك ئادەم»دىن «ئىجتىمائىي ئادەم»گە ئايلاندۇرۇشتا ئاتا-ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

سەممىيلىك — ياخشى پەزىلەت. ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ۋە ئويۇن داۋامىدىكى ئىشلار ئارقىلىق بالىلاردا سەممىيلىكنى يېتىلدۈرسە ۋە كۈچەيتسە بولىدۇ.

بالىلار ئويۇن ئوينىغاندا، ئويۇنچۇقلىرىنى ئاتا-ئانىسىغا تاپشۇرۇشى، ئويناپ بولغاندىن كېيىن، يىغىشتۇرۇشنى ئاتا-ئانىسىغا تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن. بالىلاردىكى بۇخىل بېقىنىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش، بالىلاردا ھەم ئويۇن ئوينايدىغان، ھەم ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆزى يىغىشتۇرىدىغان ئىقتىدارنى، يەنى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

بەزىدە بالا ئۆز ئالدىغا ئويۇن ئوينىغاندا، بۇ ئويۇنلارنىڭ مەزمۇنى ئاددىي، بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسى يوق بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئويۇنغا ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىق ئۇسۇللارنى سىڭدۈرۈشى ۋە ئارىلىشىشى كېرەك.

بالىلارنىڭ ئويۇنى ئاكتىپ، ساغلاملا بولىدىكەن، ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ ئويۇندىكى ئاكتىپلىقىنى قوغدىشى كېرەك. بالىلار بىرەر پېرسوناژنىڭ رولىنى ئېلىپ، لاتا ئويۇنچۇقلارنى ئۇرۇپ-تىللىغان، ھەمراھلىرىغا قوپاللىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانىلار پوزىتسىيىگە دىققەت قىلغان ئاساستا، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇشى ۋە بالىلارنىڭ دىققىتىنى بۇرۇۋېتىپ، ئۇلارغا خاتالىقىنى تونۇتۇش ۋە تۈزەتكۈزۈش كېرەك.

بالىلار دەسلەپتە ئويۇن ئوينىغاندا، ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلارنى ئويلىماسلىقى، قائىدىگە ئەمەل قىلماسلىقى مۇمكىن. ئاتا-ئانىلار ئويۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق بالىلارغا ئەدەب-ئەخلاقنى، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئويلاشنى، قائىدىگە ئەمەل قىلىشنى ۋە باشقا بالىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى ئۆگەتسە بولىدۇ. ئويۇن داۋامىدا ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش، بۇ، ياخشى بىر ئۇسۇل.

مەن بالىلىقىمنى ئەسلەشكە بەك ئامراق، چۈنكى مەن بالىلىقىمدا ئەركىن-ئازادە ئوينايدىغان بالا ئىدىم. داداممۇ ماڭا ھەرۋاقىت ھەمراھ ئىدى، مېنى يېتەكلەيتتى ...

# ئون بىرىنچى باب

# تەلىم-تەربىيىنىڭ يۈكسەك نىشانى —— ئىقتىدار-قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش

## چوڭ كارىل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1804- يىلى 1- دېكابىر ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن «ياشاشتىكى زۆرۈر قابىلىيەت نېمە؟ تەرەققىي قىلىشتىكى زۆرۈر قابىلىيەت نېمە؟» دېگەن سوئالنى ئويلىنىپ قالدىم.

ئادەتتىكى ئاھۋالدا، كىشىلەر بالىلارغا تىرىشىپ ئۆگىنىشنى ياكى ئەستە تۇتۇپ ئۆگىنىشنى ھەممىگە قادىر بىردىنبىر ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىدراك تەلەپ قىلمايدىغان يەنە بىر خىل ئۆگىنىش بولۇپ، ئۇ تىرىشچانلىق تەلەپ قىلمايدۇ، يەن ئانا تىل ئۆگىنىشتە شۇنداق، بۇنى زادى قانداق قابىلىيەت پەيدا قىلىدۇ؟ بۇ قابىلىيەت بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قابىلىيىتى - پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىدۇر.

ئادەتتىكى ھايۋانلار تۇغۇلغاندىن كېيىنلا بارلىق تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: ھاشاراتلارنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار تۆرىلىشى بىلەنلا، بارلىق تۇغما ئىقتىدارنى ھازىرلىغان بولىدۇ. ئەركىكى تۇغما قابىلىيىتىگە تايىنىپ، چىشى ھاشاراتلارنى پەرق ئېتەلەيدۇ. ئەركەك كېپىنەكنىڭ قارا ۋە سېرىق يول-يول

سىزىقچىلىرىغا قاراپ، بۇ كېيىنەكنىڭ چىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. شۇڭلاشقا، تەبىئىي ۋە تۇغما ئىقتىدارنىڭ بىرىكىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇقىم ھەرىكەت ئەندىزىسىدىن چەتنىمەيدۇ.

ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، قانچىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان بولغانسېرى، ئۇلاردا تۇغۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي يېتىلىدىغان قابىلىيەت-ئىقتىدارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، يەنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يېتىلىدىغان قابىلىيەت-ئىقتىدار شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئىنساندا ھايۋانلاردا بولمايدىغان ئالاھىدە قابىلىيەتلەر بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە تايىنىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ، ئىنسان بىلەن ھايۋاننى پەرقلەندۈرىدىغان ناھايىتى مۇھىم ئالاھىدىلىك. شۇنداقتىمۇ ھايۋانلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى تەرەققىياتى خېلىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، سېلىشتۇرۇپ باقساق، بەزى قىزىقارلىق مەسىلىلەرنى بايقىيالايمىز.

ئۇنداقتا، ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئۆزگەرتىشىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل قايسى؟ تەتقىقات-ئىزدىنىشلەردىن مەلۇم بولدىكى، ئادەم تۇغۇلۇپ بىر يىلغىچە بولغان مەزگىل، بولۇپمۇ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئەڭ مۇھىم مەزگىلدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

بىرىنچىدىن، بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭدا نۇرغۇن چىراي ئىپادىلىرى ۋە ئىنكاس پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ھالقىلىق مەزگىل. ئەمەلىيەتتە ئۈچ ئايدىن ئىلگىرى بولۇشمۇ مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، بوۋاق ئۈچ-تۆت ئايلىق بولغاندا، ئانىسىدىن باشقا ئادەم قۇچىقىغا ئالسا يىغلىغىلى تۇرىدۇ. بوۋاق ئۇنچىلىك بولغاندا ئانىسىنىڭ چىراي تۇرقىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. يەنى بوۋاقلاردا «شەكىلگە قاراپ پەرقلەندۈرۈش» ئىقتىدارى بولىدۇ. بۇ، قالتىس بىر ئىقتىدار.

نۇرغۇن ئانىلارمۇ بوۋاقلارنىڭ ئۈچ-تۆت ئايلىق بولغاندىن

باشلاپلا، ئادەم تونۇشنى باشلايدىغانلىقنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بىراق بوۋاقنىڭ تونۇيدىغىنى، ئۆزىنى تۇغقان ئانىسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۆزىگە كۆيۈنگەن ئادەمنىڭ ھەممىسىنى بوۋاق تونۇيالايدۇ. بوۋاق ئۇلارنىڭ چىرايىنى تونۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قۇچىقىغا ئېلىش ئۇسۇلىنى، ئىپىتىپ بەرگەن ناخشىنى، ئۇلاردىن پۇرايدىغان پۇراقنى ۋە ئۇلارنىڭ مىگىشى قاتارلىقلارنى ئېسىدە تۇتىدۇ ۋە ياقتۇرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بوۋاقلار ھەتتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئاياق تىۋىشىنىمۇ بىلەلەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بوۋاقلاردىكى كۈچلۈك پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى يېرىم ياشتىن ئاشقاندا بارا-بارا روشەن ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. بوۋاقلار ئاتا-ئانىسىنىڭ تونۇش چىرايى بىلەن ناتونۇش كىشىلەرنىڭ چىراي-تۇرقىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

بۇ، ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئۇخشاش بولماسلىقىدىنمۇ ياكى تۇغما ئىقتىدارىدىنمۇ؟ ئەجەبا بۇ، ئىنساندا تۇغۇلۇشىدىنلا بارلىقىنى بىلدۈرەمدۇ؟

ئادەمنىڭ ئىقتىدار-قابىلىيىتى ھەقىقەتەن سىرلىق ھەم مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

* * *

1804- يىلى 8- دېكابىر ھاۋا ئوچۇق.

قانداق قىلسام ئوغلۇم كارلدا تولۇق ئىقتىدار-قابىلىيەتنى يېتىلدۈرەلەيمەن؟

مەن ئالدى بىلەن ئوغلۇمدا دىققەت قىلىش قابىلىيىتى، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ۋە كۆزىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشۈم كېرەك. بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر.

مەن ئوغلۇمدا قابىلىيەت-ئىقتىدار يېتىلدۇرۇشتا ھەرگىز ئالدىرىماسلىقىم كېرەك. چۈنكى ئوغلۇم قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويسام، ھامان زىيان تارتىپ قالىمەن.

ئەگەر ئوغلۇم ئادەتتىكىدىن تاشقىرى قابىلىيەتنى ئىپادىلەپ قالسا، مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇيۇننىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىم كېرەك. ئەگەر ئىپادىسى ياخشى بولماي قالسا، ئالدىراپ كەتمەي، ئۇنىڭغا كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىشىم ۋە ياردەم بېرىشىم، ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ ۋە غەلىبە خۇشاللىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئالغا باستۇرۇشۇم كېرەك.

ئوغلۇمدا تولۇق ئىقتىدار-قابىلىيەت يېتىلدۇرۇشتە، ئاسان ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىم، ئوغلۇم چۈشىنەلەيدىغان ۋە كۆرەلەيدىغان نەرسىلەرنى تاللىشىم كېرەك. مەن ئائىلىمىنىڭ بارىچە ئويۇننىڭ كونكېرت، بىۋاستە ھېس قىلغىلى ۋە ئوبرازلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشىم، ئۇنىڭغا بەزى كىچىك تەجرىبىلەرنى ئىشلەتكۈزۈپ، بەزى نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بايقىغىلى سېلىشىم كېرەك.

بالىلارنىڭ ئىقتىدار-قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەمەلىي سەۋىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك. مەن ئەزەلدىن ئاز ئۇچرايدىغان ياكى غەلىتە سوئاللارنى سوراپ، ئوغلۇمنى تەڭقىسلىقتا قويمايتتىم.

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ ئەقلىي ھەم پسىخىك تەرەققىياتى جەريانىدا، كۆزىتىش قابىلىيىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەن ھەر ۋاقىت ئوغلۇمنى ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، تاشقى دۇنيانى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھېسسىي تەجرىبىلىرىنى

بىپىتىشىم كېرەك. مەن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۇنى كۆرۈش، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئىشلەش، سىناش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇيۇنغا قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، ئۇنىڭدا كۆزىتىشكە ماھىر بولۇشتەك ئادەتنى يېتىلدۈرۈشۈم كېرەك. ئۇنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئويۇن داۋامىدا يەنە ئوغلۇمنى تىل جەھەتتىن تېخىمۇ ئوبدان يېتەكلەپ، ئۇنىڭ تىل ئارقىلىق ئۆزى ھېس قىلغان شەيئىلەرنى تەھلىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشۇم كېرەك.

دىققەت قابىلىيىتى بولسا ھېس-تۇيغۇ، ئىدراك، ئەستە ساقلاش، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىق پسىخىك جەريانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل پسىخىك ئالاھىدىلىك. دىققەت قابىلىيىتىنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە چېچىلىپ كېتىشى بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىپەرۋا، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان بالىنىڭ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەن ئوغلۇمدا دىققەت قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشىم كېرەك.

مەن يەنە ئوغلۇمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشۈم كېرەك. چۈنكى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بالىلار ئەستە تۇتۇش ئارقىلىق بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنى ھېس قىلىپ، چوڭ مېڭىسىدە ئىز قالدۇرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق پسىخىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ پەرقى ئاساسەن ئەستە تۇتۇش سۈرئىتى، توغرىلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكى، دەللىكى ۋە جانلىقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئەستە قالدۇرۇش بالىلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، ھېسسىياتى، ئىرادىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئوغلۇمدا ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، بەزى ئامىللارنى تېپىپ چىقىشىم كېرەك.

مول ماتېرىياللار، ئاشۇ كونكرېت، بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدىغان جانلىق ئوبرازلارنىڭ ئۇنىڭ بۇرۇن ھېس قىلغان، ئەمما كۆز ئالدىدا يوق شەيئىلەرگە بولغان ھېسسىلىرىنى قوزغىتالايدۇ، بۇ جەريان ئۈزلۈكسىز تەكرارلانسا، ئۇنىڭ خاتىرىسى ناھايىتى مۇكەممەل ۋە توغرا بولىدۇ. مەن دائىم ھەرىكەت ۋە شەيئىلەرنى تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قوزغىشىم كېرەك. چۈنكى باللارنىڭ كاللىسىدا ئوبراز بىلەن تىل-سۆزلۈكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولىدۇ.

مەن ئوغلۇمدا كۆزىتىش قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىم كېرەك.

ئوغلۇم ئۆزىنىڭ چەكلىك بىلىمى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تېما ۋە مەزمۇنلارنى تاللايدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە ۋە ماتېرىياللارنى تاللايدۇ. ئۇ گەرچە دوراشنى ئاساس قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئىجادىي يوسۇندا قۇرۇپ چىقىدۇ.

مەن ئوغلۇمنى ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن دۇنيانى تەشەببۇسكارلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئەركىن ھالدا جانلىق تەقلىد قىلىشقا، ئىجاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشۈم كېرەك. شۇندىلا بۇ ئارقىلىق ئوغلۇمنىڭ ئۆزى ھېس قىلغان دۇنياغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشۇم كېرەك. ئوغلۇمنى ئۆزى تېما تېپىپ ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرغىلى، بۆلەكلەرگە ئايرىغىلى، تۈزۈم بەلگىلىگىلى سېلىشىم، بۇلارنى ئۆزى ئويلاپ، ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى تەشكىللەپ، ئۆزى ئىجرا قىلىشقا يېتەكلىشىم كېرەك. بۇ پۈتكۈل جەرياندا ئوغلۇمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى ۋە مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى تولۇق جارى بولىدۇ.

مەن ئوغلۇم كارلغا ئاكتىپلىق بىلەن شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىم كېرەك. مېنىڭ قوللىشىم بىلەن ئۇ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا سالالايدۇ. مەن يەنە ئۇنىڭغا بىناكارلىق توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىم ۋە ئاساسىي ئۇسۇللارنى سۆزلەپ بېرىشىم، ئۇنىڭغا قانداق قىلغاندا ياغاچنى تۈز قويغىلى قانداق قىلغاندا ئۇلارنى ئۇلاپ ئۇزارتقىلى، قانداق قىلغاندا چىداملىق قىلغىلى بولىدىغانلىقى ... قاتارلىقلارنى دەپ بېرىشىم كېرەك.

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدار-قابىلىيىتىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. بەزىلەر ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئوخشاش مۇنداق قابىلىيەت بالىلار چوڭ بولغاندا ھازىرلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ پۈتۈنلەي سەپسەتە. ئەمەلىيەتتە، بالا ئويناشنى بىلگەندىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى باشلانغان بولىدۇ.

ھازىردىن باشلاپ مەن ئوغلۇم كارلدا دىققەت قىلىش قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، مەشغۇلات قىلىش قابىلىيىتى ... قاتارلىقلارنى يېتىلدۈرۈشۈم كېرەك.

* * *

1804- يىلى 16- دېكابىر ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن بىر جۈپ ئەر-ئايال ماڭا: «بىزنىڭ بالىمىز شۇنچە قابىلىيەتسىز، بىراق سىزنىڭ بالىڭىز شۇنچە قابىلىيەتلىك. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، سىز داڭلىق مەكتەپتە ئوقۇغان، ياخشى تەربىيەت بالىڭىزغا ئۇدۇم قالغان. بىراق بىز ئۇنداق ئەمەس» دېدى. ئەمەلىيەتتە، تەربىيەت بىلەن قابىلىيەت باشقا-باشقا گەپ بولۇپ، ئىككىسى مۇناسىۋەتسىز. ئىقتىدار-قابىلىيەت ياشاش

مۇھىتىغا ئۇزلۇكسىز ماسلىشىش جەريانىدا يېتىلىدۇ.

ئىرسىيەت تۇپەيلى باللادا تۇرلۇك فىزئولوگىيىلىك پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقى، بۇ بىر پاكىت. بىراق قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تۇرلۇك ئىقتىدار-قابىلىيەت تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مۇھىت شارائىتى ئاساسىدا يېتىلىدۇ. ئىرسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى، يىغىنىڭ قاتتىق-بوش بولۇشى، مۇھىت شارائىتىغا بولغان ھېس قىلىش دەرىجىسى ۋە ماسلىشىش سۈرئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقتۇر. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ پەرقلەرمۇھىتنىڭ تەسىر قىلىشىغا ئەگىشىپ، بارا-بارا يوقىلىدۇ.

مانا بۇ، قابىلىيەت پرىنسىپىدۇر. بۇ پرىنسىپ ھەممىلا بالىغا ماس كېلىدۇ. ئىقتىدار-قابىلىيەت جەھەتتىكى پەرقنىڭ ئىرسىيەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئىرسىيەت توغرىسىدىكى ھېلىقىدەك كۆز قاراشلار باللاردا ئىقتىدار- قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى قاتتىق بوغۇپ قويىدۇ.

قابىلىيەت پرىنسىپ تېخى كەڭ قوللىنىلمىغاچقا، كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا قابىلىيەتنى ئىرسىيەت سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىر كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىۋاتقان تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى قابىلىيەت پرىنسىپىغا ئاساسلانمايدۇ، بالىنى تەربىيىلەيمەن دەپ قىلىۋاتقان ئىشلامۇ قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

مېنىڭچە، قەلب، ھېس-تۇيغۇ ۋە مىجەز-خاراكتېرنىڭ ھەممىسى قابىلىيەتتۇر. بۇ قابىلىيەتلەر بىر خىل تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتىلىدۇ.

بۇ توغرىدا فېستالوز «بالىنى تەربىيىلەمەسلىك ئىقتىدارسىز قىلىپ قويۇش دېگەنلىكتۇر. ئىقتىدار-قابىلىيەت يېتىلدۈرمەسلىك ئىقتىدار — قابىلىيەتنى بوغۇپ قويۇش دېگەنلىكتۇر» دەپ ياخشى ئېيتقان.

مىنىگچە، تۇغما قابىلىيەت بولسۇن، ياكى ئىرسىيەت بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەدەننىڭ فىزىئولوگىيىلىك شەرت-شارائىتىغا قارىتا ئېيتىلغان. تۇغما قابىلىيەت ۋە ئىرسىيەتنىڭ ياخشى-يامان، يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا بەلگىلەنگەن بولىدۇ. باشقا قابىلىيەت ئىقتىدارنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى بولسا بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

مانا بۇ، قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش پرىنسىپى بولۇپ، ھەممىلا بالىغا ماس كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئىقتىدار-قابىلىيەت — كۆچلۈك ھاياتىي كۈچنىڭ باشقىچە نامى. يەنى، ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى مۇھىتقا ماسلاشقاندا، كۈچلۈك قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرىدۇ، بۇ خىل كۈچ-قۇدرەت مەشىق ئارقىلىق ئىقتىدار-قابىلىيەت يېتىلدۈرىدۇ.

ھەممىلا ئادەمدە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئادەم جەمئىيەتتە ياشىيالمايدۇ. مۇشۇ نوقتىدىن قارىغاندا، ئىقتىدار-قابىلىيەتنىڭ يېتىلمەسلىكىدە مۇنداق ئىككى سەۋەپ بار. بىرى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىت مەۋجۇت؛ يەنە بىرى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنى مەشىق قىلدۇرىدىغان ۋە ئۆستۈرىدىغان مۇھىت يوق.

ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى، يەنى ھاياتلىق پائالىيىتى تۇغما ئىقتىدار ئاساسىدىكى ساپ ئىنكاستۇر، مەشىق ئارقىلىقلا ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى گەۋدىلىنىدۇ، ئىقتىدار-قابىلىيەتمۇ شۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ.

ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، جىسمى ۋە باشقا سەزگۈ ئەزالىرىدا كەمتۈكلۈك بولغان تەقدىردىمۇ، شەيئىلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. بىراق بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا، ئۇلاردىكى تۈرلۈك كەمتۈكلۈكلەرنى تۈزىتىشنىڭ نۇرغۇن ئىمكانىيىتى بولىدۇ، بۇ ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلانماسلىق — تەربىيىلىگۈچىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن بولىدۇ.

* * *

1804- يىلى 28- دېكابىر  ھاۋا ئوچۇق.

مېنىڭچە، مىجەز-خاراكتېرنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىقتىدار ئىكەن. بۇنداق ئويلىشىمغا بۈگۈنكى مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولدى.

بۈگۈن مەن سىرتتىن قايتىپ كەلسەم، كارل ھويلىدا ئۆزى يالغۇز روھسىز ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئازابلانغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئوغلۇمنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ئىزچىل ئوچۇق-يورۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى روھىي ھالىتى مېنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم.

ئوغلۇم بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— كارل، نېمە بولدى، قايسى ئىش سېنى بۇنداق غەمگە سېلىپ قويدى؟- دەپ سورىدىم. ئوغلۇم يەنىلا ئۈندىمەي ئولتۇراتتى.

— ئوغلۇم، مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن. نېمە ئىش بولسا مەندىن يوشۇرما. ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىغىنىڭدا، مەن ساڭا ياردەم بەردىم ئەمەسمۇ؟- دېدىم. ئوغلۇمنىڭ بۈگۈنكى تۇرقىغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چوقۇم بىر گەپ بارلىقىنى ياكى چوڭراق بىر ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم- دە:

— كارل، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم سېنى خۇشال-خۇرام ئادەم قىلىش. سەن خۇشال بولساڭلا، ھەر قانداق مەسىلىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ،- دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— دادا، مەن ئۆزۈمنى ھەقىقىي ئوغۇل بالا ئەمەستەك ھېس قىلىپ قالدىم،- دېدى كارل ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ.

— نېمىشقا؟

— مەن كەنتىمىزدىكى بىر دېھقاننىڭ ئوغلى كېنتېر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى قاۋۇل ئەمەسكەنسەن دەپ زاڭلىق

قىلىدى. ئۇ يەنە چاپىنىنى سېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇسكۇللىرىنى كۆرسىتىپ، مەندەك بولساڭ، ئاندىن ئوغۇل بالا بولغان بولىسەن، دېدى. لېكىن مەن ئۇنداق ئەمەس،- دېدى كارل.

ئەمەلىيەتتە كارلنىڭ تېنى ئىنتايىن ساغلام ئىدى، بىراق ئۇنى ناھايىتى قاۋۇل دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئەسلىدە بۇ ھېچقانداق ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئازابلاپ قويغان ئىدى. ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇشىدىكى سەۋەبنى ئۇققاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئوغۇل بالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدىم:

- كارل، بىلىشىڭ كېرەككى، ھەقىقىي ئوغۇل بالىنىڭ تېنى قاۋۇل بولسىلا ھېساب ئەمەس. ھەقىقىي ئوغۇل بالىدا ئەقىل-پاراسەت ۋە قەتئىي ئىرادە بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى بارلىق قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى، كۆچلۈك جاسارەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. سەن ئوبدان ئويلاپ باق، سەن تېخى كىچىك تۇرۇپلا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدىڭ، نۇرغۇن قائىدىلەرنى چۈشىنىۋالدىڭ. سەن چوڭ بولغانسېرى، بۇ بىلىم ۋە قائىدىلەر ئاستا-ئاستا ئەقىل-پاراسەتكە ئايلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، سەن مېنىڭ نەزىرىمدە يەنىلا باتۇر بىر بالا. گەرچە سەن باشقا بالىلاردەك قاۋۇل بولمىساڭمۇ، بىراق سەن ناھايىتى ساغلام. كېيىنكى دېگەن دېھقاننىڭ بالىسى، ئۇ ھەر كۈنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ. شۇنداقلا سەندىن چوڭ، شۇڭا ئۇنىڭ سەندىن قاۋۇل بولۇشى تۇرغانلا گەپ. مېنىڭچە، سەن ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئادەتتە دائىم چېنىقىپ بەرسەڭلا كېيىردىنمۇ قاۋۇل بولۇپ كېتەلەيسەن. كېيىنكىنىڭ ساڭا بۇنداق قىلىشى ناھايىتى ئەدەپسىزلىك. ئۇنىڭ گېپىنى نېمانچە كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كېتىسەن؟ يەنە بىرى، سەن ئوغۇل بالا بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئەڭ مۇھىمى مۇستەقىل كاللاڭ بار. بۇنداق بولغاندىكىن، باشقىلارنىڭ باھاسىغا پەرۋا قىلمىساڭمۇ

بولىدۇ.

كارل مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باھاسىنى ئاڭلاپ، بەزى جەھەتلەردە ئۆزىنى كەمسىتكەن بولسا، مېنىڭ سۆزلىرىم كاللىسىدىن ئۆتۈپ، قائىدىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يېڭىۋاشتىن تۇرغۇزۇلدى.

باشقا ئاتا-ئانىلار بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە، قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مېنىڭچە، مۇنداق چاغدا بالىغا قائىدە چۈشەندۈرۈلمىسە، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى چىگىش ھەل قىلىنمىسا، بۇ مەسىلە بالىنىڭ كۆڭلىگە مەڭگۈ ئورناپ قېلىشى مۇمكىن. نەتىجىدە، بالا دائىم بۇنىڭدىن ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ، مىجەز-خاراكتېرىگە تەسىر يېتىشى، ياكى ئەسلىدە ئوچۇق-يورۇق مىجەزلىك بالا شۇ تۈپەيلى جىمغۇر، يالغۇز يۈرىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مېنىڭچە، بالىدا ياخشى مىجەز-خاراكتېرنىڭ بولۇش-بولماسلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېتىلگەن ئادەم بولۇش-بولماسلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كەلگۈسىدە نەتىجە يارىتىش-يارىتالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

مېنىڭچە، مىجەز-خاراكتېرنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىقتىداردۇر.

* * *

1804- يىلى 29- دېكابىر ھاۋا ئوچۇق.

مەن ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرىنى ياقتۇرمايمەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئازراق كەسپىنىلا پىششىق بىلىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مەيلى كىم بولسۇن ياكى نەگە بارسۇن، ھەمىشە ئۆز بىلىمىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ

ياقتۇرۇش-ياقتۇرماسلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۇلار ئۆز كەسپىدىن باشقا نەرسىلەرنى قىلچە بىلمەيدۇ، شۇنداقلا قىزىقمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلاردا ساۋات خاراكتېرلىك بىلىملەر كەمچىل بولۇپ، ۋەزىيەت قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە دىكى ناچار كۆز قاراشلىرى ھەممىشە كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. مانا بۇلار ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىدۇر.

مەن ئەزەلدىن ئوغلۇمنى بۇنداق ئادەم قىلىپ چىقىشنى ئويلاپ باقمىدىم. چۈنكى، ئۇنداق ئىلىم ئەھلىلىرى گەرچە پۈتۈن زېھنىنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ كەسپىگە قاراتسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايدۇ. ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەر ئىنتايىن ئاز ئاڭلايدىغان، نېمىلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ئىلمىي ئاتالغۇلار، يازغانلىرى بولسا ساپلا كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرىدىغان مەنىسىز جۈملىلەردۇر. ئۇلار، ساۋات خاراكتېرلىك بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ۋە قىزىقىش-ھەۋىسى كەڭ بولغان ياشلارنى ئاددى كىشىلەر، دەپ قارايدۇ، ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە باي كىشىلەرنى كەمسىتىدۇ. شۇنداقلا، تېتىقسىز ئىلمىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ، ھېچكىم ئىشلەتمىگەن سۆزلەرنى قىلىدىغان ھەم ئۇزۇن، ھەم سېسىق، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان ماقالە يازىدىغان كىشىلەرنى ئۇلۇغلايدۇ. ئىستىقباللىق دەپ قارايدۇ.

ئۇلار خۇددى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى ئوقۇغۇچىلارغا دائىم: «سىلەر پەقەت گرېك تىلى بىلەن لاتىن تىلىنى ئۆگىنىۋالساڭلارلا بولىدۇ. پەننى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تىلىنى چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۆگىنىۋالالايسىلەر» دېگەندەك بىر تەرەپلىمە قاراشتىكى كىشىلەردۇر.

مەن قانداقمۇ ئوغلۇمنى ئاشۇنداق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقاي؟ ئوغلۇمنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىلمگە ئىنتىلىدىغان ۋە گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىيات قاتارلىقلاردىن ھوزۇرلىنالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلىشىم، دەل ئۇنىڭ

هېلىقىدەك ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى.

گەرچە مەن ئوغلۇمنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى ئۆزۈمگە پرىنسىپ قىلغان بولساممۇ، بىراق ئۇنى تەربىيىلەش جەريانىدا بۇ پرىنسىپقا خىلاپ ئىشلارمۇ پات-پات يۈز بېرىپ تۇردى. چۈنكى مېنىڭ تەربىيەلەۋاتقىنىم هايات بىر بالا، هايات بىر ئادەم ئىدى. ئادەملا بولىدىكەن، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھەممەيلەنگە ئايدىڭ.

كارل ئۆگىنىشتە خېلى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، مەن بىزار بولىدىغان هېلىقى ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يولىغا كىرىپ قالغىلى تاسلا قالدى. باشقىلارنىڭ ماختاش، ئۇچۇرۇشىغا ئېرىشكەن بالىدا قانداق ئويىنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس.

ئاددىيراق قىلىپ ئېيتسام، شۇ مەزگىللەردە كارل ئۆزىنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنى مەن خىسلەتلىك بالا ئىكەنمەن، قالتىس بىلىملىك ئادەم ئىكەنمەن، دەپ چاغلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى غەلىتە، چۈشىنىكسىز، ماقالىلىرىمۇ باشقىچە، ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئەلۋەتتە، كارلنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشى هېلىقىدەك بىلىمنى كۆز-كۆز قىلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ماختاپ ئۇچۇرغانلىقىدىن ئىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، گەرچە بۇ ئىشلار تۈپەيلى كارل ئىلىم ئەھلى دەپ قارالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئىلگىرىكىدەك سۆيۈملۈك بولماي قالغانىدى، بەزىدە ھەتتا ئادەمنى بىزار قىلىۋېتەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سەل ئەنسىرەشكە باشلىدىم.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، كارل باشقا بالىلارغا ئۆزىنىڭ «تالانت»ىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتقاندا، مەن ئۇنى توسىدىم. مەن ئۇنىڭدىن:

— كارل، سەن ھازىر گەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ

قالدىڭمۇ؟- دەپ سورىدىم. ئۇ ئەجەبلەنگەن هالدا ماڭا قارىدى، ئۇ گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى.

ئەمەلىيەتتە، كارلنىڭ باللار ئالدىدىكى ماختانچاقلىقى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندى. ئۇ ئۆز كۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماستىن، بىلىمنى كۆز-كۆز قىلغانىدى. ئۇ ئادىتى بىر قائىدىنى قەستەن مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئەقلىيە سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، باللارنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇۋەتكەنىدى.

كارلنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەن باشقا باللاردىن:

— كارل بايا نېمە دېدى؟ چۈشەندىڭلارمۇ؟ دەپ سورىدىم. باللارنىڭ گەپلىرى كارلنى قاتتىق ئوڭايسىزلاندۇردى.

— چۈشەنمىدۇق، ئۇ زادى نېمە دېدىكىن؟

— دەسلىۋىدە چۈشەنگەن ئىدۇق، لېكىن بارا-بارا نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقالمىدۇق.

— كارل، سەن زادى نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟ ...

شۇ ئىشتىن كېيىن، مەن كارلغا: «ئادىتى، چۈشىنىشلىك ئۇسۇل بىلەن باشقىلارغا مەقسەتنى ئۇقتۇرۇش -- ھەقىقىي بىلىملىكلىكنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر باشقىلار بىلەن ئاراڭدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ بولسا، ئۇنداقتا بۇ سېنىڭ ھاماقەت ئىكەنلىكىڭنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېدىم.

گەرچە كارل ئاشۇنداق بىر خاتالىقنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئەقىللىق بالا ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ساۋاق بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقىدەك بىلىمنى كۆز-كۆز قىلىدىغان، چاكىنا ئىللەت ئەھلىلىرىنى دورىماسلىققا ئەسكەرتىپ تۇردى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، تەلىم-تەربىيىنىڭ مەقسىتى ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، باللارنى مۇكەممەل ئادەم قىلىش. بۇ تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى.

مۇكەممەل ئادەم دېگىنىمىز، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئۆزىنى

بىغىشلاش روھىغا ئىگە، قەلبى مېھرىبانلىق بىلەن تولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار زىددىيەت ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى بايقىيالايدىغان ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۇنى ھەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

كارل كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، مەن ئۇنىڭدا راست-يالغاننى، ياخشى-ياماننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن ئىدىم. چۈنكى مۇنداق ئىقتىدار بولمىسا، بىلىمنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ.

بالىلاردا پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلمەيدىغان مەكتەپلەر چاكىنا كىشىلەرنىلا يېتىشتۈرىدىغان سورۇن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ بىلىمنى پارچىلاپ سېتىشى پارچە مال ساتىدىغان دۇكانلاردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئوقۇتقۇچى شۇ دوكاندىكى مال ساتقۇچىلاردىن ئىبارەت. ئۇلار گەرچە ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پېداگوگىكا، تىلشۇناسلىق، تەبىئەت، تارىخ قاتارلىق بىلىملەرنى ساتسىمۇ، بىراق سىز ئالغان بۇ بىلىملەردىن ھېچقانداق ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ھېس قىلالمايسىز.

مەن دائىم كارلغا : «بىر ئادەمدە ئىجادىيەت ئىقتىدارى بولمىسا، ئۇ دۇنيادىكى ھەر خىل تىللارنى بىلىپ، ھەممە كىتابلارنى ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ» دەيتتىم.

نۇرغۇن مەكتەپلەردىكى باشقۇرغۇچىلار بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، شۇ نىزاملار بويىچە بىر تۈركۈم قائىدىلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشقىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنداق مەكتەپلەر پەقەت ئوخشاش سەۋىيىدىكى كىشىلەرنىلا تەربىيىلەپ چىقالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئالاھىدىلىكى بار ئادەمنى تاپماق تەس. بۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوخشاشلا يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش بولمايدۇ. ھەممە جەھەتتىن ئوخشىشىدىغان چاكىنا ئادەملەر ھەر قانچە كۆپ بولغان بىلەنمۇ كارغا كەلمەيدۇ.

كارلنى تەربىيىلەشتە، مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تۇغما مىجەز-خاراكتېرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلاپ، ئۇنى مۇستەقىل قاراشقا

ۋە ئىجادىيەت روھىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلىدىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەم بولالايتتى، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ يېڭى كۆز قاراش ھەم يېڭى ئىدىيىگە ئىگە بولالايتتى. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ئاز-تولا تۆھپە قوشالايتتى.

مېنىڭ بەزى دوستلىرىم ئۆزىنى دانا پىداگوگ چاغلاپ، باللارغا ھەر خىل قائىدە-چەكلىمىلەرنى تۈزۈپ بېرىدۇ. چەكلىمىلەرنىڭ كۆپلۈكى كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قابىلىيەتلىك بالا يېتىشتۈرىدىغان مەزمۇنلار يوق. نۇرغۇن باللار تۈرلۈك رامكىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلەلمەيدۇ. مەن نۇرغۇن قابىلىيەتلىك باللارنىڭ ئاشۇ چەكلىمىلەرگە چېقىلىپ قويۇپ قىينالغانلىقىنى، باشقىلارغا ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

بىز باللىرىمىزنى قانداق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى ئويلايمىز؟ ئۇلار ئاددىي ئىشلارنىلا ھەل قىلالايدىغان مال ساتقۇچى ياكى ئاز-تولا ماھارىتى بولسىمۇ، لېكىن پىكىر يۈرگۈزەلمەيدىغان قول ھۈنەرۋەنچى بولسا مەيلىمۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، دۇنيادا ھەقىقىي ئالىم، پەيلاسوپ، سەنئەتكار دېگەنلەرمۇ بولامدۇ؟

ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، ئافىنا زامانىسىدىكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك بولۇشى ئەركىن مائارىپنىڭ مەھسۇلى؛ ئەكسىچە، ۋىزانتىيە زامانىسىدىكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ پۈچەكلىشىشى دەل قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئوغلۇمنى ھەرگىزمۇ كىتابلا ئوقۇيالايدىغان ئاتالمىش ئىلىم ئەھلى قىلىپ تەربىيىلەش ئەمەس، ئۇشتۇمتۇت كارامەت كۆرسىتىدىغان ئاتالمىش خىسلەتلىك بالا قىلىپ تەربىيىلەشمۇ ئەمەس، بەلكى دۇنياغا ئاز-تولا تۆھپە قوشالايدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئىدى. مەن كارىلىنىڭ

مۇكەممەل ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ ماڭا ھەممىدىن مۇھىم ئىدى.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 10- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

ئادەم مەلۇم بىر ئىقتىدارغا ئىگە بولسا، خۇددى پوت-قولغا ئوخشاش ھەر ۋاقىت ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇنىڭ قۇدرىتىمۇ ئۆزلۈكسىز نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. بالىنى تەربىيىلەش، ئەمەلىيەتتە، بالىدا بەزى ئىقتىدار-قابىلىيەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە كېيىنچە جەمئىيەتتە مۇستەقىل ياشىغاندا ئىشلىتىشى ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

ئىقتىدار-قابىلىيەت مەسىلە ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، تەلىم-تەربىيە بولسا ئادەمدە ئىقتىدار-قابىلىيەت يېتىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا مەسىلە قانداق بولۇپ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىدۇ؟

تەلىم-تەربىيە خۇددى پاراخوتقا ئوخشايدۇ. بۇ پاراخوت ناھايىتى يىراقتىكى مەنزىلنى كۆزلەپ ماڭىدۇ، بىراق خاتا ئۇسۇل قوللانسا، پاراخوت چۆكۈپ كېتىدۇ. قانداق قىلساق بۇ پاراخوت چۆكۈپ كەتمەيدۇ؟ بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، پاراخوت چۆكۈپ كەتمەستە، ئۇنىڭ قانداق ئەھۋالدا چۆكۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشتۇر. رېئال تۇرمۇشىمىزدا، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى (بەزىدە ئەڭ مۇھىم بىر قەدەم) مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقاش.

مەسىلە ھەل قىلىش جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم قەدەم مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىش بولۇپ، بۇ، مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى. بالىلارغا نوقۇل سان توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى سېلىش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قاراڭغۇ بولۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى

مەسىلىلەرنى ھېس قىلىپ يېتىشكە ياردەم بەرمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتىلا ئەمەس، مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتىمۇ ياردەمگە مۇھتاج. بىراق ئۇلار ھەمىشە مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەماللىققا بايقاپ كېتەلمەيدۇ.

بەزىدە بالىلار مەسىلىنى ئۆزى قېزىپ چىقىشى كېرەك. ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساھەدە مەيلى سەنئەتكار، ئالىم، پەيلاسوپ، ماتېماتىك بولسۇن ياكى باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىكى ئاساسلىق پەرق ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىدىكى ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىنىڭ دائىرىسى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىدە بولىدۇ. بالىلارنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۇلاردا مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆزى بايقايدىغان ۋە تاللايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ.

مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدا مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنى تېپىپ چىقىش، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشتىنمۇ قىيىن. مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنى بىكىتىش ئادەتتە ناھايىتى قىيىن بىر ئىشتۇ.

بىز ئادەتتە تۈرلۈك مەسىلىلەرنى بايقاپ تۇرىمىز، ئەمما ھەل قىلىۋاتقان مەسىلىنىڭ ھەل قىلىشقا ئەرزىيدىغان-ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايمىز.

رېئال مەسىلىلەر سەل مۇرەككەپ كېلىدۇ. تەتقىقاتچىلار ئادەتتە مەسىلىلەرنى ئاددى مەسىلە ۋە مۇرەككەپ مەسىلە دەپ ئايرىيدۇ. ئاددى مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئېنىق، كونكرېت ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە قارىتا كونكرېت ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويماق تەس.

مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە

ئېنىق بىر جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىزگە ئايان؛ بىراق بىز يەنىلا باشقىلارنىڭ بىز بايقىمىغان تەرەپلەرنى بايقاپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى بىزگە ئۆگەتسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىمىز. كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئېشىنىشىدىكى سەۋەب ـ ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى تېپىك سوئال-جاۋاب ئۇسۇلى بىلەن تەربىيىلىنىپ چىققانلىقىدا بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاددى دەپ قارايدۇ. بىراق تۇرمۇشتىكى مەسىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئاددى بولمايدۇ. مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىغان چېغىمىزدىلا، تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرالايمىز.

رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قانداق ئۇچۇرلارنىڭ كېرەك بولىدىغانلىقى ۋە بۇ ئۇچۇرلارغا قەيەردىن ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ئادەتتە ئانچە ئېنىق بولمايدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا مەسىلىگە قاراپلا ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ياكى بۇ مەسىلەر كاللىدا ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئەھۋال بۇنداق ئاددى بولمايدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىنىڭ سەۋەبىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا شۇ سەۋەبكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تۇرمۇشتىكى مەسىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنداق رەھىمدىل بولمايدۇ، بىز تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى ۋە چىگىش ئەھۋاللارنى ئۆزلۈكسىز ئويلاپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

رېئال تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنىڭ ئادەتتە بىردىنبىر ئۆلچەملىك، توغرا جاۋابى بولمايدۇ. ھەتتا توغرا جاۋابنىڭ ئۆلچىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا غەيرىي مۇنتىزىم بىلىملەر مۇنتىزىم بىلىملەرگە ئوخشاشلا مۇھىم. رېئال تۇرمۇشتا مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زور.

تەدبىر بەلگىلەشتە تۇرلۇك نەتىجىنى ئويدان ئويلاش كېرەك. چۈنكى نەتىجە كۆپىنچە ھاللاردا بىر ئادەمنىڭ ئاخىرىدا چىقىرىلىدىغان قارارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك ئۇششاق-چۈششەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا قىلچە پايدىسى يوق.

كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەر دائىم كوللېكتىپ ئىچىدە ھەل قىلىنىدۇ.

كىشىلەر دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ ئورۇنلىرىدا مەسىلە ھەل قىلىش ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردۇم، قانداق تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم، دەپ ئويلايدۇ. بىراق بۇ جەرياندا ئۇلار كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزاسى ئەمەس، بەلكى يەككە بىر شەخس سۈپىتىدە بولىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەر مۇرەككەپ، قالايمىقان ۋە چىگىش كېلىدۇ.

كىشىلەر دائىم مەن ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەندىم، دەپ ئويلايدۇ. بىراق رېئاللىقتا ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. بەزىدە، ھەتتا ئۇلا چاغلاردا رېئاللىقنى چۈشەندۈرۈش ۋە پەرەز قىلىش تەس. ئەمەلىيەتتە، تەلىم-تەربىيە تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس، مۇرەككەپ، يۈكسەك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

بىر مائارىپچى، بىر ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قايسى جەھەتتە ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك بولسا، شۇ جەھەتتىلا يېتەكلەيدىغان ئىشنى قىلمىدىم. ئەكسىچە، ئوقۇغۇچىلارنى ھەم يەككە ھەم بىر پۈتۈنلۈك قاتارىدا كۆرۈپ تەربىيىلىدىم. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرغۇن جەھەتلەردە ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال قابىلىيىتىنىڭ بارلىق ئىقتىدار-قابىلىيىتىنىڭ ئاساسىغا قورۇلىدىغانلىقىنى

ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

مەسىلەن: سۇسى ماتېماتىكىدا ياخشى بىر ئوقۇغۇچى. بىراق ماتېماتىكىدا ياخشى ئوقۇغۇچىنىڭ ماتېماتىكىغا ـ لوگىكىلىق ئىقتىدارىغا تايىنىپلا ھەممىلا ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئوقۇغۇچىلار تۈرلۈك ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئاندىن نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ماتېماتىكا مەسىلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن تىنچ مۇھىتقا مۇھتاجلىقىنى چۈشەنگەندە، ئۆزلۈك ئىگى قابىلىيىتىدىن پايدىلانغان بولىدۇ. ئۇلار قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار كىشىلىك ئالاقە ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىدۇ. تىل توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، تىل قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. گېئومېتىرىيىگە ۋە تۈرلۈك شەكىللەرگە دائىر مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، بوشلۇقنى كۆرۈش قابىلىيىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز سۇسىنى ماتېماتىكىلىق ـ لوگىكىلىق ئىقتىدارغا ئىگە ئوقۇغۇچى دېمەستىن، ماتېماتىكىدا ياخشى ئەقىللىق ئوقۇغۇچى دېيىشىمىز كېرەك.

1845 ـ يىلى مەندە تۈرلۈك ئىقتىدار ـ قابىلىيەتلەرنى تۈرگە ئايرىش ئىستىكى تۇغۇلغان ئىدى. بۇنىڭ بالىلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيىتى بار. بۇ قابىلىيەتلەر تۆۋەندىكىچە:

تىل قابىلىيىتى: تىل ئارقىلىق ئىپادىلەشنىڭ راۋان بولۇشى، سۆزلەردىكى ئىنچىكە پەرقلەرگە، تەرتىپكە ۋە رىتىمغا سەزگۈر بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىل قابىلىيىتى كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلار بىرەر نەرسە ئوقۇشنى، يېزىشنى ۋە ھېكايە ـ چۆچەك سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئىسىملارنى، يەر ـ جاي ناملىرىنى، ۋاقىتنى ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ئېنىق ئەستە تۇتىدۇ. بۇ خىل قابىلىيەتتىن پايدىلىنىدىغانلارغا يازغۇچى، ناتىق، ئوقۇتقۇچى، كولدۇرگە ئارتىسى، شائىر ۋە ئارتىسلار كىرىدۇ.

ماتېماتىكا-لوگىكا قابىلىيىتى: يەشمە خۇلاسە ۋە يىغما خۇلاسە چىقىرىشقا، ئابستىراكت شەكىل ۋە مۇناسىۋەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ خىل قابىلىيىتى كۈچلۈك بالىلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قابىلىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ماھارىتىگە ئىگە بولۇپ، لوگىكىغا ئۇيغۇن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئۇلارنىڭ لوگىكا جەھەتتىكى ۋە مەسىلە ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى ناھايىتى گەۋدىلىك بولىدۇ. ماتېماتىكا-لوگىكا قابىلىيىتى ئالىملاردا، ماتېماتىكلاردا، بوغالتىرلاردا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

بوشلۇقتىكى كۆرۈش قابىلىيىتى: دۇنيانى ستېرېئولۇق بوشلۇق نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەسۋىرلەش قابىلىيىتى ۋە بۇ تەسۋىرلەشلەرنى ئابستىراكتلاشتۇرۇش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بوشلۇقتىكى كۆرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بالىلار شەكىللىك ياكى شەكىلسىز سۈرەتلەرنىڭ ياردىمىدە ئاندىن يېڭى ئۇچۇرلارنى ئوبدان چۈشىنەلەيدۇ. ئۇلار خەرىتە، جەدۋەل، گىرافىك قاتارلىقلار بىلەن كۆپرەك ھەپىلىشىدۇ، سىرلىق ئورۇندا ۋە تاختاي قۇراشتۇرۇش ئويۇنى ئويناشقا ئامراق كېلىدۇ. ئۇلار رەسىم سىزىش، يېڭى نەرسە لايىھىلەش ۋە ئىجاد قىلىشقا ماھىر. بۇ خىل قابىلىيەتتىن پايدىلىنىدىغانلارغا سەنئەتكارلار، چېرتيوژ مۇتەخەسسىسلىرى، لايىھىلىگۈچىلەر، بىناكارلىق ئۇستىلىرى، رەسساملار ۋە ھەيكەلتاراشلار كىرىدۇ.

مۇزىكا قابىلىيىتى: ئاۋازنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، تېمپىرى ۋە رىتىمىغا بولغان سەزگۈرلۈك ۋە مۇزىكىنىڭ بۇ ئامىللىرىنىڭ ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا بولغان سەزگۈرلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇزىكىنى ئەستە تۇتالايدىغان ياكى ئاۋاز ئېگىزلىكى ۋە رىتىمنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بالىلاردا مۇزىكا قابىلىيىتى بار بولغان بولىدۇ. ئۇلار مۇزىكا ئاڭلاشقا ئامراق، شۇنداقلا ئەتراپتىكى ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بۇنداق ... لىيەت

ناخشىچىلاردا، كومپوزىتورلاردا، ئۇسسۇلچىلاردا، ناخشا تېكىستى يازغۇچىلاردا ۋە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

بەدەننىڭ ھەرىكەت قابىلىيىتى: بەدەن ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش، نەرسە ياساش، ئوي-پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدەننىڭ ھەرىكەت قابىلىيىتى كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ماھىر كېلىدۇ، كۆزى بىلەن قولى ئوبدان ماسلىشىدۇ، دائىم پىلدىرلاپلا تۇرىدۇ، ئۇنى-بۇنى تۇتۇپ بېقىشقا، قول ئىشارىسى قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ. بۇنداق قابىلىيەتتىن پايدىلىنىدىغانلارغا ئارتىسلار، تەنھەرىكەتچىلەر، تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى، قىزىقچى ئارتىسلار، مۇزىكانتلار، ئۇسسۇلچىلار ۋە كەشپىياتچىلار كىرىدۇ.

كىشىلىك ئالاقە قابىلىيىتى: باشقىلار بىلەن ئىش قىلغاندا ئوبدان ھەمكارلىشىشنى، بىراۋنىڭ قابىلىيىتىنى، مەقسەت-مۇددىئاسىنى، ئارزۇ-تەلىپىنى چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل قابىلىيەتكە ئىگە بالىلار باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماھىر، كۈچلۈك رەھبەرلىك ماھارىتىگە ئىگە، تەشكىللەش، ئالاقە قىلىش، كېلىشتۈرۈپ ۋە سۆھبەتلىشىشكە ماھىر كېلىدۇ. (ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، بۇ خىل قابىلىيەت باشقىلارنى چۈشىنىشتىكى ئىككى خىل قابىلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىشنى ھەددىدىن زىيادە تەشەببۇس قىلماسلىق، شۇنداقلا مىجەزى شوخ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق قابىلىيەت بار دەپ قارىماسلىق كېرەك. مەن تونۇيدىغان شوخ مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە كۈندىلىك خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىدا، باشقىلار بىلەن مۇھاكىمە قىلىشقاندا، باشقىلارنى قايىل قىلغاندا ياكى باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا بۇ خىل قابىلىيەت گەۋدىلىنىپ باقمىدى.) بۇنداق قابىلىيەت ئوقۇتقۇچىلاردا، مەسلىھەتچىلەردە، سىياسىئونلاردا ۋە دىنى داھىيلاردا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆزلۈك ئېڭى قابىلىيىتى: ئادەمگە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى، نىشانى

ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى بىلدۈرىدىغان قابىلىيەتتۇر. ئۆزلۈك ئېڭى قابىلىيىتى كۈچلۈك بالىلاردا كۈچلۈك ئۆزلۈك تۇيغۇسى بولىدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ، مۇستەقىل ئىش قىلىشقا ئامراق. ئۇلاردا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە قابىلىيىتىگە قارىتا ناھايىتى ياخشى بىۋاستە سېزىم بولىدۇ. (بۇ خىل قابىلىيەتنى باشقىلار ئاسانلىقچە سېزەلمەيدۇ. بۇ خىل قابىلىيەتنى سېزىشنىڭ بىردىن بىر ئۇسۇلى بالىلارنىڭ ئىش قىلىش ئادىتى ۋە نەتىجىسىنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇستەقىل ئىش قىلىشنى خالايدىغان ياكى مىجەزى شوخ بالىلاردا جەزمەن مۇشۇنداق ئىقتىدار بولىدۇ، دەپمۇ قارىماسلىق كېرەك.) بۇ خىل قابىلىيەت پەيلاسوپلاردا، روھىي كېسەل دوختۇرلىرىدا، دىنىي داھىيلاردا ۋە مېڭە تەتقىقاتچىلىرىدا بەكرەك تەرەققىي قىلغان بولىدۇ.

تەبىئەتنى ھېس قىلىش قابىلىيىتى: بىر خىل قابىلىيەت. ئۇ ھايۋانلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇش قابىلىيىتىنى، تەبىئەت دۇنياسىنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىنى ۋە بۇ پائالىيەتلەردىن ئوۋ ئوۋلاش، تېرىقچىلىق قىلىش ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئوبدان پايدىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېخىمۇ كەڭ نەزەر بىلەن تەبىئەتنى چۈشىنىش قابىلىيىتى، يەنى تەبىئەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى توغرىسىدىكى، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ ئىچكى سىمۋوللۇق مۇناسىۋىتى ۋە تەبىئەتتىكى ھاياتلىق دەۋرىيلىكى توغرىسىدىكى چۈشىنىشتۇر. بۇنداق قابىلىيەت بوتانىكلاردا، ناتۇرالىزىمچىلاردا ۋە فىزىكلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق قابىلىيەتنى، بىز كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئېنىق جاۋابى يوق مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىدىغان ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەردە كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنداق ئەقلىي قابىلىيەت باستېرلاردا، پەيلاسوپلاردا ۋە دىنىي ساھەدىكىلەردە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەن ئىرادىلىك ئاتا-ئانىلارغا ئاتا-ئانامنىڭ مېنى ئەينى ۋاقىتتا تەربىيىلەش ئۈچۈن تارتقان جەبىر-جاپاسىنى، مېنىڭ تالانت ئىگىسى

بولۇپ چىقىشىمدا مەلۇم سەۋەبلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تۈزدۇم. مەن ئاتا-ئانامغا مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمەن.

2- جەدۋەل

| قابىلىيەتنىڭ تۈرلىرى | قايسى تەرەپلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ | ياخشى كۆرۈپ قىلىدىغان ئىشلار | قانداق ئۆگەنگەندە ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ |
|---|---|---|---|
| تىل قابىلىيىتى | ئوقۇش، يېزىش، ھېكايە ئېيتىش، كۇنلەرنى ئەستە تۇتۇش، يېزىق ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش | ئوقۇش، يېزىش، ھېكايە ئېيتىش، سۆزلەش، ئەستە تۇتۇش، تاختاي قۇراشتۇرۇش ئويۇنى ئويناش | ئوقۇش، سۆزلەرنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سۆزلەش، يېزىش، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلىش |
| ماتېماتىكا- لوگىكا قابىلىيىتى | ماتېماتىكا، خۇلاسە چىقىرىش، لوگىكا، مەسىلە ھەل قىلىش، شەكىل | مەسىلە ھەل قىلىش، سوئال سوراش، ماتېماتىكا بىلەن ھەپىلىشىش، تەجرىبە قىلىش | شەكىل ۋە مۇناسىۋەت بىلەن ھەپىلىشىش، تۈرگە ئايرىش، مۇندەرىجە تۈزۈش، ئابستراكت شەيئىلەر بىلەن ھەپىلىشىش |
| بوشلۇقتىكى كۆرۈش قابىلىيىتى | ئوقۇش، خەرىتە، جەدۋەل، رەسىم سىزىش، سىرلىق ئوردا ۋە تاختاي قۇراشتۇرۇش ئويۇنى، شەيئىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش، ئوبرازلىقلاشتۇرۇش | لايىھىلەش، گرافىك سىزىش، ياساش، ئىجاد قىلىش، خىيال سۈرۈش، رەسىم كۆرۈش | رەسىم ۋە رەڭلەر بىلەن ھەپىلىشىش، ئوبرازلىقلاشتۇرۇش، تەسەۋۋۇر قىلىش، رەسىم سىزىش |
| بەدەننىڭ ھەرىكەت | ھەرىكەت، ئۇسسۇل، قول ھۈنەرۋەنچىلىك | جىم تۇرماسلىق، ئۈنى-بۇنى تۇتۇش، | ئۈنى-بۇنى تۇتۇش، جىم تۇرماسلىق. بەدەن |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قابىلىيىتى | ماھارىتى، سايمان ئىشلىتىش | سۆزلەش، قول ئىشارىسى ۋە بەدەن ھالىتى ئارقىلىق مەقسىتىنى بىلدۈرۈش | سەزگۈسى ئارقىلىق بىلىمگە ئېرىشىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش |
| مۇزىكا قابىلىيىتى | ناخشا ئېيتىش، ئاۋازغا قولاق سېلىش، مۇزىكىنى ئەستە تۇتۇش، رىتىمنى بىلىش | ناخشا ئېيتىش، بىرەر مۇزىكىغا ئىگىشىش، ساز چېلىش، مۇزىكا ئاڭلاش | رىتىم، مۇزىكىنى چۈشىنىش، ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا ئاڭلاش |
| كىشىلىك ئالاقە قابىلىيىتى | باشقىلارنى چۈشىنىش، رەھبەرلىك قىلىش، تەشكىللەش، ئالاقە قىلىش، ماجىرانى ھەل قىلىش، سودا ـ سېتىق قىلىش | دوست تۇتۇش، باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىش، گۇرۇپپىلارغا ياكى تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش | باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىش، سېلىشتۇرۇش، شەيئىلەر مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىش، يۈز تۇرانە سۆزلىشىش، ھەمكارلىشىش |
| ئۆزلۈك ئېڭى قابىلىيىتى | ئۆزىنى چۈشىنىش، ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىكىنى پەرقلەندۈرۈش، نىشانىنى بېكىتىش | مۇستەقىل ئىشلەش، تەپەككۇر قىلىش، قىزىقىشى توغرىسىدا ئىزدىنىش | مۇستەقىل ئىشلەش، ئۆزىنىڭ سۈرئىتى بويىچە ئىش قىلىش، ماكان تەپەككۇرى بولۇش |
| تەبىئەتنى ھېس قىلىش قابىلىيىتى | تەبىئەتنى چۈشىنىش، شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، ھايۋانلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇش | تەبىئەت قوينىغا كىرىش، شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش | تەبىئەتكە ئارىلىشىش، تىرىك نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرنى ئۆگىنىش |

# ئون ئىككىنچى باب

# پۇل تەربىيىسى ـــ ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1805- يىلى 20- يانۋار    ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن قوشنىمىز سەل ھەۋەس قىلىپ تۇرۇپ ماڭا: «سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلار كارلنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، خۇددى چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش قانداق پۇل خەجلەشنى بىلىدىكەن، بۇ جەھەتتە بەزى چوڭلارنىمۇ بېسىپ چۈشىدىكەن» دېدى. گەرچە قوشنىمىز ئاشۇرۇپ ماختىغەن بولسىمۇ، بىراق كارل قانداق پۇل خەجلەشنى ھەر ھالدا بىلەتتى.

كارل بەش ياشقا كىرگەندە خېلى كۆپ پۇل يىغدى. بۇ، شۇ ياشتىكى باللار ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ مەن ئۇنىڭغا ئاشۇ پۇلنى قانداق خەجلەشنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم.

ئوغلۇمغا پۇلنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىشىم كېرەك. مېنىڭچە، بۇمۇ بىر خىل ساپا بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك تەرەققىياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

مەن بۇنى پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسى دەپ ئاتىدىم. بۇ، كارلغا بولغان تەربىيەمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا كارلدا يېتىشتۈرۈشكە تېگىشلىك ساپانىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى.

پۇل باشقۇرۇش ئىقتىدارى بالىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە كەلگۈسىدە چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم قابىلىيەتلەردىن بىرى. بۇ ئىقتىدارنى بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. قانچە بالدۇر باشلانسا، ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. شۇڭا بۇمۇ دەسلەپكى تەلىم-تەربىيىنىڭ بىر قىسمى.

بالىلار ناھايىتى ئوڭايلا خاتالىق سادىر قىلىدۇ، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ دەپ قارىساقمۇ بولمايدۇ. كىچىك بالىنىڭ مۇقىم كىرىمى بولمايدۇ، پۇل قارىشى پىشىپ يېتىلمىگەن بولىدۇ، ئۇلار پۇلنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەيدۇ، ئەمما پۇل خەجلەش ھەۋىسى ۋە تەلىپى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ئەھۋال بالىدا پۇل خەجلەش جەھەتتە ئوڭايلا خاتالىق سادىر قىلىدۇ. بۇ خاتالىق ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەن كارلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىگە خۇددى باشقا تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندەك، ئۇ كىچىك چېغىدىلا قول سېلىشقا باشلىغان ئىدىم.

بەزى ئاتا- ئانىلار تېخى چوڭ بولمىغان بالىلىرىغا ئورۇنسىز ھالدا پۇل بېرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ پۇل خەجلەش تەلىپىنى شەرتسىز ھالدا قانائەتلەندۈرىدۇ. بالىلارنىڭ ماددىي ئېستېكىنى زىيادە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ- دە، بالىنى يامان ئۆگىتىپ قويىدۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ چەكلىك كىرىمگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم قارارلارنى چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە، دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھەم قابىلىيىتى يەتمەيدۇ، ھەم پىسخىك جەھەتتە ماسلىشالمايدۇ.

مېنىڭ كارلغا پۇل بېرىشتىكى مەقسىتىم شۇكى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ پۇلنى قانداق پىلانلاپ ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمگەك بىلەن ھەق ئوتتۇرىسىدىكى

ئىچكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈپ، بۇ خىل چۈشەنچىلەرنى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشتىن ئىبارەت. مەن ئۇنىڭغا پىلانسىز ھالدا پۇل بېرىۋەرمەيتتىم. پەقەت ئۇ ياخشى ئىش قىلغاندىلا، ئاندىن پۇل بېرەتتىم.

مېنىڭچە بالىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان پۇل خەجلەش تەربىيىسىنى بىر خىل ۋاستە، قورال دەپ قاراش كېرەك.

بۇ خىل تەربىيىنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ بالىغا پۇل يىغىشنى ئۆگىتىش ياكى ئۇنى بىر تىجارەتچى قىلىپ چىقىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى قابىل، مۇكەممەل، ھەقىقىي ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر. بۇ مەسىلىدە ئاساسىي پەرزەنتلەرنى يېتىلدۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم.

ئاۋۋال بالىغا سەممىي بولۇشنى ئۆگىتىش كېرەك. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ قانداق پوزىتسىيە بىلەن پۇلغا مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، شۇنىڭدەك جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان باھاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. يەنە كېلىپ، بۇ جەھەتتە مەسىلە ساقلانسا، كېيىنچە ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىق، ھەتتا ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

مەن ھەمىشە كارلىنى پۇل ئالدىدا غۇرۇرىنى ساقلاشقا ئاگاھلاندۇراتتىم.

مېنىڭچە، پۇل رېئال تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى ئەڭ ئاسان يوقىتىدىغان، ئۆز ئارزۇسىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلدۇرىدىغان نەرسە. ئەگەر ئادەم پۇل ئالدىدا غۇرۇرىنى ساقلىيالىسا ۋە پۇلغا ئۆزىنى سېتىۋەتمىسە، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. نۆۋەتتە كەلگەندە پۇلمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ، ئۇنى ئۆز كەسپىدە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

مەن ئۆز ھەرىكىتىمدە پۇل جەھەتتە ناھايىتى دىققەت قىلىپ، ئوغلۇمغا غۇرۇر تىكلەشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بەردىم. ئوغلۇم تۈرلۈك كەچۈرمىشلەر ۋە بۇ خىل ئۈلگە ئارقىلىق غۇرۇرنى ئاساسىي

جەھەتتىن تىكلىۋالدى.

مەن كارلغا بولغان تەربىيىدە ئۇنىڭغا تېجەشلىك بولۇش، ھەر بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى تونۇش، بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىق، قىممەتلىك نەرسىلەرنى بۇزۇۋەتمەسلىك ۋە بىھۇدە ئىشلىتىۋەتمەسلىكنى ئۆگىتىشىم كېرەك. ھەر بىر ئائىلە ئۆچۈن ئېيتقاندا ئائىلىنى قانداق باشقۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. بىز بالىلارغا ھەر بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى تونۇشنى، ئۇنى ئاسراشنى، قوغداشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

مەن كارلغا گەرچە بىز بايلىقتا ناھايىتى ئامراق بولساقمۇ، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن بايلىقنىلا قوغلاشساق بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇراتتىم. چۈنكى، بايلىق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قوللاپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەقىقىي مەنىگە ئىگە تۇرمۇشنى يارىتىپ بېرەلمەيدۇ.

مەن ئاددىي-ساددا، پەرھىزكار ئادەم بولغاچقا، ئوغلۇمنى ئىزچىل ھالدا ئاددىي-ساددا قىلىپ تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم. بالىلار دۆلەتنىڭ كېلەچىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر دۆلەتنىڭ كەلگۈسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلار ئاچكۆز، راھەتپەرەس، نەپسانىيەتچى ئەۋلاد بولسا، ئۇ ھالدا دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

قانائەتچان بولۇش ئاددىي-ساددا بولۇشنىڭ ئاساسى. «يېتەرلىك بولدى دەپ قارىسىڭىز يېتىدۇ» دەيدىغان پوزىتسىيە ئاددىي-ساددا پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشتە چوقۇم ئۇل چىگىش رولىنى ئوينايدۇ. مەن مۇشۇ گەپ بىلەن ئوغلۇمغا ئاچكۆز بولماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرەتتىم.

مەن ھەمىشە كارل بىلەن ئاددىي-ساددىلىق بويىچە تۇرۇق بولماستىن، بەلكى ئادەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشەتتىم. پاراگنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گۈزەللىك ۋە دوستلۇق تەرەپكە قارىتىپ، ئۇنىڭغا ئادەم قىممىتىنىڭ ماددىنىڭ قىممىتىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتىم.

* * *

1805- يىلى 29- مارت هاۋا ئوچۇق.

قوشنىمىز ھەمىشە كارلنى ماختايتتى. گەرچە مەن بۇنىڭدىن سەل بىزار بولساممۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ بالىسى گېرنى بەتخەج بولۇپ، كارلدەك ئەمەس ئىدى.

گېرنى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن بولۇپ، چۈشلۇك دەم ئېلىش ۋاقتىدا پارچە-پۇرات نەرسە ئېلىپ يەيتتى. گەرچە ئاپىسى ئۇنىڭغا پېچىنە-پىرەنىك تەييارلاپ بەرسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا قالايمىقان پۇل خەجلەيتتى. مەكتەپتىن قايتقاندا، يەنە دادىسىدىن پۇل سورايتتى.

بالىلارنى پۇلنى تونۇش، پۇل باشقۇرۇش ۋە توغرا پۇل قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش — ئاتا-ئانىلار دۇچ كېلىدىغان قىيىن بىر مەسىلە.

پۇل — ھەر قانداق ئادەم ئايرىلالمايدىغان بىر نەرسە. شۇڭا، كىچىكىدىن باشلاپلا بالىلاردا پۇل توغرىسىدىكى قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، بالىلارنى پۇل ئىشلىتىش توغرىسىدا توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىش كېرەك.

بالىلار كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا پۇلنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىدۇ، ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ماگىزىنلاردا پۇلغا يېمەكلىك، ئويۇنچۇق، كىيىم-كېچەك سېتىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ. سەل چوڭ بولغاندا، ئاتا-ئانىسىدىن پۇل سوراپ، ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇنداق ئەھۋالدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، بالىلارغا قەرەللىك ھالدا ئاز-تولا پارچە پۇل بېرىپ تۇرسا، بالىلارنىڭ پۇل ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشىگە ناھايىتى پايدىسى بار.

بالىلاردا «ئۆزى»نىڭ پۇلى بولغاندىن كېيىن، ئۇلار پۇلنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا خەجلەپ تۈگىتىۋەتسە، ئاتا-ئانىسى يەنە بىر قېتىم

پۇل بەرگۇچە ساقلاشقا تۇغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە پۇل خەجلەشتە ئۇبدانراق ئويلىنىدىغان بولىدۇ. گەرچە بىز بالىلارنىڭ ھەر دائىم مۇۋاپىق ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلساقمۇ، بىراق ئۇلار، ھېچ بولمىغاندا، پۇلنى قانداق ئىشلىتىشنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلاردا مۇستەقىللىق ئېڭى تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىدۇ. بالىغا قانچىلىك پۇل بېرىشنى بالىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش كېرەك. بالىغا قانداق ئەھۋالدا پارچە پۇل بېرىشنى بالىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك.

ئاتا-ئانىلار بالىغا پۇل بەرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ پۇلنى ئەركىن ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. شۇڭلاشقا، ئەڭ ياخشى چارە شۇكى، دەسلەپتىن تارتىپلا بالىغا پارچە پۇللارغا بەدەنىگە پايدىلىق بولغان پارچە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بېرىش كېرەك. ئاتا-ئانىلار قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ زۆرۈر ئىش — بالىغا پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىشتۇر. بالىلار پۇلنى قالايمىقان خەجلىشى ياكى پۇلغا پايدىسىز نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بالىلارغا ئاشۇنداق قىلىشنىڭ زىيىنىنى تونۇتۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلار پۇلنى قانداق خەجلەشنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا ئىكەنلىكىنى، پۇلنى ئىشلەتكەندە ئۇبدانراق ئويلىنىپ، قالايمىقان خەجلىمىسە تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى، پارچە پۇللارنى نەگە ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. گېرىنىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش بالىنىڭ رايىغا بېقىۋەرگەندە، ئاتا-ئانىنىڭ تېگىشلىك ھۆرمىتى بولمايدۇ، شۇنداقلا بالىمۇ پۇلنى جايىغا ئىشلىتىشنى ئۆگىنەلمەيدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىغا پارچە پۇلنى مۇقىم بىر ۋاقىتتا بېرىشى كېرەك، ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرۈپ، كېمەيتىپ بەرمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بالا پارچە پۇلنى بالدۇر خەجلەپ تۈگىتىۋەتسە، بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن بېرىشكە بولمايدۇ؛ پۇل بېرىشنى

مۇكاپاتلاش ياكى جازالاشنىڭ ئاساسىي قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: بالا ئۇبدان ئوقۇسا، ئوبدان ئىش قىلسا 5~10 يوەننى جىق بېرىش، خاتالىق ئۆتكۈزسە بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنى بەرمەسلىك بالىلاردا توغرا قىممەت قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پارچە پۇل بېرىش بالىنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى مۇكاپاتلاش ئەمەس، شۇنداقلا ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا ئامراقلىقىنىڭ ئىپادىسىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر خىل تەلىم-تەربىيە قورالى، شۇنداقلا بالىغا پۇلنى ھەقىقىي تونۇتىدىغان -- پۇلنىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ۋە يەتمەيدىغان ئىشلارنى تونۇتىدىغان ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن: بالا بەزى نەرسىلەرنى بوزيۆتكەندە، ئۇلارغا بۇ نەرسىنى بىرەر مىڭ سوم بىلەنلا تۆلىتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەزى نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

قىسقىسى، بالىلارنىڭ پارچە پۇللىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىغا ئارىلىشىۋالماسلىق، ئۇلارغا بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنى تۇتۇۋالماسلىق، ئۇلارنىڭ پۇلنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويۇش كېرەك.

* * *

1805- يىلى 28- ئۆكتەبىر ھاۋا تۇتۇق.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر دوستۇم بۇگۈن ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى دەپ بەردى. بىر قېتىم ئۇ، بالىلارنىڭ پۇلغا بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، سىنىپىتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلەپتۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بالىلارنىڭ پۇلغا بولغان تەلىپى كۆچلۈك بولۇپ، بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى، جۈملىدىن باي ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن رازى ئەمەس ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ نۇقتىغا

مەنمۇ دىققەت قىلغان ئىدىم.

«مىنىڭ دادام پالانىنىڭ دادىسىدەك باي بولغان بولسا تېمىدىكەن ياخشى بولاتتى-ھە!» دېگەندەك گەپلەرنى بالىلارنىڭ ئاغزىدىن تولا ئاڭلايمەن.

سىز ئۇلاردىن: «ئەگەر سەن دوستلىرىڭنىڭكىدەك ئويۇنچۇققا ئېرىشمەكچى بولساڭ، قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىسىڭىز، بالىلار تۆۋەندىكىدەك ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاۋابلارنى بېرىدۇ. بۇنداق جاۋابلارنى مەنمۇ ئاڭلىغان.

— ئەگەر مەن 20 تىيىنلىك نەرسە ئالماقچى بولسام، دەسلەپتە ئاپامغا بىر سوملۇق نەرسە ئالاتتىم، دەيمەن. ئاپام بۇنداق قىممەت نەرسىنى ئېلىشىمغا پۇل بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ چاغدا يەنە 50 تىيىنلىك نەرسە سېتىۋالىمەن دەيمەن. بىراق تولا چاغلاردا ئاپام بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر مەن، 20 تىيىنلىك نەرسە ئالىمەن دېسەم، ئاپام دەرھاللا ماقۇل دەيدۇ...

— ئەگەر مەن بولسام، ئاپامغا: «ئاپا، بەك پىخسىق ئىكەنسىز! ئۆزىڭىزگە كىيىم-كېچەك، ئاياغ دېگەن نەرسىلەرنى ئالىسىز، بىراق ماڭا نېمىشقا ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمەيسىز؟ ھېلىقىدەك نەرسىلەرنى ئېلىشىڭىزغا شۇنچە جىق پۇل كېتىدۇ، بىراق مېنىڭ ئويۇنچۇق ئېلىشىمغا ئازىراقلا پۇل كېتىدۇ» دەيمەن. بۇنى ئاڭلاپ ئاپام ماڭا دېگەن ئويۇنچۇقۇمنى ئېلىپ بېرىدۇ...

— مەن ئاپامغا نۇرغۇن بالىلارنىڭ ماگىزىندا نەرسە ئوغرىلىغانلىقىنى، بۇنىڭدىكى سەۋەبنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمىگەنلىكىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىمەن. ئاپام بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىدۇ. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «نەرسە ئوغرىلاشنىڭ خاتا ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ماڭا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىڭ، بولامدۇ؟» دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن ئاپام دەرھال ماڭا ئېلىپ بېرىدۇ...

يۇقىرىقى ئۇسۇللاردىن باشقا، بەزى بالىلار تاماق يېمەي

نۇرۇۋېلىش ياكى ئۇبدان ئوقۇمايمەن دەپ پوپوزا قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئاتا-ئانىسىدىن پۇل ئالىدۇ.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 12- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۇنچە ھاللىق ئائىلە ئەمەس ئىدى. ھەتتا مەن لېيىپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەندە، ئوقۇش پۇلۇم ئۈچۈن ئاپام زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىنى ساتقانىدى. بىراق مەن دادامنىڭ كۆڭۈلنى خاتىرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانامنىڭ ماڭا پۇل باشقۇرۇشنى ئۆگىتىشتە ۋە ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرۈشتە قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى ئاندىن بىلدىم.

بالىلىق كىشىلىك ھاياتنىڭ بىر چوڭ تۈۋرۈكى بولغىنىدەك، پۇل-بالىلىق تەربىيىسى تەلىم-تەربىيىنىڭ بىر چوڭ تۈۋرۈكىدۇر. دادامنىڭ بۇ قاراشلىرى ھازىر مېنىڭمۇ قارىشىمغا ئايلاندى.

بىراق، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇلار بالىلارغا بىلىم، ماھارەت، قابىلىيەت، ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىدۇ، بىراق پۇلغا دائىر بىلىملەرنىلا ئۆگەتمەيدۇ. بەزى بالىلار كىچىككىدە پۇل بىلەن ئۇچرىشىپ باقمايدۇ، شۇنداقلا پۇل توغرىسىدا ئۇلاردا ھېچقانداق ئۇقۇممۇ بولمايدۇ، نەتىجىدە ئۇلار چوڭ بولۇپ، پۇلغا يولۇقسا، پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى پەقەتلا بىلەلمەيدۇ، ياكى پۇل تۈپەيلى ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ. بۇنداق پاجىئەلەرنى مەن كۆپ كۆرگەن.

بىراق پۇل توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارنى بالىلار بىلەن بەك چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلماسلىق كېرەك. بىر قېتىم مەن دادامدىن پۇلنىڭ قانداق يەرگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، دادامنىڭ بىر دوستىمۇ شۇ يەردە بار ئىدى. دادام ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ

بولغاندىن كېيىن، دادامنىڭ دوستى ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئۇ:
— باستىر، تۇزلۇكۇمنى كەچۇرۇڭ، بالىنى بۇنداق تەربىيىلىشىڭىزگە قوشۇلمايمەن. شېكسپىر: «پۇل — جىنايەتنىڭ مەنبەسى» دېگەن. بىز بالىلارنىڭ ساپ قەلبىنىڭ بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىمكانقەدەر پۇلدىن نېرى قىلىشىمىز كېرەك تۇرسا، سىز يەنە نېمە دەپ بالىڭىزنى پۇل بىلەن ئۇچراشتۇرىسىز؟ - دېدى.
دادام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— تۇزلۇكۇمنى كەچۇرۇڭ، پۇلنى ئۇنداق قورقۇنچلۇق دېيىشىڭىزگە مەنمۇ قوشۇلمايمەن. پۇلنىڭ ئۆزى جىنايەتنىڭ مەنبەسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنىڭ پۇلغا بولغان ئارزۇسى جىنايەتنىڭ مەنبەسىدۇر. گەرچە ھەممىلا ئادەم پۇلنى جىمى بالانىڭ مەنبەسى دەپ قارىسىمۇ، بىراق پۇلنىڭ تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بالىلار ھامان پۇل بىلەن ئۇچرىشىدىغان تۇرسا، ئۇلارغا بۇنى بالدۇرراق بىلدۇرسەك نېمە بوپتۇ! مېنىڭچە، بۇنى قانچە بالدۇر بىلدۇرسەك، شۇنچە ياخشى، -دېدى.
— بۇ قارىشىڭىز بەكلا كۈلكىلىك، پۇلنىڭ نەدىمۇ تەربىيىلەش رولى بولسۇن، ئۇنىڭ بالىلارنى شەخسىيەتچى، ئاچكۆز، ھىلىگەر، ھايانكەش قىلىپ قويغاندىن باشقا، يەنە قانداق پايدىسى بولاتتى؟ - دېدى دادامنىڭ دوستى.
— خاتالاشتىڭىز، تەربىيىلەنمىگەندە ياكى خاتا تەربىيىلىگەندە سىز دېگەندەك ھېلىقىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بالىلارنى توغرا تەربىيىلىگەندىلا، ئۇلار پۇلغا دۇچ كەلگەندە، ھەم ئۇنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ ھەم ئۇنى تۆۋەن كۆرۈپمۇ كەتمەيدۇ. مېنىڭچە بۇ، مۆتىۋەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ساپا، - دېدى دادام.
— ھە؟ تەپسىلىيرەك سۆزلىگەن بولسىڭىز،- دېدى دادامنىڭ دوستى ئەستايىدىللىق بىلەن.
— مېنىڭچە، پۇل، ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن جەھەتتە تەربىيىلەش رولىغا ئىگە. سىز مۇۋاپىق پايدىلانسىڭىزلا، پۇل ناھايىتى ياخشى

تەلىم-تەربىيە ماتېرىيالى بولالايدۇ، شۇنداقلا بالىغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچىدىن، پۇل تېپىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن مۇھىملىقىنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار. پۇل توغرىسىدىكى تەربىيە ياخشى بولسا، بالىدا «پۇل تېپىشنىڭ ئەڭ توغرا يولى — ئىشلەش، ئەجىر قىلماي ئېرىشكەن پۇل-مال ھارام، شۇنداقلا ئۇنداق پۇل تېپىش توغرا ئەمەس» دېگەن قاراش شەكىللىنىدۇ. بۇ قاراش بولغاندىن كېيىن، بالىغا جەمئىيەتنىڭ رېئاللىقلىقىنى ۋە مۇۋاپىقلىقلىقىنى چۈشەندۈرگىلى ھەمدە بالىغا پۇلنىڭ ئىنسانىنىڭ ياشىشىدىكى ئاساسى ئامىل ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلدۈرگىلى بولىدۇ. سىزنىڭچە بۇلار، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىممۇ-ئەمەسمۇ؟

— ھە، سۆزىڭىز ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق ئىكەن، قارىشىمنى مەن ئۆزگەرتسەم بولغۇدەك. سىز بايا «بىرىنچىدىن» دېگەن ئىدىڭىز، ئۇنداقتا «ئىككىنچىسى»چۇ؟

— ئىككىنچىسى ئەلۋەتتە پۇلنى جايىغا ئىشلىتىش ئۇسۇلى-دە. بۇ ئۇسۇل ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، پىخسىقلارنىڭ ۋە بەتخەجلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، شۇنداقلا تالاي كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر ئۇلار توغرا تەربىيىلەنگەن بولسا، بۇ پاجىئەلەرمۇ ئازراق بولغان بولاتتى. ئاتا-ئانىنىڭ تارتقان ئەجرىنى بالىغا بىلدۈرۈش، ئۇلارنى تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل قىلىشتا پۇل بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، پۇل تەربىيىسى بالىنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم. باشقىلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مەن ئوغلۇمنى مۇشۇنداق تەربىيىلەۋېرىمەن. ئوغلۇمنىڭ پۇل جەھەتتە كالۋا بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن،- دېدى دادام.

ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئەينى ۋاقىتتا دېگەندەك چۈشىنەلمىگەنىدىم. ھازىر چوڭ بولۇپ، دادامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىۋاتىمەن. پۇل

نۇرغۇن پاجىئەلەرنى پەيدا قىلىدى، بىراق بۇنى پۇلنىڭ خاتالىقى دېمەي، ئادەمنىڭ خاتالىقى دېگەن تۈزۈك.

ئاتا-ئانىلار بالىلارنى پۇل توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە قىلمىغاچقا، بالىلار چوڭلار بەرگەن پۇلنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى قىلچە بىلمەيدۇ، شۇنداقلا ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ پۇلنى جاپالىق ئىشلەپ تاپىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ، ئۇلارنىڭ خىيالى پەقەت ئاتا-ئانىسىدىن قانچىلىك پۇل ئېلىشتىلا بولىدۇ.

بۇنداق ھال بالىلارنى شەخسىيەتچى، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، پۇل خەجلەشتە بىر تېيىنىنىڭ تۈشكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان پېخسىق ئادەم قىلىپ قويىدۇ. پۇلنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇلاردا ئۆزىنى مەركەز قىلغان پۇل قارىشى پەيدا بولىدۇ.

مەن گېئورگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بۇنداق ئاقسۆڭەك بالىلارنى تولا كۆردۇم. ئۇلار پۇلنى ساماندەك سورۇپ خەجلەيدۇ، چۈنكى تۇغۇلسە، بېرىدىغان ئاتا-ئانىسى بار، ئۇلار بۇ پۇللارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ كىرىمى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ، شۇنداقلا بىر سوم پۇلنىڭ قانچىلىك ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋاللار بار بولغاچقا، مەن ئوغلۇمنى تەربىيىلىمەكچى بولغاندا، دادام خېتىدە ماڭا مۇنداق دەپ ئەسكەرتىپ تۇردى:

«پۇل ئادەمنىڭ قەلبىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ. پۇلغا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن مۇۋاپىق باشقۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. تەلىم-تەربىيىگىزدە بىر نەرسىنىڭ كاملىقىنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، پۇلنىڭ كۆپ جەھەتتىكى تەربىيىلەش رولىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بالىدا پۇل قارىشىنى بالدۇرراق يېتىلدۈرسىڭىز ۋە كۆپرەك يېتەكلىسىڭىز، چوقۇم ئۇنۇمى ھەيران قالارلىق بولىدۇ».

مۇۋاپىق يوسۇندا پۇل ئارقىلىق مۇكاپاتلاشمۇ ياخشى بىر ئۇسۇل.

كىشىلەر دائىم: «بايلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلىمەك تەس» دېيىشىدۇ. بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىزغۇ؟ بۇ ئەھۋاللار يەنە «پۇل — جىمى بالانىڭ مەنبەسى» دېگەن گەپنى ئىسپاتلىغاندەك تۇرىدۇ. بىراق مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب يەنىلا تەلىم-تەربىيىدە.

بايلارنىڭ ئۆيىدە پۇل ئېشىپ-تېشىپ تۇرغاچقا، بالىلار قانچە پۇل دېسە، شۇنچە پۇل بېرىۋېرىدۇ. بىراق ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ناھايىتى يامان بولىدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ.

بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بالىلار پۇلنى قالايمىقان خەجلەپ تۈگىتىۋېتىدۇ، تېگىشلىك جايغا خەجلىمەيدۇ، شۇنداقلا خاتا جايغا خەجلەش مۇمكىنچىلىكىمۇ چوڭ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، پۇل بالىلارئۈچۈن ئوڭايلا قولغا كەلگەچكە، ئۇلاردا ھەرقانداق ئىشنى قىلماق ئوڭاي ئىكەن، دېگەن خاتا قاراش شەكىللىنىدۇ ۋە چوڭ بولغاندا، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى بىلمەيدۇ، نەتىجىدە ئىقتىدارسىز، قورقۇنچاق، چۈشكۈن ئادەم بولۇپ قالىدۇ. بەتخەجلەر ئەنە شۇنداق پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاش كېرەك.

پۇل جەھەتتە تەربىيىلىنىش كەمچىل بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىنمۇ پۇل-بايلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئەتراپىمىزدا بۇنداق ئادەملەر ئازمۇ؟ ئۇلار تەربىيە كۆرگەن، جەمئىيەتتە ئورنى بار، ئەقىللىق كىشىلەر بولسىمۇ، بىراق پۇلغا كەلگەندە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ، ياكى ئۆمۈرۋايەت پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ.

ئاتا-ئانام مېنىڭ ئۇنداق يارامسىز ئادەم بولۇپ قېلىشىمنى خالىمىغان. دادام «پۇلنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلىش ئادەمنىڭ كىشىلىك ھاياتتا يۈكسىلىشى ۋە بەختلىك بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل» دەپ قارىغان. ئۇ بۇ خىل تەربىيىنى

پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسى دەپ ئاتىغان. شۇنداقلا بۇ، دادامنىڭ ماڭا بولغان تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

كىچىك بالىلاردا ئاتا-ئانىسى ياكى چوڭلار بەرگەن پارچە پۇلدىن باشقا پۇل بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزىنىڭ پۇلنى قانداق باشقۇرۇشنىمۇ بىلمەيدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ پۇل ئىشلىتىش تەلىپى ۋە ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ تۈپەيلى ئۇلار پۇل ئىشلىتىش جەھەتتە تۈرلۈك خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ، بۇ خاتالىقلار ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەن ھازىر بىشىدىن ئۆرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلار ئۆتكەن چوڭ ئادەم بولۇپ قالدىم. شۇنى بايقىدىمكى، پۇل باشقۇرۇش ئىقتىدارى ھەقىقەتەن تۇرمۇشتا ۋە كەسىپتە چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم قابىلىيەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. شۇنداقلا بۇ ئىقتىدارنى بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك ئىكەن. قانچە بالدۇر باشلانسا، ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدىكەن، ئۇنداق قىلمىغاندا، ناھايىتى تەسكە توختايدىكەن.

ھازىر بەزى دوستلىرىم، خىزمەتداشلىرىم دائىم ماڭا: «سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ ئىقتىساد ئىشلىرى شۇنداق رەتلىك، بۇنىڭدا قانداق سىر بار؟ تەجرىبىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز» دەيدۇ.

ھەتتا بەزىلەر ئۆيىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىپ، قانداق قىلىشىنى سورايدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىچە ئۇلارغا چارە كۆرسىتىمەن، ئۇلارمۇ بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ. پۇل باشقۇرۇش قابىلىيىتى جەھەتتە مەن دوستلىرىمنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم.

بۇنىڭ ھەممىسى دادامنىڭ مېنى بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا پۇل باشقۇرۇش جەھەتتە تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە.

دادام «بالىنى ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش — بالىغا پۇلنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ

ياخشى ئۇسۇلى» دەپ قارىغان. چۈنكى پۇل باشقۇرۇش قابىلىيىتى ئەمەلىي ئىقتىدار بولۇپ، قائىدە سۆزلەش بىلەنلا ئىش تاڭ ئاتمايدۇ، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش — ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئۇسۇلى.

توغرا پۇل قارىشى تىكلەش، پۇل باشقۇرۇش قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق بالىلارنى قابىلىيەتلىك، مۇكەممەل، ھەقىقىي ئادەم قىلىپ چىقىش — ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىدۇر.

پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسىنىڭ ساپا تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدا. بايلىق يارىتىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ماھارىتىنى تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسىنى بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا، ئائىلىدە باشلاش كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ، بالىلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر دەرس.

ئەمەلىيەتتە، بالىغا كىچىكىدىن باشلاپلا پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش مۇقەررەر يۈزلىنىش. چۈنكى، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى، ئەنئەنىۋى سودا قارىشى ۋە مۇستەقىللىق، ئەمەلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان جەمئىيەت پۇل باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى ھەر بىر ئادەم جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ساپانىڭ بىرى، ئۇ، بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا يۈكسىلىشى ۋە بەختلىك بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم بىر ئامىل، دەپ قارايدۇ.

پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ بىر تارمىقى، شۇنداقلا ساپا تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئائىلە — بالىلاردا پۇل باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك سورۇن. ئۇنداقتا، پۇل باشقۇرۇش ساپا تەربىيىسى دېگەن نېمە؟

پۇل باشقۇرۇش قابىلىيىتى ــــ بالىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە كەلگۈسىدە چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم قابىلىيەتلەردىن بىرى، بۇ قابىلىيەتنى بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. قانچە بالدۇر باشلانسا ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.

پۇل باشقۇرۇش قابىلىيىتى نوقتىسىدىن قارىغاندا، بالىلىق مەزگىلىدىكى بالىلاردا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئالاھىدىلىك بولىدۇ؛ بىرىنچى، ئۇلارنىڭ مۇقىم كىرىمى بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، پىششىق يېتىلگەن پۇل ۋە ئىقتىساد ئېڭى بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى، پۇل باشقۇرۇش قابىلىيىتى ئۇبدان يېتىلمىگەن بولىدۇ؛ تۆتىنچى، بالىلىق مەزگىلىگە خاس ھالدا كۆپلۈك ئىستېمال تەلىپى ۋە ئارزۇسى بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۈپەيلى بالىلار پۇل باشقۇرۇش جەھەتتە تۈرلۈك خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. بۇ خاتالىقلار ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، پۇل باشقۇرۇش ساپا تەربىيىسىنى مۇشۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىشتىن باشلاش كېرەك.

پۇل باشقۇرۇش جەھەتتە بالىلار ئەڭ ئاسان سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار تۆۋەندىكىدەك: ئاتا-ئانىسى بەرگەن پۇلنى قالايمىقان ئىشلىتىش؛ پۇلنى دەماللىققا بىرىپ تاۋار سېتىۋالغىلى بولىدىغان ۋاسىتە دەپ قاراش؛ پۇل يىغماسلىق، يىغقىنىدىن خەجلىگىنى كۆپ بولۇش؛ پۇلنى خەجلەشتىن ئىلگىرىكى نەرسە سېتىۋېلىش ئارزۇسى كۆپلۈك بولۇش؛ نەرسە سېتىۋالغاندا، يېنىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ تۈگىتىۋېتىش؛ كىچىك تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا ئازراقلا پۇل قالدۇرۇپ قويۇش؛ باشقىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئوڭايلا ئىشىنىپ كېتىش؛ پۇل خەجلەشتە پىلان بولماسلىق قاتارلىقلار.

بالىلارنىڭ پۇل باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاساسى خاتالىقلىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىش، ئۇلاردا ئەقەللىي، توغرا پۇل باشقۇرۇش ئېڭى تۇرغۇزۇش، ئۇلاردا كەلگۈسىدە

ئىگىلىك تىكلەپ جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشتىكى زۆرۈر بولغان پۇل باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالدى.

بالىغا پارچە پۇل بېرىش ئارقىلىق مۇنداق ئىككى مەقسەتكە يېتىش زۆرۈر: بىرىنچى، بالىغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك. ئىككىنچى، بالىغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئەمگەك بىلەن ھەقنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈش ۋە بۇ قاراشنى ئۇلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. شۇڭا، ئادەتتە بالىلارغا قالايمىقان، پىلانسىز ھالدا پۇل بەرمەسلىك كېرەك، ئەكسىچە قەرەللىك ھالدا ئاز-تولا پۇل بېرىش، بۇ پۇل ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولۇش، ئۇنىڭدىن باشقا بالىنىڭ ئەركىن-ئازادە خەجلىشىگە ئاز-تولا پارچە پۇل بېرىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق پارچە پۇل بالىنىڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېرىشىشكە تېگىشلىك نېسىۋىسى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىلاردىن ئائىلىدىكى پارچە-پۇرات ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئۆيدىكى بەزى ئىشلارنى، مەسىلەن: ئادەم ياللاپ قىلدۇرىدىغان ئىشلارنى بالىلار قىلغاندا، ئۇلارغا تېگىشلىك «ھەق» بېرىش كېرەك. بۇ ھەق بالىلارغا ئەمگەك بىلەن ھەقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئەمگەك قىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، بالىلار ئاتا-ئانىسىنى خوش قىلىدىغان ياكى خاپا قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغاندا، ئۇلارغا پارچە پۇلنى كۆپرەك بېرىش ياكى ئازراق بېرىش ئارقىلىق مۇكاپاتلايدىغان ياكى جازالايدىغان ئۇسۇلنى قوللانماسلىق، ئەكسىچە، باشقا مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بالىنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەربىيىلەش كېرەك.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بالىلاردا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن. ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ پارچە پۇللارنى قانداق خەجلىشىگە بەزى مىزانلارنى تۇرغۇزۇپ

بېرىشى كېرەك. غەرب ئائىلىلىرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان بۇ مىزانلار تۆۋەندىكىچە:

ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاتا-ئانىنىڭ پۇل باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۇسۇلى بالىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ پارچە پۇلنى قەرەللىك، ۋاقتىدا بېرىش، بالا ئەسكەرتكەندە ئاندىن بېرىدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. قەرەللىك تۇردە پارچە پۇل بېرىش بالىلارغا پۇل خەجلەشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشنىڭ ئاچقۇچى؛ بالىلارغا پارچە پۇلنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازراق بېرىش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا كىرىم-چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئۆگىتىش؛ قانچىلىك پارچە پۇل بېرىشنى ئائىلىنىڭ كىرىم ئەھۋالى، بالىنىڭ يېشى، قوبۇل قىلىش دەرىجىسى ۋە بالىنىڭ پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىغا قاراپ بەلگىلەش؛ بالىلارنىڭ پۇل خەجلىگەندە توغرا تاللاشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بەرگەن پۇلنىڭ بىر قىسمىنى بالىلار ئەركىن ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش؛ بالىنىڭ ئىستېمال ئادىتىنى ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ۋە قىممەت قارىشىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بالىنىڭ پۇل خەجلىشىنى بەزى جەھەتلەردە تىزگىنلەش؛ پارچە پۇل بېرىش ئارقىلىق بالىنى ئۆزىگە ئامراق قىلماسلىق، شۇنداقلا پۇلنى ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى تەربىيىلەشتىكى زېھنى ۋە ۋاقتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىك قاتارلىقلار.

بالا ئۈچ ياشلارغا كىرگەندە مۇستەقىل ئۆزلۈك ئېڭى بىخلىنىشقا باشلايدۇ ۋە «مەن ئۆزۈم قىلاي»، «قانداق قىلىشنى بىلىمەن»، «قىلالايمەن» دېگەندەك ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ. بالا 7~8 ياشلارغا كىرگەندە، دەسلەپكى قەدەمدە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ۋە ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. 12~13 ياشلارغا كىرگەندە بۇ خىل قابىلىيەت كۈچىيىدۇ ھەمدە بالىلار ئۆزى مۇستەقىل قارار چىقىرىدىغان، ھەرىكەت قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. پۇل

باشقۇرۇش تەربىيىسىنى بالا ئۈچ ياشلارغا كىرگەندە باشلاش ھەمدە بۇ خىل تەربىيىنى باشقا تەربىيىگە ئوخشاش تەبىئىي، ۋاقتىدا، ئىلمىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇڭا، بۇ خىل تەربىيە باشقا تەربىيەلەرگە ئوخشاشلا، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدۇ، شۇنداقلا بالىلارنىڭ بالىلىق مەزگىلى بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ قارىشىدەك «ئاق يەر» گە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك تەبىئىي تەرەققىياتىغا ماسلىشىشى، شۇنداقلا جانلىق بولۇش، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈش، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر گەۋدىلىنىشى كېرەك.

ئەھۋالغا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسى بالىلارنى زور نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ، يەنى ئاشۇنداق تەربىيىلەنگەن بالىلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى ۋە ئىقتىساد ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ئۇ ئائىلە ئىقتىسادى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن بىردەك. بۇ خىل ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئەنئەنىسى ھەر بىر ئائىلىگە، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا سىڭىدۇ. شۇڭلاشقا، پۇل باشقۇرۇش ساپا تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بىر خىل ئادىتىگە ئايلىنىشى كېرەك.

قانداق مۇھىت بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسىنى بالىلارنى تەربىيىلەش جەريانىدىكى بىر خىل قورال ۋە ۋاسىتە دەپ قاراش كېرەك. بۇ خىل تەربىيىنىڭ مەقسىتى بالىغا سودىگەرچىلىك قىلىشنى ياكى پۇل يىغىشنى ئۆگىتىشلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، بالىنى قابىلىيەتلىك، مۇكەممەل، ھەقىقىي ئ.ادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈندۇر.

چۈنكى، پۇلغا قانداق مۇئامىلە قىلىش بىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسى ۋە باللارنىڭ كېلەچەكى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سەممىيلىك ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى بۇ، باللارنىڭ قانداق پوزىتسىيە بىلەن پۇلغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا قانداق باھا بېرىشىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ جەھەتتە مەسىلە ساقلانسا، باللارغا ئاۋارىچىلىق، ھەتتا يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

باللارغا سەممىيلىكنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈدىغان، ئەمەلىيەتتىكى ياكى كىتابلاردىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەممىي بولۇش ۋە سەممىي بولماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ ئۆزىمىزنىڭ سەممىيلىك توغرىسىدىكى ئۆلچەملىرىمىزنى ئوبدانراق ئويلاپ، «بالىغا قانداق تەسىر بەردىم؟ بالىنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىدىممۇ يوق؟» دېگەن سوئاللارنى ئۆز-ئۆزىمىزگە قويۇشىمىز كېرەك. شۇنداقلا بالىنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ مەغلۇبىيىتىنى (تۇرمۇشنىڭ قايسى جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك؛ كۈندىلىك تەربىيىلەش ئارقىلىق سەممىيلىكنى باللارنىڭ پەزىلىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. باللارنى ئۆزىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئاساسەن، توغرا-خاتاغا ھۆكۈم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. شۇنداقلا باللارنى تۇرمۇشتا ھەقىقىي قىيىنچىلىققا يولۇققاندا سەممىي، لەۋزىدە تۇرىدىغان، ئاكتىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

رېئال تۇرمۇشتا پۇل ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى ئاسانلا يوقىتىدىغان ۋە ئارزۇسىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلدۇرىدىغان نەرسە. ئەگەر ئادەم پۇل ئالدىدا غۇرۇرىنى ساقلىسا ۋە پۇلغا ئۆزىنى ساتمىسا، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنداقلا پۇلمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ ۋە كەسپىتە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

باللارغا پۇل ئالدىدىمۇ غۇرۇرىنى ساقلاش جەھەتتە ئۈلگە بولۇش

كېرەك. بالىلار بالىلىقىدىكى تۇرلۇك كەچۈرمىشلىرى ۋە ئاشۇنداق ئۇلگىلەر ئارقىلىق غۇرۇرغا ئىگە بولىدۇ.
بالىلارنى ئائىلىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنمەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ كۆڭۈل ساداسىغا قۇلاق سېلىش، يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە قارىتا بالىنىڭ قانداق ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئېلىش كېرەك.
بالا ئۆز قىممىتىنى بايقىغاندا چەكسىز خۇشال بولىدۇ ۋە چىن كۆڭلىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ، سەممىيلىك بىلەن ماختاپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ غۇرۇرلۇق بولۇشىغا پايدىلىق.
بەزى ئاتا-ئانىلار، پارچە پۇلنى جىق بېرىشنى بالىغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى سوۋغا دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، غۇرۇر ئاتا قىلىش بالىغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ سوۋغا.
پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى بالىغا قىممىتى بار نەرسىلەرنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىش ۋە بۇزۇشنى ئۆگىتىش ئەمەس، بەلكى تېجەشلىك بولۇش ۋە بايلىقنى كۆپەيتىشنى ئۆگىتىشتۇر. شۇڭا، بىر ئائىلە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بالىغا ئۆينى قانداق باشقۇرۇشنى ۋە ھەر بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى قانداق تونۇشنى ھەم شۇ نەرسىلەرنى ئاسراشنى ئۆگىتىش ناھايىتى مۇھىم.
بالىلار كۆرۈپ تۇرىدىغان ئويۇنچۇقلارنىڭ سانىنى تىزگىنلەش، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئويۇنچۇقلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، بالىلارغا «يىڭىلىق» ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەزى ئويۇنچۇقلارنى بىر مەزگىل ئۇلار كۆرمەيدىغان جايغا قويۇپ قويۇش كېرەك؛ بالىلارنىڭ قۇربىتى يېتىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىشىغا ياردەم بېرىش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشتۈرۈش كېرەك؛ ئەگەر بالىلار قالايمىقان ئىشلىتىش ياكى بىخەستىلىك قىلىش تۈپەيلى نەرسىلەرنى سۇندۇرۇۋەتسە ياكى بۇزۇۋەتسە، بۇنى بالىلارغا ئەمگەك قىلدۇرۇش ئارقىلىق تۆلەتكۈزۈش كېرەك؛ ئائىلىدە باشقىلارنىڭ

نەرسىلىرىنى ئىشلىتىشكە دائىر قائىدە-تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ، بالىغا باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئاسراشنى ئۆگىتىش كېرەك؛ بالىنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. چۈنكى ئادەم نەرسىدىنمۇ مۇھىم؛ تېخىمۇ مۇھىمى، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر مال-مۈلۈكنى ئاسرىشى، ئەمما مال-دۇنياغا بېرىلمەسلىكى كېرەك. چۈنكى مال-دۇنيا تۇرمۇشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، بىراق ئۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى تۇرمۇشنى يارىتىپ بېرەلمەيدۇ.

قىممەت يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاتا-ئانىلار ئاددىي-ساددىلىقتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتنى پەرزەنتلىرىگە ئۆگەتمەكچى بولىدۇ. بالىلار دۆلەتنىڭ كېلەچىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر دۆلەتنىڭ كېلەچىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلار شەخسىيەتچى، راھەتپەرەس، چىرىكلەشكەن بىر ئەۋلاد بولسا، ئۇنداقتا دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئائىلىدە ئاددىي، چۈشىنىشلىك، سەممىي گەپ-سۆزلەر ئارقىلىق ئائىلىدىكىلەرنى ئاددىي-ساددا بولۇشتىن ئىبارەت پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە، ھەر قانداق گەپ بولسا ئوچۇق دېيىشكە، سۆز بىلەن ھەرىكەتتە بىردەك بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك؛ بالىنىڭ بەرگەن پارچە پۇلنىڭ قانچىلىكىنى خەجلەپ، قانچىلىكىنى يىغىدىغانلىقىنى بېكىتكەندىن كېيىن، خەجلىمەكچى بولغان پۇلنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا بالا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى ئاددىي-ساددا بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىش كېرەك؛ ئائىلىدىكىلەر بىرلىكتە ئولتۇرۇپ چىقىمنى ھېسابلاپ كۆرۈش ۋە چىقىمنىڭ چېكىنى بېكىتىش كېرەك؛ ئائىلىدە ياسىغان خاتىرە بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

ئاددىي-ساددا بولۇشتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش تەس. شۇڭا بۇنىڭدا مۇھىمى، بالىنى ھەممىلا ئىشتا ئاددىي-ساددىلىقنى سۆيىدىغان قىلىش كېرەك.

بالىلاردا پۇل باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇشتىن ئىبارەت پەزىلەت ۋە

ساپانى ھەقىقىي يېتىلدۈرۈش ۋە بۇنى كەلگۈسىدە كەسپتە زور رول ئوينايدىغان قابىلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھايىتى ئېنىقكى، بالىلارنى پۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ھالقىلاردا قىزىقارلىق، تەدرىجىي ئىلگىرىلەيدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان، زور ئۇسۇللار بىلەن تەربىيىلەشكە؛ بالىلارنىڭ تۈرلۈك جەھەتلەردە ۋە تۈرلۈك مەزگىللەردە كۈچلۈك پۇل باشقۇرۇش ئېڭى مۇھىتىدا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا؛ شۇنداقلا مۇشۇنداق ئۇزۇن مەزگىل تەسىر كۆرسىتىپ، بالىلارنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشقا ئىگە قىلىشقا، سىستېمىلىق مەشىق قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بالىغا پۇل خەجلەش، پۇل تېپىش، پۇل يىغىش، پۇلدىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىلىنىش ۋە قەرز ئېلىشنى ئۆگىتىش پۇل باشقۇرۇش ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقىلاردۇر. قالايمىقان پۇل خەجلەش، پۇل خەجلەشتە پىلان بولماسلىق، ئۆزىنى تىزگىنلىمەسلىك -- بالىلاردىكى ئورتاق بىر ئىللەت. بالىلارنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىش -- پۇل باشقۇرۇش تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. بالىلارنى ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق پۇل تېپىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتىكى مەقسەت پەقەت بىرلا، يەنى بالىلارغا پۇلغا ئېرىشمەكچى بولسا ئۆزىگە تايىنىپ تېپىش كېرەكلىكىنى، پۇلنىڭ ئاسماندىن چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر.

قانداق پۇل تېپىشنى، قانداق خەجلەشنى بىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بالىلار يەنە قانداق پۇل يىغىشنىمۇ بىلىشى كېرەك. چۈنكى تۇرمۇشتا بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولغاندا، پۇل كەملىك تۈپەيلى دەماللىققا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە پۇل يىغىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىرەر نەرسە سېتىۋېلىشقا ياكى بىرەر ئىش قىلىشقا توغرا كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بالىلارنى ئېشىنچە پۇللارنى خەجلەپ تۈگىتىۋەتمەي، يىغىشقا ئۆگىتىش كېرەك. شۇنداقلا بالىلارغا پۇلنى خەجلىگىلى، يىغقىلى بولغاندىن باشقا، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە

ئېرىشەلمەيدىغان كىشىلەرگە پۇل ئارقىلىق ياردەم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. چۈنكى باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىق بولۇپ، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولۇش كېرەك.

بالىلارغا، ئۆزىنىڭ پۇلى ۋە ۋاقتىنى سەرىپ قىلىپ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ پۇل خەجلەشكە ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ئادەمنى قانائەتلەندۈرىدىغانلىقىنى... بىلدۈرۈش كېرەك.

# ئون ئۈچىنچى باب

# ئوخشىمىسىزلىق ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيىلەش ناھايىتى زۆرۈر

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1806- يىلى 1-فېۋرال ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن قەدىناس بىر ساۋاقدىشىمنى يوقلاپ باردىم. مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىمدا، ئۇنى قانداقلا ئىش قىلغىلى سالسا، ئۇ ھەمىشە ئوبدان قىلالمايتتى. ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ بۇ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا ماڭا: «ئەينى ۋاقىتتىكى ئوخشىمىسىزلىقلار مېنى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدىغان، جانلىق، ئىجادچان مېڭىگە ئىگە قىلدى» دېدى.

ئۇ يەنە: «باشقىلاردىن ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەر بىلەن ئۆزۈڭ ئوبدان پىكىر يۈرگۈزۈپ ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ قىممىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەرگىز ئوخشاش بولمايدىكەن» دېدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ مەغلۇبىيىتىگىلا تىكىلىۋالماستىن، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتتىن قانداق مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنىمۇ كۆپرەك ئويلىشى كېرەك ئىكەن.

ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ھامان ئوخشىمىسىزلىققا ئۇچرايدۇ. بەزى بالىلار كۆپرەك مەغلۇپ بولۇپ قالسا، ئاتا-ئانىسى

بالامنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، خاتا ھالدا بالىلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. بىراق بۇنداق قىلىشنىڭ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئويدانراق ئويلاپ كۆرمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئاتا-ئانىلار بالىسىدىن زىيادە ئەنسىرەپ كەتكەندە، ئوڭايلا خاتالىق سادىر قىلىدۇ ۋە ئىختىيارسىز ھالدا بالىسىغا: «يەنە مەغلۇپ بولدۇڭ، سەن زادى قاچانغىچە مۇشۇنداق مەغلۇپ بولۇۋېرىمەكچى؟ ھازىردىن باشلاپ يەنە مەغلۇپ بولۇشۇڭغا رۇخسەت يوق» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا بالىدىكى جىددىي كەيپىيات ۋە پسىخىك بېسىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە بالا توختاۋسىز مەغلۇپ بولۇۋېرىدۇ.

بالىلار بىرەر ئىشنى خاتا قىلغاندا، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا، كەيپىياتى چۈشكۈنلەشكەندە، ئاتا-ئانىلار «مەغلۇپ بولساڭ بولمايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقى، ئەكسىچە، مەغلۇپ بولساڭمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق دېيىشى كېرەك. بۇ گەپنى ئاڭلىسا بالىلارنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلىدۇ، روھلىنىدۇ. شۇنداقلا بالىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى بەكلا تۆۋەن بولغاندا، ئاتا-ئانىلار ئىمتىھان نەتىجىسىنى بەكلا چوڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بالىغا بىلدۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلاردىكى جىددىيلىك ۋە بېسىم جەزمەن يوقايدۇ، بالىلارنىڭ يۈكىمۇ يېنىكلەيدۇ، نەتىجىدە ئەھۋال ياخشى تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خاتا قىلغان جايلارنى تەكرار مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك. تەكرار مەشىق قىلدۇرغاندا، بالىدا ئىشەنچ تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. بالىغا خاتا قىلغان ئىشىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلدۇرۇش - ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، دەسلەپتە ئۆگىنەلمىگەن جايلارنى قايتا-قايتا جاپالىق مەشىق قىلغاندا، بۇ جەھەتتە جەزمەن ماھىر بولغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىدىكى، «مەغلۇپ بولساڭ ھېچ ۋەقەسى يوق» دېيىش بالىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى «مەغلۇپ بولۇشقا رۇخسەت يوق» دېگەندىن بەكرەك ئازايتالايدۇ. قەدىناس ساۋاقدىشىم ماڭا: «مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماسلىق كېرەك، چۈنكى مەغلۇپ بولۇشتىن قورققاندا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ» دېدى.

بالىلار بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئاتا-ئانىلار ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئويدان بىلگەچكە، ئۇلارغا «بۇزۇپ قويساڭ بولمايدۇ»، «خاتا قىلىپ قويما» دەيدۇ. بىراق بۇ گەپلەر بالىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارغا بېسىم پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى قورقۇپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. يەنە كېلىپ، بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىدىن «مەغلۇپ بولۇش» بېشارەتلىرىنى ھېس قىلىپ، ئوڭايلا مەغلۇپ بولىدۇ.

نەتىجىدە بالىلار مەغلۇپ بولۇشتىن زىيادە ئەنسىرەيدىغان، ھېچ ئىش قىلمىسام مەغلۇپ بولمىغان بولىدىكەنمەن دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئىش قىلىشتىكى ئاكتىپچانلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ، ھەتتا ئىشنى قىلماي تۇرۇپلا، بۇنىڭغا قۇربىتىم يەتمەيدىكەن دەپلا بەل قويۇۋېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بالىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن قورقماسلىق، ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشقا يول قويۇش — بالا تەربىيىلەشنىڭ بىر يولى.

بىر بالا ھېچ ئىش قىلالمايدىكەن، شۇنداقلا ھېچ ئىش قىلىشنىمۇ خالىمايدىكەن، ئاتا-ئانىسى بالىمىزنىڭ نېرۋىسى ئاجىزمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۇنى داۋالاتماقچى بوپتۇ. بىراق ئادەتتە زۇۋان سۈرمەيدىغان بۇ بالا تۇيۇقسىز: «ئەسلىدە مەن ھەممە ئىشنى قىلالايتتىم، دۆتمۇ ئەمەس ئىدىم. بىراق مەكتەپتە بىرەر ئىشنى خاتا قىلساملا ساۋاقداشلىرىم زاڭلىق قىلاتتى. شۇڭا ھازىر مەن ھېچ ئىش قىلمايمەن، ھېچقانداق گەپمۇ قىلمايمەن» دېگەن.

بالىنىڭ بۇ گېپى دوختۇرنى ھەيران قالدۇرغان. يەنى بۇ بالىدا ھېچقانداق كېسەل يوق ئىدى. بالا گەپ قىلالمايدۇ ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مەغلۇپ بولغاندا زاڭلىق قىلىشىدىن زىيادە ئەندىشە قىلغاچقا، زۇۋان سۈرمەيدىغان بولۇۋالغان. ئۇ ھېچقانداق ئىشمۇ قىلمىغان، ھېچقانداق گەپمۇ قىلمىغاچقا، باشقىلارغا «ساراڭ»دەك كۆرۈنگەن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بالا ھېچقانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمىسىلا، ئۇنىڭ غۇرۇرى ئازار يېمەيدۇ. بۇ بالا ئەنە شۇنداق ئۆزىنى قوغداش پسىخىكىسى تۈپەيلى زۇۋان سۈرمەيدىغان بولغان.

مانا بۇ تىپىك بىر مىسال. مەغلۇپ بولۇشتىن ھەممىشە ئەنسىرەش تۈپەيلى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغان بالىدىن ياخشى ئۈمىدلەرنى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بالا بىرەر ئىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلماقچى بولغاندا، ئاتا-ئانا ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا بالىلارنىڭ قىلىپ بېقىشىغا يول قويۇشى كېرەك. بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ بەزىدە مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇشى كېرەك.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بالىلار ئاتا-ئانىسى ئويلاپمۇ باقمىغان، ئاجايىپ غارايىپ ئۇسۇلدا تەپەككۇر قىلىدۇ، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار «مەغلۇپ بولساڭ بولمايدۇ»دېگەن پاسسىپ، سوبيېكتىپ خاھىشى بويىچىلا بالىلارنى بىرەر ئىش قىلىشتىن توسسا ۋە قىلغىلى بولمايدۇ دەپ ئۆگەتسە، بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز ئىقتىدار-قابىلىيەت جارى بولمايدۇ.

ئاتا-ئانىلار [illegible]نىڭ قىلغان ھەممىلا ئىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرسە ۋە بالىغا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم قىلسا، [illegible] بالىلارنى ئاكتىپچانلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ش[illegible] بۇ، بالىلار[illegible] ـۇپ

يېتىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇشى كېرەك.

*　　*　　*

1806- يىلى 19- مارت　ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن يەكشەنبە. مەن كارل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىگە تەشكىللىدىم. گەرچە بۇ، بالىلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئوقيا ئېتىشى بولسىمۇ، بىرنەچچە بالا ناھايىتى دەل ئاتتى. ھەتتا مەنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

بىراق ئەزەلدىن ئەقىللىق بولۇپ كېلىۋاتقان ئوغلۇم كارلنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىپادىسى بەك ناچار ئىدى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى كالۋالىشىپ، ئوقيانى تۈزۈكرەكمۇ ئاتالمايۋاتاتتى. كارل ھەمراھلىرىنىڭ ئوقيانى دەل جايىغا تەككۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ رايى ياندى.

كارل شەرمى-ھايالىق بالا بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ئۇنى بىئارام قىلىپ قويدى.

بالىلار خۇشال ھالدا بەسلىشىۋاتقاندا، مەن كارلنى ئاستاغىنە بىر يانغا تارتىپ، سەممىلىك بىلەن ئۇنىڭدىن:

— كارل، نېمە بولدۇڭ؟ ئۆزۈڭنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىڭغا بىئارام بولۇۋاتامسەن؟- دەپ سورىدىم.

— ھەئە، مەن بەك دۆت ئىكەنمەن،-دەپ جاۋاپ بەردى كارل.

— نېمىشقا بۇنداق ئويلايسەن؟ ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. بۇ نورمال ئىشقۇ! گەرچە سەن ئۇلاردەك ياخشى ئاتالمىغان بولساڭمۇ، بىراق كۆپرەك مەشىق قىلساڭ، چوقۇم ياخشى ئاتالايسەن،-دەپ تەسەللى بەردىم.

— بىراق مەن خېلى جىق ئاتتىم، بىراق بىرسىمۇ جايىغا تەگمىدى. مەن ھەرگىز ئۇلارغا يېتەلمىگۈدەكمەن،-دېدى كارل ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا،-مەن سەل قورقۇۋاتىمەن.
— قورقۇۋاتىمەن؟ نېمىدىن قورقۇۋاتىسەن؟ مەغلۇپ بولۇشتىنمۇ؟
— ھەئە، قانچە ئاتالمىغانسېرى شۇنچە قورقۇۋاتىمەن، قانچە قورققانسېرى شۇنچە ئاتالمايۋاتىمەن.
— مېنىڭچە، سېنىڭ ئوقيانى ئوبدان ئاتالماسلىقىڭ سېنىڭ بۇ جەھەتتە بولالمايدىغانلىقىڭدىن ئەمەس، بەلكى پسىخىكاڭنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن بولغان. سەن باشقا جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، ئوقيا ئېتىشتىمۇ باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايسەن. شۇڭا دەسلەپتىلا سەندە روھىي بېسىم پەيدا بولغان. دەل مۇشۇ بېسىم سېنىڭ بارغانسېرى ياخشى ئاتالماسلىقىڭدىكى سەۋەبتۇر.
— ھەي، دادا، كۆڭلۈمدىكىنى سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟ مەن ئۇلارغا يېتەلمەسلىكتىن قورققاچقا، مۇشۇنداق ئاتالمىغاندىم.
— سەۋەبىنى بىلگەندىكىن، نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئەركىنرەك تۇتمايسەن؟ بۇ پەقەت بىر ئويۇن، يېڭىش-يېڭىلىش ئۇنچە مۇھىم ئەمەس.
ئوغلۇم كارل گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىگە يەنە كىرىشىپ كەتتى. دەرۋەقە بۇ قېتىم كارل ياخشى ئاتتى، ئاتقاندىمۇ ئۇدا ئۈچ قېتىم ئوقيانى نىشانغا تەگكۈزدى.
نېمە ئۈچۈن كارل ئوقيا ئېتىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدىن بىردىنلا كىچىك ئوقيا ئېتىش ماھىرىغا ئايلاندى؟ مېنىڭچە، «يېڭىش-يېڭىلىش ئۇنچە مۇھىم ئەمەس» دېگەن گېپىم تەسىر قىلدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇش ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتنى يېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم تاشلىشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل. ئوغلۇم كارلنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئېمىش، تىلى چىقىش، مېڭىش جەريانىدا قانچە قېتىم مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، بىراق ئۇ ئاخىرى غەلىبە قىلدى، نەتىجە قازاندى. بۇ، مەغلۇبىيەت بولمىسا مۇۋەپپەقىيەتنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مېنىڭچە، مەغلۇبىيەت ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى-مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش پسىخىكىسىدۇر.

ئوغلۇم مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، ئۇ مۇقەددەس پىرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلمىسىلا، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيانلىق ئىش قىلمىسىلا، مەن ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇشىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايتتىم، ھەرىكەت جەھەتتە ئۇنى قايتا سىناپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇراتتىم. مېنىڭچە، ئوغلۇمدا مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدىغان جاسارەت بولسا ۋە ئۇنى توغرا يېتەكلىسەملا، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىدۇ.

* * *

1806- يىلى 1- ئاپرېل ھاۋا ئوچۇق.

ھاياتلىقتا مەغلۇبىيەت تولا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بالىغا مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشنى، ئۇنىڭدىن قورقماسلىقنى ئۆگىتىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. نۇرغۇن چاغلاردا ئادەم مەغلۇبىيەتتىن قورققانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ. ئەكسىچە، مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدىغانلىقى غەلىبە قىلىدۇ.

مەغلۇبىيەتتىن قورقىدىغان پسىخىكىنى يوقاتمىغاندا، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بالىدا شەيئىلەرگە قىزىقمايدىغان ياكى ھەرقانداق

پائالىيەتكە قاتناشمايدىغان ئادەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ، بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ناھايىتى زىيانلىق بولىدۇ. بۇخىل پسىخىكا بالىدا بۇرۇقتۇرما، جىمغۇر، غەمكىن مىجەز-خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق ئادەم قانداقمۇ ئۇمىدۋار مىجەز-خاراكتېرگە، گۈزەل كىشىلىك ھاياتقا ئېرىشەلىسۇن؟

بىز ئاتا-ئانىلار بالىلارنى مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىمىز كېرەك.

دۆلىتىمىز گېرمانىيىنىڭ ئىلگىرى مۇنداق بىر ئەنئەنىسى بولىدىغان: ئوغۇل بالىلارغا كىچىكلىكىدىن باشلاپلا چوڭ ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. ئاقسۆڭەكلەر بالىلىرىنى باشقا قەلئەدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېنىغا ھەقىقىي چەۋەندازلار بولۇشنى ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بېرەتتى. يەنى بالا ئۆيىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىدا چېنىقاتتى، جاپا تارتاتتى ۋە چەۋەندازدا بولۇشقا تېگىشلىك جاسارەت ۋە بىلىم-ماھارەتنى ئۆگىنەتتى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق بالىدا ھەممىلا ئىشقا، جۈملىدىن مەغلۇبىيەتكە مۇستەقىل ھالدا يۈزلىنەلەيدىغان خاراكتېر يېتىلدۈرۈلەتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بالىلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئورنىدىن دەس تۇرالايدۇ.

* * *

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 13- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

باشقىلار مېنى، تۇغما تالانتلىق، ئەزەلدىن ئوگۇشسىزلىققا ئۇچراپ باقمىغان، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە بۇ، گۆدەكلەرچە قاراش. ئوگۇشسىزلىق ئارقىلىق تاۋلانمىغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ پىشىپ يېتىلەلمەيدۇ، شۇنداقلا يارامىلىق ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

تالانتلىقلارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتتىن قارىغاندا، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق، مەغلۇبىيەت ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئۇبدان تاۋلايدۇ، ئوڭۇشلۇق شارائىتتا تالانتلىقلار يېتىشىپ چىقىدۇ، ئوڭۇشسىز شارائىتتىمۇ تالانتلىقلار يېتىشىپ چىقالايدۇ. يەنە كېلىپ، ئوڭۇشسىز شارائىتتا تاۋلىنىپ چىققانلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارى ۋە رىقابەت ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەم مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرى ھەم مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى بولغاچقا، ئۇلار بەكرەك پىشىپ يېتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئوڭۇشسىزلىقنى بايلىق دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا «مەغلۇپ بولغاندىلا، مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت مەغلۇبىيەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ئۇبدان چۈشەنگەچكە «مەغلۇبىيەتكە كۈلۈپ باقىدۇ».

بالا ئوڭۇشسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، چىدامچان خاراكتېرنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ. مەغلۇبىيەت ئادەمدە ئەندىشە قىلىش، قايغۇرۇش دېگەندەك مۇرەككەپ ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ. بىراق بالىلار بۇنداق ھېسسىياتقا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، شۇندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. دادام ماڭا: «بالا مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەن، مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئازابقا بەرداشلىق بېرىشى ۋە تاكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغا قەدەر ئۈزلۈكسىز تىرىشىشى كېرەك. ھەرقانداق بىر جەرياندىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق كېرەك. مەغلۇبىيەت ۋە ئازاب مۇۋەپپەقىيەت ۋە شاتلىققا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئامىلى. خۇددى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېيتقىنىدەك: مەغلۇبىيەت-مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» دېگەنىدى.

مەغلۇپ بولماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرۇش-ناچار مىجەز-خاراكتېرلەرنىڭ ئۆزگەرمەس بىر قىسمى. ئاشۇنداق قىلغانسېرى، ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى شۇنچە كۈچىيىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان بۇ خىيالىغا باھانە-سەۋەب تېپىش

ئۇچۇن، ئۆز-ئۆزىنى ماختايدۇ، قىلغۇسى كەلمىگەن ئىشنى كەمسىتىدۇ ياكى ئىشچانلارنى ساختىپەز، ئەخمەق دەپ مازاق قىلىدۇ، شۇنداقلا مەغلۇبىيەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش سەۋەبىدىن، خاسلىقنىڭ كۆچلۈكلۈكى سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ ئۆز-ئۆزىنى بەزلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق يالغاندىن پەخىرلىنىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىغا خاتالىق سادىر قىلىش، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش ۋە مەغلۇب بولۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكىنى، مۇھىمى، كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرۈشتىكى توغرا ئۇسۇل مۇنداق: قانچىلىك ئازابلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بالىنىڭ رېئاللىققا توغرا قارىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. بالىلارغا پاكىتنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا ۋە مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىتىۋاتقاندا، ئۇلار «ئاتا-ئانام ھەرقانچە قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلسىمۇ بىر تەرەپ قىلالايدىكەن» دېگەن قاراشقا كېلىدۇ. بۇ ئۇلارغا ئۇن-تىنسىز ھالدا «سەنمۇ قىلالايسەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

دوستۇمنىڭ بىر كەچۈرمىشى ئېسىمدىن پەقەتلا چىقمايدۇ.

مېنىڭ ئۇ دوستۇم قىزىدا مۇزىكا جەھەتتە ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، پىئانىنو سېتىۋېلىپ، قىزىنى قاتتىق مەشىق قىلدۇرغان، ھەر كۈنى كەچتە ئىككى سائەت پىئانىنو مەشىق قىلمىسا ئۇخلىغىلى قويمىغان، ئۇبدان قىلالماي قالسىلا، قىزىنى ئەيىبلىگەن. بىراق ئۇ قىزدا مۇزىكا تالانتى بولمىغاچقا، پىئانىنوغا پەقەتلا قىزىقمىغان، شۇڭا پىئانىنو ئۆگىنىشتە ئالغا باسمىغان. نەتىجىدە ئاتا-ئانىسى ئۇنى قاپاقباش دەپ تىللاپ، ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق مەشىق قىلغىلى سالغان. قىز پىئانىنودىن بىزار بولۇپ، ئۇنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرگەن ۋە ئاتا-ئانىسى يوق چاغدا، پالتا بىلەن پىئانىنونى پارە-پارە قىلىۋەتكەن.

بۇ ئىش ماڭا يەنە بىتخوۋېننىڭ ئەسلىتىپ قويىدى. بىتخوۋېنمۇ كىچىكىدىن باشلاپلا مۇزىكا جەھەتتە قاتتىق مەشىق قىلغان، دادىسى ئۇنىڭغا پىئانىنو ۋە ئىسكىرىپكىنى مەجبۇرىي ئۆگەتكەن، بەزىدە يېرىم كېچىدە ئۇنى ئورنىدىن قوپۇرۇپ، تاڭ ئاتقىچە مەشىق قىلدۇرغان. بىتخوۋېن يىغلىغاچ مەشىق قىلغان، بىر قېتىمدا چېلىشنى ئۆگىنەلمىسە، يەنە بىر قېتىم تەكرار مەشىق قىلغان. بىراق بىتخوۋېن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بۇزۇۋەتمەستىن، ئەكسىچە، دۇنياغا مەشھۇر مۇزىكانتقا ئايلانغان. بىتخوۋېننىڭ ھېلىقى قىزغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بىتخوۋېن مەغلۇبىيەتتىن قورقمىغان. بىتخوۋېننىڭ بوۋىسى ئوردا سازەندىلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بىتخوۋېن كىچىكىدىن باشلاپلا مۇزىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، مۇزىكا جەھەتتە مەشىق قىلغاندىن كېيىن، تېز ئالغا باسقان. دادىسى بۇ ئىشتىن ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھەم ئۇچرىغانلا ئادەمگە «ئوغلۇم بىتخوۋېن خىسلەتلىك بالا بولىدى» دەپ ماختاپ بەرگەن. بىتخوۋېن 7ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئۇنىڭغا مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، بۇ ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولغان. دادىسىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش سادالىرى بىتخوۋېننىڭ مۇزىكىغا بولغان ئىشەنچى ۋە جۇرئىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتقان ۋە مەشىق قىلغاندىكى ھېرىپ-چارچاش ۋە ئازابنى ئۇنتۇلدۇرغان. مانا بۇ، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقمايدىغان پسىخىكا ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش رولىدۇر.

بىراق ھېلىقى قىزنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق بولمىغان. قىز مۇزىكا جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈلمىگەن، مۇزىكىنىڭ شاتلىقىدىن بەھرىمەن بولالمىغان. ئۇنىڭ مۇزىكا مەشىق قىلىشى پۈتۈنلەي تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدە بولغان. قىز روھىي بېسىم، پسىخىك تەڭپۇڭسىزلىق ۋە قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، پىئانىنونى پارە-پارە قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقارغان ھەم ئاتا-ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى ۋە زورلىشىغا قارشىلىق بىلدۈرگەن. قىز مەغلۇپ بولىدى. ئۇنىڭ مەغلۇپ

بولۇشىدىكى سەۋەب مەغلۇبىيەتتىن قورقماسلىق، مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈلمىگەنلىكىدە.

مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا، مەغلۇبىيەت كۆپىنچە ھاللاردا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى بولىدۇ. بۇ گەپ ھەقىقەتەن توغرا، يەنە كېلىپ مەغلۇبىيەت ئادەمنى تەربىيىلەيدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ. مەغلۇبىيەت قورقۇنچلىق ئەمەس، پەقەت تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ، ئىبرەت ئالغاندا ۋە ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، روھنى ئۇرغۇتقاندىلا، مەغلۇبىيەت ئىچىدىن قەد كۆتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم تاشلىغىلى بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت مەغلۇبىيەتنىڭ ئانىسى. چۈنكى بەزىلەر بىر ياكى نەچچە قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەت-غەلىبىسى بىلەن كۆرەڭلەپ، خۇدىنى بىلەلمەي قالىدۇ ھەمدە ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئېسىلىدۇ، نەتىجىدە مەغلۇپ بولىدۇ. مەغلۇبىيەت — مەغلۇبىيەتنىڭ ئانىسى. چۈنكى بەزىلەر ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇش نەتىجىسىدە، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ، ئۆزىنى كەمسىتىدۇ، ئۆز-ئۆزىدىن گۇمانلىنىدىغان ھالەتتىن ئۆز-ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان ھالەتكە ئۆتىدۇ، نەتىجىدە تىرىشىشتىن ۋاز كېچىپ، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ دەپ ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان ھېلىقىدەك باللار، ئوقۇشتىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىۋالغان باللار، ئۆزىنىڭ چۈشكۈنلۈكىگە تەن بېرىدىغان، دۇنيادىن ئۆزىنى تەرك ئەتكەنلەر دەل مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى. مۇۋەپپەقىيەت مەيلى چوڭ بولسۇن، ياكى كىچىك بولسۇن، كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە، ئۆز-ئۆزىدىن پەخىرلىنىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىدۇ. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەتتىن كىشىلەر ئۆز قابىلىيىتىنى، ئۆز قىممىتىنى كۆرۈپ يېتىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە تېخىمۇ زور ئىشەنچ

بىلەن قەدەم تاشلايدۇ. ئۇلار ئىلگىرىلەش جەريانىدا قىيىنچىلىق-ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىسىمۇ، تېز پۈكمەي، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىگە يېتىدۇ. جەڭگاھتا داۋاملىق غەلىبە قىلىشنىڭ بىر پرىنسىپى بار، ئۇنىڭدا سۆزلىنىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ قائىدە.

بىز بالىلارنى مەغلۇبىيەتتىن قورقىدىغان ياكى مەغلۇبىيەتكە ئازراق ئۇچرايدىغان قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدىغان ۋە ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز كېرەك.

مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماي، ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش بالىلارغا ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان ۋە نامايەن قىلىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا بالىلاردا ئىشەنچ يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى ياخشى قىلىشتا قابىلىيىتى ۋە ئىشەنچىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، بالىلارنىڭ ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق تەربىيىلەش نەتىجىسىدە، بالىلار ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، تولۇق ئىقتىدار-قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، تۇرمۇشتىكى غالىبلارغا ئايلىنىدۇ.

بالىغا مەغلۇبىيەتتىن قورقماسلىقنى ئۆگىتىشتە قارىغۇلارچە ئۆگىتىشكە بولمايدۇ. بۇ چوقۇم بالىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مىجەز-خاراكتېرى، ئەقلىي قابىلىيىتى، قىزىقىش-ھەۋىسى، ئەخلاق-پەزىلىتى قاتارلىقلارغا ماس كېلىشى كېرەك. بالىلارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. بالىلارنى ئۆزى قىزىقمايدىغان ياكى قۇربىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. نىشان مۇۋاپىق بولۇشى، شۇنداقلا بەك تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر بەك تۆۋەن بولۇپ قالسا، بالا نىشانغا ئوڭايلا يەتكەن بولىدۇ-دە، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ؛ نىشان بەك يۇقىرىمۇ

بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر نىشان بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، بالا نىشانغا يېتەلمەيدۇ-دە، ۋاز كېچىپ، مەغلۇپ بولىدۇ.

بالىغا مەغلۇبىيەتتىن قورقماسلىقنى ئۆگىتىشنى ئۇنىڭ ئىش قىلىش جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. بالىنى نەتىجە قازانغاندىلا ماختىماستىن، بەلكى يەنە ئۇ ئىش قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە ئىش قىلىۋاتقاندا ۋاقتىدا يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. بالىنى باشتىن-ئاخىرغىچە «مەن قىلالايدىكەنمەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئېغىزدىلا ئەمەس، ھەرىكەتتىمۇ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىمۇ ئىلھاملاندۇرۇش ۋە يېتەكلەش بىر خىل تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىدۇر.

تۈرلۈك تەلىم-تەربىيە پۇرسىتى يارىتىپ، بالىغا مۇۋەپپەقىيەتنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. بالىغا مەغلۇبىيەتتىن قورقماسلىقنى ئۆگەتكەندىلا، بالا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ؛ بالا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىلا، نۇغۇن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يەنە ئېرىشەلەيدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب

# قەلبىنىڭ ساپاسى — تالانتلىقلارنىڭ تالانتلىق بولالىشىدىكى ئاساستۇر

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1806- يىلى 2- ئىيۇل هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن بىر ئېپىسكوپ بىزنىڭ تەۋەلىكىمىزگە زىيارەت قىلىپ كەلدى. باشقا ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، مەن ئېپىسكوپنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئېپىسكوپنىڭ ئەمىلىنىڭ مەنىدەك بىر باستېرنىڭكىدىن ئۈستۈن بولغانلىقىدىنمىكىن ياكى ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆزلىرىنىڭ قائىدە-يوسۇنغا مېنىڭكىدىنمۇ بەكرەك چۈشىدىغانلىقىدىنمىكىن، ئوغلۇم كارل ئۇنى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى ۋە چوقۇنغاندەك تەلەپپۇزدا ئۇنىڭدىن ئۇنى-بۇنى سوراشقا باشلىدى. ئېپىسكوپمۇ ئوغلۇم بىلەن ئوبدان پاراڭلاشتى، ئەلۋەتتە.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مەن ئېپىسكوپنى مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدىم.

ئېپىسكوپ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تەسەۋۋۇردىكىدەك ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ: «بۇ ئۆي يامان ئەمەس ئىكەن. بىراق مەن يەنىلا شەهەرگە قايتىپ، شەهەر باشلىقىنىڭ يېنىدا تۇرسام بولغۇدەك»،دېدى ۋە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— ئەپەندىم، بۇ يەردە قېلىپ قالسىلا، بىز سىلىنى قارشى ئالىمىز،-دېدى كارل ئۇنى توختىتىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت ساڭا بالام، بىراق مەن كەتمىسەم بولمايدۇ،-دېدى ئېپىسكوپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. ئېپىسكوپ كەتكەندىن كېيىن، كارل ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— دادا، ئېپىسكوپ نېمىشقا كېتىدۇ؟-دەپ سورىدى. مەن:

— ئۇ بىزنىڭ ئۆيىنى ياراتمىدى بولغاي،-دەپ جاۋاب بەردىم.

— سىز، باستىبرلار بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ دېمىگەنمىدىڭىز؟-دەپ سورىدى كارل يەنە. مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدىم ۋە:

— كارل، بىلىشىڭ كېرەك، گەرچە مەن ئۇنىڭ بىلەن كەسپداش بولسامۇ، بىراق ئىككىمىزنىڭ يولى بىر ئەمەس،دېدىم.

كارل ئەجەبلەنگەن ھالدا ماڭا قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئېنىقراق قىلىپ:

— دۇنيادىكى ئادەملەر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بەزىلەر ئاق كۆڭۈل بولسا، بەزىلەر رەزىل كېلىدۇ. ئاشۇنداق تۇرلۇك ئادەملەر ھەر ۋاقىت بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا بار، ئۇلارنى توغرا پەرقلەندۈرۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. كەسپىمنى ئېلىپ ئېيتسام، بۇ دۇنيادا مەندىن باشقا يەنە نۇرغۇن باستىبرلار بار، بىراق تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس،- دېدىم.

— دادا، مەن چۈشەندىم،-دېدى كارل.

ئوغلۇم كارلنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، مەن يا ئاق، يا كۆك دېمىدىم، پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدۇم.

مېنىڭچە، كارلنىڭ گۆدەك قەلبىگە شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان قابىلىيەت ئۇرۇقى تىكىلدى.

*   *   *

1806- يىلى 30-ئىيۇل  ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن بىز ئادىتىمىزنى بۇزۇپ، شەھەر سىرتىغا ساياھەتكە چىقتۇق.

بىز يەتتە-سەككىزەيلەن ئۆيدىن چىقىپ، نيۇمان دەرياسى بويىغا كەلدۇق. بۇ چاغدا خېلى جىق ئادەم بۇ يەردە ئوت قالاپ تاماق ئېتىۋاتاتتى.

بىز ئولاش-چولاش تۇتۇش قىلىپ، بىردەمدىلا ئاددىي بىر شىرە ھازىرلىدۇق. كارل بەكلا خۇشال ئىدى. چۈنكى بۈگۈنكى ئاساسلىق تاماق ئۇ ياقتۇرۇپ يەيدىغان ياغيۇ كالا گۆشى قورۇمىسى ئىدى. شۇ چاغدا، ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى سېمىز بىر ئادەم يېنىمىزغا كېلىپ، بىز بىلەن بىر-بىرلەپ قىزغىن سالاملاشتى. كارل ئەدەپلىك بالا بولغاچقا، خۇشچىراي بۇ مېھماننى كۆرۈپ، دەرھال ئورۇن بوشاتتى.

بۇ كىشى مۇشۇ ئەتراپتا سېسىق نامى پۇر كەتكەن مىستىلىر ئىدى.

كارلنىڭ ئەدەپ بىلەن ئورۇن بوشىتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ «رەھمەت!» دېدى. بىراق مىستىلىر ئورۇندۇقتا ئولتۇراي دېگەندە، ۋوئودلېي ئەپەندى مىستىلىرغا: «يوقال بۇ يەردىن، ۋۇ ئەبلەخ!» دەپ ۋاقىرىدى.

ۋوئودلېي ئەپەندىنىڭ «قوپاللىقى» ھەممىمىزنى، بولۇپمۇ كارلنى ھەيران قالدۇردى.

مىستىلىر بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى، بىراق ئۇ يەنىلا ھىجىيىپ تۇرۇپ: «نېمانداق قوپاللىق قىلىسىز! مەن پەقەت ئولتۇراي دېگەن» دېدى.

مىستىلىر كەتكەندىن كېيىن، كارل بايىقىدەك خۇشال ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋوئودلېي ئەپەندىگە ئالىيىپ قويدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كارل، ۋوئودلېي ئەپەندىنىڭ قىلغىنىنى خاتا دەپ ئويلاۋاتامسەن؟- دەپ سورىدىم.
— ئەلۋەتتە! ئۇ نېمە دەپ مېھمانغا دوستانە بولمايدۇ؟- دېدى كارل.
— ئۇنى قانداقمۇ مېھمان دېگىلى بولسۇن؟ مەن ئۇنداق ئادەملەردىن بىزار،-دېدى ۋوئودلېي ئەپەندى.
ئارقىدىن مەن كارلغا مەستلىرىنىڭ ھورۇن، ھېچ ئىش قىلمايدىغان، بىكار تەلەپ ... ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم. گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كارل سەل ئىشەنمىگەندەك قىلىپ:
— بىراق ئۇ قارىماققا ئۇنداق ئادەمدەك كۆرۈنمەيدۇ، ماڭا ياخشى ئادەمدەك بىلىندى. مېنىڭچە ئۇ بەزى ئادەملەردىن ياخشى ئىكەن،-دېگەچ ۋوئودلېي ئەپەندىمگە ئالىيىپ قويدى.
ۋوئودلېي ئەپەندى كارلنىڭ ئۆزىدىن خاپا ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا:
— كارل، سەن تېخى ئىش ئۇقمايسەن،-دېدى. بىراق كارل ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي قويمىدى. بۇ چاغدا مەن سەۋرچانلىق بىلەن كارلغا بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم:
— كارل، بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلار كۆرۈنگىنىگە ئوخشاشلا ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ. چىراي-تۇرقى كېلىشكەن، مۇئامىلىسى ياخشى ئادەمنىڭ جەزمەن ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن. مىجەزى ئوسال، مۇئامىلىسى ناچار ئادەم بەزىدە ھەقىقىي ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئىنسان دېگەن مۇرەككەپ كېلىدۇ، شۇڭا سەن ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك.
— دادا، سىز دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ تولىسىنى ياخشى ئادەم دېمىگەنمىدىڭىز؟- دەپ سورىدى كارل ئەجەبلەنگەن ھالدا.

— شۇنداق، بىراق شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، قۇياش نۇرى ئاستىدا جەزمەن سايە بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قارىساڭ بولمايدۇ،-دېدىم مەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

*　*　*

1806- يىلى 7- ئاۋغۇست　ھاۋا ئوچۇق.

مەن ئۆزۈمنىڭ بىر باستىر ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن.

پەرۋەردىگار شەپقەتلىكتۇر ھەم ئادىلدۇر. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەقىقىي رەھىمدىللىكنىڭ ۋە ھەقىقىي ياخشىلىقنىڭ نېمىلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ.

تۇرمۇشتا نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بىراق بەزىلەردە پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى بولمىغاچقا، بۇ ئىشلارنى سېزەلمەيدۇ.

كارل ئاق كۆڭۈل بالا بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلەتتى.

بۈگۈن مەن كارلنىڭ پارچە پۇللىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئازلاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم. كارل ئىقتىسادچىل بالا ئىدى، ئۇ مەن بەرگەن پارچە پۇللارنى يىغىپ قويۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئۆگىنىش قوراللىرىنى سېتىۋالاتتى. ئۇ ئانچە پۇل خەجلىمىگەچكە، ئۈچ-تۆت ئايدا يىققان پۇلى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالاتتى. بىراق بۇ قېتىم ئۇ پۇلنى سەل تېز خەجلىۋەتكەندەك قىلاتتى.

بۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىر گەپ بار دەپ ئويلاپ، مەن سەل پەيتىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— كارل، يېقىندا بىرەر نەرسە سېتىۋالدىڭمۇ؟

— ياق.

كارلنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.
كارل ماڭا پۇلنى نېمىگە خەجلىگەنلىكىنى دېمىگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا يېپىشىۋالمىدىم. چۈنكى مېنىڭچە، بالىنىڭ ئۆز پۇلىنى خالىغانچە خەجلەش هوقۇقى بار.
كارل بۇ ئىشنى ئېيتىشىم كېرەك دەپ ئويلىغان چېغى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇ، ئىشنىڭ جەريانىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى.
ئەسلىدە كارل يىغقان پارچە پۇللىرىنى كىرلاند ئىسىملىك بىر بالىغا ئۆتنە بەرگەن ئىكەن.
كىرلاند دېهقانىنىڭ بالىسى بولۇپ، كارلنىڭ دېيىشىچە، كىرلاندنىڭ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، تۇرمۇشتا قىيىنىلىدىكەن.
كارلنىڭ قىيىنچىلىقى بارلارغا پۇل بېرىپ ياردەم قىلغانلىقى ياخشى ئىش. بىراق ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى.
بىلىشىمچە، كىرلاندنىڭ دادىسى هاراقكەش، هورۇن بىر ئادەم ئىدى. ئائىلە مۇهتى كىرلاندنى ئويۇن قىيى، بىكار تەلەپ قىلىپ قويغانىدى.
كىرلاند بۇ پۇللارنى قىمار ئويناش ئۈچۈن ئۆتنە ئالغان بولۇپ، ئۇ كارلغا «قىماردا ئۇتقان چېغىمدا، پۇلۇڭنى هەسسىلەپ قايتۇرىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن.
دەسلەپتە، گۆدەك كارل گېپىمگە كىرمىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ تۇرۇپ: «كىرلاندنىڭ قىمار ئوينىشىمۇ ئۆيىدىكىلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈنغۇ! ئۇ ماڭا، پۇل ئۇتقاندىن كېيىن ئۇكا-سىڭىللىرىمغا دەپتەر-كىتاب ئېلىپ بېرىمەن، دەپ قەسەم بەردى. گەرچە قىمار ئويناش ياخشى ئىش بولمىسىمۇ، بىراق كىرلاند ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلدى» دېدى.
ئۇنىڭ بۇنداق خاتا قارىشىغا قارىتا مەن سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم:
— بىرىنچىدىن، قىمار ئويناش ناهايىتى يامان بىر ئىش. سېنىڭ كىرلاندقا قەرز بەرگەنلىكىڭ، ئەمەلىيەتتە، باشقىچە

شەكىلدە قىمار ئوينىغانلىقىڭ بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، كىرلاندىنى پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرەلمىگىن دەپ ئويلىما، چۈنكى ئۇ قىماردا مەڭگۇ پۇل ئۇتالمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، قەرز ئېلىپ قىمار ئوينايدىغان ئادەملەر ياردەم بېرىشكە ھەرگىز ئەرزىمەيدۇ، چۈنكى بۇنداق ئۇسۇل بىلەن پۇل تاپىدىغانلارنى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ.

— بىراق، سىز دائىم باشقىلارغا ياردەم بېرىش كېرەك دەيتتىڭىزغۇ؟ - دەپ سورىدى كارل. شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئىش. بىراق، شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ئۇسۇلمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ. بەزىدە ھەتتا ئاشۇنداق ياردەم بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەتراپىمىزدىكى ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان تونۇش ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سەن بىلەن ئالاقە قىلىشىدا مەلۇم مەقسەت - مۇددىئا بولىدۇ. باشقىلارنىڭ غەرىزىنى بىلىش سەن ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. چوڭ بولغاندا بۇنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىسەن، - دېدىم.

بەزىلەر مېنى باستىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئاشۇنداق كىچىك بالىغا چوڭلارنىڭ بۇنداق قائىدىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى بالىنىڭ سەبىي قەلبىگە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭچە، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا تۇرمۇشنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇزىنى قوغداشنى ئۆگىتىش بالىنى «ھاماقەت» ياخشى ئادەم قىلىپ چىققاندىن كۆپ ياخشى.

* * *

1806 - يىلى 19 - ئاۋغۇست ھاۋا تۇتۇق.

«بالىنى يۇۋاش ئادەم قىلىپ چىقىش كېرەك، چۈنكى بۇنداق بولغاندا، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ قائىدە -

تۈزۈملىرىگە ئاگلىق رىئايە قىلىدىغان بولىدۇ» دېگەن قاراش قارىماققا ئادەمنى قايىل قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق مەن بۇنداق قارىمايمەن.

مېنىڭچە، بالىنى ئەقىللىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئۇنى يۇۋاش ئادەم قىلىپ چىقىشتىنمۇ مۇھىم. ئەمەلىيەتتە، يۇۋاش، قائىدە-تۈزۈمنىڭ سىرتىغا چىقمايدىغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالىشى ناتايىن، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە ماسلىشىپ كېتەلىشىمۇ ناتايىن.

بۇ قاراش كىشىلەرنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىشىغا دەستەك بولۇپ بېرىدۇ، بىراق مەن ھەقىقەتەن مۇشۇنداق دەپ قارايمەن.

ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىش بالىنى كالۋا، ئىقتىدارسىز قىلىپ قويىدۇ، بۇنىڭدىن قىلچە شەكلەنمەيمەن.

يېقىندا، خىزمەت سەۋەبى بىلەن ئۆيدىن ھەپتىچە ئايرىلغان ئىدىم.

بۈگۈن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، كارل ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. مەن چۈشكەن ئات ھارۋىسى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلمەستە، كارل مېنى ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن.

مەن ھارۋىدىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا كارل يۈگرەپ كېلىپ، خۇشال ھالدا مېنىڭ باغرىمغا ئۆزىنى ئاتتى.

بىراق مەن ئادەتتىكىدەك ئۇنى باغرىمغا باسماستىن، قەستەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

كارل يەرگە دۈم چۈشتى. مېنىڭ بۇنداق «رەھىمسىزلىك»ىمنى كۆرۈپ، ئايالىم ناھايىتى خاپا بولدى ۋە «كارل ھەركۈنى سىزنى سېغىنىپ تۇرۇۋاتسا، ئۆيگە كېلىپلا بۇنداق قىلغىنىڭىز نېمىسى؟» دەپ كايىدى.

مەن جاۋاب بەرمەي، كۈلۈپلا قويدۇم. ئوغلۇم كارل ماڭا ئوبدان بىر ئالىيىپ قويۇپ، ئۆيگە قاراپ يۈگرىدى. بۇ ۋاقىتتا مەن: «كارل، توختاپ تۇر» دەپ چاقىردىم.

— مەن ساڭا چاقچاق قىلدىم ھەم سىپنى بىر قائىدىنى چۈشىنىۋالسۇن دېدىم،-دېدىم.

— قانداق چاقچاق، قانداق قائىدە ئۇ؟-دېدى كارل زەردە بىلەن.

— مەن بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ساڭا ھەرقانداق ئادەمگە، جۈملىدىن داداڭغىمۇ ئوڭايلىقچە ئىشەنمەسلىكنى بىلدۈرمەكچى ئىدىم،-دېدىم.

كارل بىلەن ئايالىم مەقسىتىمنى چۈشەنمەي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ...

* * *

1806- يىلى 2- ئۆكتەبىر  ھاۋا ئوچۇق.

ئۇلۇشكۇن كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، كارل ھاياجانلانغان ھالدا ماڭا: «دادا، بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى، مەن ماختاشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش قىلىۋاتىمەن»دېدى.

ئەسلىدە بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى، كارل كارلىنىس ئىسىملىك ھېيلىگەر بىر دېھقاننىڭ بوغدايلىرىنى ئورۇپ بېرىۋاتقان ئىكەن. كارلىنىڭ ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىشىدە جەزمەن بىر سەۋەب بار ئىدى.

كارلىنىڭ گەپلىرىدىن شۇنى بىلدىمكى، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كارلىنىس كارل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن ماختاشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىشنى قىلىشنى — بوغداي ئورۇشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىغان. باللار بۇنىڭغا ماقۇل بولغان.

بىراق سەبىي باللار ھېيلىگەر، رەزىل كارلىنىسنىڭ قىلتىقىغا چۈشكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان.

بالىلار ياردەم قىلغاچقا، كارلىنىسنىڭ ئادەم ياللىشى ھاجەتسىز بولغان. كارلىنىس مۇشۇنداق رەزىل ئۇسۇل ئارقىلىق بالىلارنىڭ سەبىي، گۈزەل قەلبىدىن پايدىلىنىپ كەتكەن.

مەن ھېلىقى شەرمەندە كارلىنىسنى ئۇدۇل ئىزدەپ بارمىدىم، ئەكسىچە كارلغا بۇنىڭ ئىچىدىكى سەۋەپىنى، كارلىنىسنىڭ پەسكەش قىلىقىنى چۈشەندۈردۈم ۋە كارلغا ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئۇسۇلنى ئۆگىتىپ قويدۇم.

پەرۋەردىگار مەڭگۈ ئادىلدۇر، ئۇ ھەرقانداق يامان غەرەزلىك كىشىلەرنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. چۈنكى كارل مەن ئۆگەتكەن ئۇسۇلنى بۇگۈن قوللانغاندا، پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلدى.

بۈگۈن كارل ھەمراھلىرى بىلەن ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا كارلىنىسنىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. چۈش بولاي دېگەندە ھاۋا تۇيۇقسىز تۇتۇلۇپ، قارا بۇلۇتلار قاتتىق يامغۇردىن شەپە بېرىۋاتاتتى.

بۇ چاغدا كارلىنىس بۇغدايلىرىنى شەھەرگە ئەكىرىش ئۈچۈن ئات ھارۋىسىغان بېسىپ بولغانىدى. ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرۈپ، ئۇ تىت-تىت بولۇشقا باشلىدى. ئاللىقاچان قۇرۇپ بولغان بۇ بۇغدايلار يامغۇردا قالسا، ئۇ چوڭ زىيان تارتىپ كېتەتتى. ساتالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بۇغدايلارنى قايتا قۇرۇتۇشقا توغرا كېلەتتى.

شۇنىڭ كارلىنىس بالىلارنى ياردەملىشىشكە چاقىرىدۇ.

بالىلار قوللىرىدىكى قورال-سايمانلارنى تاشلاپ، كارلىنىسقا غەزەپ بىلەن قارايدۇ. بالىلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— نېمە بولدى؟ بالىلار، نېمىشقا ئىشلىمەيسىلەر؟-دەپ سورايدۇ كارلىنىس.

بۇ چاغدا كارل ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش تەلەپپۇزدا:

— كارلىنىس ئەپەندى، بىزگە بۇ بىر نەچچە كۈنلۈك ئىش ھەققىمىزنى بېرىۋەتسىڭىزلا، سىزگە ياردەم قىلىمىز،-دەيدۇ.
— نېمە؟- دەيدۇ كارلىنىس ھەيران بولۇپ، —سەن تېخى ئىش ھەققى ئالماقچىمۇ؟ قاملاشمىغان گەپقۇ بۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىش دېگەن ياخشى پەزىلەت تۇرسا.
— توغرا، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ياخشى پەزىلەت. بىراق بىز سەندەك ئادەمگە ياردەم قىلمايمىز،- دەيدۇ كارل باللارغا قولنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ،-يۈرۈڭلار، كارلىنىس بىزگە ئىش ھەققىنى بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ.
يامغۇرىيېغىشقا باشلىغان ئىدى. كارلىنىس ئىلاجىسىز باللارغا ئىش ھەققىي بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. كارل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاخىرى بىر نەچچە كۈنلۈك ئەمگىكىگە تېگىشلىك ھەققە ئېرىشىدۇ.
بەزىلەر بەلكىم ماڭا: «باستېر ئەپەندىم، بالىڭىزغا قارىغۇنى ياردا قىستاشنى ئۆگەتكىنىڭىز نېمىسى!» دېيىشى مۇمكىن. بىراق مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. چۈنكى گەرچە بۇ ئىش قارىماققا قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن قوغداش ھېسابلىنىدۇ.
مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر بالا مۇشۇنداق ئۇسۇللارنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن پايدىلىق.

*　　*　　*

1806- يىلى 31- ئۆكتەبىر ھاۋا ئوچۇق.
بۈگۈن رىدىنىچ بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايىلىرى ۋە ئۆزگىچە قاراشلىرى بار ئىدى.

كارل ئۇنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، كارل ۋە باللار رىدىنىچ ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

رىدىنىچ سەل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، سۆزلەشكە باشلىدى.

رىدىنىچقا ھەقىقەتەن قول قويدۇم. چۈنكى ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى ھەقىقەتەن قىزىقارلىق بولۇپ، بىلىمگە تەشنا بۇ باللارلا ئەمەس، ھەتتا مەنمۇ بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتىم.

«كۆپ گەپ قىلساڭ كەتكۈزۈپ قويىسەن» دېگەندەك، رىدىنىچ ئەپەندىمۇ بىر يەردە كەتكۈزۈپ قويدى.

ئۇ: «گېرمانىيىدە نۇرغۇن ئۇلۇغ مۇزىكانتلار بار، مۇزىكىنىڭ ھەرقانداق ساھەسىدە داڭلىق شەخسلەر بار. مەسىلەن: باخ، مۇزات، بېتخوۋېن، يەنە پاگىنىنى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ مۇزىكانتلار» دېگەنىدى.

ئاز تولا ساۋاتى بار ئادەملەر پاگىنىنىنىڭ ئىتالىيىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بىراق بىلىملىك رىدىنىچ ئەپەندى مۇشۇنىڭغا كەلگەندە خاتا سۆزلەپ قويغانىدى.

ئوغلۇم كارل ماڭا ئوخشاش باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، رىدىنىچنىڭ بۇ خاتالىقىنى دەرھال كۆرسىتىپ بەردى.

—— رىدىنىچ ئەپەندى، پاگىنىنى گېرمانىيىلىك ئەمەس،- دەپ توۋلىدى كارل. بۇنى ئاڭلاپ رىدىنىچنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈرۈپ، جۇدۇنى تۇتتى.

مەن دەرھال كارلغا ئەمدى سۆزلىمە دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىسى قىلدىم. بىراق ئوغلۇم ماڭا دىققەت قىلماي، گېپىنى داۋام قىلدى:

—— پاگىنىنى ئۇلۇغ مۇزىكانت، بۇ پۈتۈنلەي توغرا، بىراق ئۇ ئىتالىيىلىك.

كارلنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى، بىراق ئۇ گەپنى بەك تۈز دەۋەتكەنىدى.

رىدىنىڭ ئەپەندى تېرىكىپ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، كارلغا ئوبدان بىر ئالىيىپ قويۇپ:

— ھە، مېنىڭ بۇ يەردە كاپىلدىشىم ئارتۇقچە ئىكەن،-دەپ زەردە قىلغاندىن كېيىن، چىقىپ كەتتى. كارل مەندىن:

— دادا، ئەجىبا مەن خاتا سۆزلەپ قويدۇممۇ؟-دەپ سورىدى.

— سەن خاتا سۆزلىمىدىڭ، بىراق بۇ ئۇسۇلۇڭ مۇۋاپىق بولماي قالدى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرسەڭ، ئۇنىڭ يۈزى تۆكۈلگەن بولامدۇ. ئۇنىڭ خىجىل بولغىنىدىن يۈزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟-دېدىم.

— بىراق ئۇ راستىنلا خاتالاشقان تۇرسا، يەنە كېلىپ مەن ئۇنى مازاق قىلمىدىم، پەقەت پاكىتنى سۆزلىدىم،-دېدى كارل چۈشەنمىگەن ھالدا.

— بىراق ئۇ بۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يۈزۈم چۈشتى، دەپ ئويلايدۇ،-دېدىم. كارل يەنىلا قايىل بولماي:

— ئەجىبا ئۇنىڭ يۈزىنى دەپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرمىسام بولامدۇ؟-دەپ سورىدى.

— ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ياخشى ئىش، بىراق ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ خاتالىقىنى ئايرىم تۇرغاندا كۆرسىتىپ بەرگەن بولساڭ، ئۇ ئاچچىقلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ساڭا رەھمەت ئېيتقان بولاتتى،-دەپ چۈشەندۈردۈم.

— نېمە ئۈچۈن؟-دەپ سورىدى كارل.

— چۈنكى سەن ھەم ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان، ھەم ئۇنىڭ يۈزىنى ئايىغان بولىسەن. بىلىشىڭ كېرەككى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن كاللا ئىشلەتمىسەك بولمايدۇ،-دەپ جاۋاب بەردىم.

# كىچىك كارل ۋىتىېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 15-نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

دادامنىڭ بۇ بىر نەچچە پارچە كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئوقۇپ، بەكلا بىئارام بولدۇم.

دادام ماڭا باشقا بىر خىل ئەقىل-پاراسەتنى ئۆگەتتىم دەپ ئويلىغان، بىراق ئۇ مېنىڭ بۇنىڭغا قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىمنى-سەبىيلىكتىن مەھرۇم بولغانلىقىمنى، يەنى ۋۇجۇدۇمدىكى ئەركىنلىكنىڭ ساپ بولماي قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

بۇ دۇنيادا باللارنىڭ ئىللىق كۈلكىسى، گۆدەك-مەسۇملىقى تاش يۈرەك دىللارنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ. مېنىڭ قەلبىمدە كۆك ئاسمان، گۈل-گىياھ، يېقىملىق مۇزىكا قاتارلىقلار بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان، ئەڭ مۇكەممەل ئىجادىيەتتۇر. مېنىڭچە، بۇنداق دېگەنلىكىم ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

باللارنىڭ قەلبى پاك، بىغۇبار بولغاچقا، قانداق نەرسىلەرنىڭ قەلبنى بۇرمىلىۋەتكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ.

قەلبنىڭ ساپاسى ھاياتلىقنىڭ سوۋغىسىدۇر.

بۇنى مەن كېيىن چۈشەندىم، بىراق كېچىككەن ئىدىم. قەلبىمدىكى ئاشۇ سەبىيلىكنى مەن ئەمدى قايتۇرۇپ كېلەلمەيمەن.

قەلب ساپاسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە ياشاش ئارىسىدىكى پەرق ئېقىن سۇنىڭ ئېقىشى بىلەن سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ مېڭىشىغا ئوخشايدۇ. ئېقىن سۇ گاھ تاشقا، گاھ چاتقال، ئوت-چۆپلەرگە ئۇچراپ، بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا ئاقىدۇ، بىراق مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ. سائەت ئىستىرېلكىسى بولسا «چىك-چاك، چىك-چاك» قىلىپ، قانۇنىيەتلىك ھالدا ئايلىنىدۇ. ئېقىن سۇنىڭ ئېقىشىدا ھېچقانداق قانۇنىيەت بولمايدۇ، بىراق سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ئايلىنىشىدا قانۇنىيەت بولىدۇ. بىز بۇ ئىككى

خىل ياشاش ئۇسۇلىنىڭ بىرىنى تاللايمىز. بىر بولسا ئالدىن بېكىتكەن نىشانىمىز بويىچە مېڭىپ، ئېھتىياجىمىزغا قاراپ ئاز-ئازدىن تۈزىتىمىز، بىر بولسا بارىغا شۈكرى-قانائەت قىلىپ ياشايمىز.

مەن ئىلگىرى بالام بىلەن بىرگە ئوينىغان. بالىلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بىز چوڭلارنىڭكىگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ: ئۇلارنىڭ ئوي-خىيالى ۋە ھەرىكىتى تۇيۇقسىز، غەلىتە بولۇپ، پەرەز قىلماق تەس بولىدۇ. ئۇلار قىزىقىش-ھەۋىسى بويىچە، نەگە بارغۇسى كەلسە شۇ يەرگە بارىدۇ، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدۇ. كېيىن مەن ئوغلۇمنىڭ تەشەببۇسكار بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەلگىلەپ بەرمىدىم. بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئويۇنلىرى خىلمۇخىل بولۇپ توختاپ قالمايدۇ، شۇندىلا تاشقى كۆز قاراشلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئەركىن-ئازادە، جانلىق بولىدۇ.

مەن قەلب ساپاسىنىڭ نېمىلىكىنى ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتىمەن. دەسلەپتە مەن، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتەرمەنمۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىم تاشلىنىپ قالارمۇ، چېچىلاڭغۇ بولۇپ ئۆزۈمنى تىزگىنلىيەلمەي قالارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلدىم. نەتىجىدە تىزگىنىمنى يوقاتتىم، ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولمىغان بىرخىل رېتىمغا ئەگىشىپ ماڭدىم، بىراق مەن ناھايىتى ئەركىن-ئازادە بولۇپ، يېڭى بىر تۇيغۇغا ئېرىشكەندەك بولدۇم، ھەممە ئىش ماڭا قايتىدىن باشلانغاندەك بولدى. مانا بۇ، بىر ئادەمنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى بولۇپ، ھەرگىزمۇ يېڭى بىر ماھارەت ئەمەس، بەلكى ئۇنتۇلغان بىر قەدىمىي كەيپىيات. باشقۇرۇش ئىستىكىدىن ۋاز كەچكەندە، جىددىيلىك ۋە ھارغىنلىقمۇ تۈگەيدۇ: بالىلارنىڭ بىز چوڭلاردىنمۇ بەكرەك جۇشقۇن بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك. چۈنكى بالىلار ئۆز خاھىشى بويىچە ياشايدۇ.

قەلب ساپاسى قىممەتلىك بىر سوۋغا، ھەرقېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا، ئىنسان قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك شاتلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن ھەرىكىتى ساختا، ئۆزىنى ئەركىن-ئازادە تۇتالمايدىغان

ئادەتتىكى ئارتىسلار قەلب تارىمىزنى چېكەلمەي، شۆھرەتلىك ئارتىسلار دىققىتىمىزنى تارتالايدۇ؟ پىئانىنونى يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ھەرقانچە بېرىلىپ چالسىمۇ، ئاڭلاپ ئولتۇرغىمىز كەلمەيدۇ. بىراق داڭلىق پىئانىنوچىلار مۇزىكا چالسا، نېمە ئۈچۈن بىزنى غەم-قايغۇنى ئۇنتۇلدۇرۇپ دىغان باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ كىرەلەيدۇ؟ چۈنكى داڭلىق ئارتىسلار ۋە پىئانىنوچىلارنىڭ ئىپادىسى چىن قەلبىدىن چىققان بولغاچقا، بىزگە تەبىئىي گۈزەللىكنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ ساپ قەلب ساپاسىغا قىلچە چاڭ-توزان قونمىغاچقا، بىزنى خىيالىي بىر مەنزىلگە باشلاپ كىرەلەيدۇ، مانا بۇ، تالانتلىقلارنىڭ تالانتلىق بولالىشىدىكى ئاساس.

مېنىڭچە، قەلبىنىڭ ساپاسى تالانتلىقلارنىڭ تالانتلىق بولالىشىدىكى ئاساستۇر. باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قەلبىنىڭ ساپاسى ئۇلارنىڭ ئەقىل-ئىدرىكى ياكى ئېگى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئىپادىسى. بىز تېخىمۇ ياخشىسىنى تېپىپ چىقالايمىز دەپ قارىساقلا، ھەرقانداق ئىش، ھەرقانداق ئوي-خىيالنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تېپىپ چىقالايمىز.

مېنىڭچە، چوڭلارغا قارىغاندا باللار، بولۇپمۇ كىچىك باللار بەكرەك ئەركىن كېلىدۇ. بىرەر ئارزۇ-ئىستەك ئالدىدا، بىز چوڭلار بىتەرەپ ھالەتنى ساقلىيالمايمىز ۋە ئۇنداق بولماي، مۇنداق بولسىدى دەپ ئارزۇ قىلىمىز. ئارزۇ-ئىستەك بىزدە پەيدا بولغاندا، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىمىزگە ئېرىشەلمەسلىكىمىزدىن ئەنسىرەيمىز، نەتىجىدە ساپ قەلب ساپاسىدىن تەبىئىيلا مەھرۇم قالىمىز.

باللارغا بىز ئۆگەتمىسەك، ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇنداق بولۇپ قالمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھەممە ئويۇن بىلىنىدۇ، ھەممە نەرسە ھاياتىي كۈچكە تولغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇلاردا روشەن بىر ئېغىش بولمايدۇ، ئۇلار دۇچ كەلگەن ھەممىلا نەرسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كېتىدۇ.

بالىلار شۇنداق خۇشال-خۇرام ئوينايدۇ، بىراق نېمە ئۈچۈن بىز ئۇنداق ئەمەس؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلب ساپاسى ساپ بولىدۇ، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھەممىلا نەرسىنى ياخشى، ھەتتا ھېكايە-چۆچەكلەردىكىدىنمۇ ياخشى دەپ ئويلايدۇ.

ۋاقىت دېمەك-ھازىر دېمەكتۇر. بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىچە چۇشلۇق قىزىقارلىق يېرى بولىدۇ. دۇنيا چوڭ بىر ئويۇن سورۇنى، كىشىلىك ھايات ئىككى سائەتتىن كېيىن ئەمەس، بەلكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە.

مەن، قورقۇنچلۇق تەلىم-تەربىيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم ئۇ تەشەببۇسچانلىقنى مەجبۇرلاشقا ئۆزگەرتىشتۇر. تەبىئىي ھەم ئەركىن بولۇش قەلب ساپاسى تەلەپ قىلغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىدۇر، ھەممىمىزدە مۇشۇنداق قابىلىيەت بار. ئەگەر بىز ئۆز-ئۆزىمىزگە ئۆگىنىشىم كېرەك دېسەك، ئۆزىمىزنى مەجبۇرلىغان بولۇپ قالىمىز. ئىنسانىنىڭ تۈرلۈك كەيپىيات-ھېسسىياتلىرى تەھلىل قىلىنىپ، تۈرگە ئايرىلىپ، ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ، مۇنداق قىلسا بولمايدۇ، دېگەندەك چەكلىمىلەر كۆپىيىپ كەتتى. خۇددى بىراۋ كېلىپ بىزگە نېمىنىڭ ئۆچ قىلىش، نېمىنىڭ مۇھەببەت، نېمىنىڭ غەم يېيىش ئىكەنلىكىنى ئۆگەتكىنىدەك، مەجبۇرى ئاساستا ئىش قىلساق، ئۆز ئەركىمىزدىن مەھرۇم بولغان بولىمىز. ئەمەلىيەتتە، مەن باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئازراق ئارىلىشىدىغان، كۆپرەك كۆزىتىدىغان پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈشۈم كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلغاندا بەزىدە كۈتۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق بىز بۇنداق پوزىتسىيىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ، باشقىلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىشكە، ئۇلارنىڭ يېغىرىنى تاتىلاشقا، ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىققا، مەجبۇرلاشقا، بۇيرۇقۋازلىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتتۇق. ئەگەر بىز كۈتۈشنى، ھۆرمەت قىلىشنى خالىغان بولساق، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەنگەن بولاتتۇق. بىراق بىز كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالماي، قارامىلىق قىلىمىز، سۈكۈت قىلىشنى

خالىماي، توختىماي كاپىلدايمىز، ئوبدان تەتقىق قىلماي، قارىسىغا باھا بېرىمىز، باشقىلارنىڭ گېپىگە ئوبدانراق قۇلاق سالماي، خىيالىمىزغا كەلگىنىچە سۆزلەيمىز، باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىلىنىشنى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ قىنىقۇپلىشىنىلا ئويلايمىز. بۇ، ئىنسان تەبىئىتى سەۋەبىدىن بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت يۈزلىنىشىمىزدۇر، شۇنداقلا بۇ مېنىڭ ئالىم بولالماسلىقىمدىكى تۈپ سەۋەب. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي تالانت ساپ بولىدۇ.

بالىلار بىز چوڭلارغا ئوخشىمايدۇ. بىز خۇددى ئوقيا ئاتقانغا ئوخشاش، ئېنىق بىر نىشاننى تۇرغۇزۇۋالىمىز، بۇ نىشاندىن باشقىسى بىز ئۈچۈن مۇھىم بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ناھايىتى ئۈنۈملۈك، ئەمما چەكلىك بولىدۇ. بالىلار خۇددى بىر چەمبەرگە ئوخشاش ھېچ يەرگىمۇ بارماي، بىر چۆرگىلەپلا يەنە ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىدۇ. بالىلاردا مۇقىم بىر قاراش بولمايدۇ دېيىش كېرەك، بىراق ئۇلارنىڭ قەلبى ئەركىن بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئىش ئۇلارنى شاتلاندۇرىدۇ، ھەممىلا نەرسە ئۇلارغا يېڭى ھەم قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. بۇنى قەلب ئەركى بەلگىلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق بالىلار يېڭى تەجرىبىگە ئېرىشىدۇ، مانا بۇ-سەبىيلىكتۇر.

ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئوڭاي ئەمەس. بىراق مەن كىشىلىك ھايات بىلەن نىشان ئوخشاشلا مۇھىم بولغانلىكەن، جەريان بىلەن نەتىجىنىڭمۇ ئوخشاش بىر ئىش بولۇشى كېرەكلىكىنى تەدرىجىي ھېس قىلىشقا باشلىدىم. قەلبىمدىكى ئۇزۇن يىللىق توگۇن ئاستا-ئاستا يېشىلىشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بىز ھازىرقى پەيتنىڭ ئۆزىدە ئەركىن-ئازادە ياشىساق، ھېچ يەرگە بارمىساقمۇ بولىدۇ، چۈنكى ھازىرنىڭ ئۆزى دەل بىزنىڭ مەنزىلىمىزدۇر. مۇشۇنداق ئويلىغاچقا، مەن كۈنلىرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر تەرىزدە ئۆتىدىغانلىقىنى، بالىلار ئۈچۈن بىر كۈننىڭ بىر ئەسىردەك بىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. چوڭلارنىڭ بىر كۈنى بىركۈن بولسا، بالىلارنىڭ بىر كۈنى بىر داستان بولىدۇ.

بالىلارنىڭ قەلبى ئەنە شۇنداق ئەركىن بولغاچقا، بىزگە ئوخشاش شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا مۇقىم قېلىپقا چۈشۈپ قالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلار پۈتۈنلەي يېڭىچە ئۇسۇل قوللىنىدۇ. بۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزگىنلەيدۇ. چوڭلار رىقابەت قارىشىنى بالىلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈپ، زور نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىلارنىڭ ئىجادىيەتكە كېرەكلىك ئىلھامىنى بۇزۇپ قويىدۇ. بەلكىم بىز بالىلاردىن كۆپرەك ئۆگىنىشىمىز كېرەكتۇر.

بالىلار شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە، ھەمىشە ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى كۆرىدۇ.

يېڭى شەكىللەرنى ئۆزلۈكسىز قېزىش، سۇبيېكتىپ باھا ۋە خاتىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھالدا كۆزىتىش ئادەمنى ماھىيەتكە قايتۇرىدۇ. مانا بۇ، بالىلارنىڭ نەزىرىدىكى پاكىت. ئەجىبا بۇ ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟

بالىلار چوڭلار قولاق سالمىغان چارپاقنىڭ كۈرۈلداشلىرىغا، بورانىنىڭ گۈكىرەشلىرىگە، گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلەشلىرىگە، ئىشىكنىڭ ئېچىلغان، غىچىرلىغان ئاۋازلىرىغا قولاق سالىدۇ. بالىلارنىڭ كۆزلىرى ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن تىكىلىدۇ، چوڭلار دىققەت قىلمىغان ئاۋازلار بالىلارغا ھەر ۋاقىت پۈتۈنلەي يېڭىچە تۇيۇلىدۇ.

جەمئىيەتكە قېتىلمىغان بالىلار تارىخ ئىچىدە ئەمەس، پەقەت شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. ئۇلار ھامان جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنى جەمئىيەتكە بىز باشلاپ كىرىمىز. بىراق بەزىدە بالىلار جەمئىيەتنىڭ چاك-تۇزانلىرىغا مىلەنمەي ياشايدۇ ۋە بىزنى ئۆزلىرىنىڭ دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. مەنمۇ بىر مەزگىللەردە مەدەنىيەت ۋە تارىخنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي ياشىغانىدىم.

باللار بىلەن بىرگە بولغاندا، يوقىتىپ قويغان بايلىققا قايتىدىن ئېرىشكەندەك بولىدۇ. مەن كىچىكلىكىمدە بەكلا سەبىي ئىدىم، بىراق كېيىن مەنمۇ كۆپچىلىككە ئوخشاشلا سەبىيلىكتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزلۈكسىز بويسۇندۇرۇش، مەجبۇرلاش، كونا قائىدە-تۈزۈملەرگە بويسۇندۇرۇلۇش نەتىجىسىدە، قەلب ئەركىنلىكىنى چاڭ-توزان باستى. بىراق ھازىر ئوغلۇمنىڭ يېنىدا بەزىدە بايلىق خەزىنىسىگە قايتىدىن كىرگەندەك بولىمەن، يەنە بىر قېتىم ياشىيالىغان بولسام، پۇشايمان، ئار-نومۇسنى بىلمىگەن ھالدا ھەممىلا نەرسىگە يېڭى ھەم ئۆتكۈر نەزەر بىلەن قارىغان بولاتتىم. قەلبىتىكى ساپ ئەركىنلىكتىن ئېرىشىدىغان خۇشاللىق پەرۋەردىگارنىڭ باللارغا ئاتا قىلغان ئەڭ ياخشى سوۋغىسى.

جەمئىيەتنىڭ قېلىپلىشىپ قالغان قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. بالىنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپارساق، ئۇ شىر، مايمۇن، زىراپە دېگەندەك ھايۋانلارنى كۆرمەستىن، كەپتەرنى قوغلاپ يۈرۈشى مۇمكىن. بىز بالىغا «قارا، ئاۋۇ قۇيرۇقسىز ئېيىققا» دەپ كۆرسەتسەكمۇ، بىراق بالا يەنىلا بىز بىزار بولغان كەپتەرگە قارىشى مۇمكىن. بالا ئۈچۈن ئېيىقتاندا كەپتەر بىر ئازمۇ زېرىكىشلىك، ئەھمىيەتسىز نەرسە ئەمەس. چۈنكى بالىنىڭ نەزىرىدە ئەھمىيەتسىز ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ.

بىز چوڭلار «كۆرۈپ بولغان، ئاڭلاپ بولغان، قىلىپ بولغان» دۇنيادا ياشايمىز. بۇ، زېرىكىشلىك ھەم تار بىر دۇنيا بولۇپ، نەگىلا قارىمايلى، ھەممىسى بىز بىلىدىغان نەرسىلەر، شۇڭا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆزىتىشنى خالىمايمىز، قانداقلا بولمىسۇن بۇلارنى بىلىمىز. بىز ئۆتۈپ كەتكەن تۇرمۇش ئىچىدە ياشايمىز. بىز چوڭلارنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقىمىز كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرۈشتە ۋە كېيىن بۇنىڭدىن ماختىنىشىمىزدا. بۇنى بىز «تەلىم-تەربىيە» دەيمىز. بىراق ھەرقانداق بىر ئىش باللارنىڭ قەلبىنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك، تۇنجى قېتىم سۆيۈپ قويغاندەك،

تۇنجى قېتىم مەكتەپكە بارغاندەك ۋە ھەسەن-ھۈسەننى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك لەرزىگە سالىدۇ.

مېنىڭچە، ھەربىر ئىش، ھەربىر پوزىتسىيە، ھەربىر نەرسە باللار ئۈچۈن بىر شەيئى ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنى چۈشىنىش، ئويلاش جەھەتتە چوڭلار باللارغا يېتەلمەيدۇ. چۈنكى بىز چوڭلار ھەممىلا نەرسىنى پىلان ۋە خاتىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمىز. مەسىلەن: جىنسىيەت تىلغا ئېلىنسىلا، بىز قورقۇش، ھاياجانلىنىش، ئارزۇ قىلىش، بېسىم ھېس قىلىش، ئەسلەش، خىيال قىلىش دېگەندەك كەيپىيات-ھېسسىياتلارنى خىيالىمىزغا كەلتۈرىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. «جىنسىيەت» دېگەن بىر سۆز بىر تالاي شەھۋانىي خىياللارنى پەيدا قىلىدۇ. بىركۈنى، ئوغلۇمنى باشقىلار چېچى ئۇزۇن ئىكەن، شۇڭا چوقۇم قىز بالا، دەپ زاڭلىق قىلغاندا، ئوغلۇم ئاچچىقىدا ئىشتىنىنى سېلىپ، ئۇلارغا: «مەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئوبدان كۆرۈش، مېنىڭ مۇنداق نەرسەم بار» دەپ كۆرسىتىپ قويغان.

مانا بۇ، قەلب ساپاسىنىڭ بولغانلىقىدۇر. قەلب ساپاسىنىڭ بولۇشى تالانتلىقلارنىڭ تالانتلىق بوللىشىدىكى ئاساستۇر. ئەگەر بىز ھازىرقىدەك بولمىغان بولساق، باللاردىن جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان بولاتتۇق. بىراق بىز يۈزىمىزنى ئاۋايلايمىز، مەسخىرىگە قېلىشتىن قورقىمىز، شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ھېسسىياتىمىزنى، كەيپىياتىمىزنى بوغۇپ قويىمىز. ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئامىمۋى سورۇندا يۈز بەرگەن بولسا، بەزىلەر كەينىگە قارىۋېلىشى مۇمكىن، مەن بولسام خىجىل بولۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشۇم مۇمكىن، كۆپچىلىككە بۇ ئىش كۈلكىلىك بىلىنگەندىن باشقا، بىئەدەپلىكتەك بىلىنىشى مۇمكىن. ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغاندا، كىشىلەرنىڭ قايتۇرىدىغان ئىنكاسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

بەلكىم مەن قەلب ساپاسىنى قۇرۇلمىسى بولمىغان بىر ھالەت دېسەم ئاندىن توغرا بولىدىغاندۇ. ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان

ىتسكىنىڭ زادى قانداق ئىشلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇنداقلا بۇ توغرىدا ھېچقانداق ئاساسمۇ يوق. مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى: مەن قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتىم، يان ئۆيدىكى ئوغلۇم بىردىنلا «دادا ...» دەپ ۋارقىراپ خىيالىمنى چېچىۋەتتى. «نېمە ئىش؟» دەپ سورىدىم تېرىكىپ. بىرئازدىن كېيىن ئۇ «ھېچ ئىش بولمىدى» دېدى. خاتا ئاڭلاپ قالدىممىكىن دەپ ئويلىدىم، بىراق ئۇنىڭ گېپىدىن خۇشال بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ يەنە «دادا!» دەپ چاقىردى. «نېمە ئىش بولدى؟ نېمە قىلماقچى سەن؟» دەپ سورىدىم. مەن كۆڭلۈمدە مېنىڭ ياردىمىمگە مۇھتاج بولغاندۇ، ياكى مېنى بىللە ئوينىشىپ بەرسۇن دېگەندۇ ياكى يىقىلىپ چۈشكەندۇ، ـ دەپ ئويلىدىم. بىراق ئۇ دەماللىققا جاۋاب بەرمەي، بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، «ھېچ ئىش بولمىدى» دېدى. ئوغلۇم مېنى ئۈچىنچى قېتىم چاقىرغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندىم. ئۇ يەقەت مېنى چاقىرىپ، مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلمەكچى، ئۆزىنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن «نېمە ئىش؟» دەپ سورىدىم، بىراق ئۇ دەماللىققا جاۋاب بەرمەي، بىرئازدىن كېيىن، «ھېچ ئىش بولمىدى» دېدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ تۇيدۇرماي كۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئوغلۇم مەن بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقانىدى. بۇ ئىش مېنىڭ قاتمال تەپەككۇرىمنى بۇزۇپ، مېنى ئاز-تولا سەبىيلىككە ئىگە قىلدى.

باللار ئۆزىنىڭ سەبىيلىك دۇنياسىدا ياشايدۇ. مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تېپىۋالسام بولىدۇ. مەن كىشىلەر ئويلىنىۋاتقان، دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئاشۇ زېمىنغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ قىممەت قارىشىنى بالىغا تاڭماستىن، ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشۇم كېرەك. بەلكىم بۇ جەرياندا بىر كىچىككىنە يوچۇقتىن ئاج... پ گۈزەل دۇنيانى ــ ھەقىقەت دۇنياسىنى كۆرەلىشىم مۇمكىن.

بىراق، بىز چوڭلارنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، بىز يەنە قانچىلىك چوڭ ئىشلارنى قىلالايمىز؟ بۇ بىزنىڭ پاتقاقتا پاتقانلىقىمىز ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ قەلبىمىزمۇ ئاللىقاچان ئەركىن بولماي قالىدۇ. مەن كېيىن پەقەت ئالىي مەكتەپنىڭ بىر پروفېسسورى بولدۇم، خالاس. ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن بىلىملىرىنى بۇرۇنلا ئىگىلىگەن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈۋاتقان مەندەك بىر ئادەمنىڭ ئاخىرى بىرىپ بىر ئالىم بولۇپ چىقالماسلىقىدىكى سەۋەب، مېنىڭ تالانىت ئىگىسى بولۇپ چىقىشىمنىڭ ئاساسى بولغان قەلب ساپاسىدىن ناھايىتى بالدۇرلا مەھرۇم بولغانلىقىمدا بولسا كېرەك.

مەن يەنە دادامنىڭ ئاشۇ تەربىيىلىرى ئۈچۈن خۇشال بولالمىدىم؟ مەن نېمە دېيىشىمنى ھەقىقەتەن بىلەلمىدىم.

# ئون بەشىنچى باب

# ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1807- يىلى 2- مارت    هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن نەۋرە ئاكامنىڭ بالىسىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بالىسى ئۈنۈمۈرىسىتىتقا ئوقۇشقا كىرگەنىدى. بىراق بۇ بالا قارىماققا خەق نېمە دېسە هە دەيدىغان، جانسىز ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئىش ماڭا نەۋرە ئاكامنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئەسلىتىپ قويدى. مېنىڭچە بۇ چوقۇم تەربىيىلەشتىكى مەسىلە.

بۇ بالىمۇ دۇنيادىكى باشقا بالىلارغا ئوخشاش دەسلىپىدە ناهايىتى قىزىقچاق بولۇپ، دادىسىدىن هېلى ئۇنى هېلى بۇنى سورايتتى. بۇ بالا نەۋرە ئاكامدىن شەيئىلەر توغرىسىدا سوئال سورىغاندا، نەۋرە ئاكام بالىسىغا: «نېمانداق تولا گەپ سورايسەن؟ بېرىپ ئويۇنۇڭنى ئوينا، بېشىمنى ئاغرىتما» دەيتتى.

گەرچە نەۋرە ئاكام بالىسى سوئال سورىغاندا، ئۇنىڭغا خېلى قاتتىق تەگكەن بولسىمۇ، بىراق بۇ بالا سوئالنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دادىسىدىن كەينى-كەينىدىن سورايتتى.

بىر قېتىم، بۇ بالا دادىسىدىن:

— دادا، قوياش بىلەن ئاي نېمە ئۈچۈن شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتىدۇ؟-دەپ سورىدى. شۇ چاغدا مەن شۇ يەردە بار ئىدىم. نەۋرە ئاكام:

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇلار ئەزەلدىنلا شۇنداق،-دەپ جاۋاپ بەردى.

— مېنىڭچە ئۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار،-دېدى بالا.

— ھېچقانداق سەۋەب يوق، ئۇلار ئەزەلدىن شۇنداق،-دېدى نەۋرە ئاكام تېرىكىپ. بالا:

— بىراق، مەن... دېيىشىگە، نەۋرە ئاكام بالىسىنىڭ سوئال سوراۋېرىشىدىن بىزار بولدى بولغاي، بالىسىغا:

— نېمانداق ئادەمنى بىزار قىلىسەن؟ بىلىشىڭ ھاجەتسىز، ئۇلارنى ئەزەلدىن شۇنداق دېدىمغۇ؟ بۇمۇ كۇپايە قىلمامدۇ؟-دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ بالا دادىسىدىن سوئال سورىمايدىغان، ئۆزى يالغۇز ئورۇندۇقتا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

نەۋرە ئاكام بالىسىنى ئەنە شۇنداق تەربىيىلىگەن. مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش نەتىجىسىدە، نەۋرە ئاكامنىڭ بالىسى كۈندىن كۈنگە كېسەلچان بالىدەك بولۇپ قالغان، ھەتتا پسىخىكا جەھەتتىن ساغلام بولالمىغان.

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى پسىخىكا جەھەتتىن سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنى بالىلاردىن چوڭ تۇتىدۇ، بالىلىرىنى، ھېچنىمە بىلمەيدۇ، كۆپ بويى قالايمىقان خىيال قىلىپلا يۈرۈيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ چوڭلۇق نوپۇزىغا تايىنىپ، بالىلىرىغا بۇيرۇق قىلىدۇ، ھەتتا بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى شەرتسىز تاڭىدۇ.

بۇنداق قىلىش خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ.

بۈگۈن بۇ بالىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئاتا-ئانىنىڭ ئۆز بالىسىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلماسلىقى بالىسىنى نابۇت قىلغانلىق بولىدۇ.

* * *

1807- يىلى 18- مارت  هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن ئاخىرى ۋاقىت چىقىرىپ نەۋرە ئاكامنى كۆرگىلى باردىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا دەرت ئېيتىشقا باشلىدى. ئوغلى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشمايدىغان بولغان، گەپ قىلسىمۇ ئادەتتىكى ئىككى-ئۈچ ئېغىز گەپ بىلەنلا بولدى قىلغان. نەۋرە ئاكام بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئوغلۇم بىلەن قانداق پاراڭلاشسام بولىدۇ؟ دەپ سورىدى.

نەۋرە ئاكام ئىلگىرى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ چوڭ بولمىغان بالىسىغا مۇئامىلە قىلغانىدى. ئەمدى بولسا بالىسىغا بوي ئېگىپ تۇرۇپمۇ پاراڭلىشىشقا ئامال قىلالمايۋاتاتتى. كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقەتەن ...

ئاتا بولۇش سۆيۈنۈم بىلەن نەۋرە ئاكامدىن «بالىنى قانداق ھۆرمەتلەشنى بىلەمسىز؟ بالىڭىز بىلەن دائىم پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغىزمۇ؟» دەپ سورىغۇم كەلدى. بىراق ئۇنىڭ پەرىشان كۆڭلىگە يەنە ئازار بەرمەي دەپ ئويلاپ، ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا ياردىمى تېگەر دەپ بىر نەچچە تەكلىپ بەردىم. نەۋرە ئاكام، زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋېلىشنىڭ تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن. بەزى بالىلارنىڭ كۆزى ئاتا-ئانىسىدا بولغىنى بىلەن، قولىقىغا گەپ كىرمەيدۇ. شۇڭا گەپنى ئاز قىلغان ياخشى. بالىغا ئاچچىقلانماسلىق، باشتىن-ئاخىر تەمكىن بولۇش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس، بىراق كاللىسى ئىشلەيدىغان ئاتا-ئانىلار دائىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. بالىلار بىلەن باراۋەر ئاساستا پاراڭلىشىش، بالا

سۆزلەۋاتقاندا گېپىنى بۆلمەسلىك كېرەك. بۇ، بالىنى ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ بىر كىچىك ئىش، بىراق دىققەت قىلمىغاندا، ئاتا-ئانىلار بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىدۇ.

* * *

1807- يىلى 2- ئاپرېل ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن كەچلىك تاماق ۋاقتىدا كارل ماڭا قوشنىمىز براۋىن خانىمنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ «براۋىن خانىم ناھايىتى ئاز كۈلىدۇ، ئادەمگە ئازراقمۇ مۇلايىم ئەمەس» دېدى.

مەن كارلغا: «سېنىڭ براۋىن خانىمنى ياقتۇرماسلىقىڭ ئۇنىڭ قارىماققا مۇلايىم ئەمەستەك كۆرۈنگەنلىكى ۋە ناھايىتى ئاز كۈلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىكەن. بىراق بەزى ئىشلارنى سەن چۈشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن. براۋىن خانىمنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى، سەن ئۇنىڭغا دوستانە بولساڭ، ئۇمۇ خۇشال بولىدۇ، ئىككىڭلار چىقىشىپ ئۆتەلەيسىلەر» دېدىم.

كەچلىك تاماق ۋاقتى بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، ياخشى پەيت ئىدى. بىز دائىم مۇشۇ ۋاقىتتا ئائىلىدىكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلاتتۇق. شۇنى بايقىدىمكى، مۇشۇ پەيتتە ئوغلۇم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرسام، ئۈنۈمى باشقا ۋاقىتتىكىدىن ياخشى بولىدىكەن. كارلنىڭ مۇشۇ چاغدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلىرىغا بىزمۇ «دىققەت قىلاتتۇق، كارلمۇ ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلەنگەنلىكىدىن مەمنۇن بولاتتى.

يەنە كېلىپ، مەن كارلنى دوستۇم قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەمىمى مۇئامىلە قىلاتتىم. كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى دەيتتىم. كارل

بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بىر-بىرىمىزنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتۇق، مېھىر-مۇھەببىتىمىزمۇ كۈچىيەتتى.

مېنىڭچە، باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش بىر خىل سەنئەت. پىكىر ئالماشتۇرۇشتا ۋاقىت، ئورۇن، مۇھىت ۋە ئۇسۇل قاتارلىقلارنى ئوبدان ئويلىشىش كېرەك.

مەن بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ئوغلۇم بىلەن ئوبدان پىكىر ئالماشتۇرۇشۇم كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، كارلنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنەلەيمىز، ئۇنىڭغا كۆيۈنەلەيمىز، شۇنداقلا كارلغا بىز بىلەن قانداق پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئۆگىتەلەيمىز، نەتىجىدە كارلدا باشقىلار بىلەن ئوبدان ئالاقە قىلىدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرەلەيمىز.

مەن چوقۇم تىرىشىپ مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەك. بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ۋە مەجبۇرىيىتىم، شۇنداقلا پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى.

* * *

1807- يىلى 29- ئاپرېل ھاۋا تۇتۇق.

كارل كىشىلەر تەرىپىدىن تالانت ئىگىسى دەپ ماختالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپىياتىدا سەل ئۆزگىرىش بولدى. ئىنسان شۆھرەتپەرەس كېلىدۇ، كارلمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. باشقىلار ئۇنىڭ تالانت-قابىلىيىتىنى ماختاشقا باشلىغاندىن كېيىن، كارلمۇ سەل ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

ئۆلۈشكۈن كارلنى ئېلىپ، چېركاۋغا دۇئا-تىلاۋەتكە بارغانىدىم. بىراق كارل ئىلگىرىكىدەك ئەدەبلىك بولماي قالدى. ئۇنىڭ قىلىقى مېنى ھەم ھەيران قالدۇردى، ھەم ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

كىشىلەر كارلنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. بۇ ئەسلىدە ئادەمنى پەخىرلەندۈرىدىغان، شەرەپ ھېس قىلدۇرىدىغان بىر ئىش ئىدى. بىراق كارل كىشىلەرگە ئۇنداق دوستانە بولمىدى.

كارل كۆلۈمسىرەپمۇ قويمىدى، تۈزۈكرەكمۇ سالاملاشمىدى، ئۇ پەقەت باشقىلارنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە بېشىنى مۇنداقلا لىڭشىتىپ قويدى.

كارل بىلەن سالاملاشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ قەدىناس دوست-بۇرادەرلىرىم ئىدى. ئۇلار كارلنىڭ بۇنداق كۆرەڭلىكىدىن ھەيران قالدى. بەزىلەر ماڭا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىۋىدى، خىجىل بولۇپ، قاتتىق بىئارام بولۇپ كەتتىم.

مەن كارلغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر نەرسە دېمىدىم. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، مەن دەرھال ئۇنىڭدىن:

— كارل، بۈگۈن نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟-دەپ سورىدىم.

— قانداق قىپتىمەن؟ ماڭا نېمىشقا بۇنداق ئەجەبلىنىپ قارايسىز؟-دەپياندۇرۇپ سورىدى كارل.

— بۈگۈن كىشىلەرگە چىراي ئاچمىدىڭ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلار تۇرسا!-دېدىم.

— ئۇلارغا چىراي ئاچمىغىنىم يوققۇ، مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتىمغۇ،- دېدى كارل.

— بىراق سېنىڭ پوزىتسىيەڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالدى، بۇنى ئۇلارمۇ كۆرۈپ يەتتى. بۇنداق قىلغىنىڭ خاتا، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ تۇسالغۇ پەيدا قىلغانلىق بولىدۇ،-دېدىم.

كارل يەنىلا قايىل بولماي:

— ئەھۋال شۇنداق ئېغىرمۇ؟ مېنىڭچە، مەن چوڭ بولدۇم، شۇڭا سالماقراق بولۇشۇم كېرەك. يەنە كېلىپ، ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئورتاقلىقىم بولمىسا، ئۇلارغا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟-دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ خىيالىنى چۈشەندىم. ئۇ ئۆزىنى «قالتىس ئادەم» چاغلاپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىساممۇ بولىدۇ، دەپ

ئويلاپ قالغانىدى. مەن كۆڭلۈمدە، بۇنداق ئەھۋالدا بالىغا چوڭ قائىدىلەرنى سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق، ئۇ ئاز-تولا بۇرنىغا يېسە، ئاندىن بۇنداق قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇڭا كارلغا ئارتۇق سۆزلەپ ئولتۇرمىدىم.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، كارلدىكى كۆرەڭلىكنىڭ ئورنىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىگىلىدى.

بۈگۈن مەن كارلنىڭ هويلىدىكى ئورۇندۇقتا يالغۇز هاڭۋېقىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدىم:

— كارل، بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ نېمىشقا چىقىپ باشقا باللار بىلەن ئوينىمايسەن؟

— باردىم، بىراق ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئوينىغۇسى يوق ئىكەن، -دېدى كارل ئازابلانغان هالدا.

كارلنىڭ ئازابلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاستاغىنە باغرىمغا باستىم. ئارقىدىن ئۇ ماڭا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇدى. گەرچە مەن ئۇنىڭ دادىسى بولسامۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دوستى ئىدىم. ئۇمۇ شۇنداق قارايتتى.

ئەمەلىيەتتە، بەزى باللار باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، گەپ قىلغاندا ئىنتايىن تەكەببۇر، ھەتتا باشقىلارغا قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ؟ چۈنكى بۇنداق باللارنىڭ ئائىلە شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ گەپ-سۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئائىلە ئىقتىسادى ئۆز ئائىلىسىدىن ناچار ياكى ئورنى تۆۋەن كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ياكى باي ئىكەنلىكىدىن كۆرەڭلەپ، ئورنى ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرنى بىلىپ-بىلمەي كەمسىتىدۇ. نەتىجىدە بالىدىمۇ ئوخشايلا هاكاۋۇرلۇق پەيدا

بولۇپ قالىدۇ. بالىنى ھەددىدىن زىيادە ئەركە قىلىۋەتكەندىمۇ، بالا باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىنى كىچىكىدىن باشلاپلا رايىغا بېقىپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ چوڭ قىلىدۇ، بالىنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ. نەتىجىدە بالا ماختاش-ئۇچۇرۇشقا كۆنۈپ، ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان ھاكاۋۇر بولۇپ قالىدۇ، ئۆزىنى ھەممىلا ئىشتا ياخشى دەپ چاغلايدۇ، ئېپادىسى ياكى نەتىجىسى ئاز-تولا ياخشى بولسىلا، باشقا بالىلارنى كەمسىتىپ كۆزگە ئىلمايدۇ.

بالىلاردا باشقىلارنى كەمسىتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەندە، ئاتا-ئانىلار ئۇلارنى يېتەكلىشى ۋە بۇنداق ئادەتنى ۋاقتىدا تۈزەتكۈزۈشى ھەمدە ئۇلارغا «ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بار، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك»لىكىنى ئېيتىشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى ئۆزگەرتىشى، بالىنى ھەددىدىن زىيادە كۆتۈرۈۋەتمەسلىكى، ئۇنى باشقىلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرغۇزۇشى كېرەك. باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بالىلارنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىماسلىق، ماختىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. بالا ئۆزىنىڭ نەتىجىسىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بېرىش، بالىغا ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان پەرقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىنىڭ دوستلىرىنى ئۆيگە چاقىرتىپ كېلىش ۋە بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ باشقا بالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ھەم ئۆزئارا چۈشىنىش جەريانىدا، بالىغا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشى، بالىلارنىڭ ئالدىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىقى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئاتا-ئانىلاردىكى ھاكاۋۇرلۇق ۋە كۆرەڭلىك بالىلارغا تەسىر قىلىدۇ، نەتىجىدە بالىلار بۇنى دورايدۇ ھەمدە ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلاردا

باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان يامان ئادەت شەكىللىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە ياخشى بىر ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى ناھايىتى مۇھىم.

## كىچىك كارل ۋىتىرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 16- نويابىر    ھاۋا ئوچۇق.

ئاتا-ئانامنىڭ نەزىرىدە مەن ئۇلارنىڭ دوستى بولۇپ، ئۇلار ماڭا دوستى قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان. بۇ ئىش مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن. مېنىڭ بوگۇنكىدەك ئاز-تولا نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمدە، شۇ ئىش ماڭا ئايدىڭكى، ئائىلە ماڭا ئاساس بولغان، ئائىلە ماڭا ھاياتلىق بەرگەن، ئائىلە مېنى كېلەچەككە باشلىغان...

بەش ئازايى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان، ئوخشاشلا مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بىرەر دۆلەتنى قۇرۇپ چىقالايدۇ، بەزىلەر بولسا بىر ئائىلىنىمۇ باشقۇرالمايدۇ؛ بەزىلەر فىزىكا ئالىمى بولۇپ چىقسا، بەزىلەر ھەتتا 1، 2، 3 ...نىمۇ سانىيالمايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ؛ بەزىلەر بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرەلىسە، بەزىلەر ھەتتا قورسىقىنىمۇ باقالمايدۇ؛ بەزىلەر ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدۇ، بەزىلەر بولسا كۆچۈكلىنىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ؛ بەزىلەر ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزىدۇ، بەزىلەر بولسا مال-دۇنيانى دەپ ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىدۇ؛ بەزىلەر ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، بەزىلەر بولسا كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ دىققەت قىلىپ كېتىدۇ؛ بەزىلەر كەسپىگە بېرىلىپ، جاپا-مۇشەققەتلەردىن ۋايسىماي ئىشلەيدۇ، بەزىلەر بولسا كۈنىنى بولۇشىغا ئۆتكۈزىدۇ... ئىنسان ھەقىقەتەن خىلمۇخىل بولىدۇ، يەنى، ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئادەم نېمە ئۈچۈن خىلمۇ خىل بولىدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس، جاۋاب بەرگەن تەقدىردىمۇ، جاۋاب خىلمۇ خىل بولىدۇ. مېنىڭچە، ئادەمنىڭ خىلمۇ خىل بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب پەقەت بىرلا ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي، كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلەردىن بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئالغان تەربىيىسى، تۇرۇۋاتقان مۇھىتى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى، فىزىئولوگىيىسى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق بولىدۇ، بۇلار ئاخىرى بېرىپ كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان قىلىدۇ. ئۇنداقتا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرقنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق سەۋەب نېمە؟ مېنىڭچە، ئاساسلىق سەۋەب-ئائىلىدە. ئائىلە - مەنبە، ئائىلە - باش پەللە. ئادەم مۇشۇ پەللىدىن كىشىلىك ھايات سەپىرىنى باشلايدۇ.

ئادەمنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەيدىغان ئاچقۇچلۇق ئامىل — ئائىلە. ئائىلە تۈپەيلىدىن كىشىلەر خىلمۇ خىل بولىدۇ. يەنى، ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئائىلە ئامىلى ئاساسلىقى ئىرسىيەت ئامىلىنى، يەنى ئاتا-ئانىدىن ئۇدۇم قالغان فىزىئولوگىيىلىك ئامىل ۋە ئەقلىي قابىلىيەت ئامىلىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئاساسلىقى، مۇھىت ئامىلى بولغان ئائىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئاتا-ئانا ئەڭ مۇھىم ئامىل، ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر ۋە ماددىي ئامىللارمۇ مۇھىم، ئەلۋەتتە. بۇ ئامىللار بىرىكىپ، ئادەمنىڭ بالىلىقىدىكى ئاشۇ بىر قانچە يىلغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئوقۇشىغا، خىزمىتىگە، ھەتتا پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئائىلە تەربىيىسى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مەقسەتسىز بولۇش ئاساسىي ئورۇندا، مەقسەتلىك بولۇش ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداقلا تەبىئىي ھالەتتە بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئائىلە تەربىيىسى پىلانسىز، سىستېمىسىز بولۇپ، ئەتراپلىق ئېلىپ

بىر بولمايدۇ. بالىلار كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنى ئۆزى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتى سۆزى ھەر ۋاقىت بالىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل تەربىيە مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن بىردەك بولغاندا، ئىجادىي ئۈنۈم بېرىدۇ؛ ئەگەر بىردەك بولماي، ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولسا، تەلىم-تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى يوقىلىپ، يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ.

ئائىلە — مەنبە. بۇ مەنبەنىڭ ياخشى بولۇش بولماسلىقى ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا قانداق ماددىي شارائىت يارىتىپ بېرىشىدە ئەمەس، شۇندىلا ئاتا-ئانىنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋاستىسىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسىدە. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ياخشى ئائىلە كەيپىياتى يارىتىشى، كەسىپنى مۇھىم بىلىشى، تىرىشچان، ئالغا ئىنتىلىدىغان، ئەستايىدىل، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، راستچىل، ئاقكۆڭۈل بولۇشى، ئائىلىدە ئۆزئارا بىر-بىرىگە ياردەم بېرىدىغان، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىدىغان، بىر-بىرىگە يول قويىدىغان، بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىدىغان، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغان كەيپىياتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىگە ھۆنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ۋە كىتابلارنى كۆپرەك تىزىپ، ئائىلىنى سەنئەت، مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە قىلىشى، ياخشى كىشىلەرنى دوست تۇتۇشى، كەلسە-كەلمەس كىشىلەرنى ھەرگىز بوسۇغىدىن كىرگۈزمەسلىكى كېرەك. ئاتا-ئانىلار يەنە بالىلار بىلەن دائىم پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى، ئۇلارنى كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇشى، ماختىشى، ئازىراق تەنقىدلىشى، ئۇلاردىن ئازىراق ئاغرىنىشى، ئۇلارنى پەننى ئومۇملاشتۇرىدىغان كىتابلارنى، داڭلىق ئەسەرلەرنى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە باشقا بىلىم بېرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشقا كۆپرەك يېتەكلىشى كېرەك. قىسقىسى، ئاتا-ئانىلار ئائىلىنى

ئىللىق، ئىناق كەيپىياتقا چۆمدۈرۈشى، يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان، بىر-بىرى بىلەن چىقىشىدىغان، ھېسسىياتقا باي قىلىشى كېرەك.

ئائىلە ـــ مەنبە. مەنبەنىڭ سۈيى سۈزۈك بولسا، ئاخىرىمۇ سۈزۈك بولىدۇ؛ مەنبەدە سۇ ئۇلۇغ بولسا، ئاخىرىدىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ. ئاتا-ئانىنى ئوقياغا ئوخشاتساق، بالا ئۇنىڭ ئوقىغا ئوخشايدۇ. ياخشى ئوقيانىڭ ئالدىدا ناچار ئوق بولمايدۇ، ناچار ئوقياغا ياخشى ئوق بىكار كېتىدۇ. بالىدىن ئىبارەت بۇ ئوقيا ئوقىنىڭ قاياققا ئېتىلىشى، قانچىلىك بىراققا بارالىشى ئاساسەن ئاتا-ئانىدىن ئىبارەت بۇ ئوقياغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا بالىنىڭ كىشىلىك ھايات ۋە ئەقىل-پاراسەتتە قانداق بولۇشىنى ئاتا-ئانا بەلگىلەيدۇ.

باللار ئۈچۈن ئائىلە بىر مەنبەدۇر. يەنى ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوبدان تېرىغىلى بولمايدىغان زىرائەت يوق، بەلكى تېرىشنى بىلمەيدىغان دېھقان بار.

دېھقاننىڭ زىرائەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشى ھوسۇلنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ، ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دېھقاننىڭ زىرائەتلىرىم تېزراق ھوسۇل بەرسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىشى بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالام بالدۇرراق ياراملىق ئادەم بولسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىشى ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ قىلغىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

دېھقان كۈن بويى «زىرائەتلەر نېمىگە مۇھتاج؟ قانداق قىلسام زىرائەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايمەن؟» دېگەننى ئويلايدۇ. بىراق ئاتا-ئانىلار بالىلارنى تەربىيىلەشتە «بالام نېمىگە مۇھتاجدۇر؟ قانداق قىلسام بالامنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالايمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلىمايدۇ.

زىرائەتلەر ئوبدان ئۆسمىسە، دېھقان ھەرگىزمۇ زىرائەتتىن ئاغرىنمايدۇ. ھېچقانداق بىر دېھقان ئېتىز قىرىغا چىقىپ،

زىرائەتلەرگە: «مەن سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، سىلەرنى دەپ جىق جاپا تارتتىم، تەر تۆكتۈم، قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر يەنە نېمە دەپ يوغىنىمايسىلەر؟» دەپ قاقشىمايدۇ، ئەكسىچە، سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدەيدۇ.

بىراق بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولماي قالغاندا، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئەكسىچە بالىنى ئەيىبلەيدۇ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايدۇ، سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەيدۇ.

يەرنىڭ شارائىتى ئۆزگەرگەندە، دېھقان تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىت ئۆزگەرگەندە، ئاتا-ئانىلار تەلىم-تەربىيە قارىشىنى يېڭىلاش كېرەكلىكىنى ئويلاپ قويامدىغاندۇ؟

ئۇنداقتا، بالا تەربىيىلەشتىكى ھەقىقىي، توغرا پوزىتسىيە قانداق بولۇشى كېرەك؟

بالىلارنىڭ دوستى بولۇش — بالا تەربىيىلەشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر ئۇسۇلدۇر.

قانداشلىق مۇناسىۋەت ئاتا-ئانىنىڭ بالىلارنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇشىنى بەلگىلىگەن، بىراق بۇ، ئاتا-ئانا جەزمەن بالىنىڭ ئەڭ سىرداش، ئەڭ يېقىن ئادىمى بولالايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

سىز بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا، ئۇلار سىزنى ھۆرمەتلەيدۇ ھەم سىزدىن ئەيمىنىدۇ. بالىلار بەزى گەپلەرنى ئاتا-ئانىسىغا ئېيتمايدۇ، بەزى ئىشلارنى ئاتا-ئانىسىدىن يوشۇرىدۇ، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلا بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرىدۇ، ئەمما نېمە قىلىشنى بىلمەيدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىنى چۈشەنمەكچى بولسا، بالا بىلەن كۆپرەك سىرداشىشى، بالا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، شۇنداقلا كېيىنى تاشلاپ، بالىلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. بىزدە ئىلگىرى «ئاتا-ئانا دېگەن چوڭ، بالا دېگەن كىچىك، بالا دېگەن ئاتا-

ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى كېرەك، ئاتا-ئانا نېمە دېسە بالا شۇنداق قىلىش كېرەك»، دەيدىغان قاراش بار ئىدى.

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىدىن گەپ ئاڭلاشنى، ئۆزىگە بويسۇنۇشنى، ئۆزى بىلەن تەڭ تۇرۇپ زاكونلاشماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر بالىلار ئۇنداق قىلسا، ئۇلارغا كۆڭ بەرمەيدۇ. بۇنداق ئائىلىدە بالىلارنىڭ پىكىر قىلىشى، قاتنىشىش، تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ، بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىدىمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ گېپى گەپ بولىدۇ، ئاتا-ئانىلار يەنە بالىنى ئۇرۇپ-تىللاپ باشقۇرۇش ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ.

بۇنداق قىلىش پەرزەنتلەرنىڭ كىشىلىك پەزىلىتى ۋە غورۇرىغا قاتتىق زىيان يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا بالىلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى ۋە ئىجادىيەت ئېڭىنى بوغۇپ قويىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ يېقىن ئادىمى، دوستى بولۇشى، ئۇلاردىن تەلەپ قىلغان ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇپ قىلىشى كېرەك. بالىنى ھۆرمەتلەش، جۈملىدىن ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا، ئارزۇسىغا، تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. مۇنداق قىلغاندىلا، بالا سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، سىزگە ئىشىنىدۇ، سىزنى سىرداش دوستى قاتارىدا كۆرىدۇ. بالىمۇ گېپىڭىزگە كىرىدىغان، سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئېھتىياجىنى، ئارزۇ-ئىستىكىنى، ھېسسىياتىنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيدۇ، شۇنداقلا بالىنى چىن كۆڭلىدىن ماختىيالايدۇ.

بالىلارنىڭ دوستى بولۇش قۇرۇق شوئار بولۇپ قالماسلىقى، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىسپاتلاش كېرەك.

بالىلارنىڭ دوستى بولۇشتا، ئۇلارنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىنى، شاد-خۇراملىقىنى چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك.

بالىلارنىڭ دوستى بولۇشتا، ئۇلارنىڭ ئىشىنى قوللاش كېرەك.

ئاشۇنداق قىلغاندا، بالىلارغا ئۇلارنى ھەقىقىي دوست قاتارىدا كۆرگەنلىكىمىزنى، ئۇلارغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمىزنى، ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمىزنى، ئۇلاردىن پەخىرلىنىدىغانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرالايمىز.

پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدا دوستلارچە سىردىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ھالىتى شەكىللەنگەندە، ھەر ئىككى تەرەپ بۇنىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

بالىنىڭ دوستى بولۇش ئۈچۈن، ئاتا-ئانا بالا بىلەن سىردىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

بالىلار بارا-بارا ئۆزىنىڭ ھېسسىي تەلەپلىرىنى ئاتا-ئانىسىغا ئاشكارىلايدىغان، ئۇلارنىڭ كەچتە ئۆزى بىلەن بىرگە ئويىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىلاردىن ۋاقتىدا ئۇخلاش-قوپۇشنى، ۋاقتىدا تاماق يېيىشنى، يۇيۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېنىگى ئائىلىسىدىكىلەر بۇ خىل پاراڭلىشىش شەكلىنى قوللايدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئۇسۇلدا ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلار كەڭ-كۇشادە پاراڭلىشالايدۇ، شۇنداقلا ئائىلىدىكىلەر چىقىرىلغان قارارنى خۇشاللىق بىلەن ئىجرا قىلىدۇ، نەتىجىدە ئائىلىدىكى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ئائىلە تەربىيىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى مېنىڭ ئاتا-ئانام ئائىلە تەربىيىسىدىكى ھەمكارلاشما شەكىل دەپ ئاتىغان. ئۇلار «ئائىلە تۇرمۇشى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارىسىدا پىششىق تونۇشۇش ۋە ئارىلىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئائىلە بىر خىل ئاكتىپ كۈچ ھازىرلايدۇ. بۇ كۈچتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم» دەپ قارىغان.

ئەگەر ئاتا-ئانىلار توقۇنۇشنى ئاكتىپ ھەل قىلىدىغان پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل قوللىنىپ، ئائىلىدىكىلەر بىر يەردە ئولتۇرۇپ ئائىلە يىغىنى ئېچىپ، بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان ئىناق كەيپىيات ئىچىدە تەكلىپ

پىكىرلىرىنى ئۇتتۇرىغا قويسا، ئىجابىي ھەم بىر قەدەر قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ تىپىك ئۇسۇلى ئارىلىق ۋە كۆزىتىش، تەكشۈرۈش، نەق مەيداندا ئىلھاملاندۇرۇش، تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش، نىشاننى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۆزى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ئادەم ئارىسىدىكى ئارىلىقنى سىلىستېمىلىق كۆزىتىش ۋە ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ ھالدا تەكشۈرۈش ئارقىدىن ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ئادەم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئاخىرىدا بۇنى بەدەن، ۋاقىت ۋە مۇھىت قاتارلىق تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاكتىپ سىردىشىش ئاتا-ئانىنىڭ بالا بىلەن سۆزلىشىشى ۋە ئۇنى تەربىيىلىشىنىڭ مۇھىم يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل تەلىم-تەربىيىدۇر. ئاتا-ئانىسىنىڭ گەپ-سۆزى، ئىش-ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە باللار ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىتقا قارىتا، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىشەنچلىك پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ، مەسىلەرنى ئاقىلانە ھالدا بىمالال ھەل قىلالايدۇ.

ئائىلە يىغىنىنىڭ شەكلى ئائىلە تەربىيىسىدىكى نۇرغۇن كونكرېت ۋە مۇھىم بولغان ئىنچىكە ھالقىلارغا چېتىلىدۇ. لېكىن، بۇلارغا تەربىيىلىگۈچى بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەر ئوخشاشلا سەل قاراپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىنى ئىگىلىسە، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ باللىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ياردىمى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ خىل چوڭقۇر چۈشىنىش باللارنى ئاتا-ئانىسىغا ئىشىنىدىغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىنى تېخىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ گېرمانىيىلىك ئاتا-ئانىلىرىمىز باللار بىلەن سىردىشىشنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تەجرىبە بولغان «تىڭشاش سەنئىتى» نى ئىگىلىۋالغان.

كەچلىك تاماق ۋاقتى بىز گېرمانىيىلىكلەر ئۈچۈن ناھايىتى يېقىملىق مۇھىم ۋاقىت. بىز ھەممىشە تاماق شىرەسىگە يىغىلغاندا، ئائىلە ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىمىز. بەزى ئائىلىلەردە تاماق ۋاقتىدا بىر سىگە گەپ قىلىۋاتقاندا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتمەسلىكى توغرىسىدا قائىدە تۇرغۇزۇلغان. بۇنداق قىلغاندا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز پىكرىنى سۆزلەش پۇرسىتى بولىدۇ. تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ كۆپ يىللىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىدىن مەلۇم بولدىكى، كەچلىك تاماق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ باللار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا، ئۇنۇمى ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە ھەقىقەتەن ئوخشىمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق ۋاقىتتا باللارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلىرى ئاتا-ئانىلارنىڭ قىزىقىشى ۋە دىققىتىنى تارتسا، باللارمۇ ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلەنگەنلىكىدىن قانائەت تاپىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتا-ئانىلار مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ، باللار بىلەن بىرگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، ئاتا-ئانا باللا بىلەن ئورتاق ھېسسىياتنى، كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇنداق ئازادە، خۇشال-خۇرام كەيپىياتتا ئاتا-ئانا بىلەن باللىنىڭ سىردىشىشىمۇ ناھايىتى ئوڭايغا چۈشىدۇ. بۇنداق ۋاقىت قىزىقىش-ھەۋەس، دوست دېگەندەك تېمىلاردا پاراڭلىشىشنىڭ ياكى ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ.

«تىڭشاش» ناھايىتى ياخشى تەلىم-تەربىيە شەكلى. چۈنكى، تىڭشاش باللىنى ھۆرمەتلىگەنلىك، ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىك بولۇپ، باللىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆز قابىلىيىتىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر بالا ھەر قانداق ئىشقا قارىتا ئۆز پىكرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالايدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇنىڭ قاراشلىرى سەل قاراشقا ۋە

كەمسىتىشكە ئۇچرىمىسا، ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ ھەر قانداق كۆز قارىشىنى (بەزىدە خاتا كۆز قاراش بولسىمۇ) قارشى ئالسا، بالىلار دادىللىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ھەر قانداق ئىشقا قارىتا «نېمە ئۈچۈن؟ نېمىشقا؟» دەپ سوئال قويالايدىغان بولىدۇ.

شۇنداقلا ئۆز پىكرىنى قىلچە ئىككىلەنمەي، غەم قىلماي بايان قىلالايدىغان بولىدۇ ۋە تورلۇق ئىشلارغا دادىللىق بىلەن توغرا قارىيالايدۇ ھەم تورلۇق ئىشلارنى جايىدا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

دادام «سىردىشىش بىر سەنئەت. سىردىشىشتا مۇناسىۋەتلىك ۋاقىت، ئورۇن، مۇھىت ۋە ئۇسۇللارنى ئويلىشىش كېرەك» دەپ قارىغان. بۇ نوقتىنى مەنمۇ قوللايمەن. مەسىلەن: بالا بەزىدە پسىخىك جەھەتتە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە ئۆز ماكانىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ياكى ھېسسىياتى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، سوئال-سوراققا ئەمەس، بەلكى تەسەللىگە مۇھتاج بولغاندا، ئۇلارنى باغرىغا بېسىش، بېشىنى سىلاش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئۈن-تىنسىز ھالدا ئىللىقلىق ۋە مېھرىبانلىقنى يەتكۈزۈش ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدۇر. بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆز ھېسسىياتىنى ئاغزاكى ئىپادىلەشتىن قىينالغاندا، ئۇنى يېزىق شەكلى ئارقىلىق قەغەزگە يازىدۇ، نەتىجىدە بۇنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئېشىپ، بالىغا تېخىمۇ ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك كۆرۈنىدۇ. كىللىېر ئەپەندى مۇزىكىغا ئۇستا بولۇپ، ناخشا-مۇزىكا ئورۇنداش جەريانىدا بالىلارغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى ۋە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئائىلىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر، ئالايلۇق ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ يىراقلىشىشى ۋە سوۋۇپ كېتىشى، بالىلارنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى قاتارلىقلار ئائىلىدىكى سىردىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بالىنىڭ يالغان ئېيتىش ئادىتىنى ئالدىنى بولساق، كۆپ چاغلاردا، يەنى بالا ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ باراۋەر ئورۇندا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندا، ئاتا-ئانىسىنىڭ بەزى ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا

بالىسى بىلەن ئورتاق مۇزاكىرىلىشىشنى ۋە بالىسى قىلغان بەزى ئىشلارنى چۈشىنىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، بالا خاتالىق سادىر قىلسا ئەيىبلىنىدىغانلىقىنى ئۆز تەجرىبىلىرىدىن تونۇپ يېتىدۇ-دە، راست گەپ قىلماسلىق يولىنى تاللىۋالىدۇ.

ئائىلىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك سىردىشىش ئۈچۈن، چۈشىنىش، كۆيۈنۈش، قوبۇل قىلىش، ئىشىنىش، ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئامىللارغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈشىنىش ئاتا-ئانا ۋە بالىدىن ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ كۆيۈنۈش كۆڭۈلدىلا بولماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتە بەكرەك ئىپادىلىنىشى كېرەك؛ قوبۇل قىلىش — ھەر بىر ئادەمنىڭ خاسلىقىنى كۆزدە تۇتۇشنى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن زوقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىشىنىش بولسا باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ؛ ھۆرمەت قىلىش — باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ بالىنىڭ ھوقۇقى، پىكرى ۋە تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئائىلىدە ئاكتىپ، ساغلام بولغان سىردىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئاتا-ئانا قارار قىلغۇچى، بالا قوبۇل قىلغۇچى بولىدىغان ئۇنداق قاتمال ئائىلە قارىشى تەقسىماتىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئاتا-ئانىلار ئائىلە تەربىيىسىدە رول ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى بىلىۋېلىشى، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن ئارزۇ-ئارمانلىرىغا قارىتا ئاكتىپ ھالدا چۈشەنچە بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. باللار ئادەتتە، چوڭلار بىلەن ئائىلە ئىشلىرىنى ئورتاق مۇزاكىرىلىشىشكە قاتناشقاندا، ئاتا-ئانىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئېنىق كۆرۈۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك قايتما ئۇچۇرغا ئىگە بولالايدۇ.

مەن مۇنداق بىر ئىشنى كۆرگەنىدىم. يەتتە ياشقا كىرگەن گاربى «ئانام ماڭا قارىغاندا ئۇكام ۋېرناغا بەكرەك ئامراق بولۇپ قالدى» دەپ

ئويلىغان. چۈنكى، ئۇ ۋىرنا بىلەن جىدەللىشىپ قالغاندا، ئاپىسىنىڭ ھەمىشە ئۇكىسىغا يان باسقانلىقىغا قاراپ، مەلۇم مەزگىل ئاشۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغان. بۇ، باللاردا ناھايىتى ئوڭاي كۆرۈلىدىغان كەيپىيات، شۇڭا گاربىدا «ۋىرنا ئاتا-ئانامنىڭ ماڭا بولغان مېھرىنى تارتىۋالدى» دەپ قارايدىغان تەڭسىزلىك روھىي ھالەت شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ئاپىسى گاربىنىڭ ئۇكىسى بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئۆز كەيپىياتى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى تىزگىنلەشنى، باشقىلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراشنى تۈگىتىپ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلغان. چۈنكى بۇ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى.

بىراق گاربىنىڭ بۇنداق قىلغىنىغا قارىتا ئاپىسى بىۋاسىتە قائىدە سۆزلەپ، تەنبىھ بەرمەي ياكى ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا ئۆزۈڭدىن كىچىك ئىنىڭ بىلەن چىقىشالمايسەن» دەپ سورىماي، بەلكى ھەر ئىككى بالىسىغا: «سىلەرگە بىر تەكلىپ بېرەي، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىڭلار ئىتتىپاقىڭلارنى ياخشىلىساڭلار، مەن ئارىلاشمايمەن. سىلەر ئەقىللىق باللار، گاربى، سەن ئىنىڭنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيسەن، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر ئىككىڭلار يەنە چىقىشالماي قالساڭلا، ئاندىن مېنى ئىزدەڭلار» دېگەن. شۇنداق قىلىپ، گاربىنىڭ ئانىسى ئۆزىنى گاربىغا ھەم كۆيۈنگۈچى ھەم كۆڭۈل بۆلگۈچى قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، گاربى بىلەن ئىنىسى ۋىرنانىڭ قېرىنداشلىق مېھرى تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئانىسىنىڭ ئەسكەرتىشى بىلەن گاربى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئۆزىنى بۇ ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيەتچان بىر ئەزاسى دەپ قارايدىغان بولغان ۋە تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەن.

بەزىدە ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ بەزى ئىشلىرىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇپ يېتىشىنى ۋە ئۇنى چىن كۆڭلىدىن تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە باللارنى قارار قىلغۇچى

ئورۇنغا قويۇپ «ھازىر مۇنداق بىر ئاۋارىچىلىق يۈز بېرىپ قالدى، قانداق قىلساق بولار؟» دەپ سورايدۇ.

مەن يەنە مۇنداق بىر ئىشنى بىلىمەن. بىرىللى ئىككى قېتىم دوستلار يىغىلىشىغا بېرىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەلمەيدۇ ياكى تېلېفون بېرىپ ئاتا-ئانىسىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىللى يەنە بىر قېتىم دوستلار يىغىلىشىغا بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، دادىسى ئۇنىڭغا: «بىر ئىشتىن ئاپاڭ بىلەن ئىككىمىز بەكلا ئەنسىرەيدىكەنمىز، يەنى سەن دېگەن ۋاقىتتا قايتىپ كەلمەيدىكەنسەن، يا بىزگە تېلېفون بېرىپ قويمايدىكەنسەن. بىزمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي، بەكلا ئەنسىرەپ كېتىدىكەنمىز، سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟» دېگەن. بۇ ئىشتا قارارنى بىرىللى ئۆزى چىقارغان بولغاچقا، ناھايىتى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك قىلغان. بىرەر ھادىسە ياكى مەسىلىنى ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق ئاتا-ئانىلار بالىغا «ئىشىنىش، چۈشىنىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش» دېگەندەك ئۇقۇملارنىڭ مۇھىملىقىنى ئاخىرى بىلدۈرەلەيدۇ. يەنە كېلىپ، ئائىلىدە سىردىشىش ماھارىتى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە ئۆگىنىش بالىنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەتكە ماسلىشىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بىر بالا كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن سىردىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالسا، ئۇ جەمئىيەتكە چىققاندىمۇ باشقىلار بىلەن ناھايىتى تېز لا ئوبدان مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ.

ياخشى بىر بالىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز كېرەك. بالىلار بىلەن پاراڭلاشقان چېغىمىزدا، بىزنىڭ تورلۇك ئىپادىلىرىمىز ئۇلارنىڭ سۆزلىشىگە ھۆرمەت قىلغان-قىلمىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىز تىرىشىپ بالىلار بىلەن ئۈنۈملۈك پاراڭلىشىشىمىز، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا قىممەت قارىشىمىزنى سىڭدۈرۈشىمىز، ئۇلارنىڭ ھەق-ناھەقنى پەرىق ئېتىشىگە ياردەم

بىرىشىمىز ھەمىدە ئۇلارغا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بالىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنى مۇستەقىل بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز ۋە بەزى ئىش-ھەرىكەتنى چەكلىشىمىز كېرەك.

بالا تۇغرا ئەخلاق قارىشى تۇرغۇزىدىغان ھەر قانداق ياش باسقۇچىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. ئەگەر بالا بىلەن بولغان پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز ناھايىتى ياخشى بولغاندا، بالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئەخلاق جەھەتتە سەمىمىيلىك بىلەن تەربىيىلىيەلەيمىز. ئەگەر بىز بالىلار بىلەن مەكتەپ، دوست، قىيىنچىلىق ۋە ھېسسىيات قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇچۇق-يورۇق ھالدا پاراڭلىشالىساق، تېخىمۇ نازۇك بولغان ئەخلاق مەسىلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىش ئاسانغا چۈشىدۇ.

«بۈگۈن سېنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئىش قايسى؟ بۈگۈن ئۆزۈڭ قانداق قىلىۋاتىسەن؟ بۈگۈن سەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ سەن بىلەن ئالدىنقى قېتىم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، قانداق خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى؟ يېقىندىن بېرى ئۆزۈڭ پەخىرلەنگۈدەك قانداق ئىش قىلدىڭ؟ بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟» دېگەندەك سوئاللار ئارقىلىق، بالىنى سۆزلەشكە يېتەكلەش كېرەك. بالىنى سۆزلەشكە يېتەكلىگەندە، تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىشىمىز، ھەمىشە گەپنى ئوخشاش بىر سوئالدىن باشلىماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى گەپنى ھەمىشە ئوخشاش بىر مەسىلىدىن باشلىغاندا، بالىلار بۇنىڭدىن زېرىكىپ، ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىشىمۇ مۇمكىن.

ئەھمىيەتلىك، ئۈنۈملۈك پاراڭلىشىشتا مەلۇم بىر ماھارەتكە تايانغان بىلەنلا بولمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇشى كېرەك. ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن بالىلار بىلەن بىرگە بولۇشقا، مەسىلەن: پائالىيەتكە بىرگە

قاتنىشىشقا ۋاقىت سەرىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بالىلار بىلەن قۇرۇقتىن قۇرۇق پاراڭلاشساق بولمايدۇ، پاراڭ مەزمۇنى تەبىئىي، ئەمەلىي بولۇشى كېرەك. بۇ بىزدىن بالىلار بىلەن بىرگە بولۇشقا ۋاقىت سەرىپ قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

بالىلارنى پاراڭلىشىشقا يېتەكلەشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى بالىلارنىڭ نېمە توغرىسىدا سۆزلەشنى خالايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشتۇر. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا پاراڭلىشىش ئائىلىدە بالىلار بىلەن پاراڭلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. تاماق شىرەسىدە ئولتۇرۇپ، بالىلارنى ئەركىن ھالدا سۆزلەتكەندە، ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. كەچلىك تاماقتىكى پاراڭ بالىلارنى ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلەشتە گەۋدىلىك رول ئوينايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىلارغا قانداق قىلغاندا مەدەنىي ئادەم بولغىلى بولىدۇ، دېگەندەك ئىدىيىلەرنى سىڭدۈرگىلى بولىدۇ. بالىلادا ياخشى پاراڭلىشىش ئادىتى ۋە غىزالىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە غىزالىنىشتىن ئاۋۋال ئۇلارغا بۇ پاراڭلىشىش ئادىتىنى ۋە غىزالىنىش ئادىتىنى ئەسكەرتىش كېرەك. مەدەنىي پاراڭلىشىش كەيپىياتىنى بىر دەمدىلا شەكىللەندۈرگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت سەرىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، غىزالىنىش ۋاقتى ھەم غىزالىنىدىغان، ھەم ئىدىيىدىن ئورتاق بەھرىلىنىدىغان ۋاقىت. شۇڭا ھەر ئىككىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بالىلار تۇغما نازۇك، ھېسسىياتچان، سەزگۈر كېلىدۇ. بالىلارنىڭ نازۇك قەلبىنى گۈل بەرگىگە، ھېسسىياتىنى سۇزۇك سۇغا، كۆزىتىش قابىلىيىتىنى مىكروسكوپقا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. گۈل بەرگى ئازراقلا زەربىگە ئۇچرىسا قۇرۇپ تۆكۈلىدۇ، سۇزۇك سۇ سەل قوچۇۋېتىلسە بۇلغىنىدۇ، بىراق مىكروسكوپتەك كۆزىتىش قابىلىيىتى بالىلارنى ئۆتكۈر نەزەرلىك قىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى قوپاللىق بىلەن

مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدىكى ئائىلىلەردە بۇ خىل ئەھۋال ئۇخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بالىغا قوپال مۇئامىلە قىلىش ناھايىتى زىيانلىقتۇر.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ غۇرۇرىنى ئانچە نەزەرگە ئالمايدۇ. يەنى، بالىلارنى بىر ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئۇلار، بالىلارنىڭ جىسمى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، دەپ قاراپ، بالىلارنىڭ ھېسسىياتىغا، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ. بۇنداق ئويلاش خاتا. ئەگەر ئاتا-ئانىلار مۇشۇنداق قاراشتا بولسا، بالىلارغا ھۆرمەت قىلمىسا، ھەتتا ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلسا، بالىلارنىڭ نازۇك كۆڭلىگە ئازار بەرگەن بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنداق قىلىشى نەتىجىسىدە، ھەم بالىلارغا زىيان يېتىدۇ، ھەم ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ بالا ئالدىدىكى ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

بالىنىڭ كۆڭلى نازۇك بولۇپ، ئوڭايلا ئازار يەيدۇ، شۇنداقلا بالا ئۆزىنى مەركەز قىلغان ئاساستا تۈرلۈك تەلەپلەرنى قويىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىنى ھۆرمەتلىمىسە ياكى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا كۆڭۈل بۆلمىسە، بالىنىڭ كۆڭلى دەرھال يېرىم بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ كۆڭلى داۋاملىق ئازار يەۋەرسە، بالا خامۇش، غەمكىن ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر ئاتا-ئانىلار دەسلىۋىدىن باشلاپلا بالىنى ھۆرمەتلىسە، ئۇلارنى سەت گەپلەر بىلەن تىللىمىسا، بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئازىراقلا تەنقىتىنى ئاڭلىسىلا، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىپ، ناچار قىلىقىنى دەرھال تۈزگىنلەيدىغان بولىدۇ. تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەچكە، بالىلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلار دائىم بالىلىرىغا: «بالام، ئىپادەڭ يامان ئەمەس»، «ئەگەر سەن داۋاملىق مۇشۇنداق قىلساڭ، باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بېرەلىسەن»، «ۋاقتىدا رىئايە قىلدىڭ، رەھمەت»، «ئەگەر سەن بۇنداق قىلغۇرسەڭ، ئاپاڭنىڭ قانچىلىك ئاچچىقلايدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ!» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ.

باللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇلارنىڭ يېشىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇيەردە ئۇلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. بىراق گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلغاندا، باللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا قوپال گەپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئاتا-ئانىلار قانداق ئەھۋال بولۇشتىن قەتئىينەزەر باللارنىڭ غۇرۇرىنى ساقلىشى كېرەك. بالىنى كىچىك، قابىلىيەتسىز، نادان، شەيئىلەرگە سەزگۈر ئەمەس دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، باللارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كۆڭلى ۋە غۇرۇرى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى كۆچىنىڭ بارىچە قوغدايدۇ. چوڭلار باشقىلارنىڭ ھاقارەتلىشىنى ياكى كەمستىشىنى كۆتۈرەلمىگەندەك، باللارمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئەدەبسىزلىك قىلىشىنى ياكى ئۆزىنى ھاقارەتلىشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىغا دائىم قوپال مۇئامىلە قىلسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ ھېسسىياتچان تەپەككۇرغا ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن تەپەككۇرىنىڭ گۈل-غۇنچە مايسىلىرىغا ئوخشاش دەسلەپكى باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. يۇمران مايسىلار باغۋەننىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا ئاندىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ. يۇمران مايسىلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتسە، قوۋزاقلىرىنى سويۇۋەتسە ياكى شاخ-بىخلىرىنى كېسىۋەتسە، ئۆسۈپ يېتىلەلمەيدۇ. باللارنىڭ دىلىغا سەۋەبسىزلا ئازار بېرىش، ئۇلارنى كەمسىتىش، تۆۋەن كۆرۈش خاتا. ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ يىغلاتماسلىقى كېرەك. ئاتا-ئانىلار باللارغا ئازار بېرىۋەرسە،باللار مەن ئاتا-ئانامنىڭ خارلاش ئوبيېكتى ئىكەنمەن دەپ ئويلاپ، باللاردىكى ئاتا-ئانىغا بولغان مۇھەببەت تەدرىجىي ھالدا نەپرەتكە، ھەتتا ئۆچ ئېلىشقا ئۆزگىرىدۇ. نەتىجىدە ئائىلىنىڭ ئاساسى ئاجىزلاپ، ئائىلە بۇزۇلىدۇ. باللارنىڭ ھېسسىياتىغا پەرۋا قىلماسلىق ئائىلىنى ئوڭايلا ۋەيران قىلىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىمەكچى، ئۇلارغا يېتەرسىزلىكىنى

تۆزەتكۈزمەكچى بولسا، بالىنى ئۇرۇپ-تىللاش تۇغرا ئۇسۇل دەپ قارىماسلىقى، شۇنداقلا ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىشى كېرەك. بالىنى تەربىيلەشتە ئىمكانقەدەر سەممىي، سىلىق-سىپايە بولۇش، ئۇلار بىلەن كۆيۈنۈش ئاساسىدا پاراڭلىشىش كېرەك. ئۇلارنى نېمىشقا كۈن بويى يىغلاپ-مىشىلداپ يۈرىدىغان، مىسكىن قىلىپ قويىمىز؟ شوخ، ئوماق كۈلكىلەر، شاتلىققا چۆمگەن چىرايلار ياش تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆزلەردىن، زار-زار يىغلاپ، ئازابلىنىۋاتقان دىللاردىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قەسەم قىلايلىكى، بىگۇناھ بالىلىرىمىزنى ئازاب-دەرتكە مۇپتىلا قىلىپ قويمايلى، ئۇلارنى شاد-خۇرام كىشىلەردىن قىلىپ چىقايلى!

بالىلاردىن ئۆگىنىش ــــ ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن يۈكسەك مەنزىلدۇر.

ئاتا-ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئۆگەنگۈچى بولۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، بالىلاردىن ئۆگىنەيلى. ئەگەر مۇشۇنداق قىلالىساقلا، ئەندىشە قىلىشىمىز ھاجەتسىز بولىدۇ، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ۋە ئىش بىزنىڭ ئۆگىنىش ئوبيېكتىمىزغا ئايلىنىدۇ، بىزمۇ يېڭى بىر قاتلامدا بىلىملىك، ئىجادىيەت قابىلىيىتى كۈچلۈك ئادەمگە ئايلىنالايمىز، ئاتا-ئانىلىق ئوبرازىمىزمۇ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بالىلارمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆگىنىدۇ، ئالغا باسىدۇ، تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىشەنچى بىلەن ئىگىلىيەلەيدۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە قەدەم تاشلايدۇ.

بالىلاردىن ئۆگىنىش ئېڭى كىشىلەردە ئويغاندى، شۇنداقلا بۇ، بالىلاردىن ئۆگىنىدىغان دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى بالىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

# ئون ئالتىنچى باب

# ئاق كۆڭۈللۈك ــــ ئەخلاق پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ ئەقلىي مېۋىسى

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1807ـ يىلى 4ـ ماي   ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن توساتتىنلا كارلنىڭ پۇلىنىڭ ئازلاپ قالغانلىقىنى بايقاپ، تولىمۇ ھەيران قالدىم.

مەن ئۇنىڭدىن ھېلىقى تۇيۇقسىز «يوقاپ كەتكەن» پۇللىرىنى سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ ماڭا ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

ئوغلۇم خوۋس ئىسىملىك بىر بالا بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. خوۋس دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، خوۋس تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىكەن. بىراق خوۋس تۇغما سەۋەبتىنمىكىن تاڭ، كىتابقا بەكلا قىزىقىدىكەن.

كارل ماڭا كىتاب سەۋەبىدىن خوۋس بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

بىر كۈنى كارل دالىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ، كىتاب ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ كىتاب ئىچىگە كىرىپلا كەتكەندە، كەينىدە بىرەيلەننىڭ كىتابقا قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ، بۇ دەل خوۋس ئىكەن.

خوۋس كارلغا ئۆزىنىڭ بەكمۇ كىتاب ئوقۇغۇسى بارلىقىنى، ئەمما ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قولىغا قىسقىلىقىنى، كارل ئوقۇۋاتقان كىتابتىكى ھېكايىلەرنى تولىمۇ ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا كارلنىڭ بىللە ئوينايدىغان دوستلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەسكەن. كارل خۇددى سىرداش دوست تېپىۋالغاندەك ھېس قىلىپ، خوۋسقا كىتابتىكى نۇرغۇن بىلىملەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خوۋس كارلغا بەكلا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى كارلنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابى ۋە ئوقۇش سايمانلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. كارل بۇنىڭدىن بەك تەسىرلىنىپ، دەرھال ئۆيىگە يۈگرەپ بېرىپ، ئازراق قەلەم-قەغەز ئەكىلىپ، خوۋسقا بېرىپتۇ ۋە يەنە يىغقان پۇللىرىدىن 20 كوپېيك بېرىپتۇ. كارل ئۇنىڭغا: «بۇ مېنىڭ ئازغىنە ياردىمىم، گەرچە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ لېكىن بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم. ھازىردىن باشلاپ ئوبدان ئۆگىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. پەرۋەردىگار ھەرگىز ئارزۇيىڭنى يەردە قويمايدۇ» دەپتۇ.

ئوغلۇم كارلنىڭ بۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكى مېنى بەكلا خۇش قىلدى.

* * *

1987-يىلى 12-ئىيۇن  ھاۋا ئوچۇق.

ئادەم مەلۇم بىر مەزگىلدە، مەلۇم بىر كۈندە، مەلۇم بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ، نۇرغۇن خىياللارنى قىلىدۇ. ئادەمنىڭ بەزى ئۇسۇللىرى، بەزى خىياللىرى توغرا بولسا بەزىلىرى خاتا بولىدۇ. بىراق ئادەم ھەمىشە ئۆزىنىڭ توغرا قىلغان تەرەپلىرىنى ئەستە تۇتۇپ، توغرا قىلمىغان تەرەپلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بىزدە «پائالىيەت خاتىرىسى» بولسا، ئۆزىمىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنى ھەر ۋاقىت

ئەسلەپ تۇرالايمىز ۋە ئىش-ھەرىكىتىمىزنى، ئىدىيىمىزنى توغرا يولغا باشلىيالايمىز.

مەن بىر «پائالىيەت خاتىرىسى» تۇتتۇم. بۇ خاتىرىگە كارلىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىلا خاتىرىلەيتتىم. بىراق خاتىرىلەش جەريانىدا مەن ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىلا خاتىرىلىسەم ئۇنىڭ ئۆزىگە تەمەننا قويۇش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ بەزى ناچار تەرەپلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا ئوبدانراق ئەسكەرتىپ تۇرۇش ئۈچۈن خاتىرىلەپ قويدۇم.

بۇگۈن كارل ئادىتى بويىچە كەچلىك تاماقتىن كېيىن «پائالىيەت خاتىرىسى»نى كۆرۈپ بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى.

سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ: «ئۆزەمنى خېلى ياخشى دەپ ئويلىسام، ئەسلىدە شۇنچە كۆپ ئىللەتلىرىممۇ باركەن» دېدى. كارل «پائالىيەت خاتىرىسى»دىكى مەن يېزىپ قويغان ئۇنىڭدىكى ناچار تەرەپلەرنى كۆرگەنىدى.

كارلنىڭ بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەن ئۇنىڭغا: «سەن ئۆزەڭنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى كۆرۈپسەن، بىراق ھېچ ۋەقەسى يوق. بۇنىڭ ھەممىسى بۇرۇن بولۇپ بولغان ئىشلار، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمىساڭلا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىچىڭنى پۇشۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق. ‹پائالىيەت خاتىرىسى›دىكى باشقا نۇرغۇن ياخشى تەرەپلىرىڭنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دەپ چۈشەندۈردۈم.

مېنىڭ يېتەكلىشىم بىلەن كارل ئۇنچە ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان بولدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقىدەك خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلماسلىققا، كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىشقا بەل باغلىدى.

*    *    *

1807- يىلى 10- ئىيۇل ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن كارل دوستلىرى بىلەن ئويناۋاتقاندا ئارلىز دېگەن قىزنىڭ بىر تال كەمپۈتىنى تۇيدۇرماي ئېلىۋالغانىكەن. بىراق كارل ئالمىدىم دەپ تۇرىۋاپتۇ.

مەن كەچتە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى «كارل، ئۆزەڭنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ سېنىڭ ئۇنداق قىلغىنىڭ ئوغرىلىق ھېسابلىنىدۇ» دەپ قاتتىق ئەيىبلىدىم.

بىراق گۆدەك كارل ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەندەك قىلاتتى.

مەن ئۇنىڭغا: «باشقىلار بىلمىگەن ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش ئوغرىلىق ھېسابلىنىدۇ» دېدىم.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، كىچىك بالىلاردا شەيئىلەرگە قارىتا ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى يېتىلمىگەچكە، بەزى ئىشلارنىڭ خاراكتېرىنى، مەسىلەن: ئوغرىلىق دېگەندەك ئىشلارنىڭ خاراكتېرىنى توغرا تونۇپ يېتەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم...

كارل ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ ئوغرىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خىجىللىقتىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى ۋە دەرھال بېرىپ ئارلىزدىن كەچۈرۈم سورىدى ھەم ئۇنىڭغا بىر بولاق قەنت-گېزەك ئاپىرىپ بەردى.

مېنىڭچە، بالىنىڭ يامان قىلىقىغا قارىتا بالىنى جازالاش ئانچە ئاقىلانىلىق ئەمەس. چۈنكى جازالاش ۋاقىتلىق، يۈزەكى تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم بالىغا بۇنىڭ قائىدىسىنى بىلدۈرەلمەيدۇ. شۇنداقلا بالىنىڭ يامان قىلىقلارنى قىلىشنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ.

بۈگۈن مەن ئۇنۇملۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق، كارلغا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى، ياخشى قىلىشنىڭ خۇشاللىقىنى ۋە يامان قىلىشنىڭ جازاسىنى، ۋىژدان جەھەتتىكى ئازابلىنىشنى بىلدۈردۈم ۋە ھېس قىلدۇردۇم.

## كىچىك كارلنىڭ باھاسى

1852- يىلى 18- نويابىر    ھاۋا ئوچۇق.

دادامنىڭ بۇ كۈندىلىك خاتىرىلىرى ماڭا روسسۇنىڭ «بالىلارغا ئەخلاق توغرىسىدا مۇنداقلا سۆزلەپ قويماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ساپ قەلبىنىڭ جىنايەت يۇقتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىپ قويدى.

ھەربىر ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتىگە ئەخلاق-پەزىلەت، ئەقىل-پاراسەت، ئەدەب-يوسۇن ۋە بىلىم-ماھارەتتىن ئىبارەت قىممەتلىك بۇ تۆت خىل بايلىقنى مىراس قالدۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار.

بۇنىڭ ئىچىدە ئەخلاق-پەزىلەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئەخلاق-پەزىلىتى قانچىكى ياخشى ئادەمنىڭ باشقا نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمۇ شۇنچە ئوڭاي بولىدۇ. ئەخلاق-پەزىلەتتىن مەھرۇم بولغاندا، ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشىش تەس بولىدۇ.

دادام، «ياخشىلىق» ئەخلاق پەزىلەتنىڭ ئاساسىي دەپ قارىغان. ئادەمدە ياخشىلىق كۆز قارىشى بولمىسا، ئاق كۆڭۈل قەلب بولمىسا، ياخشىلىق قىلمىسا، باشقا ئەخلاق-پەزىلەتلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىر قېتىم تۇغۇلغان كۈنۈم كەلگەندە، دادام مېنى ئاتايىتەن بازارغا ئاپىرىپ، مەن ئەڭ ئامراق بولغان يومىلاق قوتۇرماچنى ئېلىپ بەردى. دادام ئادەتتە بۇنداق قىلمايتتى. مەن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ، قوتۇرماچنى يېيىشكىمۇ قىيمىدىم. دەل مۇشۇ چاغدا، ئىككى-ئۈچ

ياشلاردىكى بىر بالىنى كۆتۈرۈۋالغان سىگان ئايال ئالدىمىزغا كېلىپ، دادامغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

- باستېر، بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بىر نەرسە يېمىگىنىمىزگە ئىككى كۈن بولدى. قارىڭە، بالام ئاچلىقتىن بولالماي قالدى.

ئۇ بالا ھەقىقەتەن بىچارە بولۇپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. بالا قولۇمدىكى قوتۇرماچىنى كۆرۈپ، كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى.

بالىنىڭ ئۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، قولۇمدىكى قوتۇرماچنى بىرىۋەتكۈم كەلدى. بىراق قوتۇرماچنى دادام ماڭا داۋاملىق ئېلىپ بېرىۋەرمەيتتى، يەنە كېلىپ بۇگۈن دادام مېنىڭ تەسلىكتە ئېلىپ بەرگەندە، بىر چىشلەممۇ يەپ باقمىغان ئىدىم. شۇڭا بېرىۋېتىشكە ھەقىقەتەن كۆزۈم قىيمايتتى. دادام كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەندى بولغاي، ماڭا:

— كارل، ھېلىقى تۇل ئايالنىڭ پۇل بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە ئېسىڭدىمۇ؟ ئويلاپ باق، ھېلىقى تۇل ئايال ھازىرقىدەك ئەھۋالدا بولغان بولسا قانداق قىلاتتى؟- دېدى.

دادامنىڭ گېپى مېنى بىردىنلا سەگىتتى، مەن دەرھال قوتۇرماچنى ھېلىقى بالىغا بەردىم، بۇ چاغدا بالا بىلەن سىگان ئايالنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ھەيرانلىقتا ۋە مىننەتدارلىققا تولغان كۆزلىرى ھېلىھەم ئېسىمدە.

دادام مېنى ماختاپ تۇرۇپ: «كارل، ناھايىتى توغرا قىلدىڭ. گەرچە سېنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىڭ ئازراقلا نەرسە بولسىمۇ، بىراق ھېلىقى تۇل ئايالنىڭ ئازىراقلا پۇلىغا ئوخشاش قىممەتلىك» دېدى.

مەن بۇ ئىش ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىشنىڭ شاتلىقىنى ھېس قىلدىم. گەرچە مەن قوتۇرماچنى يېيەلمىگەن بولسامۇ، بىراق قوتۇرماچ يېگەندىنمۇ بەكرەك خۇشاللىقنى، باشقىلارغا ياردەم بېرىش، بارلىقىنى ئايىماستىن ئېرىشىدىغان شاتلىقنى ھېس قىلدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەتراپىمىزدا بىرەرسىنىڭ بىشىغا كۈن چۈشكەنلىكىنى كۆرسەم، ئازغىنە بولسىمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلاتتىم، دادام ئارقىلىق ئۇلارغا تەسەللى بېرەتتىم. بۇنداق قىلغىنىمدىن مەن بەكلا خۇشال بولاتتىم.

بۇنىڭغا قارىتا دادام: «ئۆزىمىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنياغا بەخت يارىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك، ياخشىلىق قىلساق پەرۋەردىگار بىزگە مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ» دەيتتى.

مۇشۇ مۇكاپات ئۈچۈن، مەن ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش قىلىشقا تىرىشىپ كەلدىم.

بالىلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى ئۇ بۆشۈكتىكى چېغىدىلا باشلاش كېرەك. چۈنكى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە كەم بولۇۋاتقىنى كاللا ئەمەس، بەلكى ئەخلاق-پەزىلەت.

ئەخلاق-پەزىلەت، ساغلاملىق، ئىقتىدار-قابىلىيەت قاتارلىق ئۈچىلا جەھەتتە ياخشى تەرەققىي قىلغان كىشىلەر مۇكەممەل ئادەم ھېسابلىنىدۇ. سالامەتلىكىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار پۈت-قولى تەرەققىي قىلغان ھاماقەتلەردىن بولۇپ قالىدۇ؛ ئەقلىي قابىلىيىتىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار شامال تەگسىلا ئاغرىپ قالىدىغان ئاجىز چوڭ بولىدۇ ياكى جەمئىيەتنىڭ قۇلاق كەستىلىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيىسىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، بالىلار كېسەلمەن، زەئىپ چوڭ بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە كېرىكى بولمايدۇ. شۇڭا بالىلارنى تەربىيىلەشتە، ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ سايىسى. بالىدا ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاتا-ئانا ئۆز ھەرىكىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ھەر ۋاقىت بالىغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بالىنىڭ قىلىقىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئاتا-ئانا تەربىيىسى ۋە تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بالىنىڭ قەلبى ئاجايىپ بىر تۇپراق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىدىيە ئۇرۇقى تېرىلسە، ھەرىكەتتىن ئىبارەت ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ؛ ھەرىكەت ئۇرۇقى تېرىلسە، ئادەتتىن ئىبارەت ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ؛ ئەخلاق-پەزىلەت ئۇرۇقى تېرىلسە، ئىستىقبالدىن ئىبارەت ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن ياخشى شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىمۇ بۈيۈك بىر ئىنسانغا ئايلىنالايدۇ.

پلاتون: «ھەرقانداق يامان ئادەممۇ ئۆزى خالاپ يامان بولۇپ قالغان ئەمەس» دېگەنىدى. ئادەمنىڭ يامان بولۇپ قېلىشى كۆپ ھاللاردا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئوبدان تەربىيىلىمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

شۇڭا ئاتا-ئانىلار بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپ تىرىشچانلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى، شەيئانغا پۇرسەت بەرمەسلىكى كېرەك. كىچىكىدىن باشلاپلا ئەمگەكنى سۆيىدىغان، ياخشى ئۆگىنىپ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىدىغان، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ھېسداشلىق قىلىدىغان بالىلار كەلگۈسىدە چوقۇم بەختلىك بولىدۇ.

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش — بالىلاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم پەزىلەتنىڭ بىرى. كونىلاردا: «بەختلىك كىشىلەر مال-دۇنيانى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلالايدىغانلار ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان كىشىلەردۇر» دەيدىغان گەپ بار. ئالېكساندىر دۇنيانى بويسۇندۇرغان ئىدى، بىراق ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمىگەن بولغاچقا، ئىشى ئوتتۇرا يولدا قالغان. شۇڭا بالىلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە بەختلىك بولۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر.

باتۇرلۇقمۇ بالىنىڭ مۇھىم بىر ئەخلاق-پەزىلىتىدۇر. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ئازىراقلا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغىنىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا زىيادە تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا. توغرا ئۇسۇل شۇكى، بۇ ئىشنى زىيادە تىلغا

ئالماي، بالىنىڭ دىققىتىنى تېزلىك بىلەن باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىش كېرەك. بۇنداقتا بالا كۆڭۈل ئاغرىقىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ خەيرىخاھلىقىغا تايىنىپ جان باقىدۇ، جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەبگارلىق بولماس. بالىلارنى ئۇبدان تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئادەم بولۇپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەمما باتۇرلار رەھىمسىز ئادەملەردىن ئەمەس. بالىلارنى ھېسداشلىق قىلىشنى ۋە خەير-ساخاۋەت قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەردىن قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

بالىلاردا ياخشى ئادەتنىڭ يېتىلىشى ئاتا-ئانىنىڭ ئۈلگە بولۇشىغا تايىنىدۇ. بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەدەب-ئەخلاق جەھەتتە ئاتا-ئانىلار ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇش، يامان گەپلەرنى، قوپال گەپلەرنى قىلماسلىق، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەر ۋاقىت بالىغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

بالا تەربىيىلەشتە، ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇپ قالماي، ئۇلاردا يەنە ئەخلاق-پەزىلەتنىمۇ تەڭلا يېتىلدۈرۈش كېرەك. بالىدا ياخشى ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنىمۇ چوقۇم ئۇ بۆشۈكتىكى چېغىدىلا باشلاش كېرەك. بولمىسا، ئۈمىد بولمايدۇ.

ئەخلاق تەربىيىسى بالىغا قارىتا قانچە بالدۇر باشلانسا، شۇنچە ياخشى.

دادام فېستالوزىنىڭ بىر نەچچە پارچە خېتىنى ساقلاپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاق-پەزىلەت توغرىسىدىكى بىر پارچە خەتنى ئاپامنى دەپ كۆچۈرۈپ چىققان. بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

*دوستۇم! ئىلگىرى ئېيتقىنىمدەك، ئەمەلىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشتىكى قائىدە-پىرىنسىپلارنى تەپسىلىي شەرھىلىسەم، تېمىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەن بولىمەن. بىراق، مەن تەلىم-تەربىيە سىستېمىدىكى ھالقىلىق مەسىلىنى تاشلاپ قويۇپ، خەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالىمايمەن! بۇ مەسىلە مۇنداق: دىنىي*

ھېسسىيات بىلەن ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا ئومۇمىيۈزلۈك ماس كېلىدۇ دەپ قارىغان ئاشۇ پرىنسىپلىرىم قانداق باغلىنىدۇ؟

بۇنىڭغا كەلگەندە يەنىلا ئۆز تەجرىبىلىرىمدىن جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كەلدى. مەن «پەرۋەردىگار توغرىسىدىكى كۆز قاراش قانداق بولۇپ قەلبىمدە بىخلاندى؟ مەن قانداق بولۇپ پەرۋەردىگارغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدىم؟ مەن پەرۋەردىگارغا قانداق بولۇپ ئىتائەت قىلدىم؟ پەرۋەردىگارنى ياخشى كۆرگەن، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولغان، ئۇنىڭغا ئەگەشكىنىمدە، ئۇنىڭ شەپقەت-شاپائىتىنى قانداق ھېس قىلغان؟» دېگەن سوئاللار توغرىسىدا ئويلاندىم.

نەتىجىدە مەن شۇنى ناھايىتى تېز لا تونۇپ يەتتىمكى، ياخشى كۆرۈش، ئىشىنىش، مىننەتدار بولۇش ۋە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بۇ ھېسسىياتلار ئالدى بىلەن مېنىڭ قەلبىمدە پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلغان، ئاندىن مەن پەرۋەردىگارغا شۇ بويىچە ئىتائەت قىلغان. ئادەم ئاۋۋال باشقىلارنى ياخشى كۆرسە، باشقىلاردىن مىننەتدار بولسا، باشقىلارغا ئىشەنسە ۋە بويسۇنسا، ئاندىن پەرۋەردىگارنى ياخشى كۆرەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولالايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنەلەيدۇ ۋە بويسۇنالايدۇ. ئۆز قېرىنداشلىرىنى ياخشى كۆرمىگەن ئادەم قانداقمۇ جامالىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان پەرۋەردىگارنى ياخشى كۆرەلىسۇن؟

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز-ئۆزەمدىن: «مەن باشقىلارنى قانداق بولۇپ ياخشى كۆردۇم، ئۇلارغا قانداق بولۇپ ئىشەندىم، بويسۇندۇم ۋە قانداق بولۇپ ئۇلاردىن مىننەتدار بولدۇم؟ ئىنساندىكى مۇھەببەت، مىننەتدارلىق ۋە ئىشىنىش قاتارلىق ھېسسىياتلار ئىنسان تەبىئىتىدە قانداق بولۇپ پەيدا بولىدۇ؟ ئىنساندىكى ئىتائەتمەنلىك يەنە قانداق پەيدا بولىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇش ئارقىلىق، بۇ ھېسسىياتلارنىڭ بوۋاق بىلەن ئانىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن كېلىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

ئانا بوۋاقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇنى باقىدۇ، ئاسرايدۇ، خۇشال قىلىدۇ. ئانا ئەنە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، ئۇنى خاپا قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭغا يېقىن يولاتمايدۇ. بوۋاقنىڭ بىرەر ئىشقا قۇربىتى يەتمىگەندە، ئانا كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئانىنىڭ كۆيۈنىشىدىن

بوۋاق -نۇسال بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى بالىنىڭ قەلبىدە بىخلىنىدۇ.

بوۋاق كۆرۈپ باقمىغان بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويغاندا ئۇ ئەجەپلىنىدۇ، قورقىدۇ ۋە يىغلاشقا باشلايدۇ. ئانىسى كېلىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ، باش-كۆزلىرىنى سىلىغاندا ۋە ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتكەندە بوۋاق ئاندىن يىغىدىن توختايدۇ. بۇ نەرسە بوۋاقنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا پەيدا بولغاندا، ئانا ئۇنى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ قارايدۇ. بوۋاقمۇ بۇ چاغدا يىغلىماي، نۇرلۇق، سۈزۈك كۆزلىرى بىلەن ئانىسىغا تىكىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىشىنىش ھېسسىياتى بوۋاقنىڭ قەلبىدە بىخلىنىدۇ.

بوۋاق بىر نەرسىگە مۇھتاج بولغاندا، ئانا دەرھال بۆشۈكنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. بوۋاقنىڭ قورسىقى ئاچقاندا، ئانا دەرھال ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. بوۋاق ئۇسسىسا، ئانا ئۇنىڭغا سۇ بېرىدۇ. بوۋاق ئانىسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىسا تىنىچلىنىدۇ. بوۋاق ئانىسىنى كۆرگەندە قوللىرىنى سوزىدۇ. بوۋاقنىڭ كۆزلىرى ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە چۈشكەندە ئاندىن قانائەتلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ نەزىرىدە، ئانىسىنى كۆرۈش قانائەتلەنگەنلىك بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا مىننەتدارلىق ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ.

بوۋاقلاردىكى ياخشى كۆرۈش، ئىشىنىش، مىننەتدار بولۇش ھېسسىياتى ناھايىتى تېز كۈچىيىدۇ. ئۇلار ئانىسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئانىسىنىڭ قارىسىنى كۆرسىلا كۈلۈمسىرەيدىغان بولىدۇ. بوۋاق ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مېھرىباندەك بىلىنىدۇ. بوۋاق ئانىسىنىڭ چىرايىغا ۋە باشقىلارنىڭ چىرايىغا كۈلۈمسىرەپ قارايدىغان بولىدۇ. بوۋاق ئانىسى بىلەن يېقىن بولغان كىشىلەرنى، ئانىسى باغرىغا باسقان، سۆيۈپ قويغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەت ئۇرۇقى، قېرىنداشلارچە ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى بوۋاقنىڭ قەلبىدە ئەنە شۇنداق بىخلىنىدۇ.

ئىتائەتمەنلىك، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھايۋانلاردىكى ئەڭ دەسلەپكى توغما خاھىشقا قارشى ئېيتىلغان. ئىتائەتمەنلىكنى يېتىلدۈرۈش سەنئىتى

ئايرىلالمايدۇ. ئىتائەتمەنلىك تۇغما قابىلىيەتنىڭ ئاددىي نەتىجىسى ئەمەس، بىراق ئۇ تۇغما قابىلىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىتائەتمەنلىكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى روشەن ھالدا تۇغما قابىلىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئارزۇ-تەلەپ بولغاندىلا، ياخشى كۆرۈش بولىدۇ؛ ئارزۇ-تەلەپ قاندۇرۇلغاندىلا، مىننەتدارلىق پەيدا بولىدۇ؛ غەمخورلۇق بولغاندىلا، ئىشىنىش بولىدۇ؛ كۈچلۈك تەلەپ بولغاندىلا، ئىتائەتمەنلىك بولىدۇ. بۇۋاق تىت-تىت بولسا يىغلايدۇ. دەسلەپتە ئۇ سەۋر قىلىپ تۇرالمايدۇ، كېيىن ئاستا-ئاستا ئىتائەتمەن بولىدىغان بولىدۇ. سەۋرچانلىق ئىتائەتمەنلىكتىن ئىلگىرىلا كۈچىيىدۇ. سەۋرچانلىق ئاساسىدا بۇۋاق ئىتائەتمەن بولىدىغان بولىدۇ. بۇ خىل پەزىلەت ئەڭ دەسلەپتە پاسسىپ شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى، بۇۋاق ئىتائەتمەن بولسام ئېھتىياجىمنى قاندۇرالايدىكەنمەن دېگەننى چۈشەنگەندىن كېيىن، پەيدا بولىدۇ. بىراق بۇ خىل پەزىلەت يەنە ئانىنىڭ باغرىدا تەرەققىي قىلىدۇ، بۇۋاق ئانىسى قۇچىقىنى ئېچىپ، ئۆزىنى باغرىغا باسقاندىلا ئېمەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاكتىپ ئىتائەتمەنلىكنىڭ يېتىلىشى تېخىمۇ كېيىن بولىدۇ. بۇۋاقنىڭ، ئانامغا ئىتائەت قىلسام ماڭا پايدىسى تېگىدىكەن، دېگەن نۇقتىنى چۈشىنىشى تېخىمۇ كېيىنكى ئىشتۇر.

ئىنساننىڭ تەرەققىياتى ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا بولغان كۈچلۈك ئىستەكتىن باشلىنىدۇ. ئانىنىڭ ئەمچىكى بۇۋاقلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، بۇۋاقلاردا ئانىسىغا بولغان مۇھەببەت كۈچىيىدۇ. بۇۋاقلاردا قورقۇنچ پەيدا بولغاندا، ئانىنىڭ باغرى بۇۋاقلاردىكى قورقۇنچنى تۈگىتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە، ئانىغا بولغان ياخشى كۆرۈش ۋە ئىشىنىش ھېسسىياتى بىرىكىپ، بۇۋاقلاردا ئانىسىغا قارىتا مىننەتدارلىق ھېسسىياتى پەيدا بولۇپ كۈچىيىدۇ.

بۇۋاق سەل چوڭايغاندا، ھەر ئىشلارنى قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ، بىراق تەبىئەت ئۇلارنىڭ رايىغا باقمايدۇ. ئۇلار دەل-دەرەخلەرنى، تاشلارنى چېكىپ باقىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقمىغاندىن كېيىن بولدى قىلىدۇ. ئانىمۇ بۇۋاقلارنىڭ يولسىز تەلەپلىرىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئاچچىقلىنىپ باقىدۇ، غەلۋە قىلىپ باقىدۇ، ئانىسى يەنىلا پەرۋا قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلار

يىغىدىن توختاپ، بارا-بارا ئانىسىنىڭ رايىغا باقىدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ سەۋرچانلىق، ئىتائەتمەنلىك ئۇرۇقى باللارنىڭ قەلبىدە بىخلىنىدۇ. بوۋاقلاردا ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئانىسىغا ئاچچىقلىنىشىنىڭ تۇغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى دەسلەپكى، غۇۋا تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. ئانىسىنىڭ پەقەت ئۆزىنىلا دەپ ياشىمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەسلەپكى، غۇۋا تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ پەقەت ئۆزىنىلا دەپ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەسلەپكى، غۇۋا تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بوۋاقلار ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بوۋاقلاردا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت توغرىسىدىكى دەسلەپكى، غۇۋا تۇيغۇ بىخلىنىپ چىقىدۇ.

مانا بۇ ئەخلاقنىڭ ئىنساندا يېتىلىشىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىدۇر، بۇ پرىنسىپلار ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەتتە گەۋدىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇخىل تەبىئىي مۇناسىۋەتتە يەنە ئىنساندىكى ئالاھىدە پىسخىك ھالەت، يەنى ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارغا تايىنىشىدىكى تەبىئىي بىخلىنىشىنىڭ پۈتكۈل ماھىيىتىمۇ مەۋجۇت. يەنى، ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە تايىنىشى ئاساسىدا پەيدا بولىدىغان بارلىق ھېسسىياتنىڭ بىخلىنىشى، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، بوۋاقنىڭ ئانىسىغا تايىنىشى ئاساسىدا پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتلىرىنىڭ بىخلىنىشى بىلەن ئوخشاش بىر ئىش. بۇ ھېسسىياتلارنىڭ تەرەققىي قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوپمۇ ئوخشاش.

باللار ئانىسىنىڭ ۋە پەرۋەردىگارنىڭ كىيىنگە قۇلاق سېلىش، ئۇلارغا ئىشىنىش ۋە ئەگىشىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان چاغدا، ئۆزىنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى تېخى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇشۇ ۋاقىتتا باللارنىڭ ئېتىقادى ۋە ھەرىكىتى دەسلەپكى ئاساسىدىن مەھرۇم بولۇشقا باشلايدۇ. باللارنىڭ مۇستەقىللىق قابىلىيىتى تەدرىجىي كۈچىيىپ، ئانىسىنىڭ ياردىمىگە تايانمايدىغان بولىدۇ. بالا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە «ئەمدى مەن ئاپامغا تايانمىساممۇ بولىدۇ» دېگەن خىيال پەيدا بولىدۇ. ئانا ئۆز بالىسىنىڭ كۆزلىرىدىن

بالىسىدا مۇشۇنداق خىيالنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەندە، بالىسىنى تىپخىمۇ چىڭ باغرىغا باسىدۇ ۋە بالا ئاڭلاپ باقمىغان تەلەپپۇزدا ئۈنىڭغا: «بالام، سەن ئەمدى ماڭا تاپانمايدىغان بولدۇڭ، مەن ئەمدى سىنى قانات ئاستىمغا ئېلىپ يۇرۇۋېرەلمەيمەن، بىراق پەرۋەردىگار بار، ئۇ سىنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ، ساڭا خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا قىلالمىغان چېغىمدا، ئۇ ساڭا خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا قىلىدۇ» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ قەلبىدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە — مۇقەددەس ھېسسىيات، ئېتىقاد ئىستىكى پەيدا بولۇپ، بالىنى ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىتىدۇ. بالا ئانىسىنىڭ پەرۋەردىگارنى تىلغا ئالغىنىنى ئاڭلاپ، پەرۋەردىگارنىڭ بارلىقىدىن خۇشال بولىدۇ. بالىنىڭ ئانا باغرىدا يېتىلدۇرگەن ياخشى كۆرۈش، مىننەتدار بولۇش ۋە ئىشىنىش ھېسسىياتى تېخىمۇ كېڭىيىپ، بالا پەرۋەردىگارنى ئاتا-ئانىسى بىلەن تەڭ قاتاردا ئەزىزلەيدۇ. بالىنىڭ ئىتائەتمەنلىك قىلىدىغان دائىرىسىمۇ كېڭىيىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بالا ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنگەندەك پەرۋەردىگارغىمۇ ئىشىنىدۇ، ئاتا-ئانىسىنى دەپ دۇرۇس ئىش قىلغاندەك پەرۋەردىگارنى دەپمۇ دۇرۇس ئىش قىلىدىغان بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئانا بالىدا پەرۋەردىگارغا بولغان ئېتىقادنى يېتىلدۈرۈشتە بالىنىڭ دەسلەپكى مۇستەقىللىقىنى بالىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئەخلاق تۇيغۇسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. ساپ، ئاق كۆڭۈللۈكنى ئاساس قىلغان بۇ دەسلەپكى ئۇرۇنۇشلار بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، بىز تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئارقىلىق يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتكە ئېرىشمەكچى بولساق، چوقۇم بۇ پرىنسىپلارغا دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر.

ئەگەر مۇھەببەت، مىننەتدارلىق، ئىشىنىش ۋە ئىتائەتمەنلىكنىڭ بىخلىنىشىنى ئاتا-بالىنىڭ تۇغما ھېسسىياتلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت ئاددىي بىر نەتىجە دېسەك، ئۇنداقتا بىخلانغان بۇ ھېسسىياتلارنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىنسانىنىڭ يۈكسەك ماھارىتى بولىدۇ. بىراق ئەگەر سىز بۇ جەريانلارنى بىر تەرەپلىمە قاراش تۈپەيلى ئېنىق پەرق ئېتەلمىسىڭىز، بۇ ماھارەتنىڭ باش-ئايىغىنى تېپىپ چىقالمايسىز. بۇ سىز ئۈچۈن بەكلا خەۋپلىك ھەم بەك بالدۇر كەلگەن بولىدۇ. بالا كەمتۈك تىللىرى بىلەن «ئانا» دەپ

چاقىرغاندا بالىدا ئانىسىنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇش، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئەگىشىش ھېسسىياتى پەيدا بولغان بولىدۇ. بىراق بالىدا «ئەمدى ئاپامغا تايانمىساممۇ بولىدىكەن» دېگەن خىيال پەيدا بولغاندا، بالىدىكى مىننەتدارلىق، ياخشى كۆرۈش ۋە ئىشىنىش مۇددىئاسى شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيا يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولىدۇ ھەم بالىنى راھەت-پاراغەتكە باشلاپ، ئۇنىڭغا «سەن ئەمدى ماڭا تەئەللۇق» دېگەننى ھېس قىلدۇرىدۇ.

بالا بۇنداق ئىزچىتۇرۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. نەتىجىدە بالىلىقتىكى تۇغما قابىلىيەت يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆسۈپ-يېتىلىش داۋامىدىكى قابىلىيەتلەر ئىگىلەيدۇ. شۇنداقلا بالىلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى ئەمدىلا بىخلانغان ئەخلاق بىخلىرىمۇ بىردىنلا قۇرۇيدۇ. ئەمدىلا بىخ سۈرۈشكە باشلىغان، ئەخلاقنى ئاساس قىلغان بۇ يۈكسەك ھېسسىياتنى بالىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئاشۇنداق چاغدا بالىنى يېتەكلەيدىغان ئادەم بولمىسا، بالىدىكى ئەخلاق بىخلىرىنىڭ قۇرۇشى مۇقەررەر.

ئانىلار، ھەي ئانىلار! دۇنيا قوينۇڭلاردىن پەرزەنتىڭلارنى تارتىپ كەتمەكتە. ھازىرقىدەك مۇشۇنداق پەيتتە پەرزەنتىڭلارنىڭ يۈكسەك تەبىئىتى رېئال دۇنيادىكى يېڭى ئىلھاملار بىلەن باغلانمىسا، بالا تۇگەشكەن بولىدۇ. ئانىلار، ھەي ئانىلار! پەرزەنتىڭلارنى قوينۇڭلاردىن تارتىپ كەتتى. يېڭى دۇنيا ئۇلارنىڭ ئانىسىغا، پەرۋەردىگارىغا ئايلاندى، ماددىي ھۇزۇر-ھالاۋەت، بەڭۋاشلىق ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئايلاندى.

ئانىلار، ھەي ئانىلار! پەرزەنتىڭلار سىلەردىن ئايرىلدى، پەرۋەردىگاردىن ئايرىلدى، ئۆز-ئۆزىدىن ئايرىلدى. مېھىر-مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قەلبىدىن يوقالدى، غۇرۇر بىخلىرى ئۇلارنىڭ قەلب ئېتىزىدا قۇرۇپ تۈگىدى. پەرزەنتىڭلار ماددىي ھۇزۇر-ھالاۋەتكىلا بېرىلىدىغان نابۇت بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى.

ئىنسان، ھەي ئىنسان! بالىنىڭ ئانىسىدىن باشقا دۇنيانىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلىشقا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى ھېسسىياتلىرى يوقىلىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق ئۆتكۈنچى مەزگىلدە ئەڭ يۈكسەك تۇغما ھېسسىيات بىخلىنىدىغان تۇپراق بالىنىڭ ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىپ، بالا «ئانام

ماڭا ئىلگىرىكىدەك مۇھىم ئەمەس» دەپ ئويلايدىغان بولدى. يىڭى دۇنياغا بولغان ئىشىنىش بالىلارنىڭ قەلبىدە بىخ سۈرۈپ، رەڭگارەڭ دۇنيانىڭ سېھرىي كۈچى ئۇلارنىڭ ئانىسىغا بولغان ئىشىنىش ھېسسىياتىنى بوغۇپ يوق قىلدى ۋە بالىلارنى «ئانام مەن ئۈچۈن ئىلگىرىكىدەك مۇھىم ئەمەس» دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويدى. رەڭگارەڭ دۇنيانىڭ سېھرىي كۈچى يەنە ياۋا ئۆت-چۆپلەر پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرگە چىرمىشىپ ئۇلارنى ياخشى ئۆسكىلى قويمىغانغا ئوخشاش، بالىلارنىڭ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ناتونۇش پەرۋەردىگارغا بولغان ئىشىنىش ھېسسىياتىنى بوغۇپ يوق قىلدى. ئىنسان، ھەي ئىنسان! بالىلارنىڭ ئانىسىغا ۋە پەرۋەردىگارغا بولغان ئىشىنىش ھېسسىياتىغا ئۆزگىرىدىغان بۇ ئاچا يول ئېغىزىغا كەلگەندە، بارلىق ئۇسۇل-چارىلىرىڭلارنى قوللىنىپ، ياخشى كۆرۈش، مىننەتدار بولۇش، ئىشىنىش ۋە ئىتائەتمەن بولۇش قاتارلىق ھېسسىياتلارنى بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ساپ، پاك پېتى ساقلاپ قېلىڭلار.

پەرۋەردىگار ئاشۇ ھېسسىياتلار ئىچىگە سىڭگەن، سىزنىڭ ئەخلاقنى ئاساس قىلغان بارلىق كۈچ-قۇدرىتىڭىز ماھىيەتتە ئاشۇ ھېسسىياتلار بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

ھەي ئىنسان! ماددىي ئېزىقتۇرۇشلار تۈپەيلى، بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىخ سۈرگەن ئاشۇ ھېسسىياتلار تەرەققىياتىدىن توختاپ قالدى. شۇڭا، سىلەر بارلىق ئامال-چارىلەرنى قوللىنىپ بالىلاردىكى ئاشۇ ھېسسىياتلارنى قوزغىتىڭلار، دۇنيانىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى ئاشۇ ھېسسىياتلار بىلەن باغلىنىپ، بالىلارنىڭ ئالدىدا نامايەن بولسۇن.

سىزنىڭ تەبىئەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋاقتىڭىز كېلىپ قالدى، سىز بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، تەبىئەتنىڭ قارىغۇلارچە تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇشىڭىز، بۇرۇنقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن توغرا يولغا ۋە كۈچ-مەدەتكە ئېرىشىشىڭىز كېرەك. بالىلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى دۇنيا پەرۋەردىگار دەسلەپ ياراتقاندىكىگە ئوخشمايدۇ؛ بۇ دۇنيا كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ھوزۇرلىنىشقا بېرىلىشى تۈپەيلى، ۋۇجۇدىدىكى ئىچكى ھېس-تۇيغۇلارنى دەپسەندە قىلىش ئارقىلىق نابۇت قىلىنغان دۇنيا، بۇ دۇنيا شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش

قىلىندىغان، زىددىيەتلىشىدىغان، زوراۋانلىق قىلىندىغان، پو ئاتىدىغان، يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلىندىغان دۇنيا.

پەرۋەردىگار دەسلەپ ياراتقان ھېلىقى دۇنيا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى بۇ دۇنيا بالىلارنى كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىندىغان چوڭقۇر قايناملىغا سۆرەپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى رەھىم-شەپقەتسىزلىك بىخ سۇرىدىغان جايدۇر. پەرۋەردىگارنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ۋەھشى كۈچلەر ۋە ئۆز-ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان رەزىللىك بۇگۈنكى بۇ دۇنيانى بالىلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا قىلىدۇ.

بىچارە بالىلار، سىلەر تۇرۇۋاتقان ئۆي سىلەرنىڭ دۇنيايىڭلار، داداڭلار خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئاناڭلار بۇگۇنى بىر ئىشتىن ئاغرىنسا، ئەتىسى مېھمان كۈتىدۇ، ئۆگۈنى تاتلىق خىيالغا پاتىدۇ. سوئال سورىغىنىڭلاردا سىلەرگە قارىغۇچى ئايال جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالىدۇ. سىرتقا چىققۇڭلار كەلسە، بىراق چىقالمايسىلەر. شۇنىڭ بىلەن ئاچا-سىڭىللىرىڭلار بىلەن ئويۇنچۇق تالىشىپ جېدەللىشىسىلەر. بىچارە بالىلار! سىلەرنىڭ دۇنيايىڭلار نەقەدەر بەختسىزلىككە، زېرىكىشلىككە ۋە بىمەنىلىككە تولغان ھە! بىراق، سىلەر ئالتۇن رەڭلىك پەيتۇنلارغا ئولتۇرۇپ، سايە تاشلاپ تۇرىدىغان جايلارنى ئايلانساڭلارمۇ بولاتتىغۇ؟ سىلەرنىڭ يولباشچىڭلار ئاناڭلارنى ئالدىدى. گەرچە سىلەر ئۇنچىلىك ئېغىر دەرت تارتمىغان بولساڭلارمۇ، بىراق بۇ دەرت باشقا ھەرقانداق دەرت تارتقۇچىلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. سىلەر نېمىگە ئېرىشتىڭلار؟ دۇنيايىڭلار سىلەر ئۈچۈن ھەرقانداق ئازاب-دەرتتىنمۇ ئېغىر بولغان يۈككە ئايلىنىپ قالدى.

تەبىئەت پرىنسىپلىرى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنىپ، دۇنيا رەھىمسىزلەرچە ۋەيران قىلىنىش نەتىجىسىدە، گۇمران بولۇپ قالاي دەپ قالغان بىر خارابىلىققا ئايلاندى. غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ خارابىلىقتا تەبىئەتمۇ ئىنسانلار قەلبىنىڭ سايلىقىنى قوغدايدىغان قورال بولالماي قالدى. ئەكسىچە، بىز ئىنسانلار گۆدەك، سەبىيلىكتە تۇرۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، تەبىئەت خۇددى ئۆگەي ئانا ئۆگەي بالىسىنى خارلىغاندەك بىزگىمۇ رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلدى. بۇ خىل رەھىمسىزلىك مىللىتىمىزنى تېخىمۇ يۈكسەك قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قورالنىمۇ مۇقەررەر ھالدا ۋەيران قىلىدۇ.

بۇ مەزگىلدە بالىلار دۇنيادىكى بۇ ھادىسىلەرگە ۋە بالىلارنى بىر تەرەپلىمە تۈيغۇ تەسىراتلىرىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئېزىقتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. گەرچە بۇ ھادىسىلەر ناھايىتى بىر تەرەپلىمە بولسىمۇ، بىراق ناھايىتى جانلىق. شۇڭا، دۇنيا توغرىسىدىكى ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىشى بىز ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق ۋە مەنىۋى ئاساسىي ئۈستىگە قۇرۇلغان تەجرىبە ۋە ھېسسىيات تەسىراتلىرىنىڭ كۈچىيىشىدىنمۇ بەكرەك ھەل قىلغۇچ ئەۋزەللىككە ئىگە. شۇڭا، شۇنىڭدىن باشلاپ شەخسىيەتچىلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە چەكسىز، جانلىق بىر ماكان ھازىرلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە باشقا قابىلىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەنىۋى يولمۇ توسۇلۇپ، ئۇلارغا ئېچىلغان ئەخلاق ئىشىكىمۇ ئېتىلىپ قالىدۇ؛ شۇڭلاشقا، بالىلارنىڭ تەبىئىتىدىكى بارلىق تۈيغۇلار ئەقىل-ئىدراك بىلەن مېھىر-مۇھەببەتنى، زېھنىنى كۈچەيتىش بىلەن پەرۋەردىگارغا سادىق بولۇش ھېسسىياتىنى ئۆزئارا ئايرىۋېتىش يولىغا — شەخسىيەتچىلىكنى بالىلارنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىدىغان يولغا ماڭىدۇ. نەتىجىدە تەلىم-تەربىيە ياخشى ئۈنۈم بەرمەي، بالىلار ئۆز-ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان يولغا كىرىپ قالىدۇ.

كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق نابۇت بولۇشنىڭ تۈپ مەنبەسىنى تونۇمايدۇ؟ ئادەمنى تېخىمۇ ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، نېمە ئۈچۈن بىز ئىنسانلار تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئومۇمىي نىشانى ئاشۇ مەنبەنى توسۇش بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئىنسانلار تەلىم-تەربىيىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئىجادىيىتىنى ۋەيران قىلدۇرمايدىغان، بالىلارنىڭ بوۋاقلىق مەزگىلىدە پەيدا بولغان ياخشى كۆرۈش، مىننەتدار بولۇش ۋە ئىشىنىش ھېسسىياتلىرىنى نابۇت قىلدۇرمايدىغان ئاشۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلمايمىز؟ پەرۋەردىگار ئۆز قولى بىلەن ئەخلاق ۋە مەنىۋى جەھەتتە يۈكسىلىشنى بىزنىڭ تەبىئىتىمىزدە يىلتىز تارتقۇزغان. ئاشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، ئاشۇ پرىنسىپلار بىزنىڭ ئەخلاق ۋە مەنىۋى جەھەتتە يۈكسىلىشىمىزنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋاستىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك؛ شۇنداقلا تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇشنى تەبىئەت مېخانىزمى پرىنسىپلىرى بىلەن ماسلاشتۇرىدىغان ۋاستىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى مۇشۇ پرىنسىپلار بويىچە

ئىش كۆرگەندە، پەرۋەردىگار بىزنى غوۋا تۇيغۇ تەسىراتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئاشۇ پرىنسىپلار تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇشنى بىزنىڭ تەبىئىتىمىزدىكى ئاشۇ تۇيغۇلار بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى ۋە بۇ ھېسسىياتلارنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشى ئارقىلىق، بىز ئەقىل-پاراسىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى تونۇشىمىز ۋە بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

كىشىنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن بىر يۈرۈش مۇكەممەل، تەدرىجىي ئىلگىرىلەيدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەقىل-زېھنىنى ۋە ھېسسىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرمايدۇ؟ بۇ ئۇسۇللارنىڭ تۈپ مەقسىتى ئوقۇتۇش ۋە باشقا مېخانىزملاردىكى پايدىلىق شەرت-شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئەخلاق جەھەتتىكى مۇكەممەللىكنى ساقلايدىغان بولۇشى كېرەك؛ شۇنداقلا قەلبىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ، خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنى چۈرۈۋېتىپ، تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ تېخىمۇ مۇھىمى، بىزدىكى تۇيغۇ تەسىراتلىرىنى ئېتىقادتا، ئارزۇ-ئىستەكنى رەھىمدىللىكتە، رەھىمدىللىكنى ھەققانىيەتكە بويسۇندۇرىدىغان قىلىشى كېرەك.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىنى زۆرۈر ئاملىغا ئايلاندۇرۇپ، تەبىئىتىمىزگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك. تەبىئىي قابىلىيىتىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ ئەۋزەللىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىمىزگە ئاساسەن مۇقەررەر يوقىلىدۇ. يەنى، ئۇلار تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى پرىنسىپلارغا بويسۇنىدۇ. بىراق تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەربىر قەدەم ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئاندىن بىر دەرىجە يۇقىرى تەرەققىياتقا بويسۇنىدۇ. بۇ قەدەم ئورۇندالسا، يەنە بىر قەدەمگە بويسۇنىدۇ. بۇنداق قەدەممۇ قەدەم بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى ئالدى بىلەن بارلىق بىلىملەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ باشلىنىش نۇقتىسىدىن تەرەققىي قىلىپ ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىش بولۇشى كېرەك. بۇ خىل ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى شۇكى، بالىلارغا بولغان دەسلەپكى تەربىيە بالىلارنىڭ ئېتقادارى پاكى زېھنىنى تەرەققىي قىلدۇرماستىن،

بەلكى ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىنى، قەلبىنى ۋە ئاڭغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچى پرىنسىپ شۇكى، تەلىم-تەربىيىدە تۇيغۇ يېتىلدۇرۇشتىن ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۇرۇشكە تەدرىجىي ئۆتۈش كېرەك، يەنى ئالدى بىلەن قەلبنى ئۇزاققىچە تەربىيىلەش، ئاندىن ئەقىل-ئىدراك يېتىلدۇرۇش كېرەك. دەسلەپتە خېلى بىر مەزگىلگىچە بۇ ئىش ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئايلىنىشقا باشلايدۇ.

مەن ئەمدى يەنە نېمە دەي؟ ھەي ئانا! بۇ گەپلەرنى دېگەندىن كېيىن، مەڭگۈلۈك تەبىئىي پرىنسىپلار مېنى يەنە قولىڭىزغا تاپشۇردى. ئانا! مېنىڭ قەلبىمنىڭ ساپلىقىنى، مېھىر-مۇھەببىتىمنى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى ساقلىيالىشىم، دۇنيادىكى يېڭى ھادىسىلەر ئالدىدا ئۆزەمنىڭ يۈكسەك تەبىئىي پەزىلىتىمنى ساقلىيالىشىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تۆھپىڭىز. ئانا، ھەي ئانا! ھازىر ھېلىھەم سىز مېنى تىزگىنلەيسىز، ماڭا كۆيۈنىدىغان ۋاقتىڭىزدا، مېنى ئۆزىڭىزدىن نېرى قىلماڭ. مەن چۈشىنىشكە مەجبۇر بولغان دۇنيانى بىرەرسى سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىككىمىز بىرگە بېرىپ چۈشىنەيلى، چۈنكى ئۇنى سىزمۇ، مەنمۇ چۈشىنىشىم كېرەك. ئانا، ھەي ئانا! دۇنيادىكى يېڭى ھادىسىلەر مېنى سىزنىڭ، پەرۋەردىگارنىڭ يېنىدىن تارتىپ كېتىپ، ھاڭغا ئىتتىرمەكچى بولغاندا، بىز ئايرىلىپ كەتمەيلى. ئانا، ھەي ئانا! مەن سىزنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىڭىزدە ئاندىن بۇ دۇنياغا قەدەم باسىمەن. سىز مېھىر-مۇھەببىتىڭىزنىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ ئۆتكۈنچى جەرياننى مۇقەددەس جەريانغا ئايلاندۇرسىڭىز!

دوستۇم! قەلىمىمنى توختاتمىسام بولمىدى. قەلبىم ھاياجانغا تولدى، مەنمۇ كۆزلىرىڭىزنىڭ نەملەشكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم. خەير-خوش!

ئەخلاق پەزىلەت شەخسنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئەخلاق پرىنسىپلىرى ۋە ھەرىكەت ئۆلچەملىرى بويىچە ھەرىكەت قىلغاندا ئىپادىلىنىدىغان، ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك بولغان، بەزى مۇقىم پىسخىك ئالاھىدىلىك ۋە خاھىشتۇر. ئەخلاق پەزىلەتنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسى ئەخلاق تونۇشى، ئەخلاق ھېسسىياتى، ئەخلاق ئىرادىسى

ۋە ئەخلاق ھەرىكىتى قاتارلىق بىر نەچچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەخلاق تونۇشى ئادەمنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە بولغان بىلىشىدۇر، ئەخلاق ھېسسىياتى ئەخلاق تونۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدىغان ھېس-تۇيغۇدۇر، ئەخلاق ئىرادىسى ئادەمنىڭ ئۆز ئىش-ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا تەڭشەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەخلاق نىشانىغا يېتىشىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئەخلاق ھەرىكىتى بولسا ئەخلاق ئېڭىنىڭ تىزگىنلىشىدىكى تۈرلۈك ئەخلاق ھەرىكىتى ماھارىتى ۋە ئادىتىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن پائالىيەت ئۇسۇلىدۇر.

بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ئۇ چوڭ بولۇپ، ھەق-ناھەقنى ئايرىيالايدىغان، ياخشى-يامانغا ھۆكۈم قىلالايدىغان بولغاندا يېتىلمەيدۇ، بەلكى ئادەمدە ئەخلاق تونۇشى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئادەم ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىدا ھەق-ناھەقنى، ياخشى-يامانني ئايرىيدىغان، توغرا-خاتاغا ھۆكۈم قىلالايدىغان بولىدۇ. ئادەمدىكى ئەخلاق قارىشى ئۇ چوڭ بولۇشتىن ئىلگىرىلا بىرقەدەر مۇقىم پسىخىك ئاساسىغا ئىگە بولۇپ بولغان بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى تۇنجى ئۇلگىسىدۇر. ئاتا-ئانىنىڭ ئىدىيە-پەزىلىتى، ياشاش ئۇسۇلى، گەپ-سۆز، يۈرۈش-تۇرۇشى، ئىرادە-ھېسسىياتى قاتارلىقلار بالىغا ئۇن-تىنسىز ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىنىڭ ئىدىيىسى، ئەخلاق-پەزىلىتى، كىشىلىك غايىسى ۋە مەدەنىي ھەرىكىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان پاكىزلىقنى سۆيۈش، تەرتىپكە رىئايە قىلىش، باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش، جىگەرلىك بولۇش قاتارلىق پەزىلەتلەر ئاتا-ئانا بىلەن بىرگە ياشاش جەريانىدا يېتىلىدۇ.

ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتى شەخسىيەتسىز، چوڭقۇر بولىدۇ. ئاتا-ئانا بالىغا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ۋە باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىتىشى كېرەك. شۇندىلا بالىلار ساغلام، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ. مېھىر-مۇھەببەت بىر خىل سەنئەت، ئۇنى

ھەممىلا جايدا كۆرۈش مۇمكىن. ئاتا-ئانىلار كىچىك ئىشلارغىمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك. تۇرمۇشتىكى ئاشۇ كىچىككىنە ئىشلار كۆپىنچە ھاللاردا بالىلاردا ھېسداشلىقنى يېتىلدۈرىدۇ.

شەخسىيەتچى، ئىچى تار ئادەم ھەرگىزمۇ چىن كۆڭلىدىن باشقىلارنى ئويلىمايدۇ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلمايدۇ ۋە ياردەم قىلمايدۇ. بالىلار بەزىدە ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ شەخسىيەتچىلىك ئىكەنلىكىنى، خاتا بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى ھەر ۋاقىت توغرا يولغا يېتەكلەپ تۇرۇشى كېرەك. ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق ئىنسانىدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىدۇر. ئاتا-ئانىلار بالىلارنى كۆپرەك كۆزىتىشى، بالىلار ئاق كۆڭۈللۈكنى، ئارتۇقچىلىقىنى نامايەن قىلغان ھامان ئۇلارنى دەل ۋاقتىدا ماختىشى كېرەك؛ ئەگەر بالىلاردا مېھرىبانلىق كەمچىل بولسا، ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، ئۇلارغا ئازادىلىك، شاد-خۇراملىق ئىلكىدە ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئۆگىتىش كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىنى يېتەكلىشى ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئاتا-ئانىلار ئۆزى ئۈلگە بولسا، بۇنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ. مېھرىبان ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىسىنى ياخشى كۆرگەنگە ئوخشاش باشقا بالىلارنىمۇ ياخشى كۆرۈشى، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە مېھرىبان بولۇشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىسىغا كۆيۈنۈشى، شۇنداقلا بالىسىغا ئوخشاش ئاجىز كىشىلەرگىمۇ كۆيۈنۈشى كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاشۇنداق چاغلاردىكى پوزىتسىيىسى بالىنىڭ ھەرىكىتىگە ۋە ئوي-خىيالىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلارغا ئۇلارنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشمىز كېرەك، بىراق بالىلارنى ھەقىقىي باي ھېس قىلدۇرىدىغىنى مال-دۇنيا ئەمەس. ئاتا-ئانىلار بالىلارغا ئۆز مەنپەئەتى بىلەن باشقىلارنىڭ ئېھتىياجى ئالدىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى ئۆگىتىشى كېرەك. ئاۋۋال باشقىلارنى، ئاندىن ئۆزىنى ئويلاش ياخشى بىر پەزىلەت. ئاتا-ئانىلار بالىلارنى ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشكە كۆپرەك ئىلھاملاندۇرسا،

بالىلار تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولىدۇ، تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ. ھەممىلا ئادەم مېھرىبانلىق قوللىرىنى سۇنسا دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

بالىلارغا ئۆز ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش كېرەكلىكىنى ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

ھەققانىيلىق بىلەن ھەققانىيەتسىزلىكنىڭ پەرقى بىر قەدەملىكلا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى كۆپرەك چۈشىنىشى، بالا بىرەر ئىشنى خاتا قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مۇددىئاسىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ، شۇنىڭغا قاراپ تەدبىر قوللىنىشى كېرەك. بالىلارنى ئۇستىلىق بىلەن يېتەكلەپ، قايىل قىلغاندىلا، ئۇلار ناچار قىلىقلىرىنى تۈزىتىپ، توغرا قاراش تۇرغۇزالايدۇ.

ھەققانىيەت ھەممە ئادەمنىڭ قوغدىشىغا مۇھتاج؛ ھەققانىيەتنى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق نامايەن قىلىشقا بولىدۇ. بالىلارنىڭ قەلبىدە مۇئەييەن دەرىجىدە بىلىمگە ئىنتىلىش ئىستىكى بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بالىلاردىكى بىلىمگە ئىنتىلىش ئىستىكىنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى ئامال قىلىپ قوزغىتىشى كېرەك. بالىلارغا ئۆزى قىلغان ئىشقا ئۆزى جاۋابكار بولۇشنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆگىتىش ئۇلاردا ئىش قىلىش ئۇسۇلى ۋە ماھارىتىنى يېتىلدۈرىدۇ، مەسئۇلىيەتچانلىقنى يېتىلدۈرىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، بالىلارغا مۇۋەپپەقىيەتنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلاردا ئىشەنچ يېتىلدۈرىدۇ. بالا چوڭايغانسېرى يالغان ئېيتىشقا شۇنچە ئۇستا ھەم ئۇلارنى قاچۇرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ، يالغان گېپىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلىقنى، ياشلىقنى باشتىن كەچۈرگەن، بەزىبىر خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ باققان بولغاچقا، بالىلارنىڭ راستچىل بولماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنى كۆپرەك تەھلىل قىلىپ بېقىشى، بالىلارنىڭ غۇرۇرىنى قوغدىشى ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۇلارنى مۇۋاپىق يېتەكلىشى كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ ماھىرلىق بىلەن تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، بالىلار قانۇنىيەتنى چۈشىنىپ، تېخىمۇ راستچىل، سۆيۈملۈك بولالايدۇ.

بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەندەك باشقىلارنى ھۆرمەتلىسە بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار ھۆرمەتلەشنىڭ ياخشى پەزىلەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەندە، باشقىلارنى ھۆرمەتلىشى مۇمكىن.

ئاتا-ئانا بالىغا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بالىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشەلىسە، ئاندىن باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان بولىدۇ. بالىنى ھۆرمەتلەش ئاتا-ئانىدىن بالىنى چوڭلارغا ئوخشاش قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بىر يەككە دەپ قاراشنى تەلەپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بالىلارنىڭ ھوقۇقى بار دېگەنلىك ئۇلارنى چوڭلار قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلسۇن دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى بالىلاردا نېمىلا دېگەن بىلەن چوڭلاردىكىدەك تەجرىبە ۋە بىلىم يوق.

بالىلارغا «پىچاقنى ئۆزەڭگە سال، ئاغرىمىسا خەققە» دېگەن قائىدىنى بىلدۈرۈش كېرەك. شۇنداقلا بالىلارغا ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنىلا ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە قىلىشنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك.

بالىلارغا ئەتراپىدىكى ئادەتتىكى كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى ۋە ئۇلارغا سەممىيلىك بىلەن ياردەم بېرىشنى ئۆگىتىش كېرەك. ھەممىلا ئادەمنىڭ ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان بىر تەرىپى بولىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرگە كەمتەرلىك، مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ شاتلىققا چۆمۈلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار تېخىمۇ مول تۇرمۇش بىلىملىرىگە، تېخىمۇ گۈزەل ھايات تۇيغۇلىرىغا ئېرىشىدۇ.

ئىنسان جەمئىيىتىنى ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە ياشاۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ئىجتىمائىي مىزانلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي مىزان سىرلىق كۆز قاراش ئەمەس، شۇنداقلا قۇرۇق ۋەز-نەسىھەتمۇ ئەمەس، بەلكى بىرخىل

ھەرىكەت پرىنسىپى بولۇپ، ھەربىر بىمىزدە شەكىللەنگەن ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باللار ئۆچۈن ئەڭ دەسلەپكى چەكلەش ئەتراپىدىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن كېلىدۇ، باللارنىڭ ئەتراپىدا ئاق كۆڭۈللۈك، ئادىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق پەزىلەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرسا، باللار بۇ پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈپ داۋاملاشتۇرىدۇ. ياش ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقى بالا تەربىيىلەشتە گەۋدىلىنىدۇ. بالىنى ياخشى يېگۈزۈپ، ياخشى كىيگۈزۈپ، ئەتىۋارلاپ باققان بىلەنلا بولمايدۇ، مۇھىمى، باللارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش، باللار ھەقىقىي تۇردە ئىچكى بىلەن تېشى بىردەك ئۆسۈپ-يېتىلىشى كېرەك. ئاق كۆڭۈل، مەسئۇلىيەتچان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەڭ توپ تەلىپى ۋە ئارزۇسى. پىسخولوگلار شۇنى كۆرسەتتىكى، گۈزەللىك، ياخشىلىق ۋە ھەققانىيەت توغرىسىدىكى شەخس ئۆلچىمىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار باللارنىڭ كەلگۈسىدە ھەققانىيەتچى، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ چىقىش-چىقالماسلىقىدا ئىنتايىن مۇھىم.

ھېسداشلىق دېگەن نېمە؟ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاش ھېسداشلىقنىڭ ئاساسى. باللارنى باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەندە، باللارنىڭ ئېرىشىدىغىنى چەكسىز بولىدۇ. باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان باللار زومىگەرلىك قىلىشنى بىلمەيدۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ۋە باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش قاتارلىق جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەگەر ئاتا-ئانىلار باللاردا ھېسداشلىق قىلىدىغان پەزىلەتنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرمىسە، باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ دەردىنى چۈشەنمەيدىغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ساپ كۆڭلى ۋە مېھىر-مۇھەببىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئاشۇنداق بولۇپ قالسا، ئاتا-ئانىلار ھەرقانچە بەدەل تۆلىسىمۇ، باللاردا ھېسداشلىق پەزىلىتىنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ، ھەتتا

باللار ئاتا-ئانىسىدىن تاندىغان ۋە يۈز ئۆرۈيدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ.

باللاردا ھېسداشلىق قىلىدىغان پەزىلەتنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. چۈنكى ھېسداشلىق مۇھەببەتنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، شۇنداقلا ئەخلاقنىڭ پىسخىك ئاساسى.

ھېسداشلىق باللاردىكى يۈكسەك پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىش ئاساسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە بىراۋنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشنىڭ ئاساسى. «بىر بىگۇناھ ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت-ئەلەم باشقىلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىشى مۇمكىن» دېگەن نۇقتىنى باشقىلارنىڭ دەرت-ئەلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن ھېس قىلىپ يېتىمىز، چۈنكى ئاشۇ دەرت-ئەلەم بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كېلىشى مۇمكىن. ھېسسىيات جەھەتتىكى مۇشۇنداق ئورتاقلىق كىشىلەرنى ئۆزئارا قايغۇ ۋە شاتلىقتا ئورتاقلاشتۇرىدۇ.

ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ قايغۇسىغا ۋە شاتلىقىغا تەڭ ئورتاقلاشساق، ئۇلارنىڭ شاتلىقىغا جۆر، دەردىگە دەرمان بولساق، بىز ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن بولىمىز. بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى ياخشى كۆرگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدىگە ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ: ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى كۆرسە، تەڭلا خۇشال بولىدۇ؛ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئازابلانغانلىقىنى كۆرسە، تەڭلا ئازابلىنىدۇ. شۇڭا، ئادەم باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئېرىشىشكە، ئازابتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەندە، خۇددى ئۆزىمۇ خۇشاللىققا ئېرىشكەندەك، ئازابتىن قۇتۇلغاندەك بولىدۇ.

دەسلەپتە باللار بەزىبىر ئىشلارنى ھېسداشلىق تۈپەيلى قىلىشى ناتايىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، باللار باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىش، ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، باللاردىكى بۇ خىل قاراش بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، بولۇپمۇ باللار

قىينىچىلىقتا ئۇچراپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ۋە ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەندە، بالىلاردىكى ھېسداشلىق پەزىلىتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. شۇڭلاشقا، قەلب بىردەكلىكى بالىلاردىكى ھېسداشلىق پەزىلىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. چۈنكى قەلب بىردەكلىكى ئىدراك ۋە ھەرىكەت جەھەتتە باشقىلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى بەكرەك تەلەپ قىلىدۇ. قەلب بىردەكلىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى شۇكى، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلغاندا، ياردەم بەرگەندە ۋە ئۇلارنى ئاسرىغاندا، ئۇلاردىن ئاۋۋال بىرەر ھەققە ياكى نەرسىگە ئېرىشىشنى كۆزلىمەيدۇ، ھېچبولمىغاندا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ياردەم بېرىش مەلۇم بىر ئالماشتۇرۇش مۇددىئاسى تۈپەيلىدىن بولمايدۇ. شۇڭا، سىز قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا، سىزنىڭ ياردىمىگىزگە ئېرىشكەن كىشىلەرمۇ سىزگە مۇقەررەر ھالدا ياردەم قىلىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىلاردا ھېسداشلىق پەزىلىتىنى، قەلب بىردەكلىكىنى يېتىلدۈرگەندە، ھېسداشلىق بىلەن قەلب بىردەكلىكىنى مۇۋاپىق قوللىنىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك. ئۇنداق قىلماي سەل قارىسا ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.

باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلغاندا، ئۇنىڭ كىملىكىگە، ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان-ئەرزىمەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. يەنى، بالىلاردا ھېسداشلىق پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا كۆيۈمچان-مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى قائىدە جەھەتتىن ئېنىق چۈشەندۈرۈشىمىز، شۇنداقلا بالىلارغا ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. ياخشى ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىش كېرەك، يامان ئادەملەر ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۆزىمىزگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ قويىمىز.

بالىنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە، دەرھال بېرىپ بالىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئىستىكى قەلبىمىزدە پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ھەممىلا ئادەمدە ھېسداشلىق قىلىش بولىدۇ. بىراق كېيىنچە، ئادەمدىكى بۇنداق خەيرىخاھلىق قىلىش ئىستىكىنى ئىنسانىنىڭ تۈرلۈك ئارزۇلىرى بوغۇپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ ساپ قەلبىنى بايقاش، تۈرلۈك ياخشى ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇشتۇر.

بوۋاق تۇغۇلۇپ بىر ياشقا كىرگۈچە بولغان مەزگىلدە «ئۆزگە» بىلەن «ئۆزى»نى ئايرىيالمايدۇ. يەنى، بۇ مەزگىلدە بالىلار ئۆزى بىلەن باشقىلارنى، ئۆزى بىلەن دۇنيانى ئېنىق ئايرىيالمايدۇ. بۇ مەزگىلدىكى بالىلار ئۆزىنىڭ ئازابى بىلەن دۇنيانىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، باشقىلارنىڭ ئازابى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ. شۇڭا، بۇ مەزگىلدىكى بالىلار يەنە بىر بالىنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرسە، تەڭلا يىغلايدۇ.

بوۋاق بىر ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىلدە، ئۆزى بىلەن باشقىلارنى، ئۆزىنىڭ ئازابى بىلەن باشقىلارنىڭ ئازابىنى ئاساسەن پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولىدۇ. بىراق «قابىلىيىتى» چەكلىك بولغاچقا، نۇرغۇن بالىلار باشقىلارنىڭ ئازابىغا قارىتا پەقەت ھېسداشلىق قىلالايدۇ. مەسىلەن: باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەن ئاساستا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ھەتتا باشقىلارغا يېقىنلىشىش، سىلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەسەللى بېرىدۇ. بىراق، بۇ مەزگىلدىكى بالىلار تىل ئارقىلىق تەسەللىي بېرىش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھېسداشلىق قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش قابىلىيىتىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ.

5~7 ياشقىچە بولغان مەزگىلدىكى بالىلاردا باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، باشقىلارنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلالايدىغان ئىقتىدار ھازىرلانغان بولىدۇ. يەنى، بۇ مەزگىلدە بالىلار باشقىلار يىغلىسا تەڭ يىغلىمايدۇ، ياكى باشقىلار يىغلىسا دەرھال يۈگرەپ بېرىپ تەسەللى بەرمەيدۇ، بەلكى

باشقىلارنىڭ ئازابىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ، تەسەللى بېرىش ۋاقتىنى ۋە كۆيۈنۈش شەكلىنى — باشقىلارغا يىغلىشىپ بېرىش ياكى تىل ئارقىلىق تەسەللى بېرىش ۋە ياكى ئاتا-ئانىسىنى چاقىرتىپ ئەكىلىپ بىر تەرەپ قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى بەلگىلەيدۇ.

بالا 10 ياشلارغا كىرگەندە، ئاجىز كىشىلەرگە ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغانلارغا «ئەقىل-ئىدراك»نىغا تايىنىپ، ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان بولىدۇ. بەزى باللار پسىخولوگلىرى بۇ مەزگىلنى «ئابستراكىت ھېسداشلىق قىلىش باسقۇچى» دەپ ئاتىغان.

بۇ مەزگىلدە باللاردىكى ھېسداشلىق ۋە كۆيۈنۈشتە خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. باللار باشقا باللارغا ھېسداشلىق قىلىش ۋە كۆيۈنۈشنى بىلىپلا قالماستىن، ئاتا-ئانىسىغا ۋە بوۋا-مومىلىرىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان بولىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ جېدەللىشىشى، ياشانغانلارنىڭ خارلىنىشى مۇشۇ مەزگىلدىكى باللارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى باللار ھېسداشلىق قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان كىشىلەر، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە تونۇش كىشىلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. باللارنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى ۋە كۆيۈنۈشى ئاجىز ئورۇندا ياكى قىيىن ئەھۋالدا قالغان ناتونۇش كىشىلەرگىمۇ كېڭەيگەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالايمىزكى، باللاردا ھېسداشلىق قىلىدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى باللارنىڭ كىچىك ۋاقتى بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاش كېرەك. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا باللار بىر تەرەپتىن ھېسداشلىقنىڭ پسىخىك ئاساسىنى ھازىرلايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ مەزگىلدە باللارنىڭ دوراش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، ئاتا-ئانا گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتتە باللىغا ئۈلگە بولسا، باللاردىكى ھېسداشلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

باشقىلارغا ھەددىدىن زىيادە سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، ھېسداشلىق قىلماسلىق، كۆپ ھاللاردا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىمۇ زىيان

يەتكۈزىدۇ. چۈنكى ھەممىلا ئادەمنىڭ بىشىغا كۈن چۈشىدىغان ۋاقىت بولىدۇ، شۇنداق چاغدا ئادەم بىراۋنىڭ ئۆزىگە ھىسداشلىق قىلىشىغا، ياردەم قولىنى سۇنۇشىغا مۇھتاج بولىدۇ. ئەگەر ھەممىلا ئادەم ھىسسىياتسىز بولۇپ كەتسە، بەختسىز كىشىلەرگە كىم ھىسداشلىق قىلىدۇ، كىم ياردەم قىلىدۇ؟ شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىشقا، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. بالىلار ياخشى ئىش قىلغاندا، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەندە، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى ۋاقتىدا ماختىشى ۋە تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىشلىرىش تۇيغۇسى، تاشقى دۇنيادىكى ئىنكاسلار بالىلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئاتا-ئانا بىلەن بالىنىڭ ھەمكارلىقى تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەگەر ئادەم باشقىلارغا ھىسداشلىق قىلمىسا، مېھرىبان بولمىسا، ۋاقتى كېلىپ بېشىغا كۈن چۈشكەندە باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ھىسداشلىق قىلمايدۇ، ياردەم بەرمەيدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلاردا ھىسداشلىق پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ، ھەتتا بەزىلەر «بالىلارنىڭ باشقىلارغا ئالدىنىپ قالماسلىقى ئەڭ مۇھىم. بالىلاردا ھىسداشلىق قىلىدىغان پەزىلەتنىڭ بار بولۇش-بولماسلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس. بالا ئاتا-ئانىسىنى ياخشى كۆرسىلا بولىدۇ، باشقىلارغا ھىسداشلىق قىلىش قىلماسلىقى ھېچ گەپ ئەمەس» دەپ قارايدۇ. «بالا ئاتا-ئانىسىنى ياخشى كۆرسىلا بولىدۇ، ئۇلاردا ھىسداشلىق قىلىدىغان پەزىلەتنىڭ بار بولۇش-بولماسلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس» دەيدىغان قاراش ئىنتايىن خاتا قاراشتۇر. چۈنكى بالىدا ھىسداشلىق قىلىدىغان پەزىلەت بولمىسا، بالا ئىشىنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، يېنىك بولسا، بالا ئاتا-ئانىسىغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ؛ ئېغىر بولسا، ئاتا-ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. باشقىلارغا ھىسداشلىق قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس.

بالـدا هېسداشلىق قىلىدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرمىگەندە، ئاخىر بېرىپ ئاتا-ئانا بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

بالىلارنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر تەبىئەتكە قاراپ، رېئال تۇرمۇشتا بالىلارنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. ئەگەر بالىلاردا باشقىلارغا كۆيۈنمەيدىغان، ھەتتا رەھىمسىزلىك، شەپقەتسىزلىك قىلىدىغان ئىشلار كۆرۈلسە، كۆپ ھاللاردا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز، بالام باشقىلارغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇلارنى ئاسرايدىغان ھەمدە ھەرىكىتى بىلەن ھېسسىياتى ماس كېلىدىغان بولسۇن دېسىڭىز، ئائىلە تەربىيىسىنى توغرا ئېلىپ بېرىشىڭىز زۆرۈر.

بالىلاردا ئەخلاقنىڭ يېتىلىشىدە دىن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. دىندىكى كۆپىنچە ئەمر-مەئرۇپلاردا بالىلارنىڭ بەزىبىر ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى (مەسىلەن: 40 پەرز، سۈننەت دېگەندەك) يادقا بىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بىراق بۇنداق يادلاش بالىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆز-ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەن دىنىي قىممەت قاراشلىرى بالىلارغا ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى دىنىي تەشكىلاتلار بالىلارنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتە ناھايىتى ئۈبدان قىلىۋاتىدۇ.

شۇڭا، بالىنى ئۆي-پىكىرگە ئىگە، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، مەسئۇلىيەتچان قىلماقچى بولسىڭىز، بالىغا بولغان ئارزۇ-تەلەپنى يۇقىرىلىتىشىڭىز كېرەك.

قەدىمكى رىمدا ئۆتكەن سىياسىئون سىنتسېرو: «ئىنسان ياخشىلىق قىلغاندىلا، پەرۋەردىگارغا يېقىنلىشالايدۇ» دەپ يازغان.

بالىلاردا مېھرىبانلىقنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، مەسئۇلىيەتچانلىقمۇ يېتىلىدۇ. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە قىممەت

تۈيغۇسى بولمىغان باللار ئۆز ھاياتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تاپالمىغاچقا، گاڭگىراپ قالىدۇ، نەتىجىدە يارىتىشچانلىقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتىن مەھرۇم بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇكايلا ماددىي مەئىشەتلەرگە بېرىلىپ، ئۆمۈر بويى بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قانداق مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە بۇنى ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئائىلىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى بار. شۇنداقلا ئائىلە باللاردا مەسئۇلىيەتچانلىقنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان. ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق باللارغا كىچىكىدىن تارتىپلا تەسىر كۆرسىتىشى، بۇ ئارقىلىق باللاردا جەمئىيەتكە ۋە كوللېكتىپقا قارىتا مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشى، شۇنداقلا باللارنى جەمئىيەتكە ۋە كوللېكتىپقا پايدا يەتكۈزىدىغان، مۇكەممەل ئادەمگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، مەسئۇلىيەتچانلىق مېھرىبانلىقنىڭ بىر خىل گەۋدىلىنىشىدۇر.

ئائىلە — مەنبە. ئاتا-ئانا بىزگە ھېچقانچىلىك بىلىم ئۆگەتمەيدۇ، بىراق بىلىمدىنمۇ مۇھىم نەرسىنى — ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. بىز ئائىلىدە ياخشىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەكتەپكە كىرىمىز، جەمئىيەتكە چىقىمىز، بۇ جەرياندا ئىشىمىز مەيلى ئوڭۇشلۇق بولسۇن ياكى ئوڭۇشسىز بولسۇن، باشقىلار بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، قىلغان ئىشىمىزدىن بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەيلى ياكى ئېرىشمەيلى، ئاتا-ئانىمىزنىڭ «ياخشى ئادەم بول، ياخشى نىيەتلىك بول، ياخشىلىق قىل» دېگەن نەسىھەتلىرىنى ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز.

ياخشىلىق — تېرەن ھەم چۈشىنىشلىك بىر پەلسەپىۋى ئۇقۇم، شۇنداقلا ئېتىكىدىكى ھەم قەدىمكى ھەم ياش بولغان بىر تېما. قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە تالاي ئۇلۇغ زاتلار، داڭلىق شەخسلەر،

نەزەرىيىچىلەر، ئەمەلىيەتچىلەر ياخشىلىقنى مۇھاكىمە قىلدى، ياخشىلىقتا مۇراجىئەت قىلدى. ياخشىلىق ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمگە، ئىنساننىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمگە ئايلاندى، شۇنداقلا يەنە تەلىم-تەربىيىنىڭ قىممىتى ۋە ئاخىرقى نىشانىغا ئايلاندى.

ئەگەر بىزنىڭ بۇ پىلانىتىمىزنى ياخشىلىق قاپلىسا، ھەممىلا ئادەم ياخشى ئادەم بولسا، ياخشى نىيەتلىك بولسا، ياخشىلىق قىلسا، ئۇنداقتا بۇ پىلانىتىمىز ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك دۇنيا بولاتتى. ئەگەر ئاشۇ مەنزىلگە ھەقىقەتەن يېتەلىسەك، بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز تىنچلىق، قۇتلۇق، مول-ھوسۇل، گۈزەللىك، چىن ھېسسىيات، سەمىمىيلىك، ئىللىقلىق، خۇشاللىق، شاتلىق بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇرۇش، ئوغرى-بۇلاڭچىلىق، بۇزغۇنچىلىق، زىيانكەشلىك، شەخسىيەتچىلىك، مۇز-چىراي، زۇلمەت، رەزىللىك، پەسكەشلىك، ساختىپەزلىك، بۇلغىنىش، ئاچ كۆزلۈك، قەبىھلىك، رەھىمسىزلىك قاتارلىقلار مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ھەقىقىي ياخشى كىشىلەر ياخشىلىق قىلىشتا بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى كۆزلىمەيدۇ، ھەقىقىي ياۋۇز مەلئۇنلار بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى تېخىمۇ كۆزلىمەيدۇ. بىراق تارىخ ۋە ۋاقىت ئادىلدۇر. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھامان يانىدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ يېنىشى ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ، مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ياخشىلىق ئادەمنىڭ ئادەم بولۇش ئاساسى.

ئاق كۆڭۈللۈك ــ ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ ئەقلىي مېۋىسىدۇر.

مەڭگۈلۈك ئاق كۆڭۈللۈكنى يېتىلدۈرۈش ــ تەلىم-تەربىيىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ...

# ئون يەتتىنچى باب

# مۇكەممەل كىشىلىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈش — تالانتلىقلار تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئەڭ يۇكسەك مەنزىلى

## كارل ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ خاتىرىسى

1808- يىلى 8- يانۋار هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن كارل باشقا بالىلار بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقاندا، ھەمراھلىرى دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ قولىنى قانىتىپ قويغان، ئۇنىڭ قولى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاغرىققا چىدىغان. ئۇ كۆڭلىدە ئۆز-ئۆزىگە ئاخىرغىچە چىداشنى ئاگاھلاندۇرغان. كۆزىدىن ياش چىققۇدەك بولغاندىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھەمراھلىرى بىلەن ئويناۋەرگەن.

كەچتە كارل ماڭا بۇ ئىشنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھەمراھلىرىغا بىلدۈرگۈسى كەلمىگەنلىكىنى، شۇ چاغدا ئەگەر كۆزىدىن ياش چىققان بولسا، ھەمراھلىرىنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ بىللە ئوينىماسلىقى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

جاسارەت باشقا ئىقتىدارلارغا ئوخشاش تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان ئەمەس، بەلكى مەشىق قىلىش، يېتىلدۈرۈش ئاساسىدا يەكۈنلىنىدۇ.

گەرچە كارل ھازىر باتۇر بىر بالا بولسىمۇ، بىراق كىچىكلىكىدە ئۇ ناھايىتى قورقۇنچاق ئىدى، بەزىدە ھەتتا قىز بالىچىلىكمۇ بولالمايتتى.

بىر قېتىم قوشنىمىزنىڭ قىزى مورى خۇشاللىقىدا شەپكىسىنى ئاسمانغا ئېتىۋىدى، ئۇيلىمىغان يەردىن دەرەخنىڭ شىخىغا ئېلىنىپ قالدى.

مورى دەرەخنى لىڭشىتىپ باقتى، تاش ئېتىپ باقتى، بىراق شەپكىسى يەنىلا چۈشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرەخكە چىقماقچى بولدى.

بىراق، مورى قىز بالا، يەنە كېلىپ كىچىك ھەم ئاجىز بولغاچقا، ئامال قىلالماي يېنىدا ئوينىۋاتقان كارلدىن ياردەم سورىدى. بىراق كارل ئۇنىمىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا مەن كارلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن:

— كارل، نېمىشقا مورىغا ياردەم قىلمايسەن؟— دەپ سورىدىم.

— ئۇ يەرگە چىقىش بەك خەتەرلىك، ئادەم يىقىلىپ چۈشىدۇ،— دېدى كارل.

— بۇ دەرەخ ئانچە ئېگىز ئەمەس، ھېچقانداق خەتەر يوق، دەرەخ شاخلىرىنى چىڭ تۇتساڭلا يىقىلىپ چۈشمەيسەن،— دېدىم مەن.

گەرچە مەن كارلغا خەتەر چىقمايدۇ، دەپ قايتا-قايتا ئېيتقان بولساممۇ، بىراق كارل يەنىلا قورقۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرەخكە يامىشىپ چىقتىم. گەرچە قولۇم شەپكىگە يېتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئالمىدىم. مەن دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كارلغا:

— كارل، مەندەك قېرىپ قالاي دېگەن بىر ئادەم چىقالىغان يەردە سەنمۇ چىقالايسەن، قارا، ھېچقانداق خەتەر يوق، شۇنداقمىكەن؟— دېدىم.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كارلدا رەت قىلغۇدەك سەۋەب قالمىغانىدى. مەن دەرەختىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ چىقىپ باقماقچى بولدى.

دەسلەپتە كارل سەل قورقتى، بىراق يامىشىپ دەرەخكە چىقىپ

بولغانــدا قىلچــە قورقمىــدى. ئــۇ ئۇنلــۇك قىلىــپ ماڭــا: «ئەسلىدە قورقۇنچلــۇق ئەمــەس ئىكەنغــۇ!» دېــدى ۋە مورىنىــڭ شەپكىسىــنى ئېلىپ تاشلاپ بەردى.

شــۇنىڭدىن تــارتىپ بولســا كىيــرەك، كــارل ئىلگىــرىكىدەك قورقۇنچاقلىق قىلمايدىغان بولدى. بۇنداق بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

* * *

1808- يىلى 29- يانۋار   ھاۋا تۇتۇق.

بۈگۈن مەن بىر تىلەمچىنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولغىنىــى بىلــەن، روھــى ســۇلغۇن بولــۇپ، بىچارىلەرچــە تىلــەمچىلىك قىلاتتــى. مــەن بىــر قاراپــلا ئۇنى تونۇۋالــدىم. مــەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇبدان چۈشىنەتتىم. بىراق، ماڭا ئەپسۇسلانماقتىن باشقا نە ئامال.

ئۇنىڭ دادىسى بالدۇرلا تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئامراق ئــدى. تۆت ياشقا كىرگــەندىمۇ ئانىسى يــەنىلا ئۇنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپ، كىيىملىرىنى كەيدۈرۈپ قوياتتى. ئۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ ئۆزى تاماق يېيەلمەيتتى، كىيىمىنىــڭ تۈگمىسىنى ئېتەلمــەيتتى، ئايىغىنىمــۇ كىيەلمــەيتتى. لــېكىن ئــۇنىڭ بىلــەن تــەڭ دېمەتلىك باللار بۇنداق كىچىك ئىشلارنى ئۆزى قىلالايتتــى. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ پۇت-قــوللىرى بەكلا كارغا كەلمەيتتى، يەنە كــېلىپ ئــۇ بــەكلا بىچــارە كۆرۈنــەتتى. مــەن ئــۇنىڭ ئانىســىغا: «بــۇ ئىشلارنى بــالىڭىز ئۆزى قىلىشنى ئۆگەنسۇن، بــۇنچىلىك بولغان بــالا دېگــەن كــىيىم-كېچــەكلىرىنى ئۆزى كىيىشنى بىلىشــى كېــرەك»، دېدىم. بىراق ئۇنىڭ ئانىسى: «مەن ئوغلۇمغا بەك ئامراق، ئۇ مېنىــڭ بارلىقىم، ئوغلۇم ئۈچۈن تېخىمــۇ كۆپ قۇربانلىق بېرىشكە رازىمــەن»، دېگەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئامراقلىقى ئۇنىڭغا بولغان ئېچ ئاغرىتىشتۇر. ئانىسى ئۆزىنى ياخشى بىر ئانا دەپ قاراپ، بارلىقىنى ئوغلىغا ئاتىغانۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ئوغلىغا «سەن بىر يارىماس» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى زىيادە ئامراقلىقنىڭ سەلبىي تەسىرى بەك زور بولۇپ، بالىدا كۆچلۈك يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى يېتىلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئانىسى ئۇنىڭغا بىرەر كۈن ئوبدان قارىماي قالسا، ئۇ بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

ئانىنىڭ بۇ خىل شەخسىيەتسىز ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە شەخسىيەتچىلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ بالىسىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش ئېھتىياجىغا سەل قارىغان.

بالا چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئانا ئوغلىغا يەنە بۇرۇنقىدەك قاراپ، بالىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملىق قىلىپ بەرگەن. ئوغلى بۇنىمۇ قىلالمىغان، ئۇنىمۇ ئۆگەنگۈسى كەلمىگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، ھەتتا ئۆزىنى كارغا كەلمەس دەپ تونۇپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر يەردە تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان.

بۇنداق بالىلار ناتونۇش جايغا بېرىپ قالسا، قىلچىلىك تەييارلىقى بولمايدۇ. ئاشۇ يىلى مەن مۇشۇنداقراق ئاقىۋەتنىڭ بولۇشىنى پەملىگەنىدىم.

ئۇنىڭ ئانىسى بالىلارغا ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋېرىشىنىڭ ئۇلارغا «بىز سەندىن كۈچلۈك، تەجرىبىلىك، سەندىن مۇھىم» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى، بالىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى نامايان قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. بۇنداق تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق چوڭ بولغان بالىلار ئېگىز بوي، قامەتلىك، قارىماققا مەردانە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە توخۇ يۈرەك، جاسارەتسىز ۋە قابىلىيەتسىز بولىدۇ، مۇستەقىللىق قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ. شۇنداق تۇرسا، بۇنداق بالىلارنىڭ قانداقمۇ گۈزەل

ئىستىقبالى بولسۇن؟ ئۇنى كۆرۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پەرەزلىرىمنىڭ توغرا چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ھەقىقەتەن ...

* * *

1808- يىلى 2- فېۋرال ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن كارل تۇيۇقسىزلا ماڭا تىل، ماتېماتىكا دېگەنلەرنى ئۆگەنگۈسى يوقلۇقىنى، باتۇر جانباز، سەركەردە بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. بۇ نۇقتىنى مەن چۈشىنىشىم كېرەك.

8~9 ياشلاردىكى بالىلاردا قەھرىمان بولۇش ئارزۇسى بولىدۇ. مەن بالىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن. چۈنكى، ئۇلار دەل بۇ چاغدا ھەم ئىش ئۇقىدىغان-ئۇقمايدىغان باسقۇچتا تۇرىدۇ، ئۇلار كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ ھەم بەك ئالدىراپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇسى، دۇنيانى بويسۇندۇرغۇسى كېلىدۇ. بارلىق بالىلارنىڭ يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرى دەل مۇشۇ چاغلاردىن باشلىنىدۇ. مەن كارلنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئادەتتىكى ئاتا-ئانىلاردەك ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلىۋەتمىدىم، بەلكى ئالدى بىلەن جانباز بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاستا-ئاستا نەسىھەت قىلدىم.

— ئوغلۇم، ساڭا دەپ بەرگەن ھېلىقى ھېكايىلەرنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ھېلىقى جانبازلار نېمىدېگەن باتۇر-ھە!

— شۇنداقمۇ، مېنىڭمۇ ئاشۇلاردەك باتۇر جانباز بولغۇم بار، — دېدى كارل قىزغىنلىق بىلەن.

— بىراق، سەن ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ جانباز بولغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ جاپالىق گۇمپا مەشىق قىلىپ، تەرەپ-تەرەپلەردىن ئۇستاز تېپىپ، ماھارەت ئۆگىنىپ، ئاخىرى قالتىس باتۇر بولالىغان، - دېدى ئۇ.

— جانباز بولۇشنى ئويلىغىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ. ئەمما، مەن جانبازلىقنى بىلمەيمەن، يا بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق ماھارەتلىك ئۇستازلار بولمىسا، سەن قانداق ئۆگىنىسەن؟

— شەرققە بارىمەن، جۇڭگوغا، ياپونىيىگە بارىمەن.

— ئۇنداقتىغۇ ياخشى، ئەمما سەن شەرققە بارغاندىن كېيىن، شۇنداق ئۇستازلارنى جەزمەن تاپالارسەنمۇ؟ تاپقان تەقدىردىمۇ ئۇلار ساڭا ئۆگىتىپ قويارمۇ؟ تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، مېنىڭ ساڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى بەرىبىر ھېكايە، راست بولۇشى ناتايىن، مېنىڭچە، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشتىكى مەقسىتىم بولسا، سېنى ئاشۇ جانبازلارنىڭ باتۇرلۇقىدىن ئۆگەنسۇن دېمەكچى. سېنى چوقۇم ئاشۇ جانبازلاردەك جانباز بولسۇن دېمەكچى ئەمەسمەن.

بۇ چاغدا ئوغلۇم ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەندەك كۆرۈندى. مەن يەنە ئۇنىڭغا ئاستا-ئاستا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدىم:

— ئوغلۇم، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىڭنى ئېنىق بىلىشىڭ كېرەك. قارا، سەن ماتېماتىكا، تىل-ئەدەبىيات قاتارلىقلاردا شۇنچە مۇنەۋۋەر تۇرساڭ، نېمە دەپ ئۇلاردىن ۋاز كېچىسەن؟ قەھرىمان دېگەن جەڭگاھتىلا بولمايدۇ، ھەر قانداق ساھەنىڭ قەھرىمانى بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىڭنى جارى قىلدۇرساڭلا، تۈرلۈك ساھەلەردە قەھرىمان بولالايسەن. ئۆزۈڭگە ماس كەلمەيدىغان بەزى ئىشلاردىن كەسكىن ۋاز كېچەلىشىڭ كېرەك. راستىنى دېگەندە، ئۆزىڭگە ھەقىقىي يۈزلىنەلىگەن ئادەملەرلا ھەقىقىي قەھرىماندۇر.

بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، كارلىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا پاللىدە يورۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ، قەھرىماننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەن

ھەم قولغا كەلتۈرۈش ۋە ۋاز كېچىشنىڭ قائىدىسىنى چۈشەنگەندى.
مەن كارلغا يەنە بىر گەپنى — ئەمەلىيەتتە ئۇنى باشقىچە بىر خىل تەگداشسىز قەھرىمان قىلىپ تەربىيلەپ چىقماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىمەن.

* * *

1808- يىلى 1- مارت هاۋا تۇتۇق.
«بالىغا مۇستەقىل يەككە قاتاردا مۇئامىلە قىلىش كېرەك» دېگەن بۇ گەپ فېستالوزىنىڭ بۇگۈن ماڭا ئەۋەتكەن خېتىدىكى تەلىم-تەربىيىگە ئائىت بىر سىردۇر. بۇ پېداگوك پەرزەنتلىرى بىلەن ئاز پاراڭلىشىدىغان ئانىلار بىلەن دائىم پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان ئانىلارنى تەتقىق قىلغان.
پەرزەنتلىرى بىلەن ئاز پاراڭلىشىدىغان ئانىلاردا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدىغان خاھىش كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆز جىسمىنىڭ بىر قىسمى ياكى تەڭ يېرىمى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلىشى هاجەتسىز. ئۇلار بالىلىرىنىڭ باش-كۆزىنى سىيلاش، ئەركىلىتىش ئارقىلىق ئانا-بالىلىق مېھىر-مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ، نەتىجىدە كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى چۈشىنىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. مانا بۇ، پەرزەنتلىرى بىلەن ئاز پاراڭلىشىدىغان ئانىلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلەش ئۇسۇلىدۇر.
بۇنىڭ ئەكسىچە، پەرزەنتلىرى بىلەن دائىم پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە خۇددى چوڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەتتا تىلى چىقمىغان بوۋاقلارغىمۇ ئۇلار شۇنداق ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ چۈشىنىش-چۈشەنمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بالىلىرى بىلەن چوڭلار بىلەن

پاراگلاشقاندىكىدەك ئەستايىدىللىق بىلەن پاراگلىشىدۇ.
بىرى پەرزەنتلىرىنى ئۆز ىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىسا، يەنە بىرى پەرزەنتلىرىنى مۇستەقىل يەككە قاتارىدا كۆرىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەلىم-تەربىيە ئۇتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنچە روشەن، قانداق ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىدە ئۇگايلا تايىنىۋېلىش پسىخىكىسى يېتىلىدۇ؟ بۇنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، پەرزەنتلىرى بىلەن ئاز پاراگلىشىدىغان ئانىلار «پەرزەنتلىرىنى ئۆز جىسمىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش ھەقلىقتۇر»، دەپ قارايدۇ.
بىراق، شۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، بۇ خىل قاراش كىشلەرنىڭ قەلبىدە ئۇزاققىچە يىلتىز تارتقاچقا، ھازىرقىدەك ئانا-باللار بىر-بىرىدىن ئايرىلالماسلىقتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى.
ئۇ باللار مۇستەقىللىق ئېگىدىن، ئەڭ ئاساسىي يەككىلىك ئېگىدىن مەھرۇم بولغان.
بالىغا مۇستەقىل يەككە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش باللاردا مۇستەقىللىق ئېگىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

* * *

1808- يىلى 16- مارت ھاۋا ئوچۇق.
بۈگۈن مەن بىر نەچچە باستىر بىلەن پاراگلىشىپ قالدىم. پاراڭ جەريانىدا بىرسى لايىننى ھاراقكەش بولۇپ قالدى، دېۋىدى، مەن سەل ئەپسۇسلاندىم.
لايىن كىچىكىدىلا تالانتىنى نامايان قىلغان بالا ئىدى. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلغاندىلا باشقىلار ئۇنىڭ چېچەن، ئەقىللىقلىقىنى ھېس قىلىشقان. كىشىلەر ئۇنى تالانت ئىگىسى ۋە ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ، دەپ قاراشقان.
بەزىلەر: «لايىن چوقۇم بۈيۈك ئادەم بولىدۇ. ئۇنىڭ زېرەك تۇرقىغا

قاراگلار، ئۇ بىر ئۇلۇغ قوماندان بولۇپ قالامدۇ تېخى»، دېيىشسە، يەنە بەزىلەر كەسكىن ھالدا: «ئۇ چوقۇم كۆپچىلىككە شەرەپ كەلتۈرىدىغان سەنئەتكار بولىدۇ»، دېيىشكەن.

ئۇنىڭغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىپ بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇزىكا كېچىلىكىنى ئۆتكۈزگەنىدى.

كىشىلەر ئۇنى مۇزىكىدا پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر بالا، ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى دەپ ماختاشقانىدى.

لايىننىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئەزىزلەپ يۈرىيدىغان، ئائىلىسى ئۇنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان بولدى.

لايىن بۇ زىيادە ماختاش-ئۇچۇرۇشلاردىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

بىر كۈنى مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ مۇزىكا ئىپادىلەشتە خېلى كۆپ يېتەرسىزلىكى بارلىقىنى ئېيتتى. لايىن بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ كەتتى ۋە ئوقۇتقۇچىسىغا قوپاللىق بىلەن:

— سىزنىڭچە مەن ماھارەتلا بىلەمدىمەن؟ مۇزىكىنىڭ ئاشۇ ئىچكى مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغانمەن،— دېدى.

— ئەمما، مەن ئېنىق بايقىغان تۇرسام،— دېدى ئوقۇتقۇچىسى.

— ئۇ ھېچقانچە مەسىلە ئەمەس. مەن قەستەن شۇنداق چالغان. مەن بۇ مۇزىكىنى شۇنداق چۈشىنىمەن،— دېدى لايىن.

ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا مۇزىكا ئىپادىلەش جەھەتتىكى بەزى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ-دە، پىئانىنو چېلىش جەريانىدا، تاساددىپىي تۇغرا كېلىپ قالغاندەكلا كىچىككىنە بىر خاتالىق سادىر قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن لايىن بۇنى تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق مەسخىرە ئاھاڭىدا:

— ھوي، سىزمۇ خاتا چالىدىكەنسىز قەدىرلىك ئوقۇتقۇچۇم، مۇشۇنچىلىك سەۋىيىڭىز بىلەن ماڭا مۇزىكا ئۆگەتمەكچىمىسىز؟— دەپتۇ.

ئوقۇتقۇچىسى بۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولۇپ، كەينىگىمۇ قارىماي

كېتىپ قاپتۇ.
كېيىنچىرەك، مەن بۇ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىنى ئۇچرىتىپ، لايىننىڭ ئىشى توغرىلىق پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا لايىندىن ئايرىلغان ئاشۇ پەيتتە، لايىننىڭ ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئۇلۇغ مۇزىكانت بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. پاكىت بۇ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ توغرا ئېيتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ ئوقۇتقۇچى كەتكەندىن كېيىن، لايىن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنى تالانتلىق دەپ قارىغاچقا، ئۇلۇغ مۇزىكانتلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قالايمىقان ئۆزگەرتىپ چېلىپ ھەمدە: «بۇ ئەسەرلەرمۇ شۇنچىلىك ئىكەنغۇ»، دەپ يۈرگەن.

لايىن ئاتا-ئانىسىنىڭ يەنە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشىنى رەت قىلىپ: «ئۇلار كارغا كەلمەسلەر، ئۇلار 100 يىلدا بىر قېتىم ئاران ئۇچرايدىغان مەندەك بىر تالانت ئىگىسىگە مۇزىكا ئۆگىتىشكە پەقەت يارىمايدۇ»، دەپ يۈرگەن.

ئاقىۋەتنى بىلمەك تەس ئەمەس.

مانا بۈگۈن لايىننىڭ ھاراقكەش بولۇپ كەتكەنلىكىنى، «مەندەك بىر تالانت ئىگىسىنى كىشىلەر تونۇمىدى»، دەپ ھەممىدىن قاقشاپ، زارلاپ يۈرگىنىنى ئاڭلاۋاتىمەن.

مەن نۇرغۇن داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋە نام چىقىرىشتىن ئىلگىرى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بىلىمەن. ئەمما، لايىن ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى بىرەر گۈزەل مۇزىكا ئىشلىمىگەن، ھەتتا ئاددىي بىر مۇزىكىمۇ ئىجاد قىلغان ئەمەس. يەنە كېلىپ، ئۇ ھاراقنى تولا ئىچىپ، ئاڭلاش سېزىمى ۋە ئەپچىل بارماقلىرىنىمۇ كاردىن چىقارغان، بەلكى ھازىر ئۇ ئەڭ ئادەتتىكى ئاساسىي ئۇدارلارنىمۇ چالالمىسا كېرەك.

مەن كارلغا بولغان تەلىم-تەربىيە جەريانىدا مۇشۇ تەرەپتىن بەكلا

ئەنسىرىگەنىدىم. مىنىڭ ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشىممۇ ئۇنىڭ مەنمەنچى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. مەن كارلغا لايىنىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مەغرۇرلۇق، مەنمەنلىك ۋە پوچىلىقنىڭ ئاشۇنداق زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم.

* * *

1808- يىلى 2- ئاپرىل    ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مائارىپ مۇپەتتىشى كلور ئەپەندى گېيوتتېنغا مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇ كارلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئوغلۇمنى سىناپ باقماچى بولدى.

مەن تەكلىپكە بىنائەن كارلنى بىرگە ئېلىپ باردىم.

كلور ئەپەندى ئوغلۇمنى سىناپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەنمۇ ئادەت بويىچە ئۇنىڭغا: «سىناق نەتىجىسى مەيلى قانداقلا بولسۇن، كارلنى ماختاشقا بولمايدۇ»، دېگەن شەرتنى قويدۇم.

كلور ئەپەندى ماتېماتىكىغا ئۇستا بولغاچقا، كارلنى ماتېماتىكىدىن سىناپ باقماقچى بولدى.

كلور ئەپەندى ئۆزى ئويدان بىلىدىغان ماتېماتىكا ئىمتىھانىنى باشلىدى.

كارلمۇ ماتېماتىكىغا ئۇستا بولغاچقا، كلور ئەپەندى بارغانسېرى ھەيران قېلىشقا باشلىدى. ھەر بىر مەسىلىنى كارل 2 — 3 خىل يول بىلەن ئىشلەپ، كلور ئەپەندىنىڭ تەلىپىگە لايىق يېشىپ چىقتى.

كلور ئەپەندى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، كارلنىڭ ئىلگىرى ئاڭلىغان-ئاڭلىمىغانلىقىنى ياكى كىتابلاردىن كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. كارل ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتتى.

كلور ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپ، قولۇمدىن تۇتقىنىچە ياندىكى ئۆيگە ئەكىرىپ، ماڭا: «ئوغلىڭىز ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، بۇ مەسىلە تەس، ئۇ ئىشلىيەلمەيدۇ. مەن ئوغلىڭىزغا جاھاندا مۇنداقمۇ

قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم»، دېدى.

ئەمما، كلور ئەپەندىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، كارل: «ئىشلەپ بولدۇم»، دەپ توۋلىدى.

كلور ئەپەندى: «مۇمكىن ئەمەس»، دېگىنىچە كارلنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى. ئوغلۇم ئۇنىڭدىن:

— ئۈچىلىسى تەڭ ھەم شەكلى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىدى. بۇ چاغدا كلور ئەپەندى ئىشىنەلمەي:

— سىز بۇ سوئالنى ئىلگىرى بىلەمتىڭىز؟ - دەپ سورىدى.

ئوغلۇم ئۇۋالچىلىقا چىدىيالماي، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ: «ياق، ياق!» دېدى.

بۇنى كۆرۈپ مەنمۇ سۈكۈت قىلالمىدىم ۋە كلور ئەپەندىگە:

— ئوغلۇم بۇ مەسىلىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇم كارل ئەزەلدىن يالغان ئېيتمايدۇ، - دەپ ۋەدە بەردىم. بۇ چاغدا كلور ئەپەندى:

— ئۇنداقتا ئوغلىڭىز ماتېماتىك ئوۋرادىن ئېشىپ كېتىپتۇ، - دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

مەن دەرھال ئۇنىڭ قولىنى چىمدىدىم.

كلور ئەپەندىمۇ مەقسىتىمنى چۈشىنىپ، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە: «شۇنداق، شۇنداق» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كارل باشقىلار بىلەن خۇشال ھالدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھال كلور ئەپەندىنى تېخىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى، بۇنداق چاغدىمۇ كارل قىلچە مەغرۇرلانمىغانىدى.

ئوغلۇمغا بەرگەن تەلىم-تەربىيەنىڭ بۇ نەتىجىسىدىن بەك خۇشال بولدۇم. مەن كارلنى تالاي قېتىم: «ئادەم ھەرقانچە ئەقىللىق، دانىشمەن، بىلىملىك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مەغرۇرلانماسلىقى، كەمتەر بولۇشى كېرەك» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدىم.

*　　　*　　　*

1808- يىلى 7- ئاپرىل　　ھاۋا تۇتۇق.

تۈنۈگۈن مەن باشقا بىر جايدىكى جىم دېگەن باستىرنىڭ ئۆيىگە كارلنى بىرگە ئېلىپ بارغانىدىم. ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق.

بۈگۈن ئەتىگەنلىك ناشتىدا كارل ئازىراق سۈتنى تۆكۈۋېتىپ قالدى. ئۆيىمىزدىكى قائىدە بويىچە، ئۇ بىرەر نەرسىنى تۆكۈپ قويسا جازالىناتتى. شۇ تۈپەيلى سۇ بىلەن بولكا يېيىشكە رۇخسەت قىلىناتتى.

كارل سۈتنى تۆكۈپ قويغاندىن كېيىن، يۈزى سەل-پەل قىزاردى ۋە بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن، سۈتنى ئىچمىدى. مەن قەستەن كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم.

باستىر جىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، جىددىيلىشىپ قالدى ۋە كارلنى سۈت ئىچىشكە قايتا-قايتا تەكلىپ قىلدى. بىراق، كارل سۈتنى يەنىلا ئىچمىدى ۋە ناھايىتى خىجىل بولغان ھالدا:

— سۈتنى تۆكۈۋەتكەن ئىكەنمەن، ئەمدى ئىچسەم بولمايدۇ، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق، قىلچە قورۇنماي ئىچىۋېرىڭ، — دەپ قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىشتى جىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر.

مەن بىر ياندا تۇرۇپ پىچىنە يېگەچ بۇ ئىشلارنى كۆرمىگەن بولۇۋالدىم.

مەن قاتمال ھالەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئوغلۇمنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، بۇ ئائىلىدىكىلەرگە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇلار چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مېنى ئەيىبلەپ:

— ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن بالىنىڭ ئۆزىنى شۇ قەدەر

تۇتۇۋالىغانلىقىدىن باستىر جىمىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق تەسىرلەندى.
ئەمەلىيەتتە بۇ تەلىم-تەربىيىنىڭ قۇدرىتى ئىدى.
مېنىڭ ئوغلۇمغا قاتتىق تەلەپ قويۇشۇم تەبىئىي هالدا ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىغا ئايلانغان. مەن دائىم ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم سېنى چەكلىيەلمەيدۇ»، دەيتتىم.
كارل ناھايىتى كىچىك چېغىدىلا نۇرغۇن ياخشى ئادەتلەر ئۇنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەسىلەن، كارل قەتئىي يالغان ئېيتمايتتى. مېنىڭ جازالىشىمدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ كۆڭلىدە يالغان سۆزلەشنى خاتا دەپ قارايتتى.
كارلنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بارلىق ياخشى، گۈزەل ھەم ئالىيجاناب نەرسىلەرنى ئوغلۇمنىڭ تەبىئىتىگە، ئاڭلىقىغا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.
ئوغلۇمنى كىچىكىدىن باشلاپ بۇنداق گۈزەل قەلبكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىلا ياخشى يېتەكلىمىسلىك تۈپەيلىدىن ئۆز نىشانىنى يوقىتىپ قويۇشنى خالىمايتتىم.

* * *

1808- يىلى 23- ماي ھاۋا ئوچۇق.
بۈگۈن مەن «ھامبۇرگ خەۋەرلىرى» گېزىتىگە بېسىلغان «يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ۋەقە» دېگەن تېمىدىكى خەۋەرنى تەپسىلىي ئوقۇدۇم. خەۋەردە مۇنداق يېزىلغانىدى:
«... كارل ۋىتېر ئىسىملىك بۇ بالا لوخ كەنتىدىكى باستىر ۋىتېر

دوكتورنىڭ ئوغلى. گەرچە بۇ بالا شۇنداق بىلىملىك ۋە تالانتلىق بولسىمۇ، بىراق ھەرگىزمۇ بالىلىقنى يوقىتىپ، قېرىپ قالغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ ناھايىتى ساغلام، تېتىك ئىكەن. ئۇنىڭدا باللاردا بولىدىغان مەغرۇرلۇقتىن ئەسەرمۇ يوق بولۇپ، ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئۇقتىدارىنى بىلمەيدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

مەيلى روھىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن، بۇ بالا ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشەلىگەن. بۇ بالىنىڭ دادىسى باشتىن ۋىتېرنىڭ دېيىشىچە، بۇ بالىنىڭ تالانتى تۇغما بولماستىن، بەلكى مۇۋاپىق تەربىيەلەنگەنلىكتىن ئىكەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كەمتەر ۋىتېر ئەپەندىم بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمىدى...».

ئۇلارغا نېمە دېيىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 20- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

باللارنىڭ ھاياتى ئاتا-ئانىلارغا ئەمەس، بەلكى باللارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق.

بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپلا مۇستەقىل بىر يەككە ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى روھىي، جىسمانىي، ھېسسىيات ۋە ئەقىل قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ھاياتلىق يولىدا سىزنىڭ يېتەكلىشىڭىزگە، يۆلىشىڭىزگە مۇھتاج بولىدۇ.

باللارنىڭ ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئۇلارنىڭ چىن كۆڭلىدىن قانائەتلىنىشى ۋە ئۆزىنى بەختلىك سېزىشىدۇر. ئۇلارغا ھاياتلىقتىكى خۇشاللىق بولاقلىرىنى تېپىپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز.

باللارنى ئەركىن قويۇۋەتكەندە، ئۆزىمىزنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىر

كۆچىمىزنى ۋە تەسىر دائىرىمىزنى چۈشىنەلەيمىز. بالىلارنى ئەركىن قويۇۋەتكەندىلا، بالا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغاندا ياكى ئۆز ھوقۇقىغا ئېرىشمەكچى بولغاندا، ئۇنى ئوبدان يېتەكلىيەلەيسىز.

بالىنى ئەركىن قويۇۋېتىشمۇ بىر سەنئەت. تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئاساسلىقى سىزنىڭ بالىلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاتا-ئانىلارغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

دوراش ۋە تەجرىبە بالىلارنىڭ ئۇستازى. گەرچە بالىلارنىڭ تۇغما قابىلىيىتى قىلچە چەكلىمىسىز بولسىمۇ، بىراق ئىنساندا كۆچلۈك ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولغاچقا، بالىلار دەسلەپىدە سىزنىڭ ۋە ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلار ئۆگىنىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندە، ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن بارا-بارا ئۆگىنىدىغان بولىدۇ.

سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز بالىنىڭ ھەر بىر جايدىكى ئۆزگىرىشىگە ئوبدان دىققەت قىلىشتۇر. سىز مۇئەييەن قابىلىيەتنى ھازىرلىغان بولسىڭىز، بالىڭىزنى مۇشۇ جەھەتتە ئاز-تولا يېتەكلىيەلەيسىز. نەتىجىدە بالىمۇ تەبىئىي ھالدا مەلۇم دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

بالىنى ئەركىن قويۇۋېتىشتە بىرقەدەم، بىر قەدەمدىن مېڭىش كېرەك. ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ھەر بىر باسقۇچتىكى تەرەققىياتىغا ئوبدان دىققەت قىلسىلا، بالىنى تەبىئىي ھالدا ئوبدان ئۆزگەرتەلەيدۇ.

بالىنى ئەركىن قويۇۋېتىش بالىغا زىيانلىق بولماستىن، بەلكى بالىغا پايدىلىق. بالا سىزنىڭ ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋەتكەنلىكىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى بىردىنبىر خەتەر بالىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزدە.

بىز بالىنى تۇيۇقسىز مۇستەقىل قىلالمايمىز. سىز بالىنى چوڭ بولۇپ قالدى دەپ قارىسىڭىز، بالىلارنى ئۆزىگە چۈشلۇق ماكانغا ۋە

هوقۇقتا ئىگە قىلالايسىز. سىز بەلكىم بالىلارنى قانداق چاغدا مۇستەقىل قىلسام مۇۋاپىق بولار دەپ غەم يەيدىغانسىز. بۇنىڭدا ئۆزىڭىزنىڭ بىۋاستە سېزىمىڭىزگە تايانسىڭىز بولىدۇ. بىۋاستە سېزىم ئادەتتە توپلىغان تەجرىبىلەردىن كېلىدۇ.

بالىنى مۇستەقىل قىلىش جەريانىدا، بەزىدە سىزنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، بەزىدە بالىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە تايىنىشىغا توغرا كېلىدۇ. بىراق، بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپلا بىز بالىنى قانداق مۇستەقىل قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، مۇستەقىللىق ئىككى-ئۈچ ئايدىلا ئەمەس، بەلكى ئايمۇئاي، يىلمۇيىل تەربىيىلەش نەتىجىسىدە يېتىلىدۇ.

سىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆز-ئۆزىڭىزدىن: «قايسى نەرسىلەرگە قارىتا مېنىڭ ۋە بالامنىڭ تەييارلىقى بار ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى بالامغا تاپشۇرسام بولامدۇ؟ بالام قانداق پائالىيەتلەرگە مۇھتاجدۇر ياكى قايسى ئىشقا قارىتا بەكرەك چۈشەنچە بېرىشىمگە مۇھتاجدۇر؟ بالامنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلىرىغا قارىتا مېنىڭ يەنە تولۇقلاپ قويىدىغان يەرلىرىم بارمۇ؟ بالام بىلەن تەك ئورتاقلاشقۇدەك قانداق مۇھىم نۇقتىلار بارمۇ؟ مەن بەزى ئىشلاردا بەك قاتتىق قول بولۇپ، ئۇنىڭغا بېسىم قىلىپ قويدۇممۇ؟ بەزى تەرەپلەردە بالامنى بەك بالدۇر قويۇۋېتىپ، بېسىم پەيدا قىلىپ قويدۇممۇ؟» دەپ سورىسىڭىز بولىدۇ.

بالا دۇنياغا تۆرەلگەندىن باشلاپلا ئېمىدىغان، ئۇخلايدىغان ھالەتتىن ئۆلتۈرالايدىغان، ئۆمىلەيدىغان بولىدۇ، ئارقىدىن ئايىغى چىقىدۇ، سىرتلارغا چىقىدىغان، باشقا جايلارغا بېرىپ ئوينايدىغان بولىدۇ، ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىدۇ، ھەتتا ئۆيدىن ئايرىلىپ باشقا جايغا بېرىپ تۇرىدىغان بولىدۇ.

مانا بۇلار بالىنى مۇستەقىل قىلىش جەريانىدۇر. ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەلب ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى باغلىنىش جىسمانىي جەھەتتىكى باغلىنىشقا ئوخشاش بارغانسېرى

ئاجىزلاپ بارىدۇ. سىز بالىڭىزنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ۋە سىزگە قايتۇرغان ئىنكاسلىرىنى بارغانسېرى چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالىسىز. گەرچە ئاڭلىماققا بۇ، ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، بىراق بۇنى يامان ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ھەممىلا ئاتا-ئانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ.

سىز ئاتا-ئانىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىڭىز، ئاتا-ئانا بولۇشنىڭ ھەقىقىي خۇشاللىقىنى تېزلا ھېس قىلالايسىز. سىز ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھامان يالغۇز ئۇچۇرۇم قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندە، بالىڭىزنى بوغۇپ قويمايدىغان بولىسىز. بوغۇپ قويۇش باللاردا قارشىلىشىش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىدۇ ھەم باللارنى ئۆگىنىشسىزلىققا ئۇچرىتىدۇ. بالىڭىز سىزدىن ئايرىلماقچى بولغاندا، سىز قورقمايسىز ياكى ئۆزىڭىزنى گۇناھكاردەك ھېس قىلمايسىز. شۇنداقلا، بالىڭىزدىن ئىلگىرى بەزى تەرەپلەردىن ئايرىلغانلىقىڭىزغا ئۆزىڭىزنى ئانچە ئەيىبلىمەيدىغان بولىسىز.

ئەمەلىيەتتە، بالىڭىزنىڭ بارغانسېرى مۇستەقىل ئادەم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە، ھەقىقىي خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك. چۈنكى، بالىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ھامان بولىدىغان ئىش.

بالىنى قانچە ياشتا مۇستەقىل قىلىش بىر قەدەر نازۇك مەسىلە، شۇنداقلا، بالىنى قانچىلىك دائىرىدە ئەركىن قويۇۋېتىشنى بەلگىلەشمۇ قىيىن بىر ئىش. بالىنىڭ ئورۇنلۇق سەۋەبى بولسىلا، ئۇنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى توسىماڭ. بالىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئەركىن قويۇۋېتىشىڭىزدە بالىنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى ئىنكاس قايتۇرغۇچتۇر.

بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. خۇددى توپىقا يەل ئۇرغاندەك بالىغا ھەر قانداق مەسئۇلىيەتنى يۈكلەۋەرسىڭىز بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر ئۆزگىرىش مەزگىلىدە، مۇمكىن بولسا، ھەر قانداق

قارار چىقارغاندا ياكى ھەرىكەت قىلالىغاندا، ئاۋۋال باللاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ بېقىپ، ئاندىن باللارنىڭ قۇربىتى يېتىدىغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك، جانلىق پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىشىڭىز كېرەك.

بالىڭىزدىن ئوخشاش بىر مەزگىل ئىچىدە تۈرلۈك دائىرىدە ئوخشاش دەرىجىدىكى ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىشىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر بالا مەلۇم بىر جەھەتتىكى ئىشنى قىلىشنى بەكلا خالىسا، يەنە بىر جەھەتتە بەكلا تايىنىشچان بولۇشى مۇمكىن. پەقەت سىزلا بالىڭىزنىڭ قايسى مەزگىلدە قانچىلىك دەرىجىدە مۇستەقىل بولۇشىنى بىلەلەيسىز.

كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ بالدۇر مۇستەقىل بولۇشىدىن ھەيران قالىدۇ، بىراق بۇنىڭغا قارىتا سىزدە پىسخىكىلىق تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

بەلكىم سىزمۇ باشقا ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاش، بالامنى قويۇۋەتكىنىم توغرا بولغانمىدۇ، يوق، دېگەن زىددىيەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانسىز. ئۆزىڭىزنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى چۈشەنمىگەن ۋاقتىڭىزدا ئۇنى كۆڭلىڭىزدە ساقلىشىڭىز ياكى مەلۇم ئەھۋالدا ئۇنى ئىپادىلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمدى بىز بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. بەلكى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى كۆڭلىڭىزدە ساقلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، سىز ئامالسىز بولغاچقا، بۇ ئەھۋالدا ياخشى-يامانى تەڭ يېرىمىدىن دېيسەك بولىدۇ. بىراق، بۇ خىل ھالەت داۋاملىشىۋەرسە، سىز ئاتا-ئانا بولۇشنىڭ شاتلىقىدىن بەھرىمەن بولالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئاخىرىدا سىز ئۆز-ئۆزىڭىزنى ئازابلاپ، قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى خاتا ئىكەن دەپ ئويلاپ، پىسخىكىڭىزدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

بىراق، سىز ھېسسىياتىڭىزنى دەرت تۆككەندەك ئىپادىلىسىڭىز، سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىزدە چوڭ خاتالىق كۆرۈلىدۇ. ئەسلىدە باشقۇرالايدىغان نەرسىلەرنىمۇ باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالىسىز. سىز ھەتتا بەزى ئىشلارغا زىيادە ئىنكاس قايتۇرۇشىڭىز، ئەمما نىمە

سەۋەبتىن شۇنداق قىلغانلىقىڭىزنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

بالىنى ئەركىن قويۇۋېتىش مەجبۇرلاش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى چۈشىنىش، كۆيۈنۈش ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، سىز بالىڭىزنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى قوبۇل قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىڭىز، ئۈمىدىڭىزنى ئۆزگەرتمەسلىكىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بالا ئىچكى كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە پارلاق كېلەچەككە قاراپ قەدەم ئالالايدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ يېڭى دائىرىدىكى ئىپادىسىگە قارىتا ئانچە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ يەنىلا بالىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدىغان-ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى مۇستەقىل قىلىش ماھارىتىنى قانچە بالدۇر تونۇپ يەتسە، شۇنچە بالدۇر لاياقەتلىك ئاتا-ئانا بولالايدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارغا ماكان ھازىرلاپ بېرىشى، بالىلار خاتالىق ئۆتكۈزگەندە قورقۇپ كەتمەي، ئۇلارغا خاتالىقنى ھەقىقىي تونۇتۇشى كېرەك. بىز بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

بالا دۇنياغا تۆرەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ھەر ئامال بىلەن ئاسرىشىمىز كېرەك. بىز بالىلارنىڭ جاپا تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا ھەر قانداق جايدا ئۆزىنى ئاسراشنى ئۆگەتمىمىز. بۇ بىر تەبىئىي خىتاب، بىز ھەر ۋاقىت بالىلارنى ئويلىشىمىز كېرەك.

بالا چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ، ئۇلارنى ھەممىلا ئىشتا ئاسراپ يۈرسەك، ئاخىرىدا ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ھاياتلىق ئەنە شۇنداق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھاياتلىققا يۈزلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ھاياتلىقتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ.

ھاياتلىقتىكى يۈز بېرىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلارنى بىز ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيمىز، بىراق ئۇنى ئاتايىتەن يوشۇرۇپ كېتىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بىز مەيلى بالىلارنى زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمايدىغان

ئۇسۇل-چارىلەرنى ئويلاپ چىقايلى، بالىلارنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق تاللىشى بار. يەنە كېلىپ، بالىلار ئاخىرىدا بىزنىڭ قىلغىنىمىزدىن ئاغرىنىشى ياكى قارشىلىشىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، ھەر قانچە ئېھتىياتچان بولۇڭ، ئاخىرىغا بارغاندا بالىلار سىزنى بىزنى تىزگىنلەۋېتىپتۇ ياكى بىزگە ئىشەنمەيدىكەن دەپ ھېس قىلىدۇ.

بالىلارنى قانچىلىك ئاسراش ۋە قانچىلىك ئەركىنلىك بېرىش ئاتا-ئانىلار ئۆمۈر بويى ئويلىنىدىغان مەسىلىدۇر. ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى ئۆملىگەندىن تارتىپ ئۆزە تۇرغىچە يۆلىگىنىدىن بۇ جەريانلارنى كۆرىسىز. سىز بالىڭىزنىڭ يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى باشتىن-ئاخىرغىچە يۆلەپ تۇرامسىز؟ بالىڭىزنىڭ قاتتىق يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆرپە سېلىپ بېرەمسىز؟ ياكى بالىڭىزنى يىراقتا تۇرۇپ كۆزىتەمسىز؟

ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئاتا-ئانا ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ. سىز بالىڭىزنىڭ ئۆزى ماڭالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى ئاستا-ئاستا ئورنىدىن دەس تۇرغۇزىدىغان ئاتا-ئانىمۇ ياكى بالىڭىز تەمتىرەپ ماڭغاندا، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئاتا-ئانىمۇ؟ ياكى سىز بالىغا ئوبدان قاراپ، ئۇنىڭغا ھەر بىر قەدەمنى بىرگە مېڭىشىپ بېرىشىم كېرەك دەپ قارامسىز؟ سىز ئۆتۈپ كەتكەن بىر قانچە يىلدا پوزىتسىيىڭىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ. ھازىر بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تاللىشىغا دىققەت قىلىدىغان بولغاچقا، بالىلىرىمىزغا ئىشىنىشىمىز، كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ۋە ئۇلارنى مۇستەقىل قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا بالىلارغا بولغان خەۋپ-خەتەر، خاتالىق، قورقۇنچ ۋە چۈشكۈنلۈك توغرىسىدىكى پوزىتسىيىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

ئەگەر سىز بالىنى دەسلەپتىن باشلاپلا خاتالىق ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلسىڭىز، بالا سىزنىڭ يېتەكچىلىكىڭىزدە ئۆز قابىلىيىتى ۋە ئۇنىڭ چېكىنى بىلەلەيدۇ، بۇنداقتا بالا تېخىمۇ بىخەتەر بولالايدۇ. مەسىلەن: بىز بالىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن

دەسلەپتە دىن تارتىپلا ئەنسىرىسەك، بالىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى مەڭگۈ بايقىيالمايمىز ياكى ئاتا-ئانىنىڭ ئەنسىرىشى تۈپەيلى بالىلار ئۆزى مۇستەقىل قەدەم ئالالمايدۇ، شۇنداقلا بالىلار ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا نېمە قىلىدىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئەگەر سىز بالىنى دەسلەپتە دىن باشلاپلا خاتالىق ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلسىڭىز، ئۇنداقتا بالىلار ناھايىتى تېزلا مۇنداق ئىككى ئىشنى، بىرسى، سىزنىڭ ئۇلگە كۆرسىتىپ قىلغان ئىشىڭىز ۋە بەرگەن تەكلىپىڭىزنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى؛ يەنە بىرسى سىزنىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىڭىزنى ۋە ئۇلارنى بەك چىڭ ئەمەس، بەك بوشمۇ ئەمەس تۇتىدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلارنى دەسلەپتە دىن باشلىغاندا بەك ئوڭاي، سىز ئىشنى قانداق كېيىم كىيىش، قانداق تاماق يېيىش، قوشۇقنى قانداق تۇتۇش قاتارلىق ئىشلاردىن باشلىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر سىز بالىلارنى مۇشۇنداق تەجرىبىلەردىن ئۆگىنىدىغان قىلسىڭىز، بالىلار ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە ۋە قىلغانلىرىڭىزغا دىققەت قىلىدىغان ۋە قانداق قىلىشنى ئۆزى قارار قىلىدىغان بولىدۇ. چۈنكى، بالا سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا سەۋر قىلىدىغانلىقىڭىزنى ۋە ئۆزىنى ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولىدۇ.

ئەگەر بالا زىيىنى يوق خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالىدىغان بولسا، قانداق قىلغاندا ئەڭ ئاز بەدەل بىلەن ئەڭ زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تەبىئىي ھالدا ئويلايدۇ. شۇڭا، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز، بالىنى يېتەكلەش ھەمدە بالىغا قايسى خاتالىقلارنىڭ زىيىنى يوقلۇقىنى، قايسى خاتالىقلارنىڭ زىيىنىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بەزى ئىشلارنى ئۆزى بىلگەنچە قارار قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر.

ئەگەر سىز بالىنى ئاسرايمەن دەپ، ئۇنىڭغا قىلچىلىك سىناپ

بىقىش پۇرسىتى بەرمىسىڭىز، بالىدا مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم، سىز ئۆز تەجرىبىلىرىڭىزدىن قوشۇقنى توغرا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشتە مەلۇم دەرىجىدە قىلالماسلىق تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، سىز بۇنى يەنىلا بالىلارنىڭ ئۆزىگە ھېس قىلدۇرىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، تەجرىبە سىزنىڭ تالاي قېتىم تاپىلىغىنىڭىزدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

سىز مەلۇم خاتا ئىشلارنىڭ مەڭگۈلۈك تەھدىت پەيدا قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەندە، ئەركىن-ئازادە ھالدا ئۆگىنەلەيسىز. شۇڭا بالىنىڭ ئۆگىنەلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىڭ.

بالىنى مۇستەقىل قىلىشتا، ئۇلار يەنىلا بىزنىڭ كۆيىنىشىمىزگە مۇھتاج. بالىنى بەزىدە مۇستەقىل ئۆگىنىشكە قويۇپ بەرگەندە، ئۇنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ خاتالىقىغا سەۋر قىلالىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا بالا خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، ئۇلارغا بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك.

بىز دائىم بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەگەر بالىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە ھەقىقەتەن چىداپ تۇرالمىسىڭىز، ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشىڭىز كېرەك. بىراق، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ ئىنكاسىنىڭ بالىلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ئۆچۈن ئۆلچەم بولىدىغانلىقىغا سەل قارايدۇ. سىزنىڭ ئىنكاسىڭىزنىڭ مەلۇم ئۈنۈمى بولىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ئىنكاسى ئارقىلىق بالىنى تەربىيىلەشمۇ ئوڭاي بولىدۇ، چۈنكى ھەممە ئىش سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بولىدۇ.

بالىلاردا قوپال سۆز-ھەرىكەتلەر كۆرۈلگەندە، ئۇنى بولۇشىغا تىللىماستىن، بىر مەزگىل سوكۇتتا تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنداق قوپال ھەرىكەتنى قانداق ۋاقىتتىچە توختىتىشنى ئېنىق ئېيتىشىڭىز كېرەك. سىز باشقا ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاش بالىڭىزغا: «ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل!» دېسىڭىز بولىدۇ ياكى: «سەن

بىلەن ھەقىقەتەن كۆپرەك پاراڭلاشقۇم بار، بىراق سىبىنىڭ بۇنداق گەپ قىلىشىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن. يېرىم سائەت ئىچىدە بۇنداق گەپ قىلىشتىن توختا!» دېيىشىڭىز بولىدۇ.

بەلكىم، سىز بۇنداق ئۇسۇل بالىلارنىڭ ئېغىرراق خاتالىقلىرىغا كار قىلمايدۇ، دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قەتئىي ھەم مۇلايىم پوزىتسىيە بالا ئېغىرراق خاتالىق ئۆتكۈزگەندىمۇ كار قىلىدۇ. بالا بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەندە، بۇ ئۇسۇلنى قوللانساق، بىرى، بالىلارنىڭ ھەرىكىتى ياخشىلىنىدۇ ۋە ئۇلار يامان قىلىقلىرىنى توختىتىدۇ. يەنە بىرى، بىزنىڭ بۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىمىز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئالدىنقى نەتىجە دەل بىزنىڭ كۆتكەن مەقسىتىمىزدۇر. كېيىنكى نەتىجە بولسا، بىزنى زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇنداق ئەھۋاللارغا بىمالال تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىدۇ.

ئۆسۈپ يېتىلىش خۇددى سەپيارلەرنىڭ ئايلانغىنىدەك مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا چوڭ-كىچىك تەۋرىنىش-سىلكىنىشلەر بولىدۇ. خۇشاللىنارلىقى شۇكى، بىز ئاتا-ئانا بولۇش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ جەريانلىرىنى چۈشىنەلەيمىز. بىراق، بىزنىڭ باشقۇرۇش قابىلىيىتىمىز بولسۇن، بولمىسۇن، چوڭ-كىچىك تەۋرىنىش-سىلكىنىشلەر ئوخشاشلا يۈز بېرىۋېرىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، سىز بەزى كىچىك خاتالىقلارغا سەۋر قىلىشىڭىز كېرەك، بىراق چوڭ تەۋرىنىشنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلمىسىڭىز، زىيادە سەۋرچان بولۇپ كەتسىڭىزمۇ بولمايدۇ.

ئۆز-ئۆزىڭىزنى دائىم: «بالىنىڭ ھاياتى ماڭا ئەمەس، بەلكى بەربىر بالىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق»، دەپ ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ. مۇۋاپىق تەپەككۇر سىزنىڭ غەم يەيدىغان بىر مۇنچە ۋاقتىڭىزنى تېجەپ بېرىدۇ.

بالىنى ئۆزىگە چۈشلۇق ماكانغا ۋە ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش ئوڭاي ئىش بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق، بۇنداق قىلىشنىڭ

ناھايىتى چوڭ ياردىمى بار.

سىز بۇنداق قىلغاندا، بالا سىزنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىڭىزنى پەخىرلىنىدۇ ھەمدە بالىنى ئاقىلانە تاللاشقا ئىگە قىلالايسىز. شۇنداقلا بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا سىزنىڭ ئۆزىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، سىز بالىنى تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئىرىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىسىز، ئەمما بالا ئۆزىنىڭ جاۋابكار بولالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتىن ئىلگىرى بۇنداق قىلىشنى خالىمايسىز. بىراق، بالا سىزنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىشتىن ئىلگىرى، نۇرغۇن ئىشلارنى ياخشى قىلالماسلىقى مۇمكىن.

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئىشنى بالىڭىز بىلەن ئەڭ كىچىك ئىشلاردىن باشلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداقتا بالىڭىز سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە يېڭى مەسئۇلىيەتنى ياقتۇرىدۇ. شۇنداقلا سىزمۇ بالىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى قارار چىقارغانلىقىدىن خۇشال بولىسىز ھەمدە بۇ قارارلارنىڭ نەتىجىسىدىن زىيادە ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز.

ئاتا-ئانا بالىنىڭ ئورنىدا ياشىيالمايدۇ. «بالىنىڭ ھاياتى بىزگە ئەمەس، بەلكى بالىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق». مەيلى قىلغۇڭىز بولسۇن ياكى بولمىسۇن، قىلىشنى ياخشى كۆرۈڭ، ئەمما قىلالماڭ، بۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئىشىڭىز، بۇنىڭ بالا بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

بىراق، شۈبھىسىزكى، سىز بالىنىڭ نۇرغۇن تەرەپتىكى ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىسىز. سىز مۇزىكىنى ياقتۇرسىڭىز، بالىڭىزمۇ مۇزىكىنى ياقتۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز سىياسىي ئەربابلاردىن بىرى بولسىڭىز، ئۇنداقتا بالىڭىز ئادەتتىكى سىياسىي ۋەقەلەرگىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بالا چوقۇم تەسىرىڭىزگە ئۇچرايدۇ.

ئەگەر سىز بىر پروفېسسور بولماقچى بولسىڭىز، بالىڭىزنىمۇ مۇشۇ چەھەتكە يېتەكلىشىڭىز، ھەتتا بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىشىگە قىزىقمىغانلىقىدىن نۇمۇس ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز تارتىنچاق بولۇپ، بالىڭىزمۇ شۇنداق بولۇپ قالسا، بالىڭىزنى ھەرگىز بۇ چەھەتتە تەنقىد قىلمايسىز.

ئاتا-ئانىلاردا بالىنىڭ ھاياتى، ھېسسىياتى ۋە ئارزۇسىنى تىزگىنلەيدىغان خاھىش بولغاندا، باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ خىل ھېسسىيات چەھەتتىكى تىزگىنلىشىگە بېقىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ناھايىتى ئېغىر مەسئۇلىيەت بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل يۈك ھەر قانداق نەرسىدىنمۇ ئېغىر. ئەگەر ئاتا-ئانىلارنىڭ خۇشاللىقى پۈتۈنلەي بالىنىڭ جىسمى ئۈستىگە قۇرۇلسا، تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى خاتالىقلارمۇ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىا چۈمۈش-چۆممىسلىككە بالا ئەمەس، بەلكى سىز جاۋابكار.

ئەلۋەتتە، بالىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن پەخىرلەنسىڭىز ۋە بالىڭىز دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى چۈشەنسىڭىز بولىدۇ. بىراق، سىزمۇ بۇ ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە شان-شەرەپلەرنىڭ بالىڭىزنىڭ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ شان-شەرىپىنى ھېس قىلىپلا، ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى ھېس قىلالمىسا، بالىدا ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

شۇڭا، باللارمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق غايىگە، ھېسسىياتقا، نىشانغا ۋە ئارزۇ-ئىستەككە ئىگە بولسۇن! بەلكىم، ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى سىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىشى ياكى پۈتۈنلەي ئوخشىماسلىقىمۇ مۇمكىن. بىراق، بۇلار بەرىبىر باللارغا تەئەللۇق.

باللارنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىسى ئۈچۈن تىرىششقا يول قويۇش كېرەك. گەرچە باللار بۇنى قىزىقىش-ھەۋەس ئۈچۈنلا قىلسىمۇ، باللارنىڭ ھېسسىياتى ۋە قىزىقىشىنى مۇئەييەنلەشتۈ-

روش — ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل.

بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قانچە بالدۇر ئېگىلىسىڭىز، قوبۇل قىلىسىڭىز ۋە ئېتىراپ قىلسىڭىز، بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپىقىيەتلەرنى شۇنچە ھېس قىلالايسىز. بىز بۇ خىل قوللاش ئۇسۇلى بىلەن بالىلارنى مۇستەقىل قىلالىساق، بالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز چوقۇم يېقىن ۋە قالتىس ياخشى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ مۇناسىۋەتمۇ ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ئۆزئارا زوقلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ.

بالىلارنى ئۆزىگە چۈشلۇق ماكانغا ئىگە قىلىش بالىلارنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر.

تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر تەلىم-تەربىيە، مانا بۇ ئاساس.

مۇكەممەل كىشىلىك پەزىلەت ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم سايانىڭ بىرىدۇر. مۇكەممەل كىشىلىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈش جەمئىيەتتىكى تايانچلارنى، مۇنەۋۋەر ئىقتىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنىڭ ئۇلى. مۇكەممەل كىشىلىك پەزىلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مەنىسى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئۆز ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، مۇستەقىللىقى، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلىشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىشەنچ بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك تەرەققىياتىدا مەيلى ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە بولسۇن ياكى جىسمانىي كۈچ جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى جاھاندارچىلىق قىلىش قابىلىيىتى جەھەتتە بولسۇن، ئۇل خاراكتېرلىك تىرەك رولىنى ئوينايدۇ. ئۆزىگە ئىشەنچىسى كەمچىل ئادەملەردە تۇرلۇك ئىقتىدارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىقمۇ كەمچىل بولىدۇ. بىراق، ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى غىدىقلايدىغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال قابىلىيىتىنىڭ جارى قىلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ئىشەنچ خۇددى ئادەمدىكى ئىقتىدارنىڭ كاتالىزاتورىغا

ئوخشاش بولۇپ، ئادەمنىڭ بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغاپ، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ رولىنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. تۈرلۈك يوشۇرۇن ئىقتىدارلار يۇقىرى سەۋىيىدە ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىش ئاساسىدا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى مۇشۇنداق ئاكتىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان تەرىقىدە داۋاملاشسا، بۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە ئىلھام بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى بايقىشىغا ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتكە قانچىلىك تۆھپە قوشالايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېپىۋېلىشىغا ۋە مۇھىملىقىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. بىزنىڭ بۇ قائىدىلەرنى سۆزلىشىمىزدىكى سەۋەب، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەرنى بالىلارغا ياردەم بەرگۈزۈش ھەمدە بۇ ئارقىلىق بالىلارغا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قىلغان بارلىق ئىشىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. بالىلار كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ، بىرگە ئىشلەيدۇ، باشقىلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ماختاش بولسا شەخسكە، يەككىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىشى كېرەك. ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىز بالىلارغا ھاياتلىقتىكى ھەقىقىي خۇشاللىقنىڭ دۇنياغا ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ھېس قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز تۈپەيلى دۇنيانىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيمىز. ئىلھاملاندۇرۇش بالىلارغا نۇقسانسىز، مۇكەممەل ئادەم بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى، پەقەت سىناپ باقىدىغانلا بولسا، چەكسىز خۇشاللىقنى ھېس قىلالايدىغانلىقىنى تونۇتالايدۇ. ئاشۇنداق قىلغاندىلا، مۇكەممەل،

نۇقسانسىز ئۆزلۈك ئېڭىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.
بىر مۇكەممەل ئادەم ئالدى بىلەن ئۆز ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقىش كۆپرەكى روھىي جەھەتنى كۆرسىتىدۇ. ھەر بىر بالا ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا مۇھتاج. بۇ جەريان بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا باشلىنىدۇ.
بالىلار باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى بەكلا قىلغۇسى كېلىدۇ. بىز بالىلاردىكى مۇستەقىل، ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بىز بۇنى ئۇلار تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاكى چوڭ بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.
بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ئون ئاي قورساق كۆتۈرۈشلا بولىدىغان ئىش، ئەمما بىر بالىنى تەربىيىلەش ئۆچۈن بىر ئۆمۈر زېھنىنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بالىمىز ئۆسۈۋاتقان ھەر بىر مەزگىلدە، ئۇلارغا زۆرۈر تەربىيىلەرنى بېرىش، ۋاقتىدا ئىلھاملاندۇرۇش — ئۇلارنىڭ ئۆز- ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە ئېتىقادىنى كۈچەيتىشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. بىز بالىلىرىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز ۋە بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. بالىلىرىمىز بىزنىڭ بار كۈچىمىز بىلەن ياردەم بېرىشىمىزگە، ئۇلاردىكى ئاشۇ جاسارەتنى ساقلىشىمىزغا ۋە كۈچەيتىشىمىزگە مۇھتاج.
بالىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش جەريانىدا، بىز چوڭلارنىڭمۇ ئىلھاملاندۇرۇشقا مۇھتاج ئىكەنلىكىمىزنى بايقايمىز. بالىلارنى تەربىيىلەش جەريانىدا بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىقىمىزنى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىگەنلىكىمىزنى تونۇپ يەتكەندە، ئۆمىدسىزلەنمەسلىكىمىز ۋە بەل قويۇۋەتمەسلىكىمىز، دىققىتىمىزنى قانداق قىلغاندا ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولىدۇ، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن تەرەپكە قارىتىشىمىز كېرەك. بىز ئاتا-ئانىلار ئۆز-ئۆزىمىزنى ئۆزلۈكسىز

ئىلھاملاندۇرۇشىمىز، جاسارىتىمىزنى كۆچەيتىشىمىز، شۇنداقلا بالىلىرىمىزنى بوشاشماي ئىلھاملاندۇرۇشىمىز ۋە تەربىيىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ بەزى ئۇسۇللىرىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىدىن ياكى قىلغىنىمىزنىڭ ئۈنۈمى بولمىغانلىقىدىن مەيۇسلەنگەن چېغىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىمىزنى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمىزنى ئەسلەپ كۆرۈپ، جاسارىتىمىزنى قايتىدىن ئۇرغۇتىشىمىز كېرەك. نەزىرىمىزنى ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمىزغا قارىتىۋالساق، جاسارىتىمىز بارغانسېرى ئاجىزلاپ يوقىلىدۇ. ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاجىزلىقى ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئارتۇقچىلىقى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. شۇنى كەمتەرلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىز چوڭلارمۇ خاتالىق سادىر قىلىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، شۇنداقلا بۇ توپەيلى ئۆزىمىزنى تۆۋەن كۆرمەسلىكىمىز كېرەك.

قىسقىسى، قىلغانلىرىمىزنى ئەستە تۇتۇش بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىمىزنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ئۈچۈندۇر. بىراق، ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر كۈنى كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەمەس، يەنە كېلىپ كامالەتكە يېتىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. بالىلاردىكى كىچىككىنە ئىلگىرىلەش، ياخشىلىنىشقىمۇ دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلاردىكى قىلچىلىك ئىلگىرىلەشلەردىنمۇ خۇشال بولۇشىمىز كېرەك. بالىلاردىكى كىچىككىنە ئىلگىرىلەشمۇ بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى كۆچەيتىدۇ. شۇنداقلا بىزنى ئۇلارغا داۋاملىق ياردەم بەرسەك، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاتا-ئانىلار بالىلارغا مۇكەممەل، كەم-كۈتىسىز ئادەم بولۇشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، ھەممىلا ئادەمنىڭ يېتەرسىزلىكى بولىدىغانلىقىنى، بىر قېتىم ئۇبدان قىلالمىسا يەنە نۇرغۇن پۇرسەتنىڭ بارلىقىنى، كۈچ سەرپ قىلىپ تىرىشىپ باقىدىغانلا بولسا، چەكسىز خۇشاللىقا ئېرىشىدىغانلىقىنى

بىلدۈرۈشى كېرەك. دادام مەندە ئۆزلۈك ئېڭىنى ئەنە شۇنداق مۇكەممەل يېتىلدۈرگەن. مۇكەممەل ئۆزلۈك ئېڭى تولۇق ئىشەنچ ۋە كۈچلۈك مىللىي پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبتۇر.

بالىلاردا جاسارەت يېتىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم بولغان ھەم دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان ئىشتۇر. بالىلارنىڭ تاسادىپىي ۋەقەگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەش ئاتا-ئانىلارنىڭ دائىم غەم يەيدىغان بىر ئىشىدۇر. بالىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، خېيىم-خەتەرنى زىيادە تەكىتلەپ، بالىنىڭ چېنىقىش پۇرسىتىنى قۇربان قىلىۋەتكەندە، بالا ئوبدان چېنىقالمايدۇ، جاسارىتىنىمۇ يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاتا-ئانىنىڭ بۇنداق قىلىشى شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى. ئۇلار بالىسىنىڭ كېلىشمەسلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئەلۋەتتە. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ باقساق، شۇنى بىلەلەيمىزكى، بالىسى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئازابلىنىدۇ. بۇ خىل ئىپادە ئەمەلىيەتتە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قوغدىشىدۇر. بالىنىڭ جاسارىتىنى چېنىقتۇرۇش، ئەمەلىيەتتە ئاتا-ئانىنىڭ جاسارىتىنى سىناشتىن ئىبارەت.

جاسارەت — ئادەمنى پائال ئىلگىرىلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. بۇ نۇقتىنى ئوبدان تونۇغاندىن كېيىن، بالىنى جاسارەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈشنىمۇ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىش كېرەك. باتۇرلۇق ۋە چىداملىق ئادەمنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ، ئاجىز ۋە قورقۇنچاقلارنى كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدۇ، شۇڭا بالىلارنىڭ جاسارىتىنى، يېڭى شەيئى ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى ۋە جاپالىق شارائىتتا ياشاش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشنى كۆزلەش ناھايىتى مۇھىم. بەزى چوڭلار خەتەرلىك كۆرۈلگەن ئىشلارنى بالىلارنىڭ قىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىلار ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا ئامراقلىقى ياكى بالىسىنىڭ قابىلىيىتىنى توغرا

تونۇپ يېتەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، بالىلارنىڭ يېڭى شەيئىلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ، يېڭى مۇھىت بىلەن تونۇشۇشىنى توسۇپ قويۇپ، بالىلارنى چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. زىيادە ئاسراپ-ئاۋايلاپ چوڭ قىلىنغان بالىلار تەبىئىي ھالدا جاسارەتسىز بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھال ئۇلارنىڭ ھاياتىنىمۇ ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مېنىڭچە، بالىلار قىلالايدىغان ئىشلارنى ئاتا-ئانىسىنىڭ قىلىپ بېرىشى بالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئەڭ قاتتىق زەربە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ بالىلارنى ئەمەلىيەت پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئۇلارغا «مەن سېنىڭ ئىقتىدارىڭغا، جاسارىتىڭگە ئىشەنمەيمەن» دېگەنگە باراۋەر. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، بالا بىر خىل كىرزىس، خاتىرجەمسىز ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئاساسىغا تىكلىنىدۇ. بەزىدە بىز چوڭلار ئۆزىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئوبرازىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن، بالىلىرىمىزنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىنى بوغۇپ قويىمىز:

بالىلارنىڭ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلىرىنى ھەرگىز ئۇلارغا قىلىپ بەرمەسلىك، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر پرىنسىپ، قايتا-قايتا تەكىتلەش كېرەك.

بالىلار قىلالايدىغان ئىشلارنى ئاتا-ئانىسىنىڭ قىلىپ بېرىشى بالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئەڭ قاتتىق زەربە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ بالىلارنى ئەمەلىيەت پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئۇلارغا «مەن سېنىڭ ئىقتىدارىڭغا، جاسارىتىڭگە ئىشەنمەيمەن» دېگەنگە باراۋەر. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، بالا بىر خىل كىرزىس، خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئاساسىغا تىكلىنىدۇ. بەزىدە بىز چوڭلار ئۆزىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئوبرازىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن، بالىلىرىمىزنىڭ ئۆز

قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىنى بوغۇپ قويىمىز، ئەمەلىيەتتە بۇ بالىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەنلىك بولىدۇ.

بالىلار بۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە ئۆز-ئۆزىنى نامايان قىلىش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، مۇكەممەللىككە ئىنتىلىدۇ، تۇرمۇشقا ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى خىرىس ۋە مەزمۇن ئاتا قىلىدۇ.

بالىلاردا مۇستەقىل خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈش ھېسسىيات جەھەتتىكى مۇستەقىللىقنى يېتىلدۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا «سەن دۇنيادا تەڭداشسىز بىر يەككە» دېگەن ئىدىيىنىڭ تەكىتلىنىشى ئىچىدە ياشايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ مىجەزى ۋە ھەقىقىي ئويىنى ئۆزىمىز ئەڭ ئوبدان چۈشىنىمىز، ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشىمىزنى ئۆزىمىز ئەڭ ئوبدان بىلەلەيمىز، ئۆزىمىزگە ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆزىمىز جاۋابكار بولىمىز.

بەزىلەر ھېسسىيات جەھەتتىكى مۇستەقىللىق ئاتا-ئانىغا تايىنىشچانلىقتىن ۋاز كېچەلەيدىغان، تېخىمۇ پىشقان روھىي ھالەتكە مۇھتاج دەيدۇ.

بالىلار خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئاجىزلىق ھېس قىلغاندا، ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئاتا-ئانىسىدىن تەسەللىي ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئاتا-ئانا مېھرىنىڭ ئۇلارغا ئىللىق ئىكەنلىكىنى، قوللايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنداق ئارامبەخش تۇيغۇغا ئىزچىل ئېرىشىش ئۈچۈن، (گەرچە مۇستەقىللىق ئايرىم يەككىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا يۈزلىنىشى بولسىمۇ) بەزى بالىلار ھەممىلا ئىشتا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھېسسىيات مۇستەقىللىقىنى تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قاراتقان كەيپىيات كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلماي قالمايدۇ.

بۇ جەھەتتە ئۆزىدە پىسخىك توسالغۇ بار كىشىلەر كەيپىيات

جەھەتتە باشقىلارغا قاتتىق يۆلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا كۈچلۈك ئۆزلۈك تۇيغۇسى بولمايدۇ. پسىخىك جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇلار ئىدىيە، قىممەت قاراش، ھەرىكەت قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلارغا يۆلىنىدۇ.

ئۇلار ئاتا-ئانىسى ياكى باشقا نوپۇزلۇقلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تەپەككۇر قىلىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسى ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ ئۇلاردىكى ئىنكاسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزى يۆلەنگەن نوپۇز سىستېمىسى بۇزۇلغان ھامان روھىي دۇنياسىنىڭ پارازىتلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار چەكسىز ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ.

ھەقىقىي مۇستەقىللىق ئېڭىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىغا قارىتا كۈچلۈك ئېھتىياجى بولىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ-بۇنىڭغا يۆلىنىۋالماي، بەلكى ئۆز ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز قارارىنى چىقىرىپ، ئۆز-ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان نىشان بويىچە ئۆز مۇددىئاسى ۋە ئىنتىزامىغا ئەمەل قىلىدۇ.

تەلىم-تەربىيىنىڭ يادروسى — قەلبتىكى كىشىلىك پەزىلەتنى ئويغىتىشتۇر. مېنىڭچە، تەلىم-تەربىيىنىڭ مەقسىتى ئادەمگە كىشىلەرگە مەلۇم نەرسىلەرنى ئۆگىتىش ياكى قوبۇل قىلدۇرۇش بولماستىن، بەلكى ھاياتلىقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى قاتتىق ئۇيقۇدىكى ئۆزلۈك ئېڭىنى ئويغىتىش بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا بۇ، ئادەمدىن ئىبارەت يەككىنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتى، ياشاش تۇيغۇسى، قىممەت تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشىدۇر. مۇكەممەل كىشىلىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈش — تالانتلىقلار تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەنزىلى.

# ئون سەككىزىنچى باب

# ئۆز-ئۆزىگە يۇزلىنىش ــــ تەربىيىلىنىشتىن ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئۆتۇش زۆرۈر

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

* * *

1809- يىلى 6- ئاۋغۇست  هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن ئۆيدە يالغۇز قالدىم. كارل هەمراهلىرى بىلەن ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ هازىرقى ئەهۋالىنى ئويدان ئويلاپ باقسام، ئۇ بەك مەنمەنچى بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرىمۇ يوق. چۈنكى ئۇ كىچىك تۇرۇپلا تەگتۇشلىرىدا يوق بىلىم ۋە ئىقتىدارنى هازىرلىغان تۇرسا، تەگتۇشلىرى بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرغاندا مەغرۇرلىنىدۇ، بىراق ئۇ هەددىدىن زىيادە مەنمەنچى بولۇپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ ئۇ تېخى بىر بالا، بەلكىم ئۇ روهىي ۋە ئەقلىي جەهەتتە ساپ پىشىپ يېتىلىپ، رىقابەت بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئارزۇسىنى چۈشىنەلەيدىغان بولغاندا، ئاندىن ئۇنى رىقابەتلەشتۇرسەم تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار.

هازىرقى مەنمەنلىك ئۇنى ئالغا ئىنتىلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئەگەر بالا زىيادە مەنمەنچى بولۇپ، ئىشنىڭ جەريانىغا سەل قارايدىغان بولۇپ قالسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق تەربىيىلىگەندە بالىلارنى كىشىلىك ھاياتتىن ئىبارەت بۇ بەسلىشىش ئويۇنىغا — بىرى يەڭسە بىرى يېڭىلىدىغان ئويۇنغا يۈزلىنىلەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، تەربىيىلىنىشتىن ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئۆتۈش-چىقىش يولى، ئۆز-ئۆزىدىكى بارلىق مەسىلىلەرگە يۈزلىنىش — كارغا كېلىدىغان ئۇسۇل.

مەنمەنلىك كارلىدىكى بىر ئىللەت. مەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ ئىللىتىنى تونۇتۇپ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان قىلغاندىن باشقا، يەنە تىرىشىشىم كېرەك. مەسىلىنىڭ يىلتىزى كۆرۈنگەن ھامان ئۇنى قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك، بۇنداقتا ئاسانراق بولىدۇ. مەسىلىنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش كېرەك؟ بالىنى زۆرۈرىيىتى بولمىغان مۇسابىقىلەرگە بەك بالدۇر قاتناشتۇرماسلىق كېرەك. ئەگەر راستىنلا زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئاتا-ئانىلار بىلەن بىرگە قاتنىشىش كېرەك. ئاتا-ئانىسى ھەمراھ بولغان بالىلار ئۆزى يالغۇز كەلگەن بالىلارغا قارىغاندا، پائالىيەتكە ئوڭايلا كىرىشىپ كېتەلەيدۇ، پائالىيەتنىڭ قائىدىسى ۋە ماھارەتلىرىنى بىلىۋالالايدۇ. مۇۋاپىق مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش بالىغا سىزنىڭ تەلىپىڭىزنىڭ ۋە مۇكاپات-جازانىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرەلەيدۇ. ھە دېسىلا بالىنىڭ مۇسابىقىدە قانداق نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى ياكى يەڭگەن-يەڭمىگەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋالماڭ، ئۇنداق قىلمىغاندا بالا «مۇسابىقىدە يېڭىش-يېڭىلىش مۇسابىقىنىڭ ئۆزىدىنمۇ مۇھىم ئىكەن» دېگەن ئويغا كېلىپ قالىدۇ. يېڭىش-يېڭىلىشكە بېرىلىش، زىيادە مەنمەنلىك ھەرگىزمۇ كارلىنىڭ مىجەزى بولۇپ قالمىسۇن.

* * *

1809- يىلى 1- سىنتەبىر   ھاۋا ئوچۇق.

ئۆتكەنــدە كارلنىــڭ زىيــادە مەنمــەنچى بولــۇپ قالغــانلىقىنى سەزگەنىدىم. ئۇ ئۇنـداق بولۇپ قالسا بولمايتتى، شۇڭا مەنمۇ بەزى چارىلەرنى قوللىنىپ، ئۇنىڭدىكى بۇ ئىللەتنى سەل-پەل تۈزەتكەن ئىدىم. بىراق ھازىر ئويلاپ باقسام، مەنمەنلىك ئۇنىڭ مىجەزىدىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بىر ئىللەت ئىكەن. بۇ ئىللەت كارلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىلەن خاراكتېرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكــەرنىڭ مــاس كېلىشــىدىن شەكىللەنگــەن بىــر يېتەرسىزلىك بولۇپ، بەزى بالىلار مەنمەنچى بولمەن دەپمۇ بولالمايدۇ.

مېنىڭچە، مەلۇم مەنــدىن ئېيتقانـدا، مىجەز-خاراكتېرنىڭ ئۆزى ئىقتىداردۇر.

بالا تۇغۇلغانـدا، ئۇنىڭـدا ھېچقانـداق مىجەز-خاراكتېر بولمايدۇ. مىجەز-خاراكتېر بالىلاردىكى ھاياتىي كۈچنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشى داۋامىــدا تــەدرىجىي شــەكىللىنىدۇ. باشــقىچە قىلىــپ ئېيتقانــدا، مىجــەز-خــاراكتېر بالىلارنىــڭ ھايــاتىي كۈچــى ۋە ياشــاش ئىقتىــدارى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل روھىي ھالەتتىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىجەز-خاراكتېر بالىلارنىڭ تــەرەققىيات جەريانىدىمــۇ تــەبىئىي شەكىللەنگــەن بىــر ئىقتىــدار سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مىجەز-خاراكتېردىكى ئوخشاشماسلىق تۇغما بولمايدۇ، شۇنداقلا بالىلار ئۆزى ياراتقانمۇ ئەمەس.

بالىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى رېئال تۇرمۇش ئىقتىدارى سۈپىتىدە تولـۇق چېنىقمىغانــدا، ئــۇلار ھەمىشــە ئــۆزىنى رېئــال تۇرمۇشــتىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ياخشى ماسلىشالمايدۇ. نەتىجىدە ئەسلىدىكى مىجــەز-خــاراكتېر بىلــەن ئانچــە بىــردەك بولمىغــان ناچــار مىجەز-خاراكتېر پەيدا بولىدۇ. خاراكتېر ئەنە شۇنداق پەيدا بولىدۇ.

شۇڭا مىجەزنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۆزگەرگەندىمۇ توختىماي ئۆزگىرىدۇ دەيمىز. مىجەزنىڭ بۇختىل ئۆزگىرىشى بالىلارنىڭ ئۆزگەرگەن تۇرمۇش مۇھىتىغا ماسلىشالماسلىقىدىن يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ، خاراكتېردۇر.

ناچار خاراكتېرنى تەربىيىلەش ئارقىلىق تۈزەتكىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بالا تۇغۇلىشىدىنلا شەخسىيەتچى كېلىدۇ. ئۇنىڭ باشقىلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنى كۆپ، باشقىلار ئۈچۈن ئويلىشى ئاز بولىدۇ. ئەمما بۇنداق مىجەزنى تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەگەر بالىغا كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلارنى ئويلاشنى، باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىشنى ئۆگەتسە، بالىمۇ ئۇنداق شەخسىيەتچى چوڭ بولمايدۇ.

بۇرۇن فرانسىيىلىك بىر كاتتا ئەمەلدار ۋاشىنگتوننىڭ ئانىسىدىن: «سىلى قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئوغۇللىرىنى بۇنداق بۈيۈك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتىلا؟» دەپ سورىغاندا، ۋاشىنگتوننىڭ ئانىسى: «مەن پەقەت ئۇنىڭغا ئوبدان ئىتائەت قىلىشنى ئۆگەتكەن ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىتائەت قىلىشمۇ بالىدىكى مۇھىم پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. بالىدا بۇنداق پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاتا-ئانا بالىغا بۇيرۇغان ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىدىغانلىقىنى، بالىنى قىلما دەپ توسقان ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك. شۇنداقلا بۇنداق قىلىشنىڭ بالىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

يالغانچىلىق ھەممە بالانىڭ مەنبەسى، ئۇنىڭ زىيىنىنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. بالىلاردا تەجرىبە كەمچىل ھەم تەسەۋۋۇرغا باي بولمىغاچقا، ئۇلار بەزىدە يالغان سۆزلەيدۇ ھەم بۇنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇنىڭلىق بىلەن بالىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتمەسلىكى، لېكىن بۇ يامان ئادەتنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى زىيانسىز يالغانچىلىق بىلەن باشقىلارنى ئالدايدىغان يالغانچىلىقنىڭ ئارىلىقى پەقەت بىر قەدەملا

كېلىدۇ.
گەرچە ئاچ كۆزلۈك بالىنىڭ تەبىئىتى بولسىمۇ، بىراق ئوبدان تەربىيىلەنسىلا، بالا شەخسىيەتچى بولۇپ قالمايدۇ.
غۇرۇر بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئاساسى. غۇرۇر يوقالغاندا، ئادەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىمۇ ۋەيران بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ هاراقكەش، قىمارۋاز، تىلەمچى، ئوغرى ... بولۇپ قېلىشى غۇرۇرنى يوقاتقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى.
ئەلۋەتتە، كارل هازىر بۇ باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، بىراق مەن بىپەرۋالىق قىلسام بولمايدۇ، هەرۋاقىت ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك.

*　　*　　*

1809- يىلى 6- نويابىر　هاۋا ئوچۇق.
بالىدا ياخشى خاراكتېرنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ناهايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېتىلگەن ئادەم بولۇش-بولماسلىقىنى، كەلگۈسىدە نەتىجە يارىتىش-يارىتالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ياخشى خاراكتېرنىڭ ئاساسى بالىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تورمۇشىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. مېنىڭچە، كارل بۇ جەھەتتە هەر هالدا بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ياخشىلىقىنى هېس قىلىۋاتىمەن.
مەن كارلنى تەربىيىلىگەندە، بىلىم ئۆگەتكەندىن باشقا، ئۇنىڭدا ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈشنى ناهايىتى مۇهىم ئورۇنغا قويغان ئىدىم. ئوغلۇمدا تۈرلۈك ئىقتىدار ۋە گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، دەسلەپتىن تارتىپلا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردىمۇ ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە كىرىشكەن ئىدىم.
يەنە كېلىپ شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، خاراكتېرنىڭ ئاساسى

بالىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تورمۇشىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. دەسلەپكى بىر قانچە يىللىق تۇرمۇش ئادىتى، ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى، ئائىلە كەيپىياتى بالىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى ئاساسىتا-ئاساسىتا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر ئادەت دەسلەپ شەكىللەنگەندە ئىنتايىن مۇھىم.

كارلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مەن ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزچىل ھالدا كۆزىتىپ، غۇرۇرىغا تەگمىگەن ئاساستا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىپ كەلدىم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالغاندا، ۋاقتىدا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ غەم-ئەندىشىلىرىنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئاماللارنى ئىزدەيتتىم. مەن ئوغلۇمنىڭ ئوچۇق-يورۇق، خۇشال-خورام ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

* * *

1809- يىلى 12- دېكابىر ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن كارل لېيپىزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. بىزنىڭ ئائىلىمىز خۇددى روژىستوۋ بايرىمىدىكىدەك خۇشاللىققا چۆمدى. بۇ ئىش پۈتكۈل گېرمانىيىنى زىل-زىلىگە سالدى. كىشىلەر ھازىر كارلنى «خىسلەتلىك بالا» دەپ تەرىپلەيدىغان بولدى، ھەتتا ھېلىقى خىللاردىمۇ جاھىل مىجەزىنى تاشلاپ، بۈگۈن مېنى تەبرىكلەپ كەلدى. مەنمۇ ئۇنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋالدىم. ئائىلىمىز قىزىپ كەتتى...

مەن ئاستاغىنە سىرتقا چىقتىم ۋە دېرىزىدىن كارلىنىڭ زوق-شوخ بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى، كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەم خۇشال بولدۇم ھەم ئەنسىرىدىم. تەلىم-تەربىيەمنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى

كۆرۈلگەنلىكى مېنى خۇشال قىلغانىدى، بىراق ئوغلۇمنىڭ تۇرمۇشقا بەك بالدۇر قەدەم قويۇپ، مۇكەممەللىك تەرەپدارى بولۇپ قېلىش مۇمكىنلىكى مېنى ئەنسىرەتكەن ئىدى.

ئەگەر بالا مۇكەممەللىككە يېپىشىۋالىدىغان بولۇپ قالسا، قانداق قىلىش كېرەك؟

بەزى بالىلار تۇغما مۇكەممەللىك تەرەپدارى بولىدۇ، شۇڭا بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنداق بالىلارنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولماڭ. بىراق سىز ئۇلارغا مۇكەممەللىكنىڭ مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان نىشان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى مۇكەممەللىككە زىيادە يېپىشىۋالىدىغان بالىلار دائىم ئۆزىنى دېگەندەك ياخشى ئەمەستەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيانى — كۆپ ساندىكى كىشىلەر، ئىشلار، شەيئىلەر مۇكەممەل بولمىغان بۇ دۇنيانى قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

بالىغا «مۇكەممەللىك»نىڭ يەتكىلى بولمايدىغان بىر نىشان ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلدۈرۈش كېرەك. ئەگەر بالا كۆپ بويى قاقشاپلا يۈرسە، ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا ئىمتىھاندا 70 نومۇر ئالغانلىقىڭ بىلەنلا ئۆزۈڭنى دۆت دەپ ئويلايسەن؟» دەپ سورىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بالا جاۋاب بېرەلمىسە ياكى: «مەن يېزىشنى بىلمىگەندىكىن، دۆت بولماي نېمە؟» دېگەندە، ئۇنىڭغا ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن بىلىمنىڭ باشقا-باشقا ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. تالانت ئىگىلىسىڭىزمۇ ھەممىلا ئىشنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن.

بالا ئۆز-ئۆزىدىن ئاغرىنسا، ئۇنىڭغا بەدەل تۆلەتكۈزۈش كېرەك. ئەگەر بالا ھەمىشە ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىدىن ئاغرىنسا، بەزى ئىشلارنى قىلغۇزۇش ئارقىلىق بەكرەك بەدەل تۆلەتكۈزۈش كېرەك.

بالىنى ھەقىقىي ئۆزىگە يۈزلەندۈرۈش كېرەك. ئاتا-ئانىلار ئادەتتە بالىنىڭ تاشقى ئىپادىسىگە قاراپ بالىغا جازا بېرىدۇ، ئەمما بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سەل قارايدۇ. بالىنى ھەقىقىي ئۆزىگە يۈزلەندۈرۈش، ئۆز-ئۆزىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلدۇرۇش ئەمەلىيەتتە

ئۇنچە تەسىمۇ ئەمەس. پەقەت بالا خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ياكى ئوگۇشسىزلىقا ئۇچرىغاندا، ئۇنى چىن كۆڭلىمىزدىن باغرىمىزغا بېسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يەنىلا قىممىتى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۇرسەكلا بولىدۇ.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 24- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

1809- يىلى 12- دېكابىردا مەن لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ۋە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئۇقتۇرۇشىغا ئېرىشتىم. 1810- يىلى 18- يانۋار كۈنى مەن دادام بىلەن لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا باردۇق.

شۇ كۈنى مەن مەكتەپ مۇدىرى دوكتۇر جوسنى كۆردۈم.

دوكتۇر جوس مېنى كۆرۈپلا قىزغىنلىق بىلەن:

— كارل ۋىتېر ئەپەندى، ياخشىمۇ سەن، بۈگۈن سېنى ئاخىر كۆردۈم،- دېدى.

— رەھمەت، سىزنى كۆرگەنلىكىمدىن مەنمۇ خۇشال،-دېدىم مەن ئەدەب بىلەن.

ئارقىدىن دوكتۇر جوس دادامغا يەنە:

— كارل ۋىتېر ئەپەندى، ئوغلىڭىزنى بۇنداق ئەدەبلىك ئادەم بولغاندۇ دەپ ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئوغلىڭىز توغرىسىدىكى گەپلەرنى بۇرۇن ئاڭلىغان. بىراق بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئوغلىڭىزنى تەكەببۇر بالىمىكىن دەپ خىيال قىلغانىدىم. ئوغلىڭىزنى بۈگۈن كۆرۈپ، ئۇنىڭ باشقا خىسلەتلىك بالىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم،- دېدى. مەن دوكتۇر جوسقا:

— دوكتۇر جوس، بۇنداق دېسىڭىز مېنى خىجىل قىلىپ قويىسىز،- دېدىم.

دوكتۇر جوس تۆز ئادەم بولغاچقا، گېپىم تۈگىمەستىنلا مەندىن:
— نېمە؟ مەن سىزنى خىجىل قىلىپ قويدۇمما؟ -دەپ سورىدى.
— مەن پەقەت تىرىشىپ تەييارلىق بىلەن ئۆگەندىم. بەلكىم ئاز-تولا نەتىجىمۇ ياراتقاندىمەن، بىراق ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. سىز مېنى خىسلەتلىك باللار بىلەن تەڭ قاتارغا قويسىڭىز، مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن، -دېدىم مەن.
— ئەسلىدە مۇنداقمىدى، ئۇنداق كەمتەرلىك قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، سەن ئەسلىدىنلا بىر خىسلەتلىك بالا تۇرساڭ! بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ، - دېدى دوكتۇر جوس.
— ياق، مەن خىسلەتلىك بالا ئەمەس، مەن پەقەت باشقىلاردىن بەكرەك تىرىشتىم، خالاس، - دېدىم مەن.
ئارقىدىن دوكتۇر جوس بىلەن مەن ئىلىم-پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى تېمىلار توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. پاراڭىمىز تۈگىگەندە، دوكتۇر جوس داۋامغا:
— ئوغلىڭىزنىڭ نامى ھەقىقەتەن بىكارغا تارقالماپتىكەن. پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن بالا ئىكەنلىكىنى قىلچە ھېس قىلالمىدىم. بۇ ھەقىقەتەن كەم تېپىلىدىغان ئىش! ئۇنىڭ بىلىمى ماڭا ئۇنىڭ يېشىنى ئۇنتۇلدۇردى. بۇ ئىش ئادەمنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ، — دېدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن، دوكتۇر جوس شەھەردىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرگە مېنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق خەت يازدى:
· مەن بۈگۈن داڭقىنى ئاڭلىغىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولغان كارل ۋىتېر ئەپەندىنى كۆردۈم. ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ بالىغا ئادەمنىڭ ئەقلى ھەقىقەتەن ھەيران قالىدۇ. گەرچە ئۇ ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلىمى 18~19 ياشلاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ.
ئۇنىڭ بىلىمى ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ھەر قايسى

تەرپلەردىن چوگقۇر بىلىم ئاساسىنى هازىرلاپتۇ. ئۇ ئىتالىيان تىلى، فرانسۇز تىلى، لاتىن تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە گىرىك تىلىدىكى ماقالىلارنى راۋان تەرجىمە قىلالايدىكەن، هەم بۇ ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىنى ئوبدان چۈشىنەلەيدىكەن.

كىشىلەر ئۇنى خىسلەتلىك بالا دەپ تەرىپلەيتتى. ئۇنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا شەكسىز ئىشەندىم. بىراق كىشىلەر تالانت ئىگىسى دەپ تەرىپلەيدىغان بۇ بالا ئۆزىنىڭ خىسلەتلىك بالا ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئوبدان تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدىكەن.

كارل ۋىتېرنىڭ دادىسى — لوخ كەنتىدىكى باستېر ۋىتېر دوكتور بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي تۇرالمىدىم. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆزگىچە، ئىنچىكە تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا ئادەم ھەقىقەتەن قول قويىدۇ. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ تەلىم-تەربىيە قاراشلىرىنى مەن ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمايتىكەنمەن. بىراق ئاز-تولا كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەملا بولىدىكەن، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئۈنۈملۈك ھەم قالتىس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كارل ۋىتېرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى پۈتۈنلەي دادىسىنىڭ تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. مەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىنى، دوكتور كارل ۋىتېرنىڭ تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىنى جەمئىيەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ئوبدان بىر ئىش.

مەن دادامنى شۇچاغدا خۇشاللىقىدىن خۇددى يۇقىتىپ قويدى، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق دادامنىڭ كۆڭلىدىكى خاتىرىسىنى ئوقۇپ، ئۆزۈمنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى سەزدىم. مەن ئۈچ ئون تەنتەنە بولغان ئاشۇ كۈنى، دادام يەنىلا مەندە ياخشىلاشقا تېگىشلىك قايسى تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلانغان ئىكەن. بىراق مەنچۇ؟ دادامنىڭ

تەلىم-تەربىيە غايىسى مېنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئىدى. ئۇ، جىسمانىي، ئەخلاق، ئەقلىي ۋە كىشىلىك پەزىلەت جەھەتتە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان كىشىلەرلا بىر قەدەر مۇكەممەل ئادەم ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ مېنىڭ بىرەر جەھەتتە كەمچىلىكى بار ياكى مەلۇم بىر جەھەتتىلا قابىلىيىتى گەۋدىلىك بولغان ئادەم بولۇپ قېلىشىمنى خالىمىغان. شۇڭلاشقا، دادام مېنى روھىي جەھەتتە تەربىيىلەشكە باشقا جەھەتلەردە تەربىيىلەشكە ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەن.

دادام، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام كىشىلەرنى مۇكەممەل ئادەم دېيىشكە بولىدۇ، دەپ قارىغان. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ساغلام كىشىلەردىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. بىراق جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتنىڭ بىرەرسىدە ساغلام بولمىغان كىشىلەر بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولىدۇ.

دادام «مېنىڭچە، بالىنىڭ ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم ئىش. مېنىڭ ئوغلۇمنى بىلىملىك، ئەمما توڭ ۋە ھېسسىياتسىز ئادەم قىلىپ قويغۇم يوق. چۈنكى ھېسسىياتتىن مەھرۇم ئادەم خۇددى سوغۇق ماشىنا-ئۈسكىنىلەرگە ئوخشايدۇ. مەيلى ئۇ ھەر قانچە ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك بولسۇن، ئاشۇ ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىر دېتالىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئادەمدىلا ئەمەس، ھايۋاندىمۇ ھېسسىيات بولىدۇ. بالىدا ياخشى ھېسسىيات يېتىلدۈرۈش ياكى يېتىلدۈرەلمەسلىك — بالىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك» دەپ قارىغان.

ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن يىلىم، مەكتەپكە 15 ياشلىق بىر خىسلەتلىك بالا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىلىم-قابىلىيىتى يەتكۈچە بار ھەم ناھايىتى ئەقىللىق بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ياقتۇرىدىغانلار بەك ئاز ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنى توڭ، ھېسسىياتسىز بالا دېيىشەتتى. ئۇنىڭ دوستى يوق دېيەرلىك بولۇپ، مەكتەپتە ئۆزى يالغۇز يۈرەتتى،

ھېچكىم بىلەنمۇ يېقىن ئەمەس ئىدى. ئۇ باشقىلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يـاردەم بەرمـەيتتى، شـۇنداقلا باشـقىلارنىڭ ياردىمىنىمـۇ ئوڭايلىقچە قوبۇل قىلمايتتى، ئۇ ناھايىتى كەم سۆز بولۇپ، باشقىلار پاراڭلاشقىلى كەلسىمۇ، تۈزۈكرەك پاراڭلاشمايتتى.

ئاڭلىشـىمچە، ئـۇ ئانىسـىدىن كىچىـك چېغىـدىلا ئـايرىلىپ قالغاچقا، مۇشۇنداق مىجەزلىك بولۇپ قالغانىكەن. دادىسى ئۇنى قـاتتىق تەربىيىلىگـەن، ھـەتتا رەھىمسـىزلىك بىلـەن تەربىيىلـىدى دېيـەكمۇ بولىدىكـەن، شـۇڭا ئـۇ كىچىكىـدىن تارتىپـكا مۇشـۇنداق بولۇپ قالغانىكەن.

ئىتالىيىـدە ئوقـۇپ قـايتىپ كـېلىپ، ئوقۇتقـۇچىلىق قىلغـان چېغىدىمۇ ئۇنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن ئىدىم. ئۇمۇ گيوتتىېگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۆيىدە يالغۇز تۇراتتى. خىزمەت ۋە تۇرمۇشـتا زۆرۈر بولـۇپ قالمىسـا باشـقىلار بىلـەن بـاردى-كەلـدى قىلمايتتى، تويمۇ قىلمىغانىدى، ھەتتا دادىسى قاتتىق ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىمۇ، كۆرگىلى بارمىدى. دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى.

بۇنـداق ئادەمـدىن مـەن يەنـە بىرنـى كۆرگـەن. ئـۇ بولسـىمۇ لـوخ كەنتىدىكى كلاۋفورد خانىمنىڭ ئوغلى ۋىكتور ئىدى.

ۋىكتـور كىچىـك چېغىـدا، ئـۇنىڭ دادىسـى ناپالىئونغا قارشـى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. كەنتتىكى نۇرغۇن ئەرلەرمۇ ئوخشاشلا ئۇرۇشقا كەتكەنىدى. ئىككـى يىلـدىن كېـيىن، نۇرغۇن كىشـىلەرنىڭ جەڭـدە ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىـدە ۋىكتورنىـڭ دادىسـىمۇ بـار ئىـدى. شـۇ چاغـدا كـەنتتىكى يىگـىتلەر «دادىلىرىمىـز ئۈچـۈن، ۋەتـەن ئۈچـۈن جـەڭ قىلىمىـز» دەپ ئارقـا-ئارقىـدىن ئارمىيىگـە قاتناشـتى. ۋىكتـورلا ئارمىيىگـە قاتناشـماي تۇيۇقسىزلا غايىپ بولدى.

كېـــيىن كەنتتىكىلــەر ۋىكتورنىـــڭ ئورمانلىقنىـــڭ ئىچكىرىسىدىكى بىـر ئـۆڭكۈردە تـاكى ئـۇرۇش ئاياغلاشـقانغا قـەدەر

يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ بازاردىكى هاراق چىقىرىدىغان بىر دۇكاندا ئىشلىدى ۋە تېزلا ئۆيلىنىپ بالىلىقمۇ بولدى. هازىر ئۇنىڭ ئىككى قىزى ياتلىق بولۇپ بولدى، ئەڭ كىچىك ئوغلىمۇ ئوقۇۋاتىدۇ.

قارىماققا ۋىكتورنىڭ تۇرمۇشى ناهايىتى نورمالدەك كۆرۈنىدۇ. بىراق كىشىلەر ۋىكتورنىڭ كەينىدىن ئۇنى ھېسسىياتسىز، تاش يۈرەك ئادەم دېيىشەتتى. ئۇ قىزىنى ياتلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزىنىڭ ئۆيىگە بارمىدى. كەنتتىكىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ئەقىلگە سىغمايتتى. ۋىكتورنىڭ خىزمەتداشلىرىمۇ: «ۋىكتور ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن ئىشىنى ئوبدان ئورۇنلايدۇ. بىراق باشقىلار ئۇنىڭدىن ياردەم قىلىشنى ياكى ئاز-تولا ياخشى ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ھەرگىز قىلمايدۇ» دەيتتى.

خىزمەتداشلىرى ۋىكتورغا : «ئۇ بىر تاشتىن قوپۇرۇلغان تامغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا قىلچە ھېسسىيات يوق» دەپ باها بەرگەن.

لوخ كەنتىدىكى كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدە پەيلاسوپ دەپ قارالغان، 80 ياشلىق ئورمان قاراۋۇلى كلابور بوۋاي ۋىكتورنىڭ بۇنداق چۈشكۈن، ئەھمىيەتسىز تۇرمۇشىنى «بۆرىنىڭ تۇرمۇشى»غا ئوخشاتقان. ئۇ: «ۋىكتورنىڭ قەلبىنى مۇز ھەم زۇلمەت قاپلىغان. ئۇنىڭ قەلبىدە ھېسسىياتتىن ئەسەرمۇ يوق. توغرا، ئۇ قارىغۇ ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ قەلبى ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدۇ، ئۇ خۇددى تەنها بۆرىگە ئوخشاش زۇلمەت ۋە ۋەھىمە ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ» دېگەن.

كلابور بوۋاي بۇ ئىش توغرىسىدا «بۇنىڭ ھەممىسىنى كلاۋفورد خانىمنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈش كېرەك، چۈنكى ئۇ ئوغلى ۋىكتورنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىلا بىلىپ، مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيىلەشكە سەل قارىغان» دەيتتى.

كلاۋفورد خانىم ھەر قېتىم ئاغرىپ قالغاندا، بۇنى ئوغلى ۋىكتوردىن يوشۇراتتى. چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ كۆرۈپ چۆچۈپ

كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا ۋىكتور مۇشۇنچىلىك چوڭ بولغاندىمۇ، باشقىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشنى بىلمەيتتى.

ۋىكتور كىچىكلىكىدە بالىسى يوق ئىككى بوۋاي بىلەن قوشنا ئولتۇرىدىغان بولۇپ، دائىم ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ ئوينايتتى. بۇ ئىككى ئاق كۆڭۈل بوۋاي ۋىكتورغا ياخشى ۋە باشقا بالىلار ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى بېرەتتى. بىراق ئۇ بوۋايلار ئاغرىپ قالغاندا، كلاۋفورد خانىم ئوغلى ۋىكتورنى ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغىلى قويمايتتى. ئۇ دائىم: «بالىغا نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىكەنمەن؟» دەيتتى.

مانا بۇ، تەلىم-تەربىيىدىكى نۇقسان. ئانىسى ۋىكتورغا كىچىكىدىن تارتىپلا باشقىلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبىتىنى ھېس قىلدۇرمىغاچقا، ئۇنى كۆچلۈك ھېسسىي تۇيغۇغا ئىگە قىلمىغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىدە ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك شاتلىق ۋە قايغۇ، ئازاپ ۋە قورقۇنچ قاتارلىق ھېسسىياتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، نەتىجىدە «بۆرىگە ئوخشاش ئادەم» بولۇپ قالغان.

دادام مەن بىلەن مۇشۇنداق ئادەملەر توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا دائىم:

— بۇنداق ئادەملەرنىڭ تىرىكى بىلەن ئۆلۈكىنىڭ نېمە پەرقى؟- دەپ خۇرسىنىاتتى.

— شۇنداق، ئۆزى تىرىك بولسىمۇ، ئىنساندىكى گۈزەل ھېسسىيات ۋە رەزىل ھېسسىياتنى ھېس قىلالمىغان، قەلبى پۇچەك كىشىلەرنىڭ ھاياتى نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ھە!-دەيتتىم مەنمۇ. دادام:

— پەرۋەردىگارغا شۈكرى، ھېلىمۇ سەن ئۇنداق ئادەم بولۇپ قالمىدىڭ،-دېسە، مەنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— پەرۋەردىگارغا رەھمەت ئېيتقاندىن كۆرە ئۆزىڭىزگە رەھمەت ئېيتسىڭىز ئاندىن توغرا بولىدۇ، سىزنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىشىڭىز

نەتىجىسىدە مەن ئاندىن بەختىيار بىر ئادەم بولالىدىم ئەمەسمۇ؟- دەيتتىم. دادامۇ كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ:

— سىنى تەربىيىلەشتە ھەقىقەتەن جىق ئەجىر قىلدىم، مەن ساڭا بىلىم ئۆگىتىشكىلا ئەمەس، باشقا جەھەتلەردە تەربىيىلەشكىمۇ ئىنچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم. شۇڭا سەن كىچىككىدىن باشلاپلا ساغلام، تېتىك، جۇشقۇن، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ھەم ئەخلاق-پەزىلەتلىك بالا بولدۇڭ. مەن مۇشۇنداق بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلاتتىم، سەن كۈتكەن يېرىمدىن چىقتىڭ،- دەيتتى.

— سىزمۇ ئوبدان قىلدىڭىز، قەدىرلىك دادا،-دەيتتىم مەنمۇ.

روھىي جەھەتتىن تەربىيىلەش نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۈملىدىن ھېسسىيات جەھەتتىن، كىشىلىك پەزىلەت جەھەتتىن ۋە سەنئەت جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئالدى بىلەن تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان قابىلىيەت — مۇھەببەت قابىلىيىتى يېتىلىدۇ. دادام بۇ نۇقتىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ مېنى قەلبى مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان، مۇھەببەتكە باي، ھەم باشقىلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەم باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلالايدىغان ئادەم قىلىپ چىقىشنى ئۈيلىغان.

دادام «ئادەمدە مۇھەببەت قابىلىيىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ھاياتى بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ» دەپ قارىغان. ۋىكتور بىلەن ھېلىقى خىسلەتلىك بالىنى مىسالغا ئالايلى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە تەربىيىلىمەسلىكى تۈپەيلى ئۇلاردا مۇھەببەت قابىلىيىتى يېتىلمىگەن، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى، باشقىلارنى قانداق ياخشى كۆرۈشنى بىلمىگەن، نەتىجىدە ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان.

دادام ماڭا ئادەمنى ئاسرايدىغان، ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدىغان مۇھەببەت ھېسسىياتىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇ خىل ھېسسىيات ناھايىتى نازۇك،

ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. شۇنداقلا ھەم ئەڭ مۇلايىم ھەم ئەڭ كۈچلۈك، ھەم ئەڭ ئاجىز ھەم ئەڭ مۇستەھكەم، ھەم ئەڭ قۇدرەتلىك ھەم ئەڭ نەپىس بولىدۇ. بۇ خىل ھېسيات ئەقىل-پاراسەتكە ئەڭ باي بولۇپ، ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىدۇر. ئۇ خۇددى مۇزىكا ۋە سېھىرلىك ساھىبجامالغا ئوخشاش بالىنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بالىنىڭ يۈرەك تارىنى ئۈزلۈكسىز چېكىدۇ، بالىلارنى گەپ-سۆزگە، ياخشىلىققا، كۆيۈنۈشكە، سەمىمىيلىككە بارغانسېرى سەزگۈر قىلىدۇ.

مۇھەببەت تەربىيىسىنىڭ قۇدرىتى شۇ يەردىكى، مۇھەببەت ئادەمنىڭ ئالدىدىكى گۈزەل مەجبۇرىيىتى، مۇھەببەت — قەلب ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى، جۈملىدىن ئەڭ نازۇك مەنىۋى ھېس قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. قەلب ئارقىلىق بىراۋنى چۈشىنىدىغان بۇنداق قابىلىيەتنى تىل ئارقىلىق ئۆگەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت ئاتا-ئانا ئۈلگە بولۇپ، بالىغا ئۆگىتەلەيدۇ.

مانا بۇ، مۇھەببەت ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدۇر. شۇڭلاشقا، كېيىن بالىگىز بولۇپ قالسا، ئىش-ھەرىكىتىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. ئاتىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئاتا بولغۇچى ئوبدان ئۈلگە بولمىسا، بالىنى مۇھەببەت جەھەتتىن تەربىيىلەيمەن دېيىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۈلگە بولمىغاندا، شۇنداقلا ئاتا-ئانا بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغان، بىر-بىرىنى ئاسرايدىغان بولمىغاندا، بالىنىڭ سۆيۈشنى ۋە سۆيۈلۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

دادام مېنى مەنىۋى جەھەتتە تەربىيىلەشتە، مەندە جاسارەت ۋە چىدامچانلىق يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم بىر مەزمۇن قىلغان.

دادام ماڭا «جاسارەت بىزنى قورقۇنچاق خەۋپ-خەتەرگە ۋە ھېس قىلغان بالا-قازاغا قارشى تۇرغۇزىدۇ، شۇنداقلا دۈشمەنلىككە تولغان بۇ ھاياتىمىزدا جاسارەت ناھايىتى كارغا كېلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ مەنىۋى قورالغا بالدۇرراق ئېرىشىشىمىز كېرەك. قانچە بالدۇر بولسا، شۇنچە

ياخشى» دېگەندى.

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئادەم تەبىئىتىنىڭ قانداقلىقىمۇ ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. بىراق، تۇغما ئاجىز، قورقۇنچاق بالىلارنى تۇغرا تەربىيىلەش ئارقىلىق جاسارەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ كېلىشمەسلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بىراق دادام «بالىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، خېيىم-خەتەرنى زىيادە تەكىتلەپ، بالىنىڭ چېنىقىش پۇرسىتىنى قۇربان قىلىۋەتكەندە، بالىدا جاسارەت يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ» دەپ قارىغان.

جاسارەتنىڭ يېتىلىشىدە ئىنسانىنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى بىز گېرمانىيىلىكلەر تۇغما باتۇر كېلىمىز. بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ جاسارەتتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتنى يېتىلدۈرەلمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەب — ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇلاردا كىچىك ۋاقتىدا جاسارەت يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىغانلىقىدا. بەزىلەر دۈشمەن ئالدىدا قۇربان بولۇشتىن قورقمايدۇ، بىراق جاسارەت مۇشۇلا ئەمەس. چۈنكى بىز جەڭگاھتىن باشقا جايدىمۇ نۇرغۇن خەۋپ-خەتەرگە دۇچ كېلىمىز. گەرچە ئۆلۈم ئەڭ ۋەھىمىلىك ئىش بولسىمۇ، بىراق مەغلۇبىيەت، ئار-نومۇس ۋە نامراتلىقنىڭمۇ ۋەھىمىلىك تەرىپى بولىدىغان بولۇپ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان خەۋپ-خەتەردۇر. ھەقىقىي باتۇرلۇق، چىدامچانلىق تۇرلۇك خەۋپ-خەتەرگە ئۇچراشتىن تەييار تۇرۇشنى، ھەر قانداق كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندىمۇ قورقۇپ چېكىنمەسلىكنى، شۇنداقلا بۇ كېلىشمەسلىكلەرنىڭ مەسىلىلەرنى ئەقىلگە تايىنىپ تەمكىن ھالدا بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. دادام دائىم «مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن قىممىتى بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئادەمدە ھەر قانچە ئىقتىدار-بىلىم

بولغان تەقدىردىمۇ، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ» دەيتتى.

«باتۇرلۇق ۋە چىدامچانلىق ئادەمنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ، ئاجىز ۋە قورقۇنچاقلارنى كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدۇ» دېگەن قاراش ھازىرغىچە ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلدى، بۇ قاراش يەنە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ھەمراھ بولىدۇ.

قەدىمكى گېرمانىيىدە مۇنداق ياخشى بىر ئەنئەنە بار ئىدى: يەنى بالىلارغىمۇ چوڭلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. ئاقسۆڭەكلەر بالىلىرىنى باشقا قەلئەدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن ھەقىقىي چەۋەنداز بولۇشنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتەتتى. ئۇلار، بالا ئۆيدىن ئايرىلىپ، سىرتتا مۇشۇنداق مۇستەقىل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بىر چەۋەندازدا بولۇشقا تېگىشلىك ساپا ۋە بىلىمنى ھازىرلىيالايدۇ، دەپ قارايتتى. دېمەك، بالىنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش — نېمىس مىللىتىمىزنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى.

بۇلارنى ماڭا دادام سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ بۇ ئەنئەنىنى ناھايىتى قوللايتتى، شۇنداقلا ھازىرقى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىنى زىيادە قانات ئاستىغا ئېلىۋېلىشىدىن، بالىلاردا مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

بىر قېتىم، بىر توپ ئەسكى بالىلاردىن تاياق يەپ ئۆيگە كەلسەم، دادام، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ ھەل قىل دەپ تۇرۇۋالدى. ئاپام تىت-تىت بولۇپ:

— ئۇ دېگەن ئەسكى بالىلار تۇرسا! كارل بارسا، يەنە تاياق يەيدۇ. كارلنىڭ بۈگۈن تاياق يېدىم دېگىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ بۇنداق ئىشنى كىچىك بالا قانداق ھەل قىلالايدۇ؟ سىز بارمىسىڭىز، مەن بارىمەن!-دېدى.

— سىزمۇ بارسىڭىز بولمايدۇ! ئوغلىمىزنى يارىماس ئادەم بولۇپ قالسۇن دەمسىز؟-دەپ ئاچچىقلاندى دادام.

ــــ ياق!

ــــ خاتىرجەم بولۇڭ! ئوغلىمىز ناھايىتى قابىلىيەتلىك،-دېدى دادام ۋە ماڭا قاراپ:

ــــ كارل، بۇ ئىشنى چوقۇم ئۆزۈڭ ھەل قىلىشىڭ كېرەك. ساڭا ياردەم قىلماسلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ بىرىنچىدىن، ئۇلار كىچىك باللار ئىكەن، مەن چوڭ تۇرۇپ ئۇلارنى بوزەك قىلسام بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بىرەر ئىش بولسىلا مېنى ئىزدىسەڭ، يارىماس بولۇپ قالىسەن، كىچىكىڭدىن باشلاپ مەن ساڭا ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ ھەل قىل دېمىدىممۇ؟-دېدى.

ــــ شۇنداق دېگەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. بىراق ئۇلار كۆپ، مەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمەن. يەنە كېلىپ ھەر كۈنى ئاشۇ كوچىدىن ئۆتىدىغان تۇرسام، ئۇلارغا راستىنلا پۇل بېرەمدىمەن؟-دېدىم مەن سەل ئاغرىنىپ.

ــــ بۇ ئىش ساڭا ھەقىقەتەن تەس كېلىدۇ. سەن ھازىر كىچىك، شۇڭا يولۇققان قىيىن مەسىلىرىڭمۇ چەكلىك، بىراق سەن چوڭ بولغاندا، تالاي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىسەن. ئەگەر سەن ھازىر ئىشلارنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەنمەي، ھەممىلا ئىشتا بىزگە تايىنىۋالساڭ، كېيىن قانداق قىلىسەن؟ بىز ساڭا ئۆمۈرۋايەت ھەمراھ بولالامدۇق؟ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغۇدەك قابىلىيىتىڭنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن. ھازىر مۇھىم بولغىنى شۇكى، جىددىيلەشمە، كاللاڭنى ئىشلىتىپ كۆپرەك چارە تاپ. ئۆزۈڭ يالغۇز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن، بىراق سېنىڭ ئۇلارنىڭكىدىنمۇ ئەقىللىق كاللاڭ بار ئەمەسمۇ؟ ئويدانراق ئويلاپ باق، بىز ئىنسانلار شىر-يولۋاسلاردىن كۆپ ئاجىز، بىراق نېمە ئۈچۈن يەنە ئۇلاردىن غالىب كېلەلەيمىز؟-دېدى دادام.

دادامنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، مەن ئۆزۈم بىر چارە ئويلاپ چىقتىم. ئەتىسى مەن مەكتەپتىكى ئاشۇ باللارغا بوزەك بولغان نەچچە ئون بالا بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنى تازا سالدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن

ئىنگىست ۋە شوركىلىرى بىزنى بوزەك قىلالمايدىغان بولدى. مەن ۋە ھەمراھلىرىممۇ ئۇلارغا يولدىن ئۆتۈش ھەققى تاپشۇرمايدىغان بولدۇق.

دادام مەندە كىچىكىمدىن باشلاپلا مۇستەقىللىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئوبدان ئەھمىيەت بەرگەچكە، مەندە تەبىئىي ھالدا مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدىغان، باشقىلارغا قىلچە تايىنىۋالمايدىغان روھ ۋە كىشىلىك پەزىلەت يېتىلدى. ئۆز-ئۆزىگە يۆلىنىش، ئۆز-ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-مەغلۇبىيىتىگە، شان-شەرىپى بىلەن ئار-نومۇسىغا، ئىرىشكىنى بىلەن مەھرۇم بولغىنىغا يۆلىنىش — كىشىلىك ھاياتتا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يولدۇر، بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالغىلى بولمايدۇ.

تەربىيىلىنىشتىن ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئۆتۈش — تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى يول. دادام «تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى خاراكتېرى — باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش ۋە نوپۇزلۇقلارغا جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىش» دەپ قارايتتى. بۇ خىل مەنىۋى خاراكتېر ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ مەنبەسى، ئىجادىيەت قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەرلا تالانت ئىگىسى دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ. تارىختا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن داڭلىق زاتلار مۇشۇنداق مەنىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، قالتىس ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

دادام دائىم «بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا چاكىنا ئادەملەر بەك تولا، ئۇلار تۇرلۇك نوپۇزغا بويسۇنىدۇ، خەق نېمە دېسە، شۇنى دەيدۇ، ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى بولمايدۇ» دەيتتى. ئۇ مېنىڭ ئۇنداق چاكىنا ئادەم بولۇپ قېلىشىمنى خالىمايتتى. شۇڭا، دادام مېنى تۈرلۈك ئەمىر-مەرۇپلار بىلەن چەكلەپ قويمايتتى، مېنى نوپۇز-ئابروي ئارقىلىق تىزگىنلەشمۇ باسمايتتى.

دادام «مەن ئوغلۇمنى ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەپ چىقسام دەيمەن. چۈنكى ئىجادچانلىق — بىر ئادەمنىڭ

مۇنەۋۋەر ئىلىم ئەھلى، سەنئەتكار، ئالىم، سىياسىئون، ھەربىي قوماندان، ھەتتا سودىگەر، دېھقان بولۇشىدىكى ھازىرلاشقا تېگىشلىك روھتۇر» دەپ قارىغان.

دادام مېنى «تەربىيىلىنىشتىن ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئۆتۈش، يەنى ئۆز-ئۆزىگە يۈزلىنىش — بىردىنبىر چىقىش يولى» دېگەن ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلىگەن.

# ئون توققۇزىنچى باب

# تالانت ئىگىلىرى ــــ ئەتراپلىق تەلىم-تەربىيىنىڭ نەتىجىسىدۇر

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى

1810- يىلى 29- ئىيۇل  ھاۋا ئوچۇق.

بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىز كارسىلغا بارغاندا، پادىشاھ سىرتقا زىيارەتكە چىقىپ كەتكەنىكەن.

شۇڭا ۋەزىر لارست بىزنى كۈتۈۋالدى. ئۇ كارلنى دەسلەپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ قابىلىيەت ــــ تالانتىدىن گۇمانلانغانىدى. بىراق كارل بىلەن بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كارلغا قول قويدى.

ۋەزىر لارست كارلدىن ئۈچ سائەتچە ئىمتىھان ئالدى. ئۇ كارلدىن پەلسەپە، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىن بىر تالاي سوئاللارنى سورىدى. كارل بولسا بۇ سوئاللارغا بىر-بىرلەپ قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەردى.

ۋەزىر لارست ئاخىر كارلنىڭ نامىنىڭ بىكار تارقالمىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ: «دۆلىتىمىزدە شۇنداق ياخشى ئونىۋېرسىتېتلار تۇرسا، نېمىشقا كارلنى چەتئەلگە ئەۋەتىسىز؟» دېدى ۋە ئاتا-بالا ئىككىمىزنى لېيپزىگقا بارغۇزماي، دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدى.

ۋەزىر لارست كەچلىك زىياپەت تەييارلاپ، ئاتا-بالا ئىككىمىزنى ۋە ھۆكۈمەت ۋەزىرلىرىنى كۈتۈۋالدى. زىياپەتتىكى كىشىلەرمۇ كارلنى

سىناپ كۆرۈپ، قايىل بولۇشتى. كېيىنكى ئارقىلىق ئۇلار پادىشاغا بىزنىڭ لېيپزىگكە بارغۇزماي، دۆلەت ئىچىدىكى خالىغان ياكى گېيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشنى قارار قىلىشتى. بىراق مەن لېيپزىگ شەھەر پۇقرالىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۇلارنىڭ پىكىرىنى چىرايلىق رەت قىلدىم. پادىشاھنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشەلمىگەچكە، بىز يەنىلا لوخ كەنتىدە ئىچىمىز پۇشقان هالدا ساقلاپ تۇراتتۇق.

بۇگۈن بىز ۋېلفۇراد ۋەزىرىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

*پادىشاھ ئالىيلىرى جانابىڭىزنىڭ ئىستىپانامىسىدىن ۋە ئوغلىڭىزنىڭ ئاجايىپ تالانتىدىن ۋاقىپ بولدى. ئىلمىگە ھېرىسمەن پادىشاھ ئالىيلىرى مېنى يارلىق يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. جانابىڭىزنىڭ ئىستىپانامىسىگە بۇ يىلقى مىلاد بايرىمىدىن كېيىن رۇخسەت قىلىدىغان ۋە ئوغلىڭىز ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جانابىڭىزغا يەنە ئۆز كەسپىڭىزنى قىلىدىغان رايون بەلگىلەپ بېرىدىغان بولدى.*

*پادىشاھ ئالىيلىرى دۆلىتىمىز ئىچىدىمۇ مۇنەۋۋەر ئۇنىۋېرسىتېتلار بولغانلىقتىن، ئوغلىڭىزنىڭ چەتئەلگە بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، دۆلەت ئىچىدە ئوقۇسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقلا چەتئەلنىڭ ماددىي يارادىمىنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، بۇ يىلقى مىلاد بايرىمىدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ھەر يىلى 60 مارك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئوغلىڭىزنى گېيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇشقا يارلىق قىلدى.*

*ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى جانابىڭىزغا يەتكۈزگىنىمدىن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلىمەن ھەم ئوغلىڭىزنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىڭىزنى خالايمەن. گېيۇتتېنگېنغا كۆچۈپ كېلىش ئۈچۈن، بۈگۈندىن باشلاپ مىلاد بايرىمىغىچە بولغان ئىككى ئاي ئىچىدە ئىستىپا تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈۋالسىڭىز بولىدۇ.*

قارىغاندا، كارل بۇ يىل كۈزدىن باشلاپ گېيۇتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۆت يىل ئوقۇيدىغان ئوخشايدۇ.

خەتتە يەنە ئۇ تۆت يىل ئىچىدە ئوقۇيدىغان پەنلەرنىڭ

تىزىملىكىمۇ بار ئىدى. بىرىنچى مەۋسۇمدا قەدىمكى زامان تارىخى ۋە فىزىكا، ئىككىنچى مەۋسۇمدا ماتېماتىكا ۋە بوتانىكا، ئۈچىنچى مەۋسۇمدا ئەمەلىي ماتېماتىكا ۋە ناتۇرال ئىلمى، تۆتىنچى مەۋسۇمدا خىمىيە ۋە ئانالىتىكا، بەشىنچى مەۋسۇمدا ئۆلچەش ئىلمى، تەجرىبە خىمىيىسى، مېنېرالشۇناسلىق، دىيففىرىنسىئال ۋە ئىنتېگرال؛ ئالتىنچى مەۋسۇمدا ئەمەلىي گېئومېترىيە، ئوپتىكا، مېنىرالشۇناسلىق (ئالدىنقى مەۋسۇمنىڭ داۋامى)، فىرانسىيە ئەدەبىياتى؛ يەتتىنچى مەۋسۇمدا سىياسىي تارىخ، قەدىمكى زامان تارىخى (2-قىسمى)؛ سەككىزىنچى مەۋسۇمدا ئالىي ماتېماتىكا ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئانالىز خىمىيە، ئېتىكا، تىلشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرمۇ بار ئىدى. قانداق قىلسام بولار، كارل بەك كىچىك...

*   *   *

1810- يىلى 9- ئۆكتەبىر  هاۋا تۇتۇق.

ئۇنىۋېرسىتېتقا ئەمدىلا كىرىپ، ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى ناتونۇش بىلىنگەن بولسا كېرەك، كارل ئۇنىۋېرسىتېتتىمۇ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىش-ئېرىشەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلغاندەك قىلاتتى. بۈگۈن مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە:

— كارل، خېلى بولدى، گىتتار چالمايسەنغۇ؟- دەپ سورىدىم.

— چالغۇم يوق،- دېدى كارل.

— نېمىشقا؟

— ھازىر مەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم، بارلىق زېھنىمنى ئۆگىنىشكە قارىتىشىم كېرەك.

— گېپىڭگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا گىتتارنىڭ، مۇزىكىنىڭ كېرىكى يوقكەندە؟

— پوتونلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس. پەقەت شۇ ...
— مۇزىكا سەن ئوچۇن ئۇنچە مۇھىم بولماي قالدى، شۇنداقمۇ؟
كارل مىنىڭ بۇ سوئالىمغا جاۋاب بىرەلمەي، لام-جىم دىمەيلا بىشىنى تۆۋەن قىلدى.
— ساڭا دىگەنلىرىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ئۆزىمىزنى شاد-خۇرام ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتا. ئەگەر سەن ئۆگىنىشنى دەپ تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن مەھرۇم بولساڭ، ياشاشنىڭ يەنە نىمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟
— دادا، ئەمىسە سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولىدۇ؟
— ئەگەر سىنىڭ راستىنلا مۇزىكىدىن رايىڭ يانغان بولسا، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەڭ بولىدۇ. بىراق ئۇنى هازىرمۇ ياخشى كۆرسەڭ، هەر كۈنى گىتتار چىلىشنى مەشىق قىلىپ تۇر. چۈنكى بۇنداق قىلساڭ تىخىمۇ كۆپ، تىخىمۇ گۈزەل نەرسىلەرگە ئىرىشەلەيسەن،- دىدىم مەن.
بەلكىم ئۇ چۈشەنگەندۇ، ئادەم ئوچۇن ئۆگىنىش بولسىلا بولمايدۇ، ئادەم ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى كىرەك.

* * *

1810- يىلى 2- نويابىر هاۋا ئوچۇق.
كارلنىڭ ماتىماتىكا نەتىجىسى بەكلا ئەلا بولغانلىقتىن بولسا كىرەك، يىقىندا ماتىماتىكا پىروفىسسورى ماكسۋىل ئەپەندى ئائىلىمىزگە مىنىڭ يىنىمغا كەلدى. ئۇ ماڭا:
— كارل ۋىتىر ئەپەندى، ئوغلىڭىزنىڭ ماتىماتىكا جەهەتتىكى تالانتى باشقىلارنى بىسىپ چۈشىدىكەن. ئەگەر ئۇنى هازىردىن باشلاپ مۇشۇ جەهەتتە تەربىيىلىسەڭ، كىيىن چوقۇم داڭلىق ماتىماتىك بولۇپ چىقالايدۇ،- دىدى.

— سىز ماتېماتىكىدا مۇتەخەسسىسى، سۆزىڭىز ناھايىتى نوپۇزلۇق، ئەلۋەتتە. ئوغلۇمغا كۆيۈنگەنلىكىڭىزگە كۆپ رەھمەت. بىراق، كارلغا كېيىنكى كەسىپنى ھازىر تاللىغىلى سېلىش بەك بالدۇرلۇق قىلىدۇ،- دېدىم مەن.

— نېمىشقا؟ بالدۇرراق تەربىيىلەش ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئەمەسمۇ؟- دېدى پروفېسسور ماكسۋېل ئەجەبلىنىپ.

— مەن مۇنداق ئويلايمەن، كارل بۇ يىل ئەمدى 14 ياشقا كىردى. ئۇ كىچىكلىكىدە كۆپرەك بىلىم ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. قانداق كەسىپنى تاللاش، مېنىڭچە، 18 ياشتىن كېيىنكى ئىش. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھەممە بىلىمنى ئۆگىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا پايدىسى بار،- دېدىم مەن.

— سىز ئوغلىڭىزنىڭ داڭلىق ماتېماتىك بولۇشىنى خالىمامسىز؟ ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قالتىس تالانتى بار،- دېدى پروفېسسور ماكسۋېل.

— مېنىڭچە، كەسىپنى كارل ئۆزى تاللىشى كېرەك. 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئەگەر كارل يەنىلا ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرسە، مەن ئۇنى قوللايمەن. بىراق ھازىر بۇنىڭغا بالدۇرلۇق قىلىدۇ،-دېدىم مەن.

گەرچە پروفېسسور ماكسۋېلنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلغان بولسامۇ، بىراق ئۇ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاپ، مېنىڭ كۆز قارىشىمغا قوشۇلدى.

ئۆلۈشكۈن كارل ماڭا: «پروفېسسور ماكسۋېل ماڭا: ‹كارل، ئۇبدان ئۆگەن، مەن سېنى ساقلايمەن› دېدى» دېدى.

پروفېسسور ماكسۋېل ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق ئادەم ئىكەن. ئۇ مېنىڭ رەت قىلغىنىمغا ئاچچىقلاپ قالماي، ئەكسىچە ئۇستازلىق سۈپىتى بىلەن كارلنى ئىلھاملاندۇرۇپتۇ، ئۇ ھەقىقەتەن ئوبدان ئادەم ئىكەن.

بۈگۈن بۇ ئىش خىيالىمغا كېلىپ، پروفېسسور ماكسۋېلغا رەھمەت ئېيتسام بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

*      *      *

1812- يىلى 3- ماي    ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن كارلنىڭ پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى كارلنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشى ۋە ئىلگىرىكى تەربىيىلىنىش ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن بىزنىڭ گيۇتتىپنگېندىكى ۋاقىتلىق تۇرالغۇمىزغا كەلدى.

ئۇقۇتقۇچىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن كارل بەكلا خوش بولدى. ئۇ ئۇقۇتقۇچىسىنى قىلچە يات كۆرمەي، قىزغىن مۇئامىلە قىلدى.

بىراق ئوقۇتقۇچىسى كارلغا دېگەندەك قىزغىن بولمىدى، ئۇ خۇددى كۆرۈنمەس بىر كۈچ تىزگىنلەۋاتقاندەك، قاپىقىنى ئېچىپ ئولتۇرمىدى.

گەرچە مەن ئادەتتە خۇشچاقچاق ئادەم بولسامۇ، بىراق بۈگۈن سىپايە بولۇپ، باشتىن ئاخىر تەكەللۇپ قىلىپ تۇردۇم.

ئوقۇتقۇچىسى كەتكەندىن كېيىن، كارل ئەجەبلەنگەن ھالدا ماڭا:

— دادا، بۈگۈن سىز سەل باشقىچىرەك تۇرىسىزغۇ،- دېدى.

— قانداقسىگە شۇنداق ئويلاپ قالدىڭ؟ مەن كۆندىكىگە ئوخشاشقۇ،- دېدىم.

— ئادەتتە ئوچۇق-يورۇق ئىدىڭىز، بىراق بۈگۈن چىرايىڭىز ئېچىلمىدىغۇ؟

— ئوقۇتقۇچىڭىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇمۇ قاپىقىنى ئاچماي ئولتۇردىغۇ.

— ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇ بىزنى ياقتۇرمىسا، نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىدۇ؟ كەلگەندىكىن، يەنە نېمە دەپ قاپىقىنى ئاچماي ئولتۇرىدۇ؟

ئۇ بىرەر ئىشتىن خاپا ئەمەس، بەلكى بىز بىلەن ناتونۇش، شۇڭا بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇش بولمىغاچقا،

مۇئامىلەمۇ ئادەتتىكىدەك بولدى.

قىزىق ئىشقۇ بۇ! يۇرتىمىزدىكى چاغدا كىشىلەر تونۇش بولسۇن-بولمىسۇن، قىزغىن سالاملىشاتتى. بىراق گېرمانىيىدە كىشىلەر نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

ئوغلۇمنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نازۇك بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردۈم:

بىز بۇرۇن سەھرادا تۇرغان، كىشىلەرنىڭ ئوي-خىيالىمۇ ئۇنچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى، بۇ بىر پاكىت. بىراق بىز ھازىر شەھەردە تۇرۇۋاتىمىز، مۇھىت ئوخشىمايدۇ، شۇڭا بەزى تەرەپلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تەبىئىي. باشقىلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىش توغرا، ئەلۋەتتە. بىراق ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى بەك مۇرەككەپ، بەزىلەرنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئارىلىشىشتىكى مەقسىتى ۋە غەرىزىنى سەن بىلەلمەيسەن. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا، بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى توغرا بىلىش ئۈچۈن، كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك. ئۆزۈڭ چۈشەنمەيدىغان ياكى تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئالاقىدە دىققەت قىلىشىڭ، ئىشنى بەك تېز ياكى بەك ئاشۇرۇپ قىلماسلىقىڭ كېرەك. بۇنىڭ ئۆزۈڭگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ پايدىسى بار.

مېنىڭچە، كارل يۇقىرىقى گەپلىرىمنى پۇتۇنلەي چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، بىراق مەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ كەلگۈسى ھاياتىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۈم.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باھاسى

1852- يىلى 28- نويابىر ھاۋا ئوچۇق.

ئۇنتۇۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا دادامنىڭ ماڭا ئېيتقان «مۇئەللىم تەلىم-تەربىيە ساڭا پەقەت بىلىملا بېرەلمەيدۇ، بىراق مەنىۋى ھاياتى كۈچ ۋە ئىجادىيەت قابىلىيىتى ئاتا قىلالمايدۇ. شۇڭا، سېنىڭ بىلىمنى مۇستەقىل تەتقىق قىلىش بىلەن ئىگىلەش ئۇتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇندىلا نەتىجە يارىتالىشىڭ مۇمكىن. بىلىم ئۆگىنىشتىكى ئاخىرقى مەقسەت — ئەقىل-پاراسەتكە ئېرىشىش. بۇمۇ مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئەڭ چوڭ ئۈمىدىم. سېنى پاراسەتلىك ئادەم بولسىكەن دەيمەن» دېگەن نەسىھىتى ھېلىھەم ئېسىمدە.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىۋېرسىتېت بىلىملىكلەر يىغىلغان جاي. بۇ جايدا ھەممىلا ئادەمدە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئارتۇقچىلىق بولىدۇ، بىراق بۇ ھەممىلا ئادەم سىزنىڭ ئۇستازىڭىز بولالايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. دادامنىڭ ماڭا ئېيتقان «مەن سېنىڭ بىرىنچىدىن، روھىي جەھەتتىن يېتەكلىنىدىغان بولۇشىڭنى؛ ئىككىنچىدىن، جاھاننىڭ ئەلمى-تەلىمىنى ئوبدان بىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئىككى شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەنلەر لاياقەتلىك ياش ئۇستاز بولالايدۇ» دېگەن نەسىھىتىمۇ ئېسىمدە.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئېھتىياتچان بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — جاھاننىڭ ئەلمى-تەلىمىنى ئۇزۇل-كېسىل چۈشىنىشتۇر. مەن بۇنىڭدا زور ئەقىل-پاراسەت بولىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ ئەقىل-پاراسەتكە مۇنداقلا تەپەككۇر قىلىپ ياكى كىتابنى كۆپرەك ئوقۇش بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

روھىي جەھەتتىن يېتەكلىنىش تېخىمۇ مۇھىم، چۈنكى بۇ،

ئىلمگە ئېرىشىشنىلا ئەمەس، كىشىلىك ھايات يولىدا ئېرىپ-تېرىپ كەتمەسلىكنى ياكى نىشانىدىن ئادىشىپ قالماسلىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، روھىي جەھەتتە مەكتەپكە باغلىنىۋالماسلىقمۇ ئۇستازلارنىڭ ھەقىقىي مەسلىسىگە، يەنى قانداق ئادەم بولۇش مەسلىسىگە ئايلاندى. ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقىش-چىقماسلىق بىر ئادەمنىڭ ئۇستاز بولۇش-بولالماسلىقىدىكى بىردىنبىر ئۆلچەمدۇر.

بۇ جەھەتتە دادامنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى قەدىناس دوستى فېستالوزنى (چۈنكى دادام ئۇنىڭ بىلەن بۇۋېسىدا بىر قېتىملا كۆرۈشكەن) ئۇستاز دېسەم بولىدۇ. مەن فېستالوزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، ئۇنىڭ «تەلىم-تەربىيە ئادەمنىڭ مۇكەممەل تەرەققىي قىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن ماقالىسى ماڭا بەكرەك تەسىر قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدە مۇنداق يازغان:

*«مۇھىم ئامىل ئۇسۇلى» مەسلىسى ئادەمنىڭ ئىقتىدار-قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ بىردەكلىكى دېگەنلىكتۇر. مەن بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى ئازدۇر-كۆپتۇر ھېس قىلدىم ۋە كېيىنكى ئۆمرۈمدە زېھنىمنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا سەرىپ قىلدىم.*

*بۇ ئۇسۇلنىڭ مەزمۇنىنى بىلمەكچى بولساق، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تۇغما ماھىيىتى نېمە؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟ شۇنىسى ئېنىقكى، بىز ئىنسانلار بىلەن باشقا ھايۋانلاردىكى ئورتاق ئىقتىدار-قابىلىيەتلەر ھەرگىزمۇ ئىنساندىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسە ئەمەس. ئىنسان ماھىيىتى ئۇلاردا ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە قابىلىيەت ۋە زېھنىنىڭ بارلىقىدا ئەمەس، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئوڭاي چىرىيدىغان جىسمىدا ئەمەس ۋە ياكى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تەلىپىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنساندىكى ئەخلاق ۋە دىنىي ئېتىقاد قابىلىيىتى، ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئەمەلىيەت قابىلىيىتىدە. بۇلار ئىنسان تەبىئىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.*

*شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «مۇھىم ئامىل مېڭىسى» مەسلىسى تەبىئەت*

قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئىنسان مېڭىسى، قەلبى ۋە پۇت-قوللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىدۇر.

تەبىئەت بىلەن ماسلىشىش دېگەنلىك، ئۆزىمىزدىكى ھايۋانلارغا خاس تەبىئەتنى ئۆزلۈكسىز تۈردە تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى، ئىنسانغا خاس تەلەپكە (بۈيۈكلۈك مۇشۇ خاس تەلەپ سۈپىتىدە ئىنساننىڭ ئاساسى تەبىئىتىنىڭ بىرى بولۇپ مەۋجۇت بولىدۇ) بويسۇنۇش دېگەنلىكتۇر. يىغىنچاقلىغاندا، ئىنسان جىسمىنى قەلبكە بويسۇندۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

چوڭقۇرلاپ ئېيتساق، بۇ تەرەققىيات جەريانىدىكى ماھارەت ئارقىلىق ئەۋج ئالدىغان ھەربىر ئۇرۇنۇش تەبىئەت ئىرىشكەن جانلىق، ئېنىق تۈيغۇلارنى ھەل قىلغۇچ شەرت قىلىشى كېرەك.

بۇ جەريان تۈرلۈك ئىقتىدار-قابىلىيەتلەردىن شەكىللەنگەن تۇراقلىق قانۇنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بۇ قانۇنىيەت ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىرخىل كۈچ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. پۇرسەت كەلسىلا، بۇ كۈچ بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. بۇ باشقا خاراكتېردىكى نەرسە بولماستىن، بەلكى يوشۇرۇن كۈچ-قۇدرەتتۇر.

«مەن بولالايمەن» دېگەن بۇ تۈيغۇ يۈكسىلىشنىڭ شەرتى بولۇپ، بىر ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىر قانۇنىيەتتۇر. بىراق بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئالاھىدە شەكلى باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىقتىدارلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. گەرچە بۇ قانۇنىيەتنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولۇپ كەتسىمۇ، بىراق بىردەكلىكىنى يوقاتمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بىردەكلىكتىن — ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىردەكلىكىدىن باشلىنىدۇ. ئىقتىدار-قابىلىيەتلەر ماس بولالىغاندىلا، ئۇلار ئىنسان تەبىئىتى بىلەن بىردەك بولالايدۇ. ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىدىغىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئاشۇ سۆزلا («مەن بولالايمەن» دېگەننى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن) بىر چۈشىنىدىغان تەلىم-تەربىيىنىڭ مەنىسىنى ھازىرلىغان. تەلىم-تەربىيە پۇت-قول، قەلب ۋە مېڭىگە چېتىلىدۇ. مەلۇم بىر تەرەپكىلا ئېغىپ كەتكەندە، رازى بولغۇدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىر تەرەپتىكى قابىلىيەتنىلا (مېڭە ياكى قەلب ياكى

*پۈت-قول) تەرەققىي قىلدۇرغاندا، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ. بۇ غەيرىي تەبىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق بىر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەخلاقىي ۋە دىنىي جەھەتتىلا تەربىيىلەش ياكى ئەقلىي جەھەتتىلا تەربىيىلەش خاتا.*

*ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنىلا كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش خاتا ھەم نورمالسىزلىقتۇر. بۇ خۇددى مېس تۇرۇبىنى پۈۋلەپ، چوڭ جاڭنى ئۇرۇپ چىقارغاندا چىققان قۇرۇق، چىن بولمىغان ئاۋازغا ئوخشايدۇ. تەلىم-تەربىيە ئىسمى-جىسمىغا لايىق بولۇشى، ئادەمنىڭ تولۇق ئىقتىدار-قابىلىيىتىنى ئەتراپلىق، مۇكەممەل تەرەققىي قىلدۇرۇشى زۆرۈر.*

*ئىنسان قابىلىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى قەۋمىنىڭ مۇقەددەس ۋە مەڭگۈلۈك تۇغما ئىقتىدارىدۇر. بۇ خىل پۈتۈنلۈككە ئەھمىيەت بېرىش تەلىم-تەربىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ئاساسلىق شەرتتۇر. «پەرۋەردىگار ئۇنى بىرىكتۈرۈپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرغان، ئۇنى ھېچكىم پارچىلىۋەتمىسۇن». تەلىم-تەربىيىدە كىمكى بۇ پرىنسىپقا سەل قارايدىكەن، مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللانسۇن، تەربىيىلەپ چىققىنى كەمتۈك ئادەم بولىدۇ، بۇ خىل ئادەملەردىن رازى بولغۇدەك بىرەر نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.*

مەلۇم بىر جەھەتتىلا ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئۇنداق كىشىلەر ئۆز-ئۆزىنى قايمۇقتۇرۇشىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بىلمەيدۇ.

تولۇق تەلىم-تەربىيە ئۇلارنى قاتتىق چۈشەپ قويغان. مەيلى ھېسسىيات جەھەتتە زىيادە تەرەققىي قىلدۇرۇش بولسۇن ياكى ئەقلىي جەھەتتە زىيادە تەرەققىي قىلدۇرۇش بولسۇن، بۇنداق تەڭپۇڭسىزلىق ئاخىر بېرىپ مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدۇ.

ئائىلە ۋە پۇقرانىڭ بەختلىك بولۇشى مەنىۋىي ئامىلغا تايىنىدۇ. مەنىۋىي ئامىل بولمىسا، ئائىلە ۋە پۇقرا تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشى قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە تولۇق ناچار پەزىلەت، ساغلام بولمىغان ھېسسىيات، تەگسىز كەيپىيات ۋە ھەرخىل ئىختىلاپلار پەيدا بولىدۇ.

كىشىلەر مېنى تالانت ئىگىسى دەپ تەرىپلەيدۇ. بىراق تالانت ئىگىسىنىڭ ئەتراپلىق تەلىم-تەربىيىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى مەن، دادام، ئاپام ئۈچىمىزلا بىلىمىز.

مەنمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بالىلارنى بىر تەرەپلىمە تەربىيىلىگەنلىكىنى كۆرگەن.

ئۇلار بالىلىرىغا پەقەت بىر تۈرلۈك بىلىمنىلا ئۆگىتىدۇ، جىق ئۆگەتسەم ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قاراش خاتا. مېنىڭچە، تۈرلۈك بىلىملەر باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇ بىلىملەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەلۇم خىل مۇناسىۋەت مەۋجۇت. بىر تۈرلۈك بىلىمنىلا ئۆگەتكەندە، بالىنىڭ نەزەر دائىرىسى تار دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ.

بىر نەرەپلىمە تەربىيىلەش نەتىجىسىدە بالا پەقەت بىر نەرسىنىلا بېرلىپ ئۆگىنىدۇ، قىممەتلىك بالىلىق دەۋرىمۇ ئاشۇ بىر نەرسىگىلا قارىتىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا بالا مەلۇم بىر ساھەدە گەۋدىلىك نەتىجە يارىتالايدۇ، بىراق باشقا جەھەتلەردە بولسا گومۇشقىلا ئوخشاپ قالىدۇ.

بۇنداق بالىنى «تالانت ئىگىسى» دېيىشكە بولامدۇ؟ ئەگەر ئاشۇنداق دېگىلى بولىدۇ دېيىلسە، بۇ، كىشىلەرنىڭ «تالانت ئىگىسى» دېگەن بۇ سۆزنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر گېزىتىدە خىسلەتلىك بالا توغرىسىدىكى بىر خەۋەرنى كۆرگەنىدىم. گېزىتتە دېيىلىشىچە، بۇ بالا ئالتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، رەسىم سىزىشتا پەۋقۇلئاددە تالانتى بار ئىكەن، ئۇ ئادەمنى شۇنداق ئوخشىتىپ سىزالايدىكەن، ئادەم بەدىنىنىڭ قورۇلمىسى ۋە نۇرنىڭ چۈشۈشى قاتارلىقلارنى رەسىمدە ئېنىق توغرا ئىپادىلىيەلەيدىكەن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى دەپ ماختاشقان ھەم بۇ بالىنى كەلگۈسىدە چوقۇم داڭلىق سەنئەتكار بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقان. گەرچە بۇ بالىنىڭ رەسىم سىزىش جەھەتتە قالتىس تالانتى بولسىمۇ،

بىراق باشقا جەھەتتىكى ئىپادىسى ئادەتتىكىچە ئىكەن. بۇ، ئۇنىڭ تالانتىنىڭ تۇغما ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ئىش مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. ئەگەر ئۇ بالىنى تالانت ئىگىسى دەپ قارىساق، دادامنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىدىيىسى زەربىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى دادامنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

بىر كۈنى، مەن بىر پسىخولوگ سۈپىتىدە ئاشۇ بالىنى ۋە ئۇنىڭ دادىسىنى زىيارەت قىلىپ باردىم.

بالىنىڭ دادىسى مېنىڭ كەلگەنلىكىمدىن بەك خۇشال بولدى ۋە ئوغلىغا يېتەكچىلىك قىلىشىمنى ئۆتۈندى.

بۇ خىسلەتلىك بالىنىڭ «رەسىم ئۆيى»دىكى تاملارغا تۈرلۈك رەسىملەر ۋە زىننەت بويۇملىرى ئېسىلغان بولۇپ تۈرلۈك گەج قېلىپلار تۇراتتى. ئادەم بەدىنىنىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈش سىخېمىسىمۇ بىر تامغا ئېسىپ قويۇلغانىدى.

بالىنىڭ دادىسى بىر تالاي كۆرگەزمىلەرگە قاتنىشىش كېنىشكىسى ۋە تەقدىرنامىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بالام ئېرىشكەن» دېدى كۆرەڭلەپ.

بىراق مەن بالىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئالدىدىكى تامغا مىدىر قىلماي قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا:

ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟- دەپ سورىدىم. بالىنىڭ دادىسى:

ئۇ چوقۇم تەپەككۇر قىلىۋاتىدۇ،- دېدى.

تەپەككۇر قىلىۋاتىدۇ؟ نېمىشقا بۇنداق ئۇسۇلدا تەپەككۇر قىلىدۇ؟

راستىنى ئېيتسام، گېزىتتىكى ھېلىقى خەۋەرلەرنى پۈتۈنلەي راست دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئوغلۇمنىڭ ئىقتىدارىنى تۇغما تالانتتىن كەلگەن دېيىشىدۇ. بىراق مەن ئۇنداق قارىمايمەن. خۇددى سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزدەك، بالىدىكى ئىقتىدارنىڭ كېيىنكى تەربىيە ئارقىلىق يېتىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن. شۇڭلاشقا، مەن

ئوغلۇمنى داڭلىق رەسسام قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەلدىم. سىزمۇ كۆردىڭىز، ئوغلۇمنىڭ رەسىم سىزىشنى ئۆيلىمايدىغان ۋاقتى يوق. ئۇنىڭ نەتىجىسى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشىدىن كەلگەن.

ئۇنداقتا ئوغلىڭىز رەسىم سىزغاندىن باشقا، يەنە نېمە ئۆگىنىدۇ؟

رەسىم سىزىش ئوغلۇمنىڭ ھەممە ۋاقتىنى ئىگىلىگەن، شۇڭا باشقا نەرسىلەرنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ، مېنىڭچە زېھنىنى بىر تەرەپكىلا قاراتقاندا، ئاندىن ئازتولا نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. رەسسام بولۇشنى ئويلىغاندىكەن، ئازتولا قۇربانلىق بېرىشى كېرەكتە.- دېدى بالىنىڭ دادىسى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بالىنىڭ نېمىشقا ئۇنداق غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندىم. تولا ئېيتسام، ئۇ بالىنىڭ ئىپادىسى گومۇشلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بالا دادىسىنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملاشقان «مەجبۇرى تەربىيىسى»دە رەسىم سىزىشنىلا بىلىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى بىلمەيدىغان ماشىنىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ بالىنىڭ ساۋادى يوق بولۇپ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتى، رەسىمدىن باشقا ھېچقانداق قىزىقىشى يوق ئىدى. بۇ بالىنىڭ (لىسمېرنىڭ) ئالغان تەربىيىسى پۈتۈنلەي تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالغانلىق ئىدى. مەن شۇ چاغدا، بۇ بالا ھەرگىزمۇ ھەقىقىي بىر سەنئەتكار بولالمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدىم.

دەرۋەقە، ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندە، بۇ بالىدىكى «تالانت»تىن ئەسەرمۇ قالمىدى، كىشىلەرمۇ بۇ «تالانت ئىگىسى»نىڭ ھېچقانداق نەتىجىسىنى كۆرەلمىدى، كېيىن بۇ بالا راستىنلا كاللىسى ئوبدان تەرەققىي قىلمىغان بىر گومۇش ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.

بالىغا ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش — بىردىنبىر توغرا يول.

بىز دائىم كىشىلەرنىڭ بالىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەقلىي پائالىيىتىگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن، بالىنى تىل، مۇزىكا، يېزىق،

رەسىم قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيلىگەنلىكىنى كۆرىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەر بالىغا ئادەم بولۇشتىكى زۆرۈر پەزىلەتلەرنى ياكى پوزىتسىيىنى سىڭدۈرىدۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى، تەكىتلىشى يېتەرلىك ئەمەس، ھەتتا بەكلا ناچار.

ئادەم بولۇشتىكى پوزىتسىيە تىلغا ئېلىنسا، بەزىلەر ئۇنى ئادەمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ياكى قىممەت قارىشى دەپلا قارايدۇ، ئەمما بۇ پوزىتسىيەنىڭ كونكرېت مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا بەزىلەر «بالىلاردا ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى ھازىرلانمىغان تۇرسا، ئاتا-ئانىلار سۇبيېكتىپ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى بالىغا زورىغا سىڭدۈرسە مۇۋاپىق بولامدۇ؟» دەپ گۇمانلىنىدۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە، بىز رېئاللىققا قايتىدىغانلا بولساق، ئادەم بولۇشتىكى پوزىتسىيىنىڭ پەقەت كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مۇرەككەپ، چۈشىنىكسىز نەرسىلا ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەممىلا ئادەمدە كىشىلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئەقەللىي ئۆلچەم بولىدۇ. ئىدىيىسى، ئوي-خىيالى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇمۇ «بۇ، ئادەم بولۇشنىڭ تۈپ پرىنسىپى» دېگەن خىياللارنى قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھايات قىممەتلىك، شۇڭا ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك؛ ئۆزىمىزنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ كۆيۈپ ئويلىشىمىز كېرەك؛ ھەممىلا ئىشتا باشقىلارغا تايىنىۋالماستىن، ئۆزىمىزنىڭ كاللىسىنى ئىشلىتىش كېرەك قاتارلىقلار ئادەم بولۇشتىكى ئەقەللىي پرىنسىپلاردۇر.

بەزىلەر «بۇ پرىنسىپلار بىمەنە چەكلەشقۇ» دېيىشى مۇمكىن. بىراق ئوبدانراق ئويلىغاندا، مۇرەككەپ بۇ جەمئىيەتتە ھەممىلا ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزى ئۆلگە بولسا، ئاشۇ پرىنسىپلار بويىچە ئىش قىلسا، ھەممىلا ئادەمنىڭ تېخىمۇ بەختىيار، تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ياشىيالايدىغانلىقىغا سىزمۇ ئىشىنىسىز.

مېنىڭچە، ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ چوڭ ئىشىمۇ مۇشۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇنداق قىلىش ئۇنچە تەسمۇ ئەمەس. ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا ئۇنداق قىلمىساڭ بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇنداق مۇھىم دەپ چۈشەندۈرۈشى ھاجەتسىز. ئاتا-ئانا بولغۇچى بالا تۆرەلگەندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ئۈلگە بولسا، ئادەم بولۇشنىڭ ئەقەللىي پرىنسىپلىرىنى بالىغا ۋاقتىدا سىڭدۈرسىلا بولىدۇ.

بۇنداق بولغاندا، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىنى تەبىئىيلا چۈشىنىدۇ، ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بالا ئادەم بولۇشنىڭ ئاشۇ پرىنسىپلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئادەتلىنىدۇ ۋە قىلچە گۇمانىي پوزىتسىيىدە بولمايدۇ ھەمدە تەبىئىي ھالدا نورمال ئادەمگە ئايلىنىدۇ. مانا بۇ، ئەڭ مۇۋاپىق تەلىم-تەربىيە ھېسابلىنىدۇ.

بالىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ئادەتلەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى شۇ بالا ئۈچۈن ئۇنتۇلماس، ئۆزگىچە تەلىم-تەربىيە بولىدۇ، شۇنداقلا بالىنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ مول، تېخىمۇ مۇكەممەل مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

بالىنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. بىراق بالىسىغا كۆيۈنىدىغان ھەم ئەجىر قىلىشنى خالايدىغان ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان، توغرا، ئەتراپلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلى بويىچە بالىنى تەربىيىلەپ، ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالايدۇ ۋە چەكسىز خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ. مېنىڭ دادامغا ئوخشىمايدىغان يېرىم شۇكى، مەن يۇمۇرىستىك بولۇشقا ۋە تەگدىشى يوق بولۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمەن. بالىلارنى ئۈمىدۋار قىلىش ۋە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، يولۇققان قىيىنچىلىق-توسالغۇلارغا ياكى ئادەمنى مەيۈسلەندۈرىدىغان ئىشلارغا يۇمۇرىستىك بولۇش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىشلار دائىم ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇۋەرمەيدۇ، شۇڭا بەزىدە

باشقىلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا مۇھتاج بولىمىز. يۇمۇرىستىك بولۇشنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى زور ئىلھاملاندۇرۇشتۇر. ئەمەلىيەتتە، ھاياتىمىزدا يۇمۇرىستىك بولۇش — ئوقۇ-ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم بىر ۋاسىتە. يۇمۇرىستىك بولۇش بالىلارنىڭ بىرەر ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشىغا پايدىلىق.

دۇنيا رەھىمسىزلىككە تولغان، كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى غەم-ئەندىشىگە پاتقان بولسا، بەزىلىرى چۈشكۈنلۈككە ۋە پۇشايمانغا پاتقان. شۇڭلاشقا، بالىڭىزدا يۇمۇرىستىك تۇيغۇ يېتىلدۈرۈڭ.

تەڭدىشى يوق بولۇش بىر خىل قىممەت، بىر خىل يۈكسەك نىشان. بالا ئۆزىنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۆزئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ كۆرىدۇ. سۆز-ھەرىكىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەتراپلىق، ساغلام تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەل ھەم بەختىيار ئادەمگە ئايلىنىشىنى، دۇنيادا تەڭدىشى يوق بولۇشنى تېخىمۇ خالايدىغان بولىدۇ.

# يىگىرمىنچى باب

# تەلىم-تەربىيىدىن ئېرىشىدىغان بەخت

## چوڭ كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

1814- يىلى 10-ئاپرېل هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن. بۈگۈن ئوغلۇم كارل پەلسەپىدىن دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

بۇيىل ئاپرېلدا كارل ۋىتىسلاغا ساياھەتكە بارغاندا، گىسون ئۇنۋېرسىتىتىنى زىيارەت قىلغانىدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى پەلسەپە پروفېسسورلىرى ئىلمى ساھەدىكى تۆرلۈك مەسىلىلەر توغرىسىدا كارل بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى (بولۇپمۇ 1812- يىلى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىنىڭ قىممىتىنى) ئېتىراپ قىلدى. مەكتەپ مۇدىرى خېلىلا مالىي دوكتۇر كارلغا پەلسەپە ئىلمى بويىچە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى بەردى. بۇ ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق چوڭ بىر ئىش ئىدى.

بۈگۈن 10- ئاپرېل.

بۈگۈن كارل پەلسەپىدىن دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

*　　*　　*

1814- يىلى 3-ماي　هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن خانوۋېردىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ كارلنى نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

كارل بۇنىڭدىن ئىلگىرى ساتۋېدىلدا ماتېماتىكىدىن لېكسىيە سۆزلەپ، ناھايىتى ياخشى باھاغا ئېرىشكەن ئىدى. بۈگۈنمۇ كىشىلەر كارلدىن ماتېماتىكا مەسىلىلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

نۇتۇق ئاڭلاشقا شەھەردىكى بارلىق زىيالىيلار قاتناشقان ئىدى. ئوغلۇم كارل نۇتۇقنى نېمىس تىلىدا راۋان ۋە ئېنىق قىلىپ سۆزلىدى. كارل بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ناھايىتى كەچ ئارام ئالغانىدى، يەنە كېلىپ، تەييارلىق قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. شۇڭلاشقىمىكىن تاڭ، كارل سۆزلەۋاتقاندا بەزىلەر گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭدا تېزىس بار-يوقلۇقىغا كەينىدىن ماراپ قارىدى. ئۇلار كارلنىڭ تېزىس تۈزۈۋالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھەيران قالدى.

كارل بۇنى سېزىپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، مۇنبەردىن ئايرىلىپ سۆزلىدى. بۇ چاغدا ئاڭلىغۇچىلار تېخىمۇ قىزغىن ئالقىش ياگراتتى.

كارل قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە نۇتۇقنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ تالانتىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئىلگىرى ئۈستىگە ئالغاندىنمۇ كۆپرەك ئوقۇش پۇلى بىلەن تەمىنلىدى.

مېنىڭ چوڭ بىر ئىشىممۇ ھەل بولدى، چۈنكى ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن مەن باش قاتۇرۇۋاتاتتىم. بۈگۈن كارلنىڭ ئىپادىسىمۇ ھەقىقەتەن مېنى خۇش قىلىۋەتتى.

* * *

1814- يىلى 8-ئۆكتەبىر هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەن داڭلىق پېداگوگ فېستالوزنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ گېرمىتتىن كارل توغرىسىدىكى تۇرلۇك خەۋەرلەرنى كۆرۈپ، مېنى تەبرىكلەپ خەت يازغانىكەن. مەن ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلەپ، قەلبىم هاياجانغا تولدى ...

ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ فېستالوزغا: «بالىنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان، يۇكسەك پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش - هەربىر ئاتا-ئانىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا ئاتا-ئانىلارغا قويۇلىدىغان بىر ئاساسىي تەلەپ. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش — بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى ...» دېگۈم بار.

مەن بەختلىك.

## كىچىك كارل ۋىتېرنىڭ باهاسى

1852- يىلى 30- نويابىر هاۋا ئوچۇق.

دادامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە بېتى سارغىيىپ، چىرىپ كەتكەنىدى. خاتىرىنى ئاستا ۋاراقلاۋېتىپ، ئۇنىڭغا قىستۇرۇلغان بىر پارچە خەتكە كۆزۈم چۈشتى. خەتنى ئاچتىم. خەتكە مۇنداق يېزىلغانىدى:

*بۇنىڭدىن 14يىل ئىلگىرى بۇۋېسىدا سىز بىلەن تەلىم-تەربىيە مەسىلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكەنلىكىم ھېلىھەم ئېسىمدە. شۇچاغدا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئالاھىدە تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىڭىز ئارقىلىق بالىڭىزنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ چىقىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز. مانا 14يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە،*

*ئوغلىڭىز ئالغان تەلىم-تەربىيىنىڭ سىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشى بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن.*

*بىراق، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر بۇنىڭ سىزنىڭ تەلىم-تەربىيىڭىزنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشى، ياكى بولمىسا، بۇنى ئوغلىڭىزنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مەن سىزنىڭ تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىڭىزنى تەپسىلىي يېزىپ ئېلان قىلىشىڭىزنى، شۇنداقلا تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىڭىزنىڭ بارلىق بالىلارنى ياخشى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش، ئويلىنىپ باققايسىز.*

*سىزنىڭ چاكىرىڭىز ۋە دوستىڭىز فېستالوزدىن*

*1814- يىلى 9- ئاينىڭ 4- كۈنى ئىفارتون*

ئەسلىدە بۇ، فېستالوزنىڭ دادامغا يازغان خېتى ئىكەن. ئوقۇپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىم ياشقا تولدى. فېستالوز ۋە دادام مەندەك بىر ئەقلىي ئاجىز بالىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن قانچىلىغان يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغاندۇ...

كونۋېرتتا بۇ خەتتىن باشقا يەنە، فېستالوزنىڭ ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ دادامغا ئەۋەتكەن بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسىمۇ بار ئىدى. ماقالىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

*مەن نېمە ئۈچۈن جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە بالدۇرراق ئەھمىيەت بېرىشنى زىرىكمەي تەكىتلەيمەن؟ بۇنىڭدىكى سەۋەبنى سىزگە چۈشەندۈرۈشۈم زۆرۈر. شۇنداقلا سىزگە شۇنى ئەسكەرتىشىم كېرەككى، مېنىڭ بۇ ئىشلارنى ئويلىشىمدىكى سەۋەب تېخىمۇ يۇقىرى بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈندۇر. يەنى، ئىنساننى پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان تۇرلۇك ئىقتىدار-قابىلىيەتتىن بىمالال ۋە تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەمدە بۇ ئىقتىدار-قابىلىيەتلەرنى ئىنساننى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، ئىنسان ئۆزىگە خاس سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان، ئەقىللىق، ھەممىگە قادىر*

پەرۋەردىگارنىڭ قۇرالى بولالايدۇ. مانا بۇ، تەلىم-تەربىيىنىڭ ئىنسانغا بىلدۈرۈشى كېرەك بولغان، ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگار مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشتۇر. بۇ كۆز قاراش ئىنسانغا ئۆزىنىڭ تولۇق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى، كۈچ-قۇدرىتىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى دەرھال ھېس قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانىنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇنى گۈزەل ئەخلاق ۋە ھەقىقەتنىڭ مەنبەسىگە قەتئىي ئىشەندۇرىدۇ.

ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلگەندە، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەم تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ياراملىق بىر ئەزاسىغا ئايلىنالايدۇ. ھەقىقىي ياراملىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن ھەقىقىي مۇستەقىل ئادەم بولۇش كېرەك. ئىش-ھەرىكەتتە ئىدراكقا تايىنىدىغان، مۇستەقىل مىجەزلىك كىشىلەر، مۇقەررەركى، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ياراملىق جەمئىيەت ئەزاسىدۇر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئورنى بولىدۇ، بۇ ئورۇن باشقىلارغا ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇقتۇر، چۈنكى ئۇلار بۇ ئورۇنغا مۇۋەپپەقىيەتكە تايىنىپ ئېرىشىدۇ ۋە بۇ ئورۇننى كىشىلىك پەزىلىتى ئارقىلىق قوغدايدۇ. ئۇلارنىڭ تالانتى، ۋاقتى، پۇرسىتى ياكى ئۇلارنىڭ بارلىق تەسىر كۈچى مۇئەييەن نىشانغا سەرپ قىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئورنى بىر قەدەر تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ئىچىدىمۇ بەزىلەر گەپ-سۆز، يۈرۈش-تۇرۇشىدىكى دانالىقى، سەمىمىلىكى ۋە يۈكسەك پەزىلىتىگە، شۇنداقلا تولۇق تىرىشچانلىقىدا ئىپادىلەنگەن، ماختاشقا ئەرزىگۈدەك تەرەپلىرىگە تايىنىپ، ئاقسۆڭەك قان سىستېمىسىدىكىلەر ۋە ئىقتىدار-تالانت، نەتىجە جەھەتتە شان-شەرەپكە مۇيەسسەر كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ نۇقتا كىشىلەرگە ئايدىڭ. بۇنداق ئىشلار ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ سەۋەبىنى ئىنسانىنىڭ مۇستەقىل كىشىلىك پەزىلىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ تۈزۈمىدىن كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئادەمنى بىر يەككە دەپ قارىساق، تەلىم-تەربىيە شۇ يەككىنى — ئادەمنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بەخت تۇيغۇسى تاشقى مۇھىتتىن كەلمەيدۇ. بۇ بىرخىل پسىخىك ھالەت بولۇپ، ئىنسانىنىڭ ئىچكى

دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ ماسلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى؛ ئۇ ئارزۇ-ئىستەكنى مۇۋاپىق دائىرىدە چەكلەيدۇ، شۇنداقلا ئىنسان قابىلىيىتى ئۈچۈن ئەڭ يۇكسەك نىشان تۇرغۇزۇپ بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنى ئىقتىسادىي قۇربىتى يېتىدىغان دائىرىدە چەكلىيەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ بارلىق شەخسىي ھەم شەخسىيەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان ئارزۇ-ئىستەكلىرىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، ئەمما بۇ تۈپەيلى ئۆز خۇشاللىقى ۋە خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم بولمايدىغان، يەنى بارلىق خۇشاللىقى ئارزۇ-تەلىپىنى قاندۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلمىغان كىشىلەر بەختلىكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەندە، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك تەبىئىيتى ياكى مىللىي يۇكسەك مەنپەئەتى خەۋپ-خەتەرگە دۇچ كەلگەندە، تىرىشچانلىقىنىڭ چېكى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشەنچنى ئاساس قىلغان ئۈمىدىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن كىشىلەرمۇ بەختلىكتۇر. بەختنىڭ دائىرىسى چەكسىزدۇر، بەخت ئىدىيە مەنزىلىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ كېڭىيىدۇ، ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ يۇكسىلىدۇ، «بەخت ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كۈچىيىدۇ».

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەزىلەتلەرنىڭ ئىنسان ئىش-ھەرىكىتى ۋە شەخسىي تۇرمۇشىدا ھازىرلىنىشى ئۈچۈن، ئىنسان تەبىئىتىدە يىلتىز تارتقان بارلىق ئىقتىدار-قابىلىيەتلەر مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇ نۇقتا ناھايىتى زۆرۈر. بۇ، ھەرقانداق جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن ماھارەت يېتىلدۇرۇشنى ياكى مۇكەممەللىككە يېتىشنى قىزغىن ئارزۇ قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇنداق قىلىش مەشھۇر تالانت ئىگىلىرىگە خاستۇر. بىراق تۈرلۈك ئىقتىدار-قابىلىيەتلەرنى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەلۇم بىر جەھەتتىلا كامالەتكە يېتىشكە ئوخشىمايدۇ. بۇنداق تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى شۇكى، ئۇ، مېڭىنى چېنىقتۇرۇپ، ئادەمنى تېخىمۇ كەسپلەشكەن بىر خىزمەتكە ماسلاشتۇرىدۇ، يەنى ئادەم ئاشۇ ئىقتىدارلىرىغا مايىل بولغان ياكى مەلۇم كەسپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ.

ھەممىلا ئادەمدە مۇنداق بىر تەلەپ بولىدۇ، يەنى كىشىلەر ئۆز پەرزەنتىنى باشقىلارنىڭ تەربىيلىشىگە تاپشۇرىدۇ ۋە پەرزەنتىنىڭ قابىلىيىتىنى ئىھتىياتچانلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ (بۇ تەلەپنىڭ ئومۇميۈزلۈكى توغرىسىدا تېخى تولۇق بىر تونۇش يوق. بۇ تەلەپ توغرىسىدا بىر دوستۇمنىڭ تاسادىپىي بىر سورۇندا تىلغا ئالغان مىسالىدىن پايدىلىنىشىمىغا رۇخسەت قىلغايسىز.) بىر ئادەمنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قورقۇنچلىق پەيتتە ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە، بۇ پەيت شۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى قايغۇ ۋە شاتلىقىنىڭ مەڭگۈ ئاياغلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەندە، قەلبىمىز ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى تەسىرلىنىدۇ. بۇخىل ھېسداشلىق بىزگە ئۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ھەرقانچە تۆۋەن-پەس بولۇشىدىن، قەيەردە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىزگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئوخشاشلا قايغۇ ۋە شاتلىق تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغانلىقىنى — ئۇنىڭمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا بىزگە ئوخشاش قابىلىيەتكە، نىشانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بىزگە ئوخشاشلا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئەگەر بىز مۇشۇ كۆز قاراش تەرىپىدىن تىزگىنلەنسەك، بىراۋنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتىنى خۇشاللىق بىلەن يېڭەلىتىمىز، ئۇنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى زۇلمەتلىك پەيتلىرىگە يورۇقلۇق ئاتا قىلالايمىز. بۇنداق ھېسسىيات ھەممىلا ئادەمنىڭ قەلبىنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ھەتتا جاھاننىڭ ئەلمى-تەلمىنى، ئادىمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئىچىنىشلىق مەنزىرىنى ئانچە كۆرۈپ كەتمەيدىغان كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز نېمىشقا باشقىلارنى يۈكسەك كىشىلىك ھاياتقا باشلايدىغان كىشىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىمىز؟ ئۆزىنى رەڭگارەڭ تۇرمۇشقا ئاتىۋەتكەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىغا ۋە ئەھۋالىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلۈپ قويمايمىز؟ ئەگەر بىز ئۇبدان ئولتۇرۇپ بىر قۇر ئويلىنىدىغان بولساق، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئازاب-ئوقۇبىتى، خاپىلىقى ۋە بەختسىزلىكىنى يېڭىلىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشالايمىز.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەجرىبىسىگە ئاساسەن سۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئىشىنىش- تەلىم-تەربىيە قىلسا بولىدىغان ئىشتۇر. ئىنسانىيەتنىڭ

*پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ھەقىقىي قىزىقىدىغان بارلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىش-تەلىم-تەربىيە بار كۈچى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر. ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ھەقىقىي قىزىقىدىغان بارلىق كىشىلەرنى بوشاشماي تىرىشىدىغان قىلىش تەلىم-تەربىيە دەرھال قىلالايدىغان ئىشتۇر.*

فىبستالوز بەختلىك، چۈنكى ئۇنىڭ ئىلغار تەلىم-تەربىيە ئىدىيىسى بۇ دۇنيانى ئىللىتتى؛ مېنىڭ دادام بەختلىك، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن يارامىلىق بىر ئادەم تەربىيىلەپ بەردى؛ مەنمۇ بەختلىك، چۈنكى باشقىلارنى بەختلىك قىلالىغان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بەختلىك.

مەن ھەم ئوغلۇم شەخسىيەتسىز بەخت ئىلكىدە ياشاۋاتىمەن، شۇڭا مەن، تەبىئىيكى، بەختىيار بىر ئادەممەن.